Konsalik

ھ . گ . كونسالىك

# سەھرايى كەبىردىكى ئۇسسۇلچى قىز



مىللەتلەر نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

译文校订：穆罕默德·伊明
责任编辑：
责任校对：海仁莎·肉孜

**图书在版编目(CIP)数据**

沙漠舞女：维吾尔文/(德)孔萨利克(Konsalik)著；吐尔逊·热依木等译. —北京：民族出版社，1998.11
ISBN 7—105—03226—X
Ⅰ. 沙… Ⅱ. ①孔…②吐… Ⅲ. 长篇小说—德国—现代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I516.45

中国版本图书馆CIP数据核字(98)第21258号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街14号 邮编100013)
民族出版社微机照排　　民族印刷厂印刷
各地新华书店经销
1999年2月第1版　　1999年2月北京第1次印刷
开本：850×1168毫米　1/32　印张：16.875
印数：0001—4000册　定价：16.50元

本书根据安徽文艺出版社 1990 年 6 月第 1 版第 6 次印刷版本翻译出版。
بۇ كىتاب ئەنخۇي ئەدەبىيات نەشرىياتى 1990-يىل 6-ئايدا نەشر قىلغان 1-نەشرى 6-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمە تەھرىرى
مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇھەممەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: خەيرىنسا روزى

# ھ. گ. كونسالىك
# سەھرايى كەبىردىكى ئۇسسۇلچى قىز

نەشر قىلغۇچى
ۋە تارقاتقۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
(بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ
پوچتا نومۇرى: 100013، تېلېفون نومۇرى: 010.64228007)
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبەئە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1999-يىل 2-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1999-يىل 2-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم،
باسما تاۋىقى: 16.875 سانى: 1—4000
باھاسى: 16.50 يۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# جۇڭگولۇق كىتابخانلارغا

مەن ئون ياش چېغىمدىلا ماركو پولو ساياھەت قىلغان سىرلىق مەملىكەتنى چۈشۈمدە كۆرگەنىدىم، ئۇ ئاجايىپ سېھرىي كۈچكە تولغان، گۈزەللىكنى تەسۋىرلەشكە تىل ئاجىزلىق قىلىدىغان بىر ماكان ئىدى. بالىلىق چاغلىرىمدا، سۋېن ھېدىن[1] ۋە ئۇنىڭ يىپەك يولىنى بويلاپ ھەم چۆل-باياۋانلارنى كېسىپ ئۆتۈپ، سىرلىق يوسۇندا غايىب بولغان كۆللەرنى ئىزدەش يولىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك سەپەرلىرىدىن روھلانغان ۋە ئىلھاملانغانىدىم. كېيىنچە، ھەتتا غەرب دۇنياسى ئانچە بىلمەيدىغان مىللەتتىمۇ نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە يۈكسەك مەدەنىيەتنىڭ بولۇشى بارغانسېرى ئەقىل يەتمەيدىغان شەكىللەر بىلەن مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالغانىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن جۇڭگونى يېزىق بىلەن تەسۋىرلىگەن ۋە رەسىم بىلەن خاتىرىلىگەن كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇشقا باشلىغانىدىم. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، ئاشۇ مەركىزىي دۆلەتنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرسەم، دەيدىغان بىردىنبىر مۇھىم ئارزۇ قەلبىمنى چۇلغاپ كەلدى. بۇ بىرخىل تىزگىنلىگىلى بولمايدىغان مۇھەببەت ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن مەبۇد، ياغاچ ئويما، يىپەك سىزما،

---

① سۋېن ھېدىن (1865—1952) شۋېتسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى. ئۇ كۆپ قېتىم جۇڭگونىڭ شىنجاڭ، شىزاڭ قاتارلىق رايونلىرىغا كېلىپ ئېكسپېدىتسىيە قىلغان.

رەڭلىك ياغاچ ئۈيما، خاقانلارنىڭ شىرلىرى ۋە ئالۋاستى نىقاب-لىرى قاتارلىقلارنى يىغىپ توپلىدىم.

كېيىنكى چاغلاردا، ئاخىر مەن ساياھەتچى سوپىتىدە جوڭ-گونى زىيارەت قىلماقچى بولۇپ، ئۆزۈم كېچە-كۈندۈز تەلپۈنۈپ تۇرغان بۇ دۆلەتكە باردىم. ھازىرغىچە مەن جوڭگوغا ئىككى قېتىم باردىم، تيەنئەنمېن مەيدانىدا تۇرۇپ مىڭلىغان-تۈمەن-لىگەن سەيلە-ساياھەتچىلەرگە نەزەر تاشلىدىم، يىخېيۈەن باغچى-سىنىڭ سەينالىرىنى ئايلاندىم، خان ئوردىسىنى ئارىلىدىم، سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۈستىدىن يىراقلارغا نەزەر سالدىم، تيەنتەن باغچىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆرمەت تۇيغۇسى بىلەن مىڭ سۇلالىسى قەبرىستانلىقىدىكى يەر ئاستى ئوردىسىغا چۈشتۈم. شىئەندە چىن شىخۋاڭنىڭ قونچاق لەشكەرلىرىنى، گۈيلىننىڭ تىلسىماتتەك مەنزىرىلىرىنى شۇنىڭدەك چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئۈچ بوغۇزىنى تاماشا قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۆزۈمنى گويا بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىلا باشقىچە بىرخىل ھالەتتە بۇ يەرگە كەلگەن كىشىدەك ھېس قىلىپ قالدىم.

ئەمدى، مەن يازغان 129 رومانىنىڭ بىرنەچچىسى خەنزۇ يېزىقىدا نەشر قىلىنىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. مېنىڭ باللىق دەۋ-رىمدە پەيدا بولغان تەشنالىقىم مۇشۇنىڭ بىلەن قېنىپ، سىلەر-گە ئېغىز ئېچىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتىم. مېنىڭ كىتابىمنى ئوقۇپ ھاياجانلىنىشىڭلارنى ۋە خۇشال بولۇشۇڭلارنى تىلەيمەن. ھەممە كىتابىمنى ئوقۇغان شۇ بىرنەچچە سائەتتە سىلەر ئۈچۈن يىراق بولغان بىر دۇنياغا قەدەم قويىسىلەر، بۇ خۇددى سىلەر-نىڭ دۇنيارىڭلار ماڭا يىراق بولغاندەكلا بىر ئىش. سىلەر كۆز-

www.uyghurkitap.com

سالىكنىڭ تېخىمۇ كۆپرەك كىتابىنى ئوقۇغىمىز كېلىۋاتىدۇ! دېيىشىڭلار مۇمكىن. شۇنداق قىلىپ بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالىمىز. مانا، بۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك ئارزۇيۇم.

مەن جۇڭگولۇق بارلىق كىتابخانلىرىمغا چىن قەلبىمدىن ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

konsalik

# كرىش سۆز

## سەي خۇڭجۇن

ھېينز • G • كونسالىكنىڭ ئەسلى ئىسمى ھېينز گۈنتېر (Heinz Gunther) بولۇپ، ئۇ فېدېراتىپ گېرمانىيىنىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ئاممىباب رومانىستى، 1921-يىل 5-ئاينىڭ 28-كۈنى كىيۇلىندا تۇغۇلغان. ئاتىسى شۇ جايدىكى بىر سۇغۇرتا شىركىتىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ ئىشلىگەن، بوۋىسى ساكسونىيەنىڭ ئاۋگسبۇرگتىكى ۋارىسمەن ئاقسۆڭەك ئىدى، ئۇ ۋىلىيام دەۋرىدە ئاقسۆڭەكلىك مەرتىۋىسىدىن ئۆزلۈكىدىن ۋاز كەچكەن. ھېينز تۇغما ئەقىللىق، ئۆتكۈر ۋە ئۆگىنىشكە ئامراق ئىدى. ئۇ ئون ياش ۋاقتىدا ھىندىئانلارنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بىر ھېكايە يېزىپ، ئۆچ مەشىق دەپتىرىنى لىق تولدۇرۇۋەتكەن. ئۇ 12 ياش ۋاقتىدا «قايتىپ كەلگىن يۇرتۇڭغا» دېگەن بىر پوۋېست يازغان. 15 يېشىدىن تارتىپ، يەرلىك گېزىت-ژۇرناللاردا ھېكايە قاتارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى ئېلان قىلىشقا باشلىغان. ئۇ 18—17 ياش ۋاقىتلىرىدا تىياتىرغا بەكرەك قىزىقىپ، قەدىمكى يۇنان دراممىلىرى تەقلىدىدە بىر نەچچە تراگېدىيە

www.uyghurkitap.com

ئىجاد قىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرى ئۇرۇش پارتلىغانلىقتىن
توختام بويىچە سەھنىگە ئېلىپ چىقىلماي قالغان. ئۇ ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە
ميۇنخېنغا بېرىپ تىبابەتچىلىكنى ئۆگەنگەن، ئۈچ مەۋسۇمدىن
كېيىنلا ئوقۇشنى ئۆزگەرتىپ تىياتىر ئۆگىنىشكە كىرىشكەن.
ئۇنىڭ تىياتىر رېژىسسورى بولۇش ئارزۇسى ئىككىنچى دۇنيا
ئۇرۇشى ئوتىدا بىت-چىت بولغان. ئۇ ئەسكەرلىككە ئېلىنىپ،
لېيتېنانت دېگەن ھەربىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ۋە سوۋېت ئىتتىپا-
قىغا ھەربىي مۇخبىرلىققا ئەۋەتىلگەن. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى
مەزگىللىرىدە سمولېنىسكى ئەتراپىدا ئۇنىڭ سول بىلىكى ئېغىر
يارىدار بولغان. ساقايغاندىن كېيىن ئارقا سەپ تارماقلىرىغا
يۆتكەلگەن. شۇ مەزگىللەردە بىرقانچە سەھنە ئەسىرى يازغان
ھەمدە ئۇرۇش ئورنىدىكى بەزى دوختۇرخانىلارنى ئارىلاپ يۇرۇپ
سەييارە ئويۇن قويغان. ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكا قوشۇنلىرى-
نىڭ ئەسىرلەر لاگىرىغا قامالغان، قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن
ئۆز يۇرتى كيۇلنىغا قايتىپ كەلگەن. 1948-يىلى ئۇ ۋېستفا-
لوندىكى بىر سودىگەرنىڭ قىزى، ھۆكۈمەت قارىمىقىدىكى مەك-
تەپ ئوقۇتقۇچىسى ئېلىسبېت بىلەن توي قىلغان. ئۇ ئىلگىر-ئا-
خىر بولۇپ «قىزىقارلىق رەسىملىك ژۇرنال» نىڭ باش مۇھەر-
رىرى ۋە لىبوراتور نەشرىياتى دراما تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى
بولغان. 1951-يىلدىن باشلاپ كەسپىي يازغۇچى بولۇپ، ئەسلى
يۇرتى بۇلغارىيىدىكى ئانىسىنىڭ ياتلىق بولۇشتىن ئىلگىرىكى
ئىسىم-فامىلىسى بويىچە كونسالىك دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئە-
سەرلىرىنى ئېلان قىلغان. 1952-يىلى، ئۇ «سەھرايى كەبىردى-

كى ئۇسسۇلچى قىز» دېگەن تۇنجى رومانىنى نەشىر قىلدۇرغان. 1956-يىلى ئۇ يەنە گېرمانىيىلىك بىر ھەربىي دوختۇرنىڭ سو- ۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇرۇش ئەسىرلىرى لاگېرىدىكى تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن «ستالىنگرادتىكى دوختۇر» دېگەن رومانىنى نە- شىر قىلدۇرغان. بۇ رومان نەشىر قىلىنغاندىن كېيىن زىلزىلە پەيدا قىلىپ، "ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى خاتىرىلەنگەن، كىشى- لەرنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان ھۆججەت" دەپ ئاتالغان. بۇ رومان 1980-يىلغا كەلگۈچە جەمئىي 3 مىليون 500 مىڭ نۇسخا تارقىتىلىپ، ئۇرۇشتىن كېيىنكى نېمىسچە رومانىنىڭ تارقىتىلىشى بويىچە ئەڭ يۇقىرى رېكورت يارىتىلغان. رومانغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ ئىشلەنگەن شۇ ناملىق ھېكايە فىلىم 1958 -يىلى فرانسىيىنىڭ 9-نۆۋەتلىك ۋىس خەلقئارالىق كىنو بايرىمىدا ئەڭ ئېسىل چەت ئەل ھېكايە فىلمى بويىچە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن، ئەر-ئايال باش قەھرىمانلارنىڭ رولىنى ئالغۇچىلارمۇ ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئەڭ ياخشى ئارتىس مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

كونسالىك يۇقىرى مەھسۇلاتلىق يازغۇچى بولۇپ، ھازىر- غىچە 129 رومان نەشىر قىلدۇرغان، ئەسەرلىرى چەت ئەل يېزىقىغا تەرجىمە قىلىنغان، تۈرلۈك نەشىر نۇسخىلىرى 850 نەچچە تۈرگە يەتكەن، ئومۇمىي تارقىتىلغان تىرازى 79 مىليوندىن ئاشقان (1988-يىل 7-ئاينىڭ 31-كۈنى ئېلىنغان مە- لۇمات)، ھەمدە كۈنگە 10 مىڭ نۇسخىدىن سېتىلىش سۈرئىتى بويىچە داۋاملىق ئېشىپ بارغان، بۇ، بۈگۈنكى نېمىس يازغۇچى- لىرى ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى دەۋر-

دىكى ئەسەرلىرىنىڭ ماتېرىياللىرى ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئۇرۇش دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىدا باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈزەشتىلىرىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇرۇشنىڭ رەھىمسىزلىكىنى پاش قىلىش ئاساسىي تېما قىلىنغان، ئۇنىڭ مۇشۇ خىلغا ياتىدىغان «ستالىنگرادتىكى دوختۇر» ناملىق رومانىدىن باشقا يەنە «ئۇلار ئاسماندىن چۈشتى» (1958)، «يۇقىرى سۈرئەتلىك ھەربىي تاشيول» (1958)، «999-نومۇرلۇق ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرى» (1959)، «روسىيە سىمفونىيىسى» (1962)، «ئالتىنچى ئارمىيىنىڭ قەلبى» (1964)، «تايگا رايونىدىكى ئىشقى-مۇھەببەت كېچىسى» (1966) دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرىمۇ بار. شۇڭا ئۇنى بەزىلەر ”روسىيە روھىغا ئىگە كىيۇلىنىلىق ئادەم“ دەپ ئاتىشىدۇ. كونسالىك دوختۇرلۇق تېمىسىدا ئەسەر يېزىشقا ئامراق، ئۇنىڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرىدە دوختۇر باش قەھرىمان قىلىنغان، مەسىلەن، «ستالىنگرادتىكى دوختۇر»، «راك كېسىلى شىپاخانىسى» (1961)، «ئېلىپ كېلىنگەن يۈز» (1962)، «چۆل-باياۋاندىكى دوختۇر» (1971)، «ئايال چار پادىشاھىنىڭ خۇسۇسىي دوختۇرى» (1974)، «ئۇنتۇلغان پەرىشتە» (1974)، «گۈزەل ئايال دوختۇر» (1977)، «قولۋاقلىق دوختۇر» (1983) ۋەھاكازالار. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ مۇنداق دەيدۇ: ”مېنىڭ دوختۇر پېرسوناژ بولمىغان بىر كىتابىممۇ يوق. نېمە ئۈچۈن؟ چۈنكى مەن دەسلەپتە دوختۇرلۇقنى ئۆگىنىپ، كېيىن كەسپىمنى ئۆزگەرتكەن ئىدىم. دوختۇر بولالمىغانلىقىم يۈرىكىمدىكى بىر خىل جاراھەت بولۇپ قالدى. شۇڭا مېنىڭ ھەر بىر ئەسىرىمدە بىر دوختۇر پېرسوناژ

www.uyghurkitap.com

بار.“ ئۇ تىببىي پەن خەۋەرلىرىگە ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلگەن، ئۆزۈندىن بۇيان ئۇن نەچچە خىل كەسپىي ژۇرنالغا مۇشتەرى بولۇپ كەلگەن، ھەمدە دائىم ئوپېراتسىيە ئۈستىلىنىڭ يېنىدا ھازىر بولۇپ تۇرغان، دوختۇرخانىنىڭ ئامبۇلاتورىيىسىنى كۆزەتكەن، تىببىي پەننىڭ يېقىنقى تەرەققىياتىنى ئىگەللەش ۋە ئەسەرلىرىدە ئۇنى چىنلىق بىلەن ئىپادىلەش ئۈچۈن، دوختۇرلار ۋە كېسەللەر بىلەن مۇڭدىشىپ تۇرغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ «رادىئاتسىيىلىك قول» (1984) ناملىق 100-رومانىدا كېسەلنى نۇر بىلەن داۋالاشتىن ئىبارەت يېڭى تېخنىكا تەسۋىرلەنگەن. 60-يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 70-يىللارنىڭ باشلىرىدا، ئۇ ئۆز ئىجادىيىتىدە رېئال تۇرمۇشتىكى چوڭ-چوڭ ۋەقەلەرنى ئىپادىلەشكە قاراپ بۇرۇلۇش ياسىغان، مەسىلەن، تېررورلۇق ھەرىكەت، زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ۋە سېتىش ئەھۋاللىرى، جىنسىي ئازادلىق، ئوتتۇرا شەرق مەسىلىسى، ئامېرىكا-سوۋېت ئىستىخباراتىنىڭ جاسۇسلۇق جېڭى، شەرق ئەللىرى بىلەن غەرب ئەللىرىنىڭ مۇناسىۋىتى، نېفىت كرىزىسى، ۋيېتنام مۇساپىرلىرى قاتارلىقلار ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاساسىي ۋەقەلىكلەردۇر. يەنە مەسىلەن، «پراگادىكى قانلىق توي مۇراسىمى» (1969) دا سوۋېت ئىستىخباراتىنىڭ چېخوسلوۋاكىيەگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەنلىكى بايان قىلىنغان؛ «قاقتى-سوقتى قىلىش» (1972) تا ميۇنخېن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا تەييارلىق كۆرۈش مەزگىلىدىكى خەلقئارالىق قاقتى-سوقتى قىلىش ئەنزىسى تەسۋىرلەنگەن؛ «سۆلەتۋاز بايۋەچچە» (1972) دە بايلارنىڭ باللىرىنىڭ ئەيش-ئىشرەتلىك تۇرمۇشى

www.uyghurkitap.com

يېزىلغان؛ «كېمىدىكى لەھەڭ» ( 1976 ) دە تېررورچىلارنىڭ
كېمىنى بۇلاپ، ئادەمنى باغلاپ تۇتقۇن قىلىشى تەسۋىرلەنگەن؛
«جاسۇسلۇق تورىدىكى مۇھەببەت» ( 1977 ) تە ئامېرىكا بىلەن
سوۋېت ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدىكى جاسۇسلۇق ھەرىكەتلىرى يې-
زىلغان؛ «ئايال ۋارىس» ( 1979 ) تا گرېتسىيىنىڭ ئايال كېمە
پادىشاھى ئاۋناشىسىنىڭ نىكاھ ئۆزگىرىشى تەسۋىرلەنگەن؛ «زە-
ھەرلىك چېكىملىك رەۋەندىسىنىڭ نەپسى» ( 1980 ) دە بوگوتىكى
غەربلىكلەرنىڭ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىشى، شاللاقلىقى ۋە
چۈشكۈنلىشىشى يېزىلغان؛ «ئالتۇن رەڭلىك ئوكيان» ( 1987
) دا ۋيېتنام مۇساپىرلىرىنىڭ دېڭىزدىكى سەرسانلىق، مۇشكۇل
كەچۈرمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن.

كونسالىك ھېكايە توقۇشقا ماھىر، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ
ۋەقەلىكى ئەگرى-توقاي، تەسۋىرى جانلىق بولۇپ، كۆپىنچىسى-
دە مۇھەببەت ئاساسىي سۇژېت قىلىنغان. كۆپ ھاللاردا ئۈچ
بۇرجەكلىك ھەتتا كۆپ بۇرجەكلىك مۇناسىۋەت بايان قىلىنغان
بولۇپ، ئاخىرقى تۈگىنى پېرسوناژلارنىڭ مۇرادىغا يېتىشى بى-
لەن ئاياغلىشىدۇ. ئەسىرىنىڭ يېزىلىشى ئاددىي ھەم راۋان بول-
غانلىقى ئۈچۈن، ھەر قايسى تەبىقە زاتلىرىنىڭ قىزغىن ئالقى-
شىغا سازاۋەر بولغان، دېمەك ئۇنىڭ ئەسەرلىرى نۇرغۇن نې-
مىسلارنىڭ بىكار ۋاقىتلىرىدا قولدىن چۈشۈرمەيدىغان، سەپەردە
يېنىدىن ئايرىمايدىغان ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش كىتابى بولۇپ
قالغان. ئومۇمەن، ئۇنىڭ ھەربىر يېڭى ئەسىرى دۇنياغا كېلى-
شى بىلەنلا چاپ-چاپ سېتىلىدىغان كىتاب بولۇپ قالغان. فېدې-
راتىپ گېرمانىيىدىكى ھەرقايسى چوڭ كىتابخانىلار ۋە كىتاب-

ژۇرنال يايمىلىرىدا ئۇنىڭ كىتابلىرى كۆزگە روشەن چېلىقىدىغان جايلارغا قويۇپ سېتىلىدۇ. بىرمۇنچە كىتابپۇرۇشلار قىزىقچىلىق بىلەن، كونسالىك دېگەن بۇ ئىسىم گويا بىر ماركا، كونسالىكنىڭ كىتابى گويا بىر ئېسىل تاۋار، دېيىشمەكتە. كونسالىكنىڭ ئەسەرلىرى يەنە كىنو-تېلېۋىزىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭمۇ قەدىرلىشىگە ئېرىشىپ كەلمەكتە. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئون نەچچىسى ئۆزگەرتىلىپ، ھېكايە فىلىم ياكى چاتما تېلېۋىزىيە تىياتىرى قىلىپ ئىشلەندى.

كونسالىك ئوبزورچىلىق ساھەسىدە كىتابخانلار بىلەن تاماشىبىنلاردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ھاسىل قىلدى. ئورتو دوكسال ئەدەبىي ئوبزورچىلار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئانچە نەزەرگە ئېلىپ كەتمەيدۇ، بىرمۇنچە ئەدەبىيات تارىخى كىتابلىرىدا ئۇ ئانچە تىلغا ئېلىنمايدۇ، كۆپ دېگەندە ئۇنىڭ «ستالىنگرادتىكى دوختۇر» دېگەن ئەسىرىلا تىلغا ئېلىپ قويۇلىدۇ، خالاس. بەزى مەشھۇر قامۇسلارغىمۇ ۋە كۆپ ساندىكى يازغۇچىلار لۇغىتىگىمۇ كونسالىك دېگەن ئىسىم كىرگۈزۈلمىگەن. كونسالىك ئوبزورچىلارنىڭ سالقىن پوزىتسىيىسىگە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەن. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: ”كەسپىي ئەدەبىي ئوبزورچىلار ماڭا قىزىقىپ كەتمەيدۇ. مەن ئۇچۇن مۇھىمى كىتابخانلارنىڭ مېنى قانداق ئويلايدىغانلىقىدا؛ مەن ئۇچۇن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولغىنى ئۆزۈم ھەر كۈنى تاپشۇرۇۋالغان نەچچە يۈز پارچە خەتتىن ئاڭلايدىغان گەپلەر. مەن كىتابخانلاردىن تاپشۇرۇۋالغان خەتلەر ھەرگىزمۇ كەم ئەقىل كىشىلەر يازغان خەتلەر ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇدىر ۋراچلار، بانكا

دىرېكتورلىرى بار. ئۇلار ماڭا خەت يېزىپ، مېنىڭ كىتابىمنىڭ ئۇلارغا كۆڭۈللۈك كەيپىيات ۋە جىددىيلىك تۇيغۇسى بەخش ئەتكەنلىكىگە تەشەككۈر ئېيتىشقان.» بەزىلەر كونسالىكتىن ئۆزىنى قايسى تىپتىكى يازغۇچىلار قاتارىغا كىرگۈزىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ئۆزۈمنى كىشىلەرنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئەسەر يازىدىغان يازغۇچىلار تىپىگە كىرگۈزىمەن، بۇ يەردە، ‹ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش›، دېگەن سۆزنى شۇنداق چۈشىنىش لازىمكى، كىشىلەر كەسكىن ئاساسىي تېما ۋە ۋەقەلىكلەرنى شۇنىڭدەك ئىنسانلارغا، جەمئىيەتكە ياكى سىياسەتكە ئائىت مەسىلىلەرنى قۇرۇقتىن-قۇرۇق بىر تەرەپ قىلماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئاممىۋىلاشتۇرغان هالدا هەر قانداق كىشى چۈشىنەلەيدىغان سۆز، ۋەقەلىك ۋە شەكىللەر ئارىسىغا ‹سىغداپ› كىرگۈزۈشى كېرەك. پەقەت بەش يۈز زىيالىي ئۈچۈنلا يېزىش مېنىڭ نەزىرىمدە قىلچە ئەهمىيەتسىز... مەن يازغۇچى بولغان ئىكەنمەن، مېنىڭ ۋەزىپەم كەڭ تەسىر كۆرسىتىش. پەشتاختا ئالدىدا تۇرغان خېنىملار ئۆز دىرېكتورلىرىغا ئوخشاشلا مېنىڭ كىتابىمنى چۈشىنەلەيدىغان هەمدە ئۇنىڭدىن ئىلهام ئالالايدىغان بولۇشى كېرەك. ناۋادا مۇشۇ نۇقتىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك هالدا ئىشقا ئاشۇرالىسام (كىتابلىرىمنىڭ تىرازى بۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ) مەقسىتىمگە يەتكەن بولىمەن. مەن بور[1] ۋە گلاس[2] چۈشىدىلا ئېرىشەلەيدىغان تىرازغا

① گېنرىخ بور (1917--1985) فېدېراتسىپ گېرمانىيىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى.

② جۈنت گلاس (1927-) فېدېراتسىپ گېرمانىيىنىڭ ئاتاقلىق يازغۇچىسى.

ئىگە بولالىدىم. مەن خەلق يازغۇچىسىمەن، خەلق ئاممىسى ئۈچۈن ئەسەر يازىمەن.“

كونسالىكىنىڭ جۇشقۇن ئىجادىي كۈچى ئاجايىپ قىزىقارلىق چۆچەككە ئوخشاش تارالغان. ئۇ ھەر كۈنى ئون سائەتتەك ئىشلەپ، ماشىنكا قەغىزىدە 30 بەت يازما يازىدىكەن، يىلىغا ئاز دېگەندە تۆت-بەش رومان نەشىر قىلدۇرىدىكەن. شۇڭا بەزىلەر ئۇنىڭغا ئەسەر يېزىپ بېرىدىغان بىر تۈركۈم قەلەمكەش بارمىكىن دەپ گۇمان قىلىدىكەن. دېموكراتىك گېرمانىيىنىڭ بىر نېمىس تىلى يازغۇچىلىرى لۇغىتىدە ھەتتا كونسالىكىنىڭ ئارقىسىدا ”ھېينز • گۈنتېر رەھبەرلىكىدىكى بىر يازغۇچىلار گۇرۇپپىسى بار، گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرى ئارىسىدا يەنە بېننو • فېن • مالوت بىلەن جونت • ھايىىن بار“ دەپ يېزىلغان. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىسىملار كونسالىكىنىڭ ئىلگىرى ئىشلەتكەن تەخەللۇسى ئىكەن. ئۇنىڭ رىۋايەتسىمان ئىجادىيەت كۈچى توغرىسىدا، كونسالىكىنىڭ ئۆزى مۇنداق دەپ چۈشەندۈرىدۇ: ”بۇنىڭدا ھېچقانداق سىر يوق. ئەگەر بىر ئادەم تىرىشىپ ئىشلەپ، ھەر كۈنى يېزىقچىلىقتىن باشقا ئىش قىلمىسا ۋە بىر يىلدىكى 365 كۈننىڭ 300 كۈنىنى چىقىرىپ يېزىقچىلىق قىلىدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئىجادىيەت كۈچىمۇ ھېچقانداق سىرلىق نەرسىگە ئايلىنىپ قالمايدۇ. كىشىلەر مېنى رومان ماشىنىسى دەپ ئاتىشىدىكەن. بىراق، مەن يېزىقچىلىقتىن باشقا ھېچنېمە قىلمايمەن. سىز مېنى ناھايىتى ھورۇن ئىكەن، كۈنىگە پەقەت بەش بەتلا بىر نەرسە يازىدىكەن دەپ قىياس قىلىسىڭىزمۇ، بىر يىل دېگەندە 1500 بەتتىن ئارتۇق بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ، دېمەك ئۈچ

روماں پۈتتى دېگەن گەپ، لېكىن مېنىڭ يېزىپ كېلىۋاتقىنىمغا 30 نەچچە يىل بولدى.“

تۇرلۇك ئەدەبىيات مۇكاپاتى باھالاش كومىتېتلىرى نەزەرگە ئېلىش دائىرىسىگە كىرگۈزمەي كېلىۋاتقان ئاممىباپ ئەدەبىي يازغۇچىلارنى رىغبەتلەندۇرۇش ئۈچۈن، كونسالىك 1982-يىلى پۇل ئىئانە قىلىپ گودمان نەشرىياتى، هاينا نەشرىياتى، بېب-باستاي نەشرىياتى بىلەن بىرلىكتە ”كونسالىك روماں مۇكاپاتى“ تەسىس قىلىپ، ”رېئال تۇرمۇشىمىزدىكى ئۆزگىچە كۆرۈنۈش-لەرنى جىددىي، ھەر خىل تەبىقىدىكى كىتابخانلارنى جەلپ قىلىد-دىغان شەكىللەر بىلەن يورۇتۇپ بېرىدىغان“ نېمىسچە يېڭى ئاممىباپ روماںلارنى مۇكاپاتلايدۇ. باۋارىيە شتاتى 1983-يىل 6-ئايدا كونسالىكقا ”باۋارىيە مېدالى“ تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ ”باۋارىيىگە ۋە باۋارىيە خەلقىگە كۆرسەتكەن ئالاھىدە تۆھپە-سى“نى مۇكاپاتلىغان.

كونسالىك يېزىقچىلىقتىن باشقا مۇزىكا ئاڭلاش، ساياھەت قىلىش، كىتاب ئوقۇش ۋە سۇ ئۈزۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇ كلاسسىك يازغۇچىلار ئىچىدىن شېكىسپېر، شىللېر، كې-لېيست، گرىلپارزېرلارنى، هازىرقى زاماں يازغۇچىلىرى ئىچىد-دىن شولوخوۋ، هېمىڭۋاي، فارادى، رېما كلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ ئۇ شولوخوۋنىڭ «تىنچ دون» دېگەن روماننى بەكمۇ ياقتۇرىدىكەن. ئۆزى بىلەن شولوخوۋ ئوتتۇرد-سىدا بىر خىل ئىچكى يېقىنلىق مۇناسىۋەت بار دەپ قارايدىكەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ «دون دەرياسى بويىدىكى مۇھەببەت» دېگەن روما-نىنىڭ تېمىسىنى شولوخوۋغا بېغىشلانغان دەپ هېسابلايدىكەن،

ئۇ كىتابنىڭ تىتۇلىغا : ”كازاكلارنىڭ ئۇلۇغ يازغۇچىسى م · شولوخوۋغا بېغىشلايمەن، خۇددى كىچىك بالا پادىشاھقا قايىل بولغاندەك مەن ئۇنىڭغا قايىل.“ دەپ يازغان.

كونسالىك كىچىك چېغىدىنلا جۇڭگوغا قىزغىن ئىشتىياق باغلىغان، ئۇ ئىلگىرىكى ئاشۇ زامانلاردا ياشىغان بولسام ”جۇڭگونىڭ خان ئوردىسىدىكى ماركوپولو بولۇشنى ھەممىدىن بەك ئارزۇ قىلغان“ بولاتتىم دەپ ئۆز ئىپادىسىنى بىلدۈرگەن. يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇ جۇڭگوغا ئىككى قېتىم ساياھەتكە كېلىپ، نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى ”بىردىنبىر مۇھىم ئارزۇسى“نى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ ئەنخۇي ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش رومانىنى نەشىر قىلىدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، جۇڭگو كىتابخانلىرىغا قىزغىن مۇھەببىتى ئۇرغۇپ تۇرغان سالام خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ كىتابلىرى ئارقىلىق جۇڭگو كىتابخانلىرى بىلەن دوست بولۇشنى ئۈمىد قىلغان. بىز بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تاللاپ تۈزۈش ۋە تەرجىمە قىلىش جەريانىدا، كونسالىك ۋە ئۇنىڭ قىزى داگما خانىم (Dagma Stecher—Konsalik) بىزنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى، بىز بۇ يەردە ئۇلارغا چىن قەلبىمىزدىن مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.

1989-يىل 5-ئاينىڭ 25-كۈنى، بېيجىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# روماندىكى ئاساسلىق پېرسوناژلار

هانس شۋېت دوكتور— گېرمانىيىلىك ئالىم.

ئۇسما بىننى بىلقاسىم— ئەرەب، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىكى مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتى رەھبەرلىرىنىڭ بىرى.

بابادور مۇھەممەد بىننى رامدان— ئەرەب، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىكى ئالىي قەبىلە باشلىقى.

ئېدۋارد فون پېرتۇش— گېرمانىيىلىك، ئاتلانتىك ئوكيان سەنئەت شىركىتى بېرلىن ئىش باشقارمىسىنىڭ مۇدىرى، ئادەم سودىگىرى.

ھېرد شۋېت— گېرمانىيىلىك، ھانس شۋېتنىڭ سىڭلىسى.

ملادشى لېيتېنانت ئېمىل گلانتۇس— فرانسىيىلىك، 3-قورغان ئوفېتسېرى.

كاپىتان پېئېر پۇروشېنى— فرانسىيىلىك، 3-قورغان كوماندىرى.

ھامىد جىبران دوكتور— ئەرەب، ئالىم.

ئۆمەر بىننى سۇلايمان— ئەرەب، ئالجىرىيىلىك ئادەم سودىگىرى.

پاۋل ھاندرىك— گېرمانىيىلىك دوختۇر، قۇملۇقتىكى كېسەللىكلەرنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس.

جېكگۇرىن دۇمبلا— فرانسىيىلىك، ھاندرىكنىڭ ئايال ياردەم-

چىسى.
بېناد دوختۇر — فرانسىيىلىك، ئالجىرىيە دورىگەرلىك-ساق-
لىقنى ساقلاش تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى.
سەئىد مۇھەممەد بىننى شاكىر — ئەرەب، شىمالىي ئافرىقا مىل-
لەتپەرۋەرلىك ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى.
فاتىخ مەجەل خارتۇشى — ئەرەب، ئودھام بوستانلىقى پاھىشەخا-
نىسىنىڭ خوجايىنى.
فاتتو — فرانسىيىنىڭ بۇساددا بوستانلىقىدا تۇرۇشلۇق ۋالىي-
سى.
فۇئىل دوختۇر — فرانسىيىلىك، بىسكرا ئارمىيە دوختۇرخاند-
سىنىڭ مايور مۇدىر ۋراچى.
فان بېل دوختۇر — فرانسىيىلىك، راگۇئېت ئارمىيە دوختۇرخا-
نىسىنىڭ مۇدىر ۋراچى.
بىلال — سەرگەردان بالا، كېيىن ھانس شۆيتنىڭ مۇلازىمى
بولغان.

www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى قىسىم

قۇملۇق!

ئاھ، بىپايان قۇملۇق!

مەن بۇ بىپايان قۇملۇققا ئىچ-ئىچىمدىن ئۆچ بولۇپ قالدىم، بۇ رەھىمسىز قۇياشقىمۇ قاتتىق نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى، ئۇ ئادەمنىڭ مېڭىسىدىكى ئاخىرقى كىچىككىنە ئەقلىنىمۇ شوراپ قۇرىتىۋېتىدۇ.

پىژىلدىغان ئىسسىق قىيا تاشلارنىمۇ تەرلىتىشكە باشلىدى، ھاۋا خۇددى قايناۋاتقان قازاندىن ئۆرلىگەن ھوردەك دىمىق بولۇپ، ئاسمان ئۆرتىنىشتىن تۈتەكلىنىپ تۇراتتى.

شىددەتلىك بوران سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدا ئۇدا بىر قانچە سائەت توختىماي ھۆركىرەپ، سېرىق قۇملارنى ئۇچۇرتۇپ ئۆتتى. كىشىنى بىزار قىلىدىغان، چاڭ-توزاندەك ئۇششاق قۇملار كۆيگەن بولۇتلارغا ئوخشاش تەرەپ-تەرەپكە تاشلىناتتى. قۇملۇق بورىنىنىڭ كىرمەيدىغان يوچۇقى يوق ئىدى، ھەر بىر چېدىر

ۋە تاش غارلارغا شۇڭغۇپ كىرەتتى. . .
مەنمۇ شىددەتلىك بوراننىڭ ھۇجۇم نىشانى ئىدىم. قۇرۇپ
كەتكەن كالپۇكۇمنى تىلىم بىلەن يالىغان ۋاقتىمدا، چىشلىرىمـ
نىڭ ئاراچلىرىدىن گىچ-گىچ ئاۋاز چىقاتتى. ناۋادا تەرلەپ-تەپـ
چىرەپ كەتكەن يۈزۈمنى تىرنىقىم بىلەن سەللا تاتىلاپ قويىدىـ
غان بولسام، يۈزۈمدە چوڭقۇر ئىزنالار قالاتتى. مانا مۇشۇ
دوزاختا داۋاملىق ياشايمەن دېسىڭىز، ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئېـ
لىشتىن باشقا ئىلاجىڭىز يوق. . .
ھايات! مۇشۇنىمۇ ھايات دېگىلى بولامدۇ؟
مەن بۇ يەردە بىر ئەينەك بولۇشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتـ
تىم. . . مەن ئۆزۈمنىڭ ئىسكەتىنى كۆرۈپ باقمىغىنىمغا قانـ
چىلىك ۋاقىت بولغاندۇ؟ تۆت ھەپتە؟ شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت
بولغاندىمۇ؟ مەن ئۇدخاد بوستانلىقىدىكى ۋاقتىمدا، سېسىپ
كەتكەن قۇدۇق سۈيىدىن ئۆزۈمنىڭ چىرايىنى— ئورۇقلاپ ياغاچ
سۆڭەكلىرىم بۆرتۈپ چىققان، بومبا ساقال بولۇپ كەتكەن،
ئازاب-ئوقۇبەت ۋە ۋەھىمىگە تولغان، ئاچارچىلىق ۋە ھارغىنلىق
دەستىدىن باشقىچە بولۇپ كەتكەن چىرايىمنى كۆرگەنىدىم. . .
ئارقامدا، ئومما بىننى بىلقاسىم تۆگە ئۈستىدە توختىماي قاقاقـ
لاپ كۈلەتتى.
ئۇ تازا ئېچىلىپ كۈلگەنىدى. . . بۇ ئىشنىڭ ئۆتۈپ كەتـ
كىنىگىمۇ تۆت ھەپتە بولۇپ قالدى. قۇملۇقتىكى تۆت ھەپتە
نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ ئومما بىننى بىلقاسىم ئۈچۈن قىسقىـ
غىنە ۋاقىت ھېسابلىناتتى. ئەمما مەن ئۈچۈن بولسا تۈگىمەس
ئۇزۇن ۋاقىت ئىدى.

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ هانس شۆيت دەپ ئاتىلىدىغانلىقىم كىمنىڭمۇ ئېسىدە بولسۇن؟ هانس شۆيت دوكتور ئالاھىدە رۇخسەت بېرىلگەن ئىنژېنېر، ئائىلىسى بېرلىنگە ماكانلاشقان. . . خۇدا، بېرلىن نەدىدۇ؟ مېنىڭ يۆھاسىمىستال كوچىسىنى ئاخىرقى قېتىم كۆرگەن ۋاقتىم 1942-يىل 5-ئاي ئىدى، توغرىسىنى ئېيتسام 5-ئاينىڭ 23-كۈنى ئىدى، ئۇ، هاۋا ئوچۇق بىر باهار كۈنى ئىدى، مەن هېرد بىلەن كوچا ئايلىنىپ يۈرەتتىم. شۇنىسى ئېسىمدە باركى، ئۇ گۈللۈك جىيەك تۇتۇلغان نېپىز كۆكلەك كىيگەن بولۇپ، تېگى سۇس كەلگەن كۆك رەڭلىك كۆڭلىكىگە رەڭگارەڭ گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەنىدى، ئاق گىرۋەكلىك شىلەپە ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى ئۈستىدىن بېسىپ تۇراتتى. ئۇ مەغرۇرلانغان هالدا مېنى قولتۇقلىۋالغانىدى. ئۇ چاغدا سەل نامىم چىقىپ قالغان بولۇپ، يېڭى بىر كەشپىيات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتىم. . . بىز ۋاننىگ كۆلىگە كېلىپ قولۋاققا چۈشۈپ بىر سائەتتىن ئارتۇقراق بىللە تاماشا قىلغان، ئىللىق ئاپتاپقا قاقلىنىپ يېتىپ، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان گۈزەل كەلگۈسى ئۈستىدە شېرىن خىياللارنى سۈرگەن ئىدۇق. . .

بۇ ئىشلارنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە 15 يىل بولۇپ قالدى! مۇشۇ 15 يىل مابەينىدە تېخنىكولوگىيە دوكتورى هانس شۆيت ئافرىقىنىڭ كەڭ زېمىنىدا سىرلىق هالدا غايىب بولدى. تۈنۈگۈن، ئىشىك باققۇچى ماڭا تاماق ئېلىپ كەلگەندە، ئۇمما بىنىنى بىلقاسىمۇ مەن تۇرۇۋاتقان تاش غارغا كىردى. ئۇنىڭ چىرايى بۇرۇنقىدەكلا دوستانە بولۇپ، يۈرۈش-تۇرۇش سالاپىتى غەرب دىپلوماتلىرىنىڭكىگە ئوخشايتتى. ئۇ ياش ۋاقتىدا فرانسىيىدە

تەربىيىلىنىپ، شۇ يەردە ئۇنىۋېرسىتېتنا ئوقۇغانىكەن. كېيىن ئۆز قەبىلىلىرىنىڭ خەلپىلىك ۋەزىپىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، قۇملۇققا قايتىپ كەلگەنىكەن. ئۇ تۆگىگە مىنىپ ئۇ-زۇن يوللارنى باسقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىرايىدا هارغىنلىقنىڭ ئالامىتى يوق ئىدى، پەقەت ئۇزۇن ئاق پەرىجىسىنىڭ بىر قانچە يېرىلا كىرلىشىپ قالغانىدى.

—مەن سىزگە بىر خەۋەرنى ئېيتاي، —ئۇنىڭ ئۈنى سەل پۈتۈپ قالغانىدى، گەپ قىلسا ئاۋازى غاراڭ-غۇرۇڭ چىقاتتى، —تۈنۈگۈن مەن بابادور مۇھەممەد بىننى رامدان بىلەن ئۇچرى-شىپ قالدىم. ئۇ بىلئەجىبەگە بارماقچى بولۇۋېتىپتۇ، سىزگە سالام ئېيتتى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ، پەس ئاۋاز بىلەن:

—رەھمەت. سىلەرنىڭ نېمە هاجىتىڭلار بار؟ —دېدىم.

—هېچ ئىش يوق، سىز هەيران قېلىشىڭىز مۇمكىن، بىراق ئىشلار مۇشۇنداق بولىدۇ، —ئۇمما ئۆزى چېكىپ ئادەت-لىنىپ كەتكەن ئاچچىق تاماكىسىدىن بىرنى تۇتاشتۇرۇۋېپ بولغان-دىن كېيىن، ماڭىمۇ بىر تال سۇندى. مەن رەت قىلدىم، مېنىڭ تېنىم ئاجىز ئىدى، بۇنداق تاماكىغا بەرداشلىق بېرەل-مەيتتىم. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —1944-يىلى، سىز مە-لۇم مەقسەت بىلەن بۇ قۇملۇققا كەلگەنىدىڭىز. سىز پۈتكۈل سەھرايى كەبىرنى كېزىپ چىقتىڭىز هەمدە ئانچە-مۇنچە بايقىدى-ڭىز، . . . بۇنىڭ هەممىسى بىزگە مەلۇم، دوكتور ئەپەندىم، لېكىن سىز ئۆز پىلانىڭىزنى ئەمەلگە ئاشۇرماسلىقىڭىز كېرەك.

—شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، سىلەر مېنى ئىككى يىل

قاماپ قويدۇڭلارمۇ؟! — دېدىم مەن غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ. لېكىن ئەلپازىمنى بۇزغانلىقىمغا شۇ ھامان پۇشايمان قىلىپ قالدىم، غودۇڭشىسامۇ ئىش ئورنىغا كەلمەيتتى. ئۇما يەنىلا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. مەن بۇنداق تەبەسسۇمنى جۇڭگودا كۆرگەندىم، ياپونىيە، موڭغۇلىيە، ئىران ۋە مىسىردىمۇ كۆرگەندىم. ھازىر سەھرايى كەبىردە يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋاتىمەن. بۇ خىل تەبەسسۇم قورقۇنچاقلىق ۋە ساختىلىقنى يېپىپ تۇرغان نىقابقا ئوخشايتتى؛ بۇ خىل تەبەسسۇم شۇنداق دوستانە ئىدىكى، شۇ ۋەجىدىن ئۇنىڭ كومشىرىغا تازا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالغۇڭىز، ”بولدى، كۈلمە!“ دەپ قاتتىق ۋارقىرىغىڭىز كېلىپ كېتەتتى.

مەن بېشىمنى ساڭگىلىتىپ يەرگە قارىۋالدىم... ئۇمانىڭ كۆرەڭلىگەن كۆزلىرىگە ئادەم چىداپ تۇرغىلى بولمايتتى. مەن راستىنلا جېنىمدىن جاق تويغان ئىدىم! ئىككى يىلدىن بۇيان، مەن قۇملۇقنى كېزىپ، كۆن بويى قۇم، شېغىل، تاش ۋە قىيالارغا ھەمراھ بولدۇم، ھەر كۈنى تۆگىنىڭ ئۈستىدىن چۈشمىدىم... پۈتۈن ئەزايى مەينەتلىشىپ كەتكەن ھەم سېسىق پۇراپ تۇرىدىغان ئىككى ئېشەك باقار بىلەن بىر چېدىردا ئۇخلايتتىم... مەن ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى قارغايتتىم، بۇ تۇرمۇش مېنىڭ ئەتراپىمدىكى جىمى نەرسىگە ئوخشاش شۇنداق ئەھمىيەتسىز ئىدى...

ئۇما كۈلۈمسىرەپ، ياسالمىلىق بىلەن:

— سىزنىڭ يەنە نېمىڭىز كەم؟ سىز قوي كاۋىپى، زەيتۇن، ئەنجۈر ۋە باشقا مېۋە-چېۋىگە ئوخشاش ئېسىل نەرسىلەرنى



www.uyghurkitap.com

يەۋاتىسىز. تۆگە سۈتى ئىچىۋاتىسىز... چىرايلىق گىلەم ئۈس-تىدە ئۇخلايسىز، قەھۋەمۇ ئىچىسىز، ھەتتا يەتتە - سەككىز قېتىم شارابقىمۇ ئېغىز تەگدىڭىز...—دېدى.

—بۇنىڭغا ئىككى يىل بولۇپ قالدى...

ئومما زەيلىشىپ كەتكەن تاش ئۆڭكۈرنىڭ تاملىرىغا قاراپ دېدى:

—راست ئىككى يىل بولۇپ قالدىمۇ؟ ئاللا ئىگەم ۋاقىتنى ئەجەبمۇ تېز ئۆتكۈزۈۋېتىدىكىنە! بىراق، شۇنداق ئېسىل چاغلار ئىدى-دە، ئۇ.

—ئېھتىمال سىز ئۈچۈن شۇنداق ئېسىل پەيتتۇ ئۇ، ئوم-ما.

—سىز ئۇنداق دەپ قارىمامسىز، دوكتور ئەپەندىم؟

—نېمە؟ مەندەك قاماپ قويۇلغان بىر ئادەمنىمۇ پىكرىمگە قوشۇل دەپ زورلىماقچىمۇسىز؟ بۇ تولىمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولارمىكىن!

ئومما ئۇنىڭ مەيلىگە باققان ھالدا قولىنى سىلكىپ قويدى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا بارمىقىغا يوغان ئالماس ئۈزۈك سېلىنغانىدى. تولىمۇ بېيىپ كەتكەن بۇ دۆلەتمەننىڭ تۈمەن مىڭ گېكتار يېرى ۋە سان-ساناقسىز چارۋا ماللىرى بار ئىدى، ئۇنىڭ تۆگىلىرىلا نەچچە مىڭغا يېتەتتى. ئۇ ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيەدىن تارتىپ ئامېرىكىغىچە سودا قىلاتتى.

—دوكتور ئەپەندىم، سىز مېنىڭ مېھمىنىم بولىسىز، — دېدى ئۇ تەلەپپۇزىنى سىلىقلاشتۇرۇپ،—بىز سىزگە پۈتۈن زېھ-نىمىز بىلەن غەمخورلۇق قىلىۋاتىمىز، سەۋەنلىك پۈتۈنلەي ئۆ-

زىڭىزدە، بىز ياخشى نىيەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلەرنى بىراقلا رەت قىلىۋەتتىڭىز، بىلىشىڭىز كېرەككى، بىز يۈزمىڭ ئامېرىكا دوللىرى چىقىرايلى دېدۇق جۇمۇ!

—قۇملۇق ئۈنىڭدىنمۇ قىممەتلىك.

—بۇنى بىلىمەن، دوكتور ئەپەندىم. سىز بۇ قۇملۇقنىڭ ئىچىشقا بولىدىغان قىممىتىنى بايقىدىڭىز، بۇ يەرنىڭ يەر ئاستى سۇ مەنبەسىنى تاپتىڭىز، بۇ بىزنىڭ بۇ ماكانىمىزنىڭ ئەڭ چوڭ مەخپىيىتى ئىدى. سىزنىڭ قولىڭىزدا بىر پارچە سىخېما بار، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنى ئۆلكە ئېتىزغا ئايلاندۇرىدىغان سىخېما... بۇ يەردىن يىلىغا ئىككى-ئۈچ قېتىم ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ! سىز بىپايان نېگىرىيە يايلىقىدىن تارتىپ ھوججال تاغ تىزمىلىرىغىچە بولغان پۈتۈن قۇملۇقنىڭ ئىچىش قىممىتى بارلىقىنى بايقىدىڭىز... بىراق، سىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىز بايقىغان نەرسىنى تۇيدۇرماستىن تارتمىغا سېلىپ قۇلۇپلاپ قويمايسىز؟

مەن قەددىمنى رۇسلىدىم، شۇنداق قىلغاندا روبىرو ئولتۇرۇپ، قارشى تەرەپنىڭ چىرايىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇمما ئىككى بىلىكىنى كۆكرىكى ئۈستىدە گىرەلەشتۈرگەن، ئاغزىنى چىڭ يۇمغان بولۇپ، خۇددى بىر ھەيكەلدەك ئالدىمدا ئولتۇراتتى. قۇشنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايدىغان گۈللۈك ئۆتۈكىنىڭ ئۇچى ئۆزۈن پەرجىسىنىڭ ئاستىدىن چىقىپ تۇراتتى.

—ئىنسانلار يەرگە موھتاج، —دېدىم مەن كەسكىن ھالدا،

—ئەگەر يېڭى بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلمەيدىغان بولسا، نۇرغۇن كىشىلەر ئاچ قالىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئومۇمىي سانى ھازىر بار

بولغان يەرنىڭ تەمىنلەش ئىقتىدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى، بىز يېڭى زېمىننى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك!

—بىز دەمسىزا؟ —دېدى ئۇمما سالماق، ناھايىتى تەمكىن هالدا. مەن بىردىنلا ئۆزۈمنىڭ پۈتۈنلەي باشقىچە بىر دۇنياغا يۈزلىنىپ تۇرغانلىقىمنى بايقاپ قالدىم. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —تاپتاقىر بۇ يەرلەر ئۆلكە ئېتىزغا ئايلاندۇرۇلىدىغان بولسا، ئاق تەنلىكلەر ئارقا-ئارقىدىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋالىدۇ. ئۇلار بىزنى قوغلاپ چىقىرىپ، زامانىۋى قوراللار بىلەن بىزنى تەلتۆكۈس يوقىتىدۇ، بىز ئۆز دىيارىمىزنى قىزغىن سۆيىمىز، شۇڭا ئۇنى ھەرگىز ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ئۆزگىلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرمەيمىز. ئۇلار بىزنىمۇ ھىندىئانلارنى قىرغانغا ئوخشاش قىرىپ تاشلايدۇ. بىزنى كۈتۈپ تۇرغىنى ئۆلۈم! بۇ زېمىننى قۇم-شېغىللار قاپلاپ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئۇ بىزگە مەنسۇپ بولالايدۇ. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا، ھېچكىممۇ بىزگە پاراكەندىچىلىك سالمايدۇ، بىزمۇ سەھرايى كەبىرگە ئەركىن ھالدا ئىگىدارچىلىق قىلالايمىز. . . ئالل ئاق تەنلىكلەرنى يېقىن يولاتماسلىق ئۈچۈن بۇ يەرنى مۇشۇنداق قۇملۇق قىلىپ ياراتقان.

—بىراق، قۇملۇقنىڭ سىلەرگە نېمە پايدىسى بار؟

—بىز ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولمىساقلا، شۈكۈر-قانائەت قىلىمىز. ئۇ بىزنى ياۋا چىلان، قوغۇن، زەيتۇن، تۆگە سۈتى، قوي گۆشلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ. . . بىزگە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ نەرسىنىڭ لازىمى يوق. لېكىن، سىز بىزنىڭ مۇشۇ زېمىنىمىزگە قەدەم قويۇپلا، بىرەر مىڭ يىلدىن بۇيان مىللىتىمىزنىڭ يۈرىكى قېتىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان سىرنى مەسئۇلىيەتسىزلىك

بىلەن ئېچىپ تاشلىدىڭىز، — ئۇمما گېپىنى تۈگىتىپ، ئۇزۇن پەرىجىسىنىڭ پېشىنى شىرىقلاتقىنىچە ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ دىمىق تاش ئۆڭكۈردە ئۆرە تۇرغان چاغدىكى ئېگىز، ئورۇق گەۋدىسى بەئەينى تىك خادا تاشقا ئوخشايتتى. تالادا بوران گۈر-كىرەپ چىقىۋاتاتتى، قۇملار ھەر يانغا ئۇچاتتى، قۇياش كەڭ زېمىننى قىزدۇرۇپ تۇراتتى.

— مەن سىزگە نېمە ئالغاچ كېلەي؟ — دېدى ئۇمما تۇزۇت قىلىپ.

— ئەركىنلىك! — دېدىم مەن ئاۋازىمنى يۇقىرى كۆتۈ-رۈپ.

— ناۋادا سىز بىزگە كاپالەتلىك قىلىشنى خالىسىڭىزلا، دوكتور ئەپەندىم.

— ئۇ مېنىڭ دۇنيارىمغا ئاسىيلىق قىلىشتىن پەرقلەنمەي-دۇ!

— مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە خاس دۇنيارىم بار!

ئۇمما گېپىنى تۈگىتىپ پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى.

بۇ تۈنۈگۈنكى ئىش يەنى 1957-يىل 7-ئاينىڭ 23-كۈنىدىكى ئىش ئىدى. مەن بۇ كۈننى ئېسىمدە تۇتۇشۇم كېرەك، ناۋادا كۈنلەرنىڭ بىرىدە، كىشىلەر پايانسىز قۇملۇقتا، ياكى ئاتلاس تاغ تىزمىسىنىڭ مەلۇم بىر جىلغىسىدا، رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن بۇ كۈندىلىك خاتىرەمنى ئۇچرىتىپ قالسا، بۇ كۈن تولىمۇ قىممەتكە ئىگە كۈن بولۇپ قالار ئىدى.

مەن كېچىلىك ۋاقتىمنىڭ كۆپىنچىسىدە مۇشۇ مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىمەن، يەنى داۋاملىق مۇشۇنداق ئازاب چېكىمۇ-

ـرەرمەنمۇ دەپ ئويلىنىمەن. مەن نېمە ئۈچۈن سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ مۇنبەتلىشىش ئېھتىمالى بار دېگەن بۇ مەخپىيەت- لىكنى ھەرگىز ئېچىپ قويماسلىققا قەسەم بېرەلمەيمەن؟ بۇ ئاچارچىلىق دۇنياسىنى قۇتقۇزۇش نىيىتىدىكى ئاڭدىنمۇ ياكى شەخسىي غۇرۇر تۈپەيلىدىن، بۇ كەشپىياتتىن ۋاز كېچىشنى، بىر "ياۋايى ئادەم"نىڭ بۇيرۇقىغا باش ئېگىشنى خالىمىغانلىق- تىنمۇ؟ ئېھتىمال ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارغىش تەككۈر ھاكاۋۇر- لۇقى سەۋەبىدىن بولسا كېرەك، ئۇ مېنى ھەممە نەرسىگە چىداش- لىق بەرگۈزدى. ئۇمما بىننى بىلقاسىم پارىژدا ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرگەن. . . بابادور مۇھەممەد بىننى رامدان بولسا قۇملۇق- نىڭ ئالىي خەلىپىسى، ئۇنىڭ مونتې كارلودا بىر داچىسى بار، ئۇ ياۋروپادا كۆپ يىل تۇرمۇش كەچۈرگەن. ئۇنىڭ كىيىنىشى بىزنىڭكىگە ئوخشاش، كالىلىسى ئۆتكۈر، ئۇ چاچ-ساقاللىرى ئاقارغان بوۋاي بولۇپ، شىرنىڭ يايلىدەك يەلپۈنۈپ تۇرغان بېشىدىكى ئاق چاچلىرى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. ئۇ- نىڭ ئاقپىشماق بىر خوتۇنى بولۇپ، شۇ خوتۇنىغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈن، ئۇ بۇرۇنقى خوتۇنىنى تاشلىۋەتكەن. ئۇ چېۋەر، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئايال بولۇپ، ئۇ گېردىئادىكى ئېكىن- زارلىق، بىسكرادىكى سارايىنى شۇنىڭدەك ئاتلاس تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى سۈرەتتەك چىرايلىق بوستانلىقلارنى باشقۇراتتى. بابادورنىڭ ئاق رەڭلىك تېز سۈرئەتلىك كېمىسى ئوتتۇرا دېڭىزدا قاتنايتتى، ۋېنېتسىيە كىنو بايرىمىدا ئۇنىڭغا ئورۇن ئېلىپ قويۇلاتتى، ئۇ ئەنگلىيىدە گولف توپ ئوينىغانىدى. ئۇ گېرمانىد- يىنى زىيارەت قىلغاندا، لېكلىنخاۋسېن كانىغا چۈشۈپ باققانىد-

ـدى . . .

ئۇلار ياۋايى ئادەملەرمۇ؟ ئۇلار ئاق تەنلىكلەرگە قارشى
كۈرەش قىلامدۇ ياكى ئاق تەنلىكلەر بىلەن دوست بولامدۇ؟ ئاق
تەنلىكلەر ئۇلارنىڭ زېمىنىدا چۆرگىلەپ يۈرىدۇ، خەرىتىلەرگە
چەمبىرەك سىزىپ، توچكىلارنى قويۇپ ئولتۇرىدۇ، قۇدۇق كو-
لاپ، ئۆستەڭ چېپىپ، سۇ مەنبەلىرىنى ئىزدىشىۋاتىدۇ، دۇنيا
بويىچە ھەممىدىن زور بولغان سەھرايى كەبىر باغچىسىنى قۇر-
ماقچى بولۇشۇۋاتىدۇ، ئاق تەنلىكلەرگە يەر لازىم، يەر دوستلۇق-
ىنىمۇ مۇھىم. بۇ كېچە مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەنمۇ قورقۇنچلۇق
كېچە. مانا بۇلار مېنىڭ تېنىمنى شۈركەندۈرىدۇ، ئەھۋالدىن
قارىغاندا، ئوممانىڭ دېگىنى توغرا ئىكەن. مەن تاش ئۆڭكۈردە
ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭاتتىم، بەزىدە پېشانەمنى سۇ تەپچىرەپ تۇر-
غان تاشلارغا ياقاتتىم، سۇس ئىسسىق نەم ماڭا تولىمۇ ئارام
بەرگەندەك بولاتتى.

مەن كېچىچە ئۇخلىيالماي، تاش ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىدا سىرت-
تىكى شەپىنى تىڭشىغاچ ئىشىك باقار ياققان گۈلخانغا ۋە قارا
يول-يوللۇق بىرېزېنت چېدىرغا كۆزۈمنى ئۈزمەستىن قاراپ ئول-
تۇردۇم. بۇ يەردە كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئائىلىسى بار ئىدى،
تۆگىلەر تۇرغان جايدىن چىرقىراق ئاۋازلار كېلىپ تۇراتتى.
ئەرەبلەر ئۇزۇن پەرىجىلىرىگە يۆگىنىپ، گۈلخانىنىڭ ئەتراپىدا
ئولتۇرۇشاتتى، پەرىجىسىنىڭ ئاق تەرىپى سىرتقا يۈزلىنىپ
تۇراتتى. مەن ئوممانىڭ بىر پارچە يوغان تاشنىڭ تۈۋىدە يېنىغا
بىر مىلتىقنى قويۇپ، كاللىسىنى ئوڭ قولىدا تىرىگەن ھالدا
ئولتۇرغانلىقىنى كۆردۈم، بۇ ئامېرىكىدا ياسالغان بىر خىل

يېگى پاسوندىكى تېز ئېتىلما مىلتىق ئىدى. قومۇلۇقنىڭ بۇ سوغۇق كېچىسىدە ئۇنىڭ ئۆزى يالغۇز بۇ يەردە ئولتۇرۇشى مېنى بەكمۇ ھەيران قالدۇردى. . . مەن تاش ئۆگكۈردىن ئاستا چىقىپ، تار يولنى بويلاپ پەسكە قاراپ ماڭدىم. ھەر ۋاقىت پېيىمدا يۇرۇيدىغان ئىككى قاراۋۇلمۇ ئارقامدىن ئەگىشىپ تاش-نىڭ يېنىغا كەلدى. ئومما بېشىنى كۆتۈرمىدى. ئۇستىمىزدە ئاسمان جىمىرلاپ تۇراتتى، سەلتەنەتلىك-كۆركەم يۇلتۇزلار قومۇلۇق ئۇستىگە چۇشكەندەكلا كۆرۈنەتتى، چەكسىز كەڭ زې-مىندا ئېغىر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۇرمەكتە ئىدى. ئاللاتائالامۇ ئۆزى ياراتقان بۇ گۈزەل جىمجىتلىقتىن بەخىرامان ھۇزۇرلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئۇيقۇڭىز كەلمىدىمۇ؟—دەپ سورىدىم مەن تۆۋەن ئاۋاز بىلەن.

—سىزنىڭمۇ ئۇيقۇڭىز كەلمىدىمۇ؟ -دەپ سورىدى ئۇ قاي-تۇرمىلاپ.

—مەغلۇب بولغۇچى ھامان خاتىرجەم ئۇخلىيالمايدۇ.

—ۋىجدانىي ئازابتا قالغانلىقىڭىزدىنمۇ؟

—ياق، مەغلۇب بولۇپ ھەسرەتلىنىۋاتقانلىقىمدىن.

ئومما ئۆزىنىڭ بېشىغا چىگىلگەن ياغلىقنى تارتىپ چىڭدىتىپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بەئەينى كۆرۈنمەس دۇبۇلغىنى تارتىپ چىڭىتىپ قويغانغا ئوخشايتتى. ئۇنىڭ كەسكىن ھەم سۇرلۇك چىرايى گۈلخان شولىسىدا بوران-چاپقۇننىڭ تەسىرىدىن يول-يول سىزىقلار پەيدا بولغان قىيا تاشنى ئەسلىتەتتى.

—بىزنىڭ غەلىبىمىز ۋاقىتلىق غەلىبە! —دېدى ئۇ قىس-

قىغىنە قىلىپ، — ئاللاتائالا غەزەپلىنىۋاتىدۇ. قۇملۇق كەلگۈ-
سىدە بىزگە مەنسۇپ بولماي قالىدۇ. يەر يۈزىدە ياشاش ئارزۇيى-
مىز بىر قانچە ئاشىق-مەشۇقنىڭ مۇھەببىتىدىنمۇ كۈچلۈك.

— شۇڭا ئۆيقۇڭىز كەلمەپتۇ-دە؟

— ھەئە.

— مېنى نېمە قىلماقچىسىلەر؟

— سىزمۇ بىز بىلەن بىللە كۆچىسىز، دوكتور ئەپەندىم.

— يەنە قانچىلىك ۋاقىت كۈتەرمەن، ئومما؟

ئۇ ئورۇق مۈرىسىنى چىقىرىپ قويدى:

— خۇدا بۇيرۇسا. . .

— بەلكىم پۈتكۈل ئۆمرۈمنى. . .

— ئېھتىمال شۇنداقتۇ، دوكتور ئەپەندىم!

مەن قانداقتۇر بىر نېمىنىڭ بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ قالغانلى-
قىنى ھېس قىلدىم. ئۆمۈر بويى مۇشۇ ئەرەبلەرنىڭ تۇتقۇنى
بولۇپ ئۆتۈپ كېتەرمەنمۇ؟ ھەدېسىلا قۇملۇقنى كېزىپ، كۈن-
كۈنلەپ، يىل-يىللاپ تۆگە ئۈستىدە، ئېشەك تېرىسىدىن ئىش-
لەنگەن تاسما بىلەن باغلىنىپ يۈرەرمەنمۇ؟ يىراقتا، سەھرايى
كەبىر قۇملۇقى ۋە قاتمۇ قات تاغلارنىڭ نېرىسىدا، تۇرمۇش
ئاۋۋالقىدەكلا داۋام ئەتمەكتە. بېرلىندا، بىر قىز ئەنگلىيە باش-
قارمىسىنىڭ بىر تۇتقۇن توغرىسىدىكى يەنى نېمىس كاپىتان
ھانس شۆبت دوكتور 1944-يىلى تۇنىسنىڭ جازا لاگېرىدىن
قېچىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن نەدە ئىكەنلىكى نامەلۇم،
مۆلچەرلىنىشچە، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدا ئۆلگەن بولۇشى
مۇمكىن، دېگەن ئۇچۇرنىڭ مەلۇماتىغا ئىشەنمەسلىكى مۇقەر-

رەر. تۇرمۇش داۋام ئەتمەكتە، 15 يىلدىن بۇيان گويا مەن بولمىغانغا ئوخشاشلا داۋام ئەتمەكتە. 15 يىل بولدى، مۇشۇ 15 يىل ئىچىدە مەندە قۇملۇققا نىسبەتەن مۇھەببەتمۇ، نەپرەتمۇ پەيدا بولدى.

بۇ سۆز ئاڭلىماققا بىر-بىرىگە سەل زىددىيەتتەك تۇيۇلىدۇ، قۇملۇقنى زادى سۆيۈش كېرەكمۇ ياكى ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىش كېرەكمۇ؟

لېكىن، كىمدەكىم قۇملۇقنى ھەقىقىي تۇردە چۈشەنسە، ئۇنىڭغا بولغان نەپرەتنىڭمۇ مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىدۇ...

مەن ئورنۇمدىن شاققىدە تۇرۇۋىدىم، ئۇمما چۆچۈپ كەتتى، يۈزى شۇنداق قارىيىپ كەتتىكى، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى كۆرەلمىگىلى تاسلا قالدىم، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىنى ئۇزمەي ماڭا تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى ئويلاپ يەتتىم.

—مەن سىزنى بەكمۇ چۈشىنىمەن، دوكتور ئەپەندىم، ھازىر سىز مېنى ئۆلتۈرۈشنى ئويلاۋاتىسىز، —دېدى ئۇ.

—ياق! مەندە ھېچقانداق قورال يوق، ئېھتىمال شىجائەت بولمىسا كېرەك، سىزنىڭ يېنىڭىزدا مىلتىق تۇرۇپتۇ... مەن ئۇنى غاچچىدە قولۇمغا ئېلىپ كاللىڭىزنى قارىغا ئېلىشىم لازىم ئىدى، مەن تولىمۇ قورقۇنچاق بولسام كېرەك، ئۇمما، سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزدىنمۇ بەكرەك قورقۇنچاقمەن.

—بۇ بەلكىم زېرەكلىكتۇر. ئەجەبا، مېنىڭ ئۆلۈمىم سىزنىڭ غەلىبىڭىزدىن دېرەك بېرەرمۇ؟

مەن ئارقامغا يېنىپ تار يولنى بويلاپ تاش ئۆڭكۈرۈمگە

قايتتىم. مەن گۈلخانىغا ۋە ھېلىقى يول-يول بىرېزىنت چېدىرغا ئىككىنچى قاراپمۇ قويمىدىم، سەلتەنەتلىك.كۆركەم يولنۇرلارغا ۋە تۇن پەردىسى ئاستىدىكى جىمجىت پايانسىز قۇملۇققا قايتا قارىغۇممۇ كەلمىدى... ئۇشتۇمتۇت، بىرېزىنت چېدىرلارنىڭ قايسى بىرىدىن بىر ئەرەبنىڭ ناخشىسى، يەنە بىر كىمنىڭ ئۇنىڭغا تەڭكەش قىلىپ چالغان جاڭ ۋە لوت ساداسى[①] ئاڭلاندى. ناخشا ئاۋازى بىلەن ساز ئاۋازى تۈن كېچىدىكى جىم-جىتلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى.

مەن سوغۇق ھەم زەي ئۆڭكۈرگە قايتىپ كىرىپ، يۇڭ ئەديال ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ياتتىم-دە، ئىككى قېلىن يوتقاننى ئۈستۈمگە يېپىپ كۆزۈمنى زورمۇزور يۇمدۇم.

ئەتە داۋاملىق يول بېسىپ بىلئەجبەگە بارىدىكەنمىز، ۋاي خۇدا، بىلئەجبە دېگەن نەدە ئۇ؟

ئەتراپ تۈگەل قۇملۇق، ھەممە ياقنى قۇياش كۆيدۈرۈپ تۇرىدۇ.

قۇملۇقتا بەزى بوستانلىقلارمۇ بار، ئۇ خۇددى دېڭىزدىكى ئاراللارغا ئوخشايدۇ.

بوستانلىقلاردا زەيتۇن دەرىخى، پاكار-پاكار ئاق ئۆيلەر، قۇدۇقلار، قۇرۇپ كەتكەن دەريالار ۋە سۇركىلىشتىن سىلىقلىنىپ يالتىراپ كەتكەن تاشلار بار.

پەسىللىك دەريا...

ئەتراپنىڭ ھەممىسى چۆللۈك...

---

① لوت— شەكلى بەرباپقا ئوخشايدىغان تارلىق ساز.

مەن خىيال سۈرە-سۈرە ئۇخلاپ قالدىم. . .

قارا بوران تاشلارغا يەنە بىر قېتىم ھۇجۇم قىلىپ ھۆركە-رىدى، قۇملار تاش ئۆڭكۈرۈمگە ئۇچقۇنلاپ كىردى.

ھاۋاغا بىرمۇنچە قۇمسال توپا-توزانلار ئارىلىشىپ كەتكەندى. تۆگە تاشنى دالدا قىلىپ تاغ يوتىسىدا ياتاتتى. پاخال ئۆيلەر شىۋىرغاننىڭ زەربىسى بىلەن لەپەڭشىپ ئۆرۈلەي دەپ قالغانىدى.

ئاخىر بىر كۈنى بىرسى مېنىڭ تىزىمدىكى بۇ كۈندىلىك خاتىرىنى كۆرىدۇ. بۇ خاتىرىنى كۆرگەن كىشى 1957-يىلىدىكى دۇنيانى قاچان، قەيەردە ئەسلەركىن-تاڭ. ئەتە قۇم بوران توختىسا، بىز بىلئەجبەگە قاراپ داۋاملىق يۈرۈش قىلىدىغان بولساق، مەن بۇ خاتىرەمنى قۇدۇق قېشىدىكى تاشنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويىمەن، ياكى بولمىسا مەلۇم بىر پالما دەرىخىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويىمەن.

مەن شۇنى ھېس قىلدىمكى، مەن بۇ دۇنيادا ھېچقانچە قىممەتكە ئىگە ئەمەسكەنمەن. . . ناھايەت بوراندىكى چاڭ-توزاندەك لەيلەپ ئۇچۇپ يۈرۈيدىغان، بىر تال قۇمغا ئوخشاش سەھرايى كەبىرگە سىڭىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.

ئاھ، خۇدا، مەن بۇ زېمىننى ئەسلا كۆرمىگەن بولسامچۇ، كاشكى! . . .

ئاتلانتىك ئوكيان سەنئەت شىركىتىنىڭ ئىش باشقارمىسى ۋېرموستوۋ كوچىسىدىكى بىر ئېگىز ئىمارەتكە جايلاشقانىدى،

بۇ يېڭى قۇرۇلغان بىر كارخانا بولۇپ، يېقىندا بېرلىندىكى بىرقانچە گېزىتتە مۇنداق بىر ئېلان چىقاردى:

ئاتلانتىك ئوكيان سەنئەت شىركىتى ئۆمەك ئۇيۇشتۇرۇپ جەنۇبىي ئامېرىكا، شىمالىي ئافرىقا، شىمالىي ئامېرىكىدا سەييا- رە ئويۇن كۆرسىتىش يۈزىسىدىن تالانتلىق ئۇسسۇلچى قىزلارنى قوبۇل قىلماقچى. خالىغۇچىلار بولسا ھەر كۈنى سائەت ئوندىن ئون ئىككىگىچە ۋېرموستوۋ كوچىسىدىكى ئاتلانتىك ئوكيان سەن- ئەت شىركىتىنىڭ ئىش باشقارمىسىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرسا بولىدۇ.

ئالاقىلاشقۇچى: ئېدۋارد فون پېرتۇش.

بۇ ئېلان كىمنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ دەيسىز؟ كوچىدا ماشىنىلار ئۆزۈلمەستىن قاتنىماقتا ئىدى، سۈتچى سۈت بوتۇل- كىلىرىنى ھەر بىر ئۆينىڭ ئىشىك ئالدىغا قويدى، بولكا ئەكەل- گەن ئوغۇل بالا ئىشىكنىڭ تۇتقۇچىغا ئېسىپ قويۇلغان كاناپ خالتىغا بولكىنى لىقمۇلىق قاچىلىدى. پوچتىكەش بىر پوسۇل- كىنى تۆتىنچى قەۋەتكە ئېلىپ چىقماقچى بولسا، دائىم غۇدۇ- رايتتى. ياشانغان، سېمىز، كۆزى يېقىنىنىلا كۆرۈپ يىراقنى ئانچە ئېنىق كۆرەلمەيدىغان ئايال تازىلىق ئىشچىسى ئاتلانتىك ئوكيان سەنئەت شىركىتىنىڭ ئىش باشقارمىسىغا ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم كېلىپ ئۆيلەرنى تازىلاپ تۇراتتى. ئەتىگەن سائەت

توققۇزدا، پېرتۇش بارون باشقارمىغا كېلەتتى. ئورۇق، ئېگىز كەلگەن بۇ ئەر كىشى قىرىق ياش ئەتراپىدا ئىدى، مايلاپ پارقىرىتىۋالغان قاپقارا چېچى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايتتى، ئۇچىسىغا ئۆزى تىكتۇرگەن مودا كىيىم، قولىغا بىر جۈپ يالتىراق تېرە پەلەي كىيىۋالغانىدى. ئۇ ئىشىك بېشىغا ”مۇدىر“ دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان 3-نومۇرلۇق ئۆيگە كىرىپ، ھۆججەت سومكىسىنى ئۈستەلگە تاشلاپ، تېز خەت باسقۇچى ماشىنىست ئايالغا قاراپ قويدى.

—بىرەر ئىش يوقتۇ، دور خېنىم؟ —دەپ سورىدى ئۇ.

دور بادېل ھەر كۈنى ئەتىگەندىكىگە ئوخشاش، ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى ھىدروكسىد بىلەن ساپسېرىق بويالغانىدى.

—ھېچقانداق ئىش يوق، بارون ئەپەندىم. خەت-چەكلەر ئۈستىلىڭىزدە.

—رەھمەت.

چۈشتىن ئىلگىرى كىشىلەر پېرتۇشنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولالمايتتى. ئۇ ئىشخانىسىدا باش كۆتۈرمەي ئىشلەيتتى. ياكى بولمىسا سائەت ئونلاردا، تەنتەك، ئۆزىنى بازارغا سالىدىغان بىر قانچە ئۇسسۇلچى قىز ئىش باشقارمىسىغا كېلىپ پېرتۇش بارون بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىشاتتى.

دور ئۇقتۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاندىن مۇدىر ئىشخانىسىغا كىرەلەيتتى. چارەك سائەت ئۆتكەندىن كېيىن قايتىپ چىقىشاتتى، ئۇلارنىڭ چىرايىدىن چۈشكۈنلۈك، غەزەپ ۋە ئۈمىدسىزلىك ئالامەتلىرى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار كەتكەندىن

www.uyghurkitap.com

كېيىن، پېرتۇش بارون ھەسرەتلەنگەن ھالدا ئويدىن چۆچۈپ، غۇدۇراپ قوياتتى:

— ھەقىقەتەنمۇ چۈشىنىكسىز بىر ئىشقۇ بۇ، بېرلىندا چىرايلىق قىزلار نېمە ئۈچۈن شۇنچىلا ئازدۇ! ماڭا ھاۋالە قىلغۇچى چىرايلىق قىزلارنى تېپىپ بېرىڭ دېگەندى! بىراق، چىرايلىق قىزلار بۇ دۇنيادىن غايىب بولغاندەكلا تۇرىدۇ!

بىر كۈنى، يەنى 1957-يىل 7-ئاينىڭ 17-كۈنى، قارا چاچلىق، ئېگىز بويلۇق بىر قىز ئاتلانتىك ئوكيان سەنئەت شىركىتىنىڭ ئىش باشقارمىسىغا كىردى. ئۇ قولىغا بىر گېزىت ئېلىۋالغان بولۇپ، گېزىتنىڭ ئېلان بېسىلغان بېتى سىرتقا قارىتىلغانىدى. ئۇ دورغا قاراپ دوستانىلىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ، قولىدىكى گېزىتنى ئېچىپ قويىدى.

— سىلەر ئۇسسۇلچى قىز قوبۇل قىلماقچىمۇ؟ — دەپ سورىدى قىز.

— شۇنداق. — دور خېنىم ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغاچ ماشىنىسىنى تاراقشىتىپ خەت بېسىۋەردى.

— ئېلاندا شىمالىي ئافرىقىغا بارىدىغانلىقى ئېيتىلىپتۇ، مەن بۇنىڭغا ناھايىتى قىزىقىۋاتىمەن.

— ئۇسسۇلچىمۇ سىز؟

— ياق، ئۇسسۇلچى ئەمەسمەن.

— ھە، مۇنداق دەڭ! — دېدى دور خېنىم بېشىنى چايقاپ،

— ئۇنداق بولسا بۇ ئىش تەسكە چۈشىدۇ خېنىم. بىر سەنئەت ئۆمىكى تەشكىللەش ئۈچۈن، مۇدىرىمىز بىر قانچە ئايدىن بۇيان، ئۇسسۇلچى قىز ئىزدەپ كېلىۋاتىدۇ، بۇگۈنگىچە ئاران 12

قىز تاپتى، لېكىن بىزگە 13 نەپەر ئۇسسۇلچى قىز لازىم ئىدى!
— ئۇ دولىسىنى چىقىرىپ قويۇپ، كالپۇكلىرىنى ئۇمچەيتتى،
— دەرۋەقە سىزمۇ سىناپ باقسىڭىز بولىدۇ، سىزنىڭ تەلىيىڭىز باشقىلارنىڭكىدىن ئۇلۇغ كېلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئۇ سىناق نەزەرى بىلەن بۇ قىزنىڭ بوي-تۇرقىغا ناھايىتى تېزلا سەپسېلىپ چىقتى.

— سىز ناھايىتى چىرايلىق ئىكەنسىز!

پېرتۇش بارون يېزىقچىلىق ئۇستىلىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇراتتى، دور خېنىم بۇ ياش قىزنى باشلاپ كىرگەندە، ئۇ رەسىملىك ژۇرنال كۆرۈۋاتاتتى. ئۇ نەزەرگە ئىلمىغان ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ، قىزغا سۆرۈن نەزەر بىلەن قاراپ قويدى، ئاندىن كېيىن يەنە بېشىنى تۆۋەنگە سېلىپ رەسىملىك ژۇرنالغا قاردى.

— سىز ھازىر نەدە ئىشلەۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— مەن ئەزەلدىن بىر يەرگە تەكلىپ قىلىنىپ باقمىغانمەن، بۇ يەر مېنىڭ تۇنجى خىزمەت ئورنۇم بولۇپ قالغۇسى.
— قەيەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان؟
— مەن ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇمىغان، پەقەت ئافرىقىغا بېرىشنىلا ئويلاۋاتىمەن.

پېرتۇش رەسىملىك ژۇرنالنى بىر كىچىك ئۇستەل ئۇستىگە تاشلاپ قويدى. ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسى ئۇستىگە قارىتىلغان بولۇپ، مۇقاۋىغا كولۇمسىرەپ تۇرغان بىر قىزنىڭ باش سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى.

— سىز ئافرىقىغا بارماقچى، ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ

ئېيتقاندا، سىز مۇشۇ خىزمەتنى تاپماقچى، ئەرزان باھادا ئوتتۇرا دېڭىزنى كېسىپ ئۆتمەكچى.

—توغرا دېدىڭىز.

پېرتۇش ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، توخلۇق بىلەن دېدى:

—باتۇرلۇقىڭىزغا ئاپىرىن، خېنىم، گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، بىزگە تەۋەككۈلچىلەر ئەمەس، ئۇسسۇلچى قىزلار لازىم.

قىز زورۇققان ھالدا كۈلۈپ قويۇپ، كەسلەنچۈك تېرىسىدىن ئىشلەنگەن سومكىسىنى ئىككى قولى بىلەن ھولۇققان ھالدا سىيپاشتۇردى.

—ئولتۇرسام بولامدۇ؟ —دەپ سورىدى ئۇ. ئۇ ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك ئىشەنچ قىلالمىغاندەك تۇراتتى. ئۇ پېرتۇش ماقۇللۇقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىنلا، ئاندىن دىۋاندا ئولتۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن ھەدەپ كۆزلىرىنى سۈرتتى. ئۇ يىغلاۋاتقاندەك قىلاتتى.

پېرتۇش ئامالسىز قالغان قىياپەتتە يېزىقچىلىق ئۈستىلىنىڭ ئارقىسىدا تاياقتەك قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ تەسەللى سۆزلىرىنى سۆزلەۋېتىپ، بۇ قىزغا تەپسىلىي سەپسېلىشقا باشلىدى. قىزنىڭ كۆزىدىن يوشۇرۇپ بولمايدىغان بىر خىل ۋەھىمە مەلۇم بولۇپ تۇراتتى.

—سىز مېنى چوقۇم ئالغاچ كېتىڭ، —دېدى ئۇ ئاستاغىنە، —مەن چوقۇم بارىمەن، —جۇدەك چىراي بۇ قىز بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ تەلەپپۇزىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى:

—مەن چوقۇم بارىمەن!

— ساقچى، تەرەپ سىزنى تۇتۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈر-
گەنمۇ دەيمەن، ھەقىچان؟

— ياق! مەن بىرىپ ئادەم ئىزدىمەكچىمەن.

— سىز ھانس شۆيت دوكتور دەپ ئاڭلىغانمۇ؟

— ئەپسۇسكى، بۇنداق ئادەم بار دەپ ئاڭلىماپتىكەنمەن.

— سىزنىڭ بېرلىندا تۇرغان ۋاقتىڭىزغا ئۇزاق بولمىغانمۇ
دەيمەن؟

— بىر يىلغا يەتمەيدۇ.

— بۇندىن 15 يىل ئىلگىرى، شۆيت دېگەن بۇ دوكتور
گېرمانىيىنىڭ سانائەت ساھەسىدىكىلەرنى تازا زور ئۈمىدلەندۈر-
گەنىدى، ئۇ ھەممە تەرەپكە ئاپتوماتىك چۆرگىلەيدىغان رادار
دېگەن بىر قۇرۇلما ئەسۋابنى كەشىپ قىلغانىدى. ھالقىلىق
بۆلەكنىڭ سىنىقىنى قىلىش ئۈچۈن، ئۇ ئافرىقىغا. . . يەنى
ئافرىقا كورپۇسىغا ئەۋەتىلگەنىدى. . . ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئۇنى
ئەسىرگە ئېلىۋاپتۇ، كېيىن ئۇ تۇنىس جازا لاگېرىدىن قېچىپ
چىقىپ، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدا يوقىلىپ كېتىپتۇ.

پېرتۇش بېشىنى لىڭشىتتى:

— ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان پاجىئە دەڭا بۇ، خېنىم!
ئۇ قۇملۇقتا ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

— ئادەم ئىزدەش ئورگانلىرىمۇ ماڭا مۇشۇنداق جاۋاب بەر-
گەن، لېكىن مەن بۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن!

— نېمە ئۈچۈن ئىشەنمەيسىز؟

— چۈشۈمدە ئۇنى كۆردۈم. سىز چۈشىنەمسىز؟ كېچىدە،
مەن تاسادىپىي ئويغىنىپ كەتتىم، ئۇ مېنىڭ كارىۋىتىمنىڭ

www.uyghurkitap.com

يېنىدا تۇرۇپ، ماڭا قاراپ ئىككى قولىنى سوزدى! ئۇ قارىماققا تولىمۇ قورقۇنچلۇق بولۇپ، چىرايى سارغايغان ۋە ياداڭغۇ ئېدى، ئۇ قانداقتۇ بىر نېمىلەرنى دېمەكچى ئىدى. . . بىراق، مەن قەددىمنى رۇسلىغاندا، ئۇنىڭ قارىسى تۇمان ئىچىدە غايىب بولۇپ كەتتى. . . قارىسام، ئۆيگە پەقەت ئاي شولىسىلا چۈشۈپ تۇرۇپتۇ. . .

— سىز تولىمۇ قايغۇرۇپ كېتىپسىز، — دېدى پېرتۇش كۆلۈمسىرىگەن هالدا بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغاچ، — بۇ تۈن سەيلە كېسىلىنىڭ بىر خىل ئالامىتى، مەن ھەددى-ھېسابسىز كۆپ پۇللارنى چۈشەيمەن، بىراق مەن ھېچقاچان ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلمىغان!

قىزنىڭ كۆزى پولغا چۈشتى:

— مەن ئۇنىڭ سىڭلىسى، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن، — مېنىڭ ئىسمىم ھېرد شۆپت، ھانس يوقىلىپ كەتكەن چاغدا، مەن تېخى كىچىك بالا ئىدىم. ھازىر مەنمۇ 25 ياشقا كىرىپ قالدىم، مەن دائىم ئۇنى تېخى ھاياتتەك ھېس قىلىمەن.

پېرتۇش كالپۇكىنى چىشلەپ، قاشلىرىنى يىمىردى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى ئادەم چۈشىنىپ بولمايدىغان غەلىتە بىر تۈسكە كىرگەنىدى.

— سىز مېنىڭ ياردىمىمگە ئېرىشمەكچىمۇ؟ مەن قانداقلارچە سىزنىڭ يادىڭىزغا يېتىپ قالغاندىمەن؟ مېنىڭچە بۇ، خەلقئارا قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ ئىشى.

— مېنىڭ ئويلىمىغان چارىلىرىم قالمىدى. — ھېرد شۆپت سومكىسىنى بىردەم ئاختۇرۇپ، ئاخىر ئىككى تال ئىنچىكە

رېزىنكە بىلەن چېگىلگەن بىر باغلام خەتنى چىقاردى، — بۇ خەتلەرنىڭ ھەممىۋاسىنى قىزىل كرېست جەمئىيىتى، ئادەم ئىز-دەش ئورگىنى، ئەنگلىيە ئۇرۇش ئەسىرلىرى تەتقىقات ئورنى، شۋېيتسارىيىنىڭ تۇنس، ئالجىرىيە ۋە ماراكەشتە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ نەدىلىكى نامەلۇم، ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن دېيىشتى، ھەتتا تېخى چۆلدە 15 يىل تۇرۇشنى خالايدىغان ئادەم بولغان ئەمەس. ناۋادا ئۇ تىرىك بولىدىغان بولسا، جەزمەن خەت يازغان بولاتتى! دېيىش-تى.

— ئەجەبا، بۇ جاۋابلار سىزنى قانائەتلەندۈرەلمىدىمۇ؟

— شۇنداق، چۈنكى ئۇ تېخى ھايات!

— ئۇنى چۆشىڭىزدە كۆرگەنلىكىڭىز ئۈچۈنلا شۇنداق دەۋا-تامسىز؟

— ھەئە.

— سىز ھەقىقەتەن تەرسا قىز ئىكەنسىز! — پېرتۇش ئىككى قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، تالاغا قاراپ قويدى، — مەن سىزگە نېمە ئىش قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟

— سىز مېنى قوبۇل قىلىپ ئافرىقىغا بارىدىغان ئۇسسۇل-چىلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويسىڭىزلا بولدى. بۇ مېنىڭ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئافرىقىغا بېرىشىم بولىدۇ. سەييارە ئو-يۇن قويۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئۆزۈم ئاكامنى داۋاملىق ئىزدەيمەن. مەندە ئافرىقىغا بېرىشقا يەتكۈدەك پۇل يوق! ھازىر مەن دالىمدىكى سەرەمجانلىق ئىجارە ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن.

— سىز نېمىگە تايىنىپ تۇرمۇش كەچۈرىسىز؟

— مەن سەنئەت سىزمىسى سىزىشنى بىلىمەن، سايال ئەس-ۋاب، داستىخان ۋە كىيىم-كېچەك ئۈستىگە گۈل ئەندىزىلىرىنى چۈشۈرەلەيمەن.

پېرتۇش ئارقىغا بۇرۇلۇپ، ئالدىدا تۇرغان بۇ قىزغا يېڭى-ۋاشتىن سەپسېلىپ قارىدى. ”مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا زىيان-كەشلىك قىلىمەن؟“ دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە: ”بۇ چىرايلىق، ياش قىز مەن ئىزدەپ تاپماقچى بولۇۋاتقان قىزنىڭ دەل ئۆزى ئىكەن، ئۇنى قوبۇل قىلىپ ئىشلىتىشىمگە تامامەن بو-لىدۇ. . . بىراق كۆڭلۈمدىكى كىچىككىنە ھەققانىيەتلىك تۇيغۇ-سى مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمغا، ئۇنىمۇ باشقا قىزلار ئاپىرىپ تاشلىنىدىغان جايغا ئاپىرىپ تاشلىشىمغا يول قويمايۋاتىدۇ. ئۇ ئاتلانتىك ئوكيان سەنئەت شىركىتىنىڭ قىز ھازىرلاپ بېرىدىغان سورۇنلىرىنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئۇ ئۆزى-نىڭ كىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەمدىغاندۇ؟ ئۇ مەلۇم بىر جايدىكى كىچىك تىياتىرخانىغا ئاپىرىلماستىن، بەلكى دۇن-يانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا سېتىۋېتىلگەن سان-ساناقسىز قىز-لارنىڭ قارغىشىغا ئۇچراۋاتقان، ئىنسان قېلىپىدىن چىقىپ كەت-كەن ئادەم سودىگەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلىدۇ، . . . سان-پاۋلو ياكى رىئو-دې-ژانېيرودا، ئالجىرىيە ياكى تابۇتتا، يېڭى ئورلې-ئان ياكى ۋېراكرۇستا، پارما ياكى لىمادا. . . ئىشقىلىپ، ھەننىۋا يەردە ئۇلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ، مانا بۇلارنىڭ ھەممى-سى پېرتۇشنىڭ قولى ئارقىلىق سېتىۋېتىلگەن، گېرمانىيىدىن كەلتۈرۈلگەن ھەم چىرايلىق ھەم ئەخمەق قىزلاردۇر.“

پېرتۇش تاماكىسىنى مىس كۈلدانىدا ئۆچۈرۈپ تاشلاپ،

ھېرد شۆيتقا بېشىدىن ئايىغىغىچە سىنچىلاپ قارىدى.

— سىز شىمالىي ئافرىقىغا ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن بارماقچىمۇ؟

— شۇنداق. — ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۈمىد نۇرى چاقنىدى.

— خېيىم-خەتەرگە ئۆزىڭىز جاۋابكار بولامسىز؟

— ھەئە.

— سىز ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگەنمەكچى بولسىڭىز، بىزگە مۇتلەق بويسۇنۇشىڭىز كېرەك.

— بۇنىڭغا قوشۇلىمەن، پەقەت ئافرىقىغا بارالىسام-لا بولغىنى.

پېرتۇش ئالىقىنىنىڭ سەل ھۆللەشكەنلىكىنى سەزدى. ئۇ قولىنى ئىشتىنىغا سۈركىۋېتىپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى:

— سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن توختىمىزغا ئىمزا قويۇشىڭىز كېرەك. ناۋادا سىز بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىسىڭىز، مۇنداقچە ئېيتساق، يامان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالسىڭىز، بىزدىن ھەرقانداق تۆلەم تۆلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىڭىز يوق.

— ئەلۋەتتە، — ھېرد شۆيت قول سومكىسىنى چىڭ تۇتۇپ، پېرتۇشقا تىكىلىپ قارىدى، — دېمەك، سىز... سىز مېنىڭ... ئافرىقىغا بېرىشىمغا قوشۇلۇپسىز-دە؟

— بەلكىم شۇنداقتۇ، — پېرتۇش ئۆزىنىڭ تىرناقلىرى پاكىزە ئېلىنغان ئىككى قولىغا قاراپ تۇراتتى. بارماقلىرى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن كەلگەن بۇ بىر جۈپ قول ئاقۇچ بولۇپ، ناھايىتى ئوبدان ئاسرالغان بولسىمۇ، لېكىن ئادەمنى ئەيمەندۇرۇپ قوياتتى، — بۇ ئىشنى ئەتىگىچە ئويلىنىپ باقاي. بىز بۇ

ئىش ئۇچۇن بەلگىلىك راسخوت چىقىرىمىز، لېكىن سىزنىڭ بۇ راسخوتلارنى ئويۇن قويۇش ئارقىلىق قايتۇرۇپ بېرەلىشىڭىز مۇمكىن ئەمەس.

ھېرد شۆيت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، قول سومكىسىدىن بىر كىچىك يۇگەكنى چىقىرىپ، پېرتۇشىنىڭ ئالدىدىكى شىرە ئۈستىگە قويدى.

—بۇ مېنىڭ تېجەپ قالغانلىرىم، —دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن، —پەقەت 300 ماركلا پۇلۇم بار، سىزگە بۇنىڭدىن ئار-تۇق بېرەلمەيمەن. بۇنى ئېلىپ تۇرسىڭىز. . . مەن ھانسىنى ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىن، ھەممىسىنى شۇ تولۇقلاپ بېرىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ۋە پۇلنى شىرە ئۈستىگە قويۇشتىكى ھالەتلىرىدىن ساددا بالىلارچە ئالامەتلەر چىقىپ تۇراتتى. پېر-تۇش خىجىل بولۇپ رەسىملىك ژۇرنال كۆرۈۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى، رەسىملىك ژۇرنالنى بېسىپ پۇرلەشتۈرۈپ قويغاندى-لىقىنىمۇ تۇيمىدى. ”بۇ دۇنيا ھەقىقەتەنمۇ بەك رەزىل ئىكەن“ دەپ ئويلىدى ئۇ: ”ئۆزۈممۇ مۇشۇ رەزىل دۇنيانىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالدىم، مەن ئۇسسۇلچىلارنى ئېلىشتا، ئۇلارغا نى-نى ۋەدىلەرنى بېرىپ كېتىمەن؛ ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ ئاغزى قۇ-لىقىغا يېتىدۇ، ئىستىقبالى ئۈستىدە ئۈمىدكە تولىدۇ، كېمىگە ئولتۇرۇپ دېڭىز-ئوكيانلاردىن ئۆتىدۇ، بىر يات جايغا بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىرسىمۇ قايتىپ كېلىشكە يەتكۇدەك يول خىراجىتىنى تاپالمايدۇ. ھۇ ئاناڭنى! بۇ راستتىنلا بىر پاسكىنا سودا، خەقلەر بۇ سودىنى ئاياللارنى ئالداپ سېتىش دەپ ئاتـايـ-دۇ. . . لېكىن خەقلەرنىڭ كۆرىدىغىنى پەقەت مۇشۇ يول بىلەن

تاپقان پۇل، لېكىن ئۇلار بۇ پۇللارنىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقى-
نى ئويلاشمايدۇ. ھازىر خەقلەر يەنىلا بەزى رەزىل چۈپرەندىلەر-
نى ھەقىقىي ئۇلگە قىلىپ ئۇلارغا چوقۇنماقتا. . .
ئۇ ئىككىلەنگەن ھالدا ھېلىقى كىچىك يۆگەكنى ئۇ تەرەپكە
ئىتتىرىپ قويۇپ، شىرە ئۈستىنى بارمىقى بىلەن توختىماستىن
چەككىلى تۇردى.
—پۇلىڭىزنى يېنىڭىزغا سېلىپ قويۇڭ، شۆھت خېنىم،
سىزنىڭ راسخوت-خىراجەتلىرىمىزنى قانداق قايتۇرۇشىڭىزغا
كەلسەك، بىز مۇۋاپىق پەيتتە ھېساب-كىتاب قىلىشىۋالىمىز.
سىز ئەتە يەنە بىر كېلىڭ. . . ھازىرچە سىزگە بۇنىڭدىن ئارتۇق-
چە جاۋاب بېرەلمەيمەن.
ۋېرموستوۋ كوچىسى ناھايىتى ئۇزۇن كوچا، لېكىن،
ياش، تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن بىر قىز ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇنچى-
لىك مۇساپە دېگەن قانچىلىك دەيسىز!
ھېرد شۆھت قول سومكىسىنىڭ تاسمىسىنى قولىغا يۆگەپ
ئويان-بۇيان پۇلاڭلىتىپ، بېرلىنىنىڭ چوڭ كوچىسىدا ئايلىنىش-
قا باشلىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى شادلىق ۋە بەخت تۇيغۇسىغا
چۆمگەنىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان ئۇنىڭ يۈرىكىنى بېسىپ
كەلگەن ئېغىر تاش بىر نەچچە سائەت ئىچىدىلا ئېلىپ تاشلى-
نىپ، بىر خىل يېڭى تۇرمۇش ئۇنىڭغا ئىشىكنى ئۇلۇغ ئاچتى:
بۇ ھانس شۆھت دوكتورنىڭ تۇرمۇشى ئىدى. ھېرد شۆھت قۇم-
لۇقتا بېرىپ ئاشۇ ئاكىسىنى ئىزدىمەكچى.
قۇملۇق ئۇنىڭغا بۇرۇن سېتىۋالغان خەرىتىلىرىنى ئەسلەت-
تى، ئۇ ئاشۇ مەخسۇس خەرىتىلەر ئۈچۈن ھەمىشە بىر ھەپتىلىك

ئىش ھەققىنى پاك-پاكىز خەجلىۋېتەتتى. ئۇ يەنە ئۆزى ئوقۇغان ئافرىقا توغرىسىدىكى كىتابلارنى، ئىلگىرى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنى كېسىپ ئۆتكەن كىشىلەر يازغان خەۋەرلەرنى، ئۆزد-نى دەر گۇمانغا سالغان سۆزلەرنى ئەسلىدى

> بۇگۈنكى كۈندە قۇملۇقتا يەنىلا بىز ئاچالمايدىغان سىر ساقلانماقتا، مەسىلەن ھېلىقى سېرىق چاچلىق ئۇندىمەس ئەر كىشى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. مەن ئۇنى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئارىسىدا كۆرگەنمەن، بۇ ئەر كىشىنىڭ تاشقى قىياپىتى ياۋروپالىقلارغا بەك ئوخشايدۇ. ئەتىسى، مەن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشماقچى بولغان بولساممۇ، لېكىن بارگاھتىن ھەر قانچە ئىزدەپمۇ ئۇنى تاپالمىدىم. ئۇنىڭ ئىسمىنى، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدىكەن... ئۇ جاھاننىڭ چېتىدە تۇرۇۋاتقان بىر ئادەم...

پەقەت ھېرد شۆپتلا بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەتتى: دېمەك، ئۇنىڭ ئاكىسى تېخىچە ھايات! ئۇ جەزمەن ھانس شۆپت دوكتور، ئۇنىڭ باشقا ئادەم بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. يوقىلىپ كەتكەن ئەسىرنى تۇتۇش ئۈچۈن، ئەنگلىيە ئارمىيىسى 1944 -يىلى تۇنىسنىڭ پۈتكۈل يېرىنى دېگۈدەك ئاختۇرۇپ چىقتى ھەمدە ئۇنى تۇتۇپ كەلگۈچىلەرگە مىڭ فوندستېرلىڭ مۇكاپات بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى. بوسادانىڭ جەنۇبىدىكى راگۇئېتقا بارىدىغان قۇملۇقتا سېرىق چاچلىق مۇشۇ ناتونۇش ئادەمنى كۆرگەنلەر بار ئىكەن... لېكىن، پۈتۈن دۇنيا بۇ ئىشقا سەل قاراپتۇ... يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل بىر خەۋەرنىڭ

بىر ئابزاسى بولۇپ، مەلۇم بىر گېزىتنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت بېتىدە ئېلان قىلىنغانىدى.

مۇشۇ خەۋەرنى ئوقۇغاندىن تارتىپ ھېرد شۇۋېت ئاكىسىنى قۇتقۇزۇش ھازىرلىقىنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ تەرەپ-تەرەپ-تىن ئىش ئىزدەپ تېپىپ، كاتەكتەك كىچىك ئۆيدە، دائىم كېچىچە كىرپىك قاقماي، قەھۋە ۋە تاماكا بىلەن ئۆزىنى سەگى-تىپ ئىشلىدى. ئۇ بارماقلىرى قاپىرىپ كەتكىچە سىزما سىز-دى، كەشتە تىكتى. فارفور قاچا-قۇچىلارغا ئەندىزە-گۈل سى-زىپ، رەڭ بەردى، يىپەك كىيىم ئۈستىگە چىرايلىق گۈل ئەندىزىلىرىنى سىزىپ، ئۇنى كەشتىلىدى. ئۇ بېرلىندىكى ھەر قايسى سەنئەت بۇيۇملىرى ماگىزىنىنى ئارىلاپ، ئۇلارغا سۇ بۇياق رەسىمى ۋە ساپال ھەيكەللەرنى ھازىرلاپ بەردى. . . ھەر دائىم ئۇ ئىش قىلىپ ھېرىپ كەتكەندە، قولىدىكى ئىش-پىشلى-رىنى قايرىپ قويۇپ، قولىغا كىتاب ۋە خەرىتىنى ئېلىپ، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلدى.

ئۇ نۇرغۇن كۇتۇپخانىلارغا بېرىپ ماتېرىيال ئىزدىدى، مىللى ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ چەتتىن جۇغراپىيە دەرسى ئاڭلاش ئۈچۈن، ئوقۇش خىراجىتىنى بىر تىيىن-بىر تىيىندىن يىغدى. ئۇ يات، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدا ئۆزىنىڭ دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى تەسەۋۋۇر قىلدى. ئۇ قۇملۇقتىكى بوستانلىقلارنىڭ ئورنىنى پىششىق خا-تىرىلىۋېلىپ، مەخسۇس خەرىتىنىڭ ئۈستىگە كارۋانلار ۋە سەي-لە-ساياھەتچىلەر ماڭىدىغان يوللارغا بەلگە قويۇپ چىقتى. ئۇ-نىڭدىن سىرت، ئۇ يەنە مۇشەققەتلىك بىر ئىشنى— ئەرەبچە

ئۆگىنىشنى باشلىغانىدى. كۆپلىگەن بوغۇز تاۋۇشىغا ئىگە بولـ‑
داق تىلنى ئۆگىنىش نېمىسلار ئۈچۈن ئېيتقاندا بەكمۇ قىيىن
ئىدى.

ئىككى يىلدىن بۇيان، ھېرد شۆيت مۇشۇ قېتىمقى ئافرىقا
سەپىرىگە ھازىرلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇ مۇشۇ ھازىرلىق
ئۈچۈن، زادىلا دەم ئېلىپ باقمىدى، ئازراقمۇ دەم ئالمىـ‑
دى... بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئاخىر ئۇنىڭ نەتىجىسى چىقـ‑
تى، ئۇ ئۇسسۇلچى بولۇش توختىمىغا ئىمزا قويدى، ئەمدى ئاز
پۇل خەجلەپ ئافرىقىغا بېرىپ، ئاكىسىنى ئىزدەشكە ئىمكانىيەت
تۇغۇلدى.

ئۇ دوقمۇشقا كەلگەندە قەدىمىنى توختىتىپ، قول سومكىـ‑
سىنىڭ سىيرىتمىسىنى سىيرىپ، سومكىسىدىكى پۇلنى ساناپ
بېقىۋىدى، 8.67 مارك چىقتى.

تاماق يەۋېلىشىم كېرەك! دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئىككىنچى بىر دوقمۇشتا: ”پاۋل‑ئاننا مەيخانىسى“ دېگەن
ۋىۋىسكا چىراغ نۇرىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئىشىكتىن كىرگەندە، ئايالنىڭ ئىشىك ئۇنىڭ تۇپلىيىنىڭ
پاشنىسىغا تېگىپ كەتتى. ئۇ كۈتكۈچىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ
كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن،
قولىغا سەي تىزىملىكىنى ئېلىپ بىر ھازا تاللاپ، ئاندىن بىر
كىشىلىك تاماق بۇيرۇدى.

ئۇ تاماق يېيىش ئالدىدا بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالـ‑
دى. ئۇنىڭ مۇشۇ پۇللىرى ئۈچۈن ئىچى ئاغرىدى... لېكىن
شۇ ھامان يەنىلا تاماقنى ئېغىز تەگدى، بۇ سەككىز مارك ئۈچۈن

ئىككى سائەت ئىشلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدى.

بۈگۈن كاپىتان پىئېر پۇروشېنىنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كەل-
مىدى. ئۇ چۈشكۈن هالدا هەربىي لاگېردىكى كىچىك بىر ئۆيدە
چوڭ بىر شىرە ئۈستىگە يېيىلغان خەرىتىنى ئىنچىكىلىك بىلەن
تەتقىق قىلىۋاتاتتى.

ملادشى لېيتېنانت ئېمىل گلانتۇس ئۇنىڭ قېشىدا تامغا
يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئىككىسىنىڭ هەربىي كىيىمىنى توپا بې-
سىپ كەتكەنىدى، ئۈستى يۇمىلاق كەلگەن كەڭ گىرۋەكلىك
هەربىي شەپكىسى يەردە تاشلىنىپ ياتاتتى.

ئۆي ئىچى دىمىق ئىدى. هويلىدا، پالما ۋە زەيتۇن دەرەخ-
لىرىنىڭ سايىسى ئاستىدا، توشۇش قوراللىرى قاتار-قاتار قو-
يۇلغانىدى؛ بىر قانچە جىپ ماشىنا، بىر قانچە زەمبىرەك ماشى-
نىسى، بىر ترانسپورت برونېۋىكى بار ئىدى. يۈزلىرى ساماد-
دەك سارغىيىپ كەتكەن ئەسكەرلەر ئىشىك ئالدىدا ئىككى-ئۈچ-
تىن بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ تاماكا چېكىشىۋاتاتتى.

—توققۇز ئەسكەر يوقاپ كەتتى، بۇ ئالتە هەپتە ئىچىدىكى
ئىككىنچى قېتىمقىسى، —دېدى كاپىتان پۇروشېنى ملادشى
لېيتېنانتقا قاراپ. بۇ ملادشى لېيتېنانت فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي
قىسمىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزىدىن هەمىشە پرووۋېنسې-
لىقلارنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان روهىي هالىتى بىلىنىپ
تۇراتتى.

ئېمىل گلانتۇس قولىنى سىلكىدى:
— بۇ جەزمەن ئومابىننى بىلقاسىم قىلغان ئىش.
پۇروشىنى مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى:
— ئىسپاتىڭىز بارمۇ؟ شىددەتلىك جەڭ بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھېچقانداق ئىزنا يوق. چارلىغۇچىلارغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغۇچىلارغۇ بار، بىراق ئۇلار ئىككىنچى ئۆزىنى كۆرسەتمىدى. بۇنىڭ ھەممىسى قۇملۇقتا ئايان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ زۇۋان سۈرەلمەيدۇ.
— كاپىتان ئەپەندىم، يوقىلىپ كەتكەنلەرنىڭ ئارىسىدا تۆت نېمىس بار ئىكەن.
— بۇ ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ! — پۇروشېنى بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويۇپ، سورىدى:
— سىزنىڭچە، ئۇلار قېچىپ كەتكەنمىدۇ؟
گلانتۇس بېشىنى چايقىدى، ئۇنىڭ چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن يۈزى تەرلەپ-تەپچىرەپ كەتكەنىدى. ئۇ يېڭى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتتى، يۈزىگە شىلىمشىمان لاي چاپلىشىپ قالدى.
— قۇملۇقتا بىرەر ئىش يۈز بەرگەندەك تۇرىدۇ، كاپىتان ئەپەندىم، بۇ مېنىڭ ھېسسىياتىم. مەن ئالجىرىيەدە تۆت يىل تۇردۇم، جۇملىدىن سەھرايى كەبىردە 3 يىل تۇردۇم. ھەر قېتىم قانداقتۇر بىرەر ئىش يۈز بەرمەكچى بولسا، مەن ھەمىشە ئالدىن ھېس قىلىپ كەلدىم. مىسالغا ئېلىپ ئېيتساق، ھەر نۆۋەت قاتتىق بوران چىقىشتىن ئىلگىرى، ئاسمان كۆل رەڭ تۈسكە كىرىپ، قارا بۇلۇتلار قاپلاپ كېتىدۇ، ئاندىن كېيىن

گۈركىرىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا پۈتۈن يەر-جاھان ئۆچۈپ يۇرگەن سان-ساناقسىز قۇم قورشاۋىدا قالىدۇ. ھازىرقى ئەھۋالمۇ دەل مانا شۇنداق. . . قۇملۇق ئادەمنىڭ قورققىسى كەلگۇدەك جىمجىتلىققا چۆكتى. قارىسىڭىز، مۇلايىم، خاتىرجەم كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ چېدىر ئالدىدا ئولتۇرۇپ، قوي گۆشىنى كاۋاپ قىلىۋاتقانلىقى ياكى يارغۇنچاق بىلەن يارما تارتىۋاتقانلىقى كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ. لېكىن، ئۇشتۇمتۇتلا توققۇز ئەسكەر يوقاپ كەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆت نېمىس بار ئىدى، —گلانتۇس كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ پۇروشېنىغا تىكىلىپ قارىدى، —سىز سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدا سىرىق چاچلىق، ئېگىز بويلۇق بىر ئەر كىشىنىڭ ياشاۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلىمىغانمۇ؟

—پۈتۈنلەي تۇتۇرۇقسىز گەپ! —پۇروشېنى ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈۋەتتى، —بۇ چەت ئەل ئارمىيىسىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان ھېكايىسى، ئۇنداق قىلمايدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ قۇملۇقتىكى زېرىكىشلىك تۇرمۇشىغا چىدىشى مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ سۆزنى تۈگىتىپ، قەلىمىنى خەرىتىنىڭ ئۈستىگە تاشلىدى-دە، توپا بېسىپ كەتكەن شەپكىسىنى يەردىن ئېلىپ، ئۆيدىن ھويلىغا چىقتى.

قورغاننىڭ ئاق تاملىرى قۇياش نۇرى ئاستىدا كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. تۆت ئورۇندىكى كۆزىتىش مۇنارى قېلىن تاملارنى بىر-بىرىگە چېتىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قاراۋۇللار كۈنلۈك ئاستىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئالدىغا

بىرېزېنت يېپىلغان پىلىموتلار قويۇلغانىدى. قورغاندىن قۇملۇققا بارغىلى بولىدىغان بىردىنبىر دەرۋازا ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەنىدى. بىرمۇنچە ئادەم تەمىنات بۇيۇملىرى ئارتىلغان ئېشەكلەرنى ”خىت-چۇھ!“ دەپ ھەيدىگىنىچە چاڭ-توزان كۆتۈرۈلگەن ھويلىغا كىرىپ كېلىۋاتاتتى. يۆگى قاپقارا، ئېگىز تۆگىنى يېتىلىگەن بىر ئەر ئەرەب قاراۋۇلىنىڭ ئالدىدىن ئۆتەر ۋاقتىدا، ئىككى ئوفىتسىرغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ ئېھتىرام بىلدۈردى. تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى سېۋەتكە قوغۇن، ئاپېلسىن ۋە ئۈزۈم لىقمۇلىق قاچىلانغانىدى.

—ماۋۇ مۇتتەھەمنى! —دېدى پورۇشېنى ھېلىقى سودىگەرنىڭ بېشىنى لىڭشىتقىنىغا قاراۋېتىپ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن، —بۇلارنىڭ كۆزى چۈشمەيدىغان يەر يوق، بۇلار ئەسكەرلەرنىڭ دوستى، ھەر بىر چارلاش يولىنى ھەممىدىن ئاۋۋال بىلىۋالىدۇ. قورغاننى ئېتىپ تاشلىساق بولاتتى جۇمۇ.

—مېۋە-چېۋە لازىممۇ، كاپىتان ئەپەندىم؟

—مېۋە-چېۋە ئەسلىدە راگۇئېتتىن توشۇپ كېلىنىدىغان قىسىم تەمىناتى بىلەن بىللە يەتكۈزۈلۈشى كېرەك ئىدىغۇ.

—سىزنىڭ ئويلىغانلىرىڭىزغۇ بەك ياخشى، —گىلانتۇس ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ كۈلۈپ كەتتى، —ئەمما، بۇنىڭغا بىر ماشىنا كېرەك، يەنە بېنزىن، ئىككى شوپۇر، ماشىنا قوغدىغۇچى ئەترەت كېرەك، بۇنداق بولغاندا بەك قىممەتكە چۈشىدۇ، كاپىتان ئەپەندىم. چەت ئەل ئارمىيىسى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ھەممە نەرسىنىڭ ئەرزانراق بولغىنى ياخشى. بىز بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆلسەكمۇ ناھايىتى شەرەپ دەپ بىلىمىز.

—تازىمۇ بىلجىرلاش بولدى-دە، بۇ! —پۇروشىنى ئاستا قەدەملەر بىلەن قورغاندىن چىقىپ، قۇملۇققا كەلدى. شۇ پەيت-تە، ئۇنىڭ ئالدى تەرەپتىن بىر چارلاش ئەترىتى چىقىپ كەل-دى. ئىككى جىپ ماشىنا چاڭ-توزاننى پۇرقىرىتىپ كېلىۋاتات-تى. ماشىنا قورغانغا يېتىپ كېلىشكە ئاز قالغاندا سۇرئىتىنى ئاستىلىتىپ، ئىككى ئوفىتسېرنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئۇستىۋې-شىنى چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن سېرژانت جىپتىن سەكرەپ چۈشتى.

—سېرژانت ۋېللې يەتتە ئەسكەرنى باشلاپ رازۋېدكا قىلىپ قايتىپ كەلدى.

—بىرەر ئەھۋال بارمۇ؟

—ئىككى كۈندىن بېرى، ئودخاد بىلەن بىلئەجبە ئارىلىقىدا شىددەتلىك بوران چىقتى، بىز بۇ رايوندىن كېسىپ ئۆتۈشكە ئامال قىلالماي، ئايلىنىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدۇق.

پۇروشىنى ئاشلانغان تېرىدىن ئىشلەنگەن تۆگە قامچىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى.

—كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ ئەھۋالى قانداق، سېرژانت؟

—ئازغىنە كىشىلەر بوران چىققان رايوندا قېلىپ قالدى، لېكىن. . . —سېرژانت ۋېللې سۆزىنى توختىتىپ، ئارقىسىغا بۇرىلىپ ماشىنا ئۈستىدە ئولتۇرغان بۇرادەرلىرىگە قاراپ قوي-دى.

—نېمە لېكىن؟ —دەپ سورىدى ملادشى لېيتېنانت.

—بىز يەنە ھېلىقى ئادەمنى كۆرۈپ قالدۇق.

—قايسى ئادەمنى؟

www.uyghurkitap.com

— ھېلىقى سىرىق چاچلىق، ئاق تەنلىك ئادەمنىچۇ، ملادىشى لىيتېنانت ئەپەندىم.

— نىمە دەيدىغانسەن! —كاپىتان پۇرۇشېنى تاماكىسىنى بىر نەچچە شوراۋېلىپ قۇملۇق يەرگە تاشلىۋەتتى، —سەن يەنە ئاغزىڭغا كەلگىنىنى جۆيلىگىلى تۇردۇڭغۇ ۋېللې.

— مەن ئۇنى كۆردۈم! —سىرژانت بىر خىل جاھىلانە نەزەر بىلەن كاپىتانغا قاراپ قويدى، —ھەممىمىز ئۇنى كۆردۇق، . . . يىگىتلەر، شۇنداقمۇ؟

ماشىنىدا ئولتۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ ھەننىۋاسى بېشىنى لىڭشىتتى. پۇروشېنى ھاڭ-تاڭ بولۇپ ئۇنىڭغا بىر، بۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى-دە، ئارقىسىغا بۇرىلىپ قورغانغا كىرىپ كەتتى. گلانتۇس پۇروشېنىغا ئەگىشىپ ماڭماستىن، ئۇنىڭ قاردىسىغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. كاپىتان قاراۋۇلخانىدا غايىب بولغاندىن كېيىن، ئۇ سىرژانتىنىڭ بىلىكىنى كاپپىدە تۇتۇۋېلىپ، خىرقىراق ئاۋاز بىلەن:

— قاچان كۆردۈڭلار؟ —دەپ سورىدى.

— بۈگۈن ئەتىگەن، بىلئەجىبەگە بارىدىغان يولدا بىر توپ كۆچمەن چارۋىچىنى كۆردۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا، چېدىرنىڭ ئارقىسىدا بىر ياۋروپالىق تۆگىگە مىنىپتۇ. مەن دۇربۇن بىلەن ئېنىق كۆردۈم. . . ئۇ تېخى سىرىق ساقالمۇ قويۇۋاپتۇ، تۆگىگە باغلاپ قويۇلغاندەك تۇرىدۇ. . .

— باغلاپ قويۇلغاندەك دەمسىنا؟

— شۇنداق، ئۇنىڭ ئىككى قولى تىزگىنىدا ئەمەس، ئالدىدا بىر ئادەم ئۇنىڭ تۆگىسىنى يېتىلەپ كېتىۋېتىپتۇ. . .

گلانتوٴسنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ هاياجاذ-
لىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى، —سىز ئۇنىڭ ئالدىغا
ئېتىلىپ بارمىدىڭىزمۇ، سېرژانت؟
ۋېللې مۇرىسىنى چىقىرىپ قويدى:
—ماڭا پەقەت كۆزىتىش، هېچقانداق پاراكەندىچىلىك كەل-
تۈرۈپ چىقارماسلىق توغرىسىدىلا بۇيرۇق بېرىلگەن، شۇڭا
هەربىي بۇيرۇققا ئەمەل قىلمىسام بولمايتتى.
—هېلىقى ناتونۇش ياۋروپالىق قانداق بولدى؟
—ئۇ هېلىقى كۆچمەن چارۋىچىلار بىلەن بىللە يۈرۈپ
كەتتى. مېنىڭچە، ئۇ بىزنى كۆرمىدى. بىز بىر يوغان تاشنىڭ
ئارقىسىدا تۇرۇپ، بۇ بىر توپ كۆچمەن چارۋىچىلارنى كۆزەت-
تۇق. بىز تولىمۇ خۇشال هالدا بۇ بورانلىق جايدىن ئايرىلدۇق.
ئادەمنى يىرگىنىدۈرىدىغان قۇم-بوران هەر بىر نەپەس ئالغاندا
بىرمۇنچە قۇمنى ئېغىز-بۇرنىڭىزغا تىقىپ قويىدىكەن.
—ناهايىتى ياخشى، ۋېللې سېرژانت.
گلانتوٴس چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ كاپىتان پۇروشېنىنىڭ
ئارقىسىدىن ماڭدى، ئوق-دورا ئىسكىلاتىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە
ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدى.
—سىز بۈگۈن ئاخشام بىللە بارارسىز؟ —دەپ سورىدى
ملادشى لېيتېنانت. هاياجانلانغانلىقتىن ئۇنىڭ ئاۋازى سەل غا-
راڭ-غۇرۇڭ چىقتى.
—بۈگۈن ئاخشام؟ قەيەرگە؟
بەلۋېغى ناهايىتى راۋۇرۇس چىڭ باغلانغان بولسىمۇ، پۇ-
روشېنى يەنىلا ئۇنى تارتىپ چىڭىتتى، تەرلىرى ئۇنىڭ ئاق

www.uyghurkitap.com

ھەربىي شەپكىسىنىڭ ئاستىدىن كۆزىنىڭ ئۈستىگە ئېقىپ چۈ-شۈۋاتاتتى. ئۇ تەرلىرىنى قولى بىلەن سۈرتتى. قۇملۇق ئاسمى-نىدا ئېسىلىپ تۇرغان ھارارەتلىك قۇياش ھاۋانىمۇ قىزدۇرىۋەت-كەندى.

گلانتۇس لېۋىنى چىشلەپ، پەس ئاۋاز بىلەن:

— بىز ئۇ ئاق تەنلىك ئادەمنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ بېقىشىمىز كېرەك، كاپىتان، — دېدى.

— يۇقىرىنىڭ بۇنداق بۇيرۇقى يوق تۇرسا؟ بۇنداق قىلىش زىددىيەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ملادشى لېيتېنانت.

— پەۋقۇلئاددە ئەھۋالغا دۇچ كەلگەندە، ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىشقا ھەقلىقمىز. بۇنداق چاغدا يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرۇشىمىز ناتايىن. ئەگەر بۇ ئاق تەنلىكنىڭ باشقىلارغا ئوخ-شاشمايدىغان يېرى بولمايدىغانلا بولسا. . .

پوروشېنى ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىۋەتتى:

— بولدى، گلانتۇس، سىز قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟

— ئىككىمىز بەش ئەسكەر ئېلىپ، ئىككى جىپ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يولغا چىقايلى. پىلىموت، گراناتومىيوت، ئوت چاچ-قۇلارنى ئېلىۋالايلى. ۋېللې ئۇلارنىڭ قايسى يول بىلەن ماڭغى-نىنى بىلىدۇ، ئۇ يولنىڭ خەرىتىدىكى ئورنىغا توغرا بەلگە قويۇۋاپتۇ. بىز ئۇلارغا يېتىشىۋالالايمىز، چۈنكى ئۇلار كېچىدە يول ماڭمايدۇ.

— سىز شۇ ئاق تەنلىك بىلەن سۆزلەشمەكچىمۇ؟

— شۇنداق.

پوروشېنى بېشىنى چايقاپ قويدى، ئاندىن كېيىن ملادشى

لېيتېناتنىنىڭ بىلىكىدىن قولتۇقلاپ، بىر كىچىك ئۆيگە كىر-
دى. ئۆي ئىچىدە پەنەركە تاختىغا بېكىتىلگەن چوڭ شامالدۇر-
غۇچ غۇر-غۇر قىلىپ پىرقىراپ، ئىسسىق شامالنى يۈز-كۆزلەر-
گە ئۇراتتى. ئۆينىڭ ئىچكىرىسىدە پارچە هاراق سېتىش ئىشكا-
پى تۇراتتى، بىر ئەرەب بالا شۇ يەردە ئەسكەرلەرگە سوغۇق
ئىچىملىكلەرنى قۇيۇپ بېرىۋاتاتتى.

— بىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرايلى، گلانتۇس، بىزنىڭ ئىشلە-
ۋاتقىنىمىز جاننى تىكىپ قويۇپ ئىشلەيدىغان بىر ئىش، —دېدى
پۇروشېنى پەس ئاۋاز بىلەن، —بەربەرلەر بىلەن ئەرەبلەر قىلچە
كۆچ سەرپ قىلمايلا ئادەم دېگىنى ئۇرۇشى تېخنىكىسى ئارقىلىق
قورغانلىرىمىزنى بۇزۇۋېتەلەيدۇ. پەقەت مارابۇت بىلەن فرانسى-
يە ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقلا بىزنى ھىندىچىنىدىكى سەپداشلى-
رىمىزنىڭ كۆلپەتلىك تەقدىرىدىن خالىي قىلالايدۇ. شۇنىڭ ئۈ-
چۈن، بىز ھەرقانداق كىچىك ئېغۋاگەرچىلىكتىنمۇ ساقلىنىشى-
مىز كېرەك...

گلانتۇس ھەربىي شەپكىسىنى بېشىدىن ئېلىپ ئورۇندۇققا
قويۇپ، شىرە ئۈستىدە ئولتۇردى، — ۋاي تەڭرىمەي! كاپىتان
ئەپەندىم، كىم ئېغۋا گەرچىلىك قىلىۋېتىپتۇ؟ ئەجەبا، بىر ئاق
تەنلىك ئادەمنىڭ باغلىنىپ سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىن كېسىپ
ئۆتكۈزۈلۈشى ئېغۋاگەرچىلىك بولامدىكىنا؟ بىز بۇ قۇملۇققا
نېمە ئۈچۈن كەلدۇق؟ ئەجەبا مۇشۇ يەردە بىكاردىن بىكار تەر
ئاققۇزۇش ئۈچۈنلا كەلدۇقمۇ؟

پۇروشېنى قول ئىشارىتى بىلەن كۈتكۈچىنى چاقىرىپ،
ئىككى ئىستاكان ئىشتەي ئاچىدىغان سوغۇق ھاراق ئالدى. تېم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پېراتۇرا تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئىستاكان گىرۋىكىنى بىر قەۋەت
هور قاپلىغانىدى، پۇروشېنى بارمىقى بىلەن ئىستاكانغا بىلئەجـ
بەنىڭ شەكلىنى سىزدى، ئۇندىمەستىن بىردەم تىكىلىپ قارىـ
غاندىن كېيىن قولى بىلەن ئۇنى ئۆچۈرىۋېتىپ، هاراقنى بىر
كۆتۈرۈشتىلا قۇرۇقدىۋەتتى، —قاچان يولغا چىقىمىز، گلانـ
تۇس؟

—كەچ سائەت ئون ئەتراپىدا چىقساقمىكىن دەيمەن. شۇنـ
داق بولغاندا، ئەتىگەن سائەت ئۇچتە بىلئەجبەگە يېتىپ بارالايـ
مىز.

پۇروشېنى بېشىنى لىڭشىتتى، —سىز بېرىپ تەييارلىق
قىلىڭ گلانتۇس. مەن بۇ ئىشنى سىزگە تاپشۇردۇم، سىز
قۇملۇقتا ئۇرۇش قىلىشنى مەندىن ئوبدان بىلىسىز. پىلىموت
ۋە بىر يەشىك گرانات ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇپ قالماڭ. ھەممە
تەييارلىق پۈتكەندىن كېيىن، ماڭا مەلۇم قىلىپ قويۇڭ.

گلانتۇس ئورۇندۇقنىڭ ئۇستىدىن ھەربىي شەپكىسىنى ئېـ
لىپ تەردە چاپلىرى چاپلىشىپ كەتكەن بېشىغا كىيدى.

—مەن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جەڭ نەتىجىسىنى سىزـ
گە دەرھال مەلۇم قىلىمەنمۇ كاپىتان ئەپەندىم؟

—مەلۇم قىلىمەن دەمسىزا؟ —پۇروشېنى قولىنى سىلكىـ
دى، ئاندىن ئۆيدىن تالاغا قاراپ ماڭدى، مېڭىۋېتىپ ئۇنلۇك
ئاۋاز بىلەن: —مەن ئەلۋەتتە بىللە بارىمەن. . . —دېدى.

گلانتۇس كۆلۈمسىرىگىنىچە، كاپىتان چوڭ-چوڭ قەدەم
تاشلاپ مەيداندىن ئۆتۈپ، تاكى قورغاندىكى قوماندانلىق شتابىغا
كىرىپ غايىب بولغانغا قەدەر قاراپ تۇردى.

بەربەرلەر يۇك ئارتىلغان ئېشەكلىرىنى سۆرەن سېلىپ ھەيدىشىپ قورغاننىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇچىسىغا يەرگە تەگكۇدەك كەڭ، مەينەت ئۇزۇن چاپانلارنى كىيىۋالغانىدى، بىرقانچىسىنىڭ كىيىۋالغان قىزىل فېس قالپىقى[1] قۇياش نۇرى ئاستىدا كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇراتتى. يەردە كۆلەڭگە يوق دېيەرلىك ئىدى، قۇياش يەر بىلەن تىكمۇتىك دېگۇدەك بولۇپ ئوتتەك قىزىق ئاسمان بوشلۇقىدا ئېسىلىپ تۇراتتى.

گلانتۇس كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىۋېتىپ، ھەربىي شەپكىسىنى بېشىنىڭ ئارقىسىغا ئىتتىرىپ قويدى. ئۇ تاماكىسىنى بىر شوراپ، ئىسىنى ئوتتەك قىزىق ھاۋاغا پۈركىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھەيران قالغان ھالدا ئىسىنىڭ مىدىر-سىدىر قىلماي، دىمىق ئىسسىق ھاۋا بوشلۇقىدا كىچىككىنە بۇلۇت ھاسىل قىلغانلىقىنى بايقىدى. "بۈگۈن ئاخشام ئۇمما بىننى بىلقاسىمنى كۆرۈمەن. . ." دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە: "ئۇمما بويى ئېگىز، بويىدا بىر تاتۇقى بار ئەر، . . . بۇ تاتۇق مېنىڭ خەنجىرىمنىڭ ئىزى. . . بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى، گېرىدىئانىڭ جەنۇبىدا، ئىككىمىز قوملۇقتا يەكمۇ يەك. . . مېنىڭچە، ئۇ ئەزەلدىن بۇنداق خەنجەرنى كۆرۈپ باقمىغان بولغىيتتى. . ."

گلانتۇس كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قويدى. . . بايا، ئۇ ھاڭۋاققىنچە يىراققا تىكىلىپ تۇرغانىدى، ئاندىن ئۇ دەرھال قول سائىتىگە قارىدى.

---

[1] ماراكەشتىكى فېس شەھىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان، شىمالىي ئافرىقا ۋە يېقىن شەرققە تارالغان، كونۇس شەكىللىك، پوپۇكلۇك قالپاق.

يەنە سەككىز سائەت بار ئىكەن.

كاپىتان پۇروشىنى ئۆزىنىڭ قوماندانلىق شتابىدىكى تېلېگ-راف ئاپپاراتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاپتوماتىك كۆچۈرۈش ماشى-نىسىدىن دۈگىلىنىپ چىقىۋاتقان خاتىرە قەغىزىگە قارىدى.

پۇروشىنى خاتىرە قەغىزىنى قولىغا ئېلىپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ كۆرۈۋاتقاندا، ئۆيگە كىرگەن گلانتۇسنى سەزمىدى. ئۇ تېلېگراممىنى بېشىدىن ئاخىرىغىچە بىر كۆرۈپ چىقتى.

—شۇم خەۋەرمۇ كاپىتان ئەپەندىم؟

پۇروشىنى چۆچۈپ كەتتى، —سىز ئىكەنسىزدە، گلان-تۇس! —ئۇ تېلېگراممىنى گلانتۇسقا سۇندى، —سىز ئۆزىڭىز كۆرۈڭ... ئالجىرىيە تەرەپ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، بىزنىڭ بۇ رايونىمىزدا ئادەم سودىسى كۈنسايىن كۆپىيىپ كېتى-ۋاتىدۇ، دەپتۇ. ئاق تەنلىكلەرنى ساتىدىكەن، گلانتۇس. ياۋرو-پانىڭ قىزلىرى بوستانلىققا سېتىلىپ ئۇسسۇلچى قىلىنىپتۇ.

.. —ئۇ سۆزلەۋېتىپ مەھكەم تۈرۈلگەن مۇشتىنى شىمىنىڭ يانچۇقىغا تىقتى، —رەزىللىك... ھەقىـقـەتەن بـەك قـەبىھ-لىك... بۈگۈن كېچە كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ قونالغۇلىرىنى ئوبدان تەكشۈرۈشىمىز كېرەك...

شۇ ئەسنادا ئەسكەرلەر ئولتۇرغان ئىككى جىپ ماشىنا قورغان دەرۋازىسىدىن چىقتى، بۇلار كېچىلىك چارلىغۇچىلار ئىدى. پاناھگاھدىن ياڭراق ھەربىي سىگنال ئاۋازى ئاڭلاندى، سىگنالچى كېچىلىك مەشىقنى باشلىغانىدى.

گلانتۇس بىردەم قولاق سېلىپ ئاڭلىغاندىن كېيىن، پۇرو-شىنىغا قاراپ، پەس ئاۋاز بىلەن:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ئۇ ئاتاكىغا ئۆتۈش سىگنالىنى مەشىق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

يۈروشېنى بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇنىڭ ئىككى قولى تىترەپ تۇراتتى. ئۇ قورغانغا يېقىن كەلگەن بولۇپ، قۇملۇقتا قەدەم قويغىنىغا ئەمدىلا يەتتە كۈن، چەت ئەل ئارمىيىسىگە كىرگىنىگە پەقەت يېرىم يىللا بولغانىدى؛ ئۇ ئەرەبلەرنىڭ ئەگرى پىچاق-لىرىنى، ئىز-دېرەكسىز يوقالغان توققۇز نەپەر ئەسكەرنى، قاي-تىپ كەلمىگەن ھېلىقى تۆت نېمىسنى يادىغا ئالدى...

ئۇنى ۋەھىمە باستى، قاتتىق ۋەھىمە باستى...

ئۈچىنچى قورغاننىڭ قورۇق تېمى ئۈستىدە، فرانسىيىنىڭ ئۈچ خىل رەڭلىك بايرىقى قۇياش نۇرىغا بۆلەنگەن ھالدا ساڭگى-لاپ تۇراتتى.

مۇشۇ ئۈچ خىل رەڭلىك بايراق ئۈچۈن، ئومما بىنىنى بىلقاسىم كۆمۈش يالىتىلغان بىرنەچچە يۈز دانە تاپانچىنى ھازىر-لاپ بېرىشكە رازى ئىدى... چۈنكى، قۇملۇقتا كۈچىنىڭ مەنبە-سى ھوقۇق سىمۋولى بولۇپ ھېسابلىناتتى.

قۇملۇقتا، مۇشۇ زېمىندا مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ يېشىل تۇغى لەپىلدەپ تۇرغانىدى... ئۇ ئاللانىڭ تۇغى ئىدى...

يەنە تۈن پەردىسى ئەتراپقا يېيىلىشقا باشلىدى.

مەن چېدىر ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارغا تىكىلدىم. يۇلتۇزلار خۇددى كۈندۈزى قۇياش ئۈستىمىزگە كۆل-

پەت تۆككەندەك، سۆرۈن-رەھىمسىزلىك بىلەن جىمىرلاپ تۇراتتى. تۆگىلەر سۇنى قانغۇچە ئىچىپ، قۇدۇق يېنىدا يۈكۈنۈپ ياتاتتى. پالما، زەيتۇن دەرەخلىرى كېچىنىڭ غۇر-غۇر مەيىن شامىلىدا ئىغاڭلاپ تۇراتتى. بۈگۈن قۇملۇق ئادەتتىكى بورانلىق كېچىلەرگە قارىغاندا خېلىلا پەسكارىغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئەتراپىمدا گۈلخان يېنىپ تۇراتتى. ئاپتاپقا قاقلىنىپ تاشتەك قېتىپ كەتكەن تۆگە ماياقلىرى لاۋۇلداپ يېنىپ كىشىلەرگە ئىسسىقلىق بېرىۋاتاتتى.

بىز بۈگۈن تۆگىگە مىنىپ بىر كۈن ماڭدۇق، مەن بەكمۇ ھېرىپ-چارچاپ كەتتىم. پەقەت جىسمانىي جەھەتتىن ھېرىپ چارچاپلا قالماي، بەلكى روھى جەھەتتىنمۇ قاتتىق ھېرىپ-چارچاپ كەتتىم. پۈتۈن ئەزايىم بۇنداق ھېرىپ-چارچاشقا بەرداشلىق بېرەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى، بىر ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن بىر ئاز ماغدۇرۇمغا كەلگەندەك بولۇپ قالدىم، كۆڭلۈم چىداپ تۇرغىلى بولمايدىغان پەرىشانلىقتا چۆمدى، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ دەپ دائىم ئۆز ئۆزۈمدىن سورايتتىم. لېكىن ئۆزۈمنى ئۈمىدسىزلىك پاتقىقىدىن تارتىپ چىقىرالايدىغان جاۋابنى تاپالمايتتىم.

مەن زادى قانداق ئادەم؟ ئاجىز-قورقۇنچاق، ئوما بىننى بىلقاسىمنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇندۇرۇلغان، ئۇنىڭ تەبەسسۇمى، ئۇنىڭ مال-مۈلۈكى، ئۇنىڭ تەكەللۇپى ۋە ئۇنىڭ ئىپتىدائىي ئادەملەرگە خاس ھوقۇقى ئالدىدا ۋەيران بولغان ئادەممەن. ناۋادا بىر كۈنى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىن ئايرىلىپ ئەركىنلىككە ئېرىشىدىغان بولسام، ئۆيۈمدىكى ئافرىقىنى ئەسلىتىدىغان بارلىق نەرسىلەرنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇۋېتىمەن، ئاتلاستىن

سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ خەرىتىسىنى يىرتىپ ئېلىۋېتە-
مەن. قامۇستىن ئافرىقا دېگەن سۆزنى ئۆچۈرۈۋېتىمەن، ھەم-
مىسىنى، ماڭا سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدا 15 يىل تۇرغىنىمنى
ئەسلىتىدىغان ھەر قانداق نەرسىنى كۆزۈمدىن يوق
قىلىمەن...

مەن بۇ زېمىنغا نەقەدەر ئۆچ-ھە!

بۈگۈن ئاخشام، قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى، بابادور مۇھەممەد بىننى رامدان مېنىڭ چېدىرىمغا كەلدى. ياشىنىپ قالغان بۇ ئادەم، قارىماققا ئاق كۆڭۈل، ئىسسىق-يېقىملىق كۆرۈنەتتى، ئاق ساقىلىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەنىدى، كىچىك كۆزلىرىدىن تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بىلەن روبىرو ئولتۇرغان كىشىلەر سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىكى ياشانغان ئاق باش بۇ كىشى ئالىيجاناب، پەزىلەتلىك مۆيسىپىت بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالاتتى... لېكىن بۇ قورۇق باسقان تەبەسسۇم چىراي قېرى ئالجىرىيىدىن تارتىپ يانباكتۇ رايونىغىچە بولغان جايلاردىكى ئەڭ چوڭ ئالدامچى ئىدى... مېنىڭ ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشىمنى ئۇنىڭ تۆھپىسى بولۇپ سانىلاتتى. ئۇنىڭ قۇملۇق ئەھۋالىنى ئىگەللەش دەرىجىسى مېنىڭكى بىلەن ئوخ-شاش، ئۇ قەيەردە قۇدۇق بارلىقىنى، قۇملۇق ئاستىدىكى چوڭ-قۇر توپا قاتلىمىدا سۇ تومۇرى بارلىقىنى بىلىدۇ، ئۇ يەنە بۇ قاقاس جەزىرىدە گۈل-گىياھقا پۈركەنگەن باغ-ۋارانلارنىڭ پەيدا بولىدىغانلىقىنىمۇ بىلىدۇ... شۇنداق، ئۇ ھەممىنى ئىگەللى-گەن، مەن سەزگەن ھېلىقى مەخپىي سىرلارنىمۇ ئىگەللىگەن. ئۇ مانا ئالدىمدا ئولتۇرىدۇ. ئۇچىسىغا باش كىيىمى بولغان

www.uyghurkitap.com

ئۇزۇن يىپەك پەرىجە كىيگەن بولۇپ، قارىماققا ئاۋاق بىچارىدەك
كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئىككى قولى توختىماستىن بويىنىدىكى ئالى-
تۇن زۇننارنى ئۇيان-بۇيان قىلىپ تۇراتتى. زۇننارغا چۆرىسىگە
ئالتۇن ھەل بېرىلگەن كىچىككىنە قۇرئان ئېسىلغانىدى، بۇ،
مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ ھاجى بولغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئى-
دى، شۇنداقلا مەككىنىڭ ”قىبلە“سىدىكى ئاللانىڭ ئۆيىگە كىر-
گەنلىكىگە ۋە ئاللانىڭ دەرگاھىنى كۆرۈشكە نائىل بولغانلىقىغا
گۇۋاھلىق بېرىدىغان قۇتلۇق بۇيۇم ئىدى.

— بىر كىم سىزنى كۆرۈپ قاپتۇ، دوكتور ئەپەندىم، —
دېدى ئۇ ماڭا قاراپ. ئۇنىڭ ئاۋازى ئادەمنىڭ قۇسقۇسىنى كەل-
تۈرەتتى. . . ئۇنىڭ كۆزلىرى سەممىيلىك بىلەن ماڭا تىكى-
لىپ تۇراتتى. مەن شۇنى بىلەتتىمكى، ئۇ قانداقتۇر بىر گەپنى
ماڭا دەپ قويۇشنى توغرا تاپقانىدى، — چەت ئەل ئارمىيىسىنىڭ
بىر چارلاش ئەترىتى چۆلدىكى كارۋانلىرىمىزنى كۆرۈپ قاپتۇ،
ھەمدە سىزنى تونۇۋاپتۇ.

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. ئۇ بىر كۈنى سەھەردى-
كى ئىش ئىدى، بىز بوران چىققان رايوننىڭ چېتىدە بىلئەجەبە-
گە قاراپ كېتىۋاتاتتۇق، چوقچىيىپ تۇرغان بىر قىيا ئاستىغا
كەلگەندە، ئۇشتۇمتۇت يىراقتىن ئىككى جىپ ماشىنا كۆرۈنۈپ
قالدى. ئۇلار ناھايىتى تېزلا كەينىگە بۇرىلىپ، تار سايغا كىرىپ
كەتتى. مەن ئۇلارغا يەنە بىر قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدىم،
چۈنكى ئۇمۇ بىننى بىلقاسىم مېنىڭ ئارقامدا ئىدى. ئۇ ناھايىتى
تېزلا مېنىڭ قېشىمغا يېتىپ كەلدى، بۇ چاغدا ئىككى جىپ
ماشىنا قۇم تۇزانلار ئىچىدىن چىقىپ، ئۇپۇق سىزىقى تەرەپكە

قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— سىز ھاياجانلىنىپ كەتمەڭ، — دېدى ئۇمما كۆلۈمسىرىگەن ھالدا، — ناۋادا سىز قوتۇلدۇرۇۋېلىڭلار دەپ توۋلىغان بولسىڭىز، ئەزرائىلنى چاقىرغانلىق بىلەن تەڭ بولاتتى، — بۇ ئۇنىڭ ئىشلىتىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن ھىيلىسى ئىدى، ئۇنىڭ چىرايلىق ياسالما سۆزلىرى ئاڭلىماققا ناھايىتى يۇمۇرلۇقتەك تۇيۇلاتتى، لېكىن ئىنىق تەھدىت سېلىۋاتقانلىقىمۇ مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئۆرۈلگىنىمدە، ئۇنىڭ ئورغاق ئاي شەكىللىك ئۇزۇن ئەرەب خەنجىرىنى تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى، خەنجەر بىسىنىڭ خۇددى ئەينەكتەك قۇياش نۇرىدا ۋالىلداپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇم. خەنجەرنىڭ ئالتۇن دەستىسى نەپىس نەقىشلەنگەن ھەم ئۇنىڭ ئۇستىگە ياقۇت قوندۇرۇلغانىدى. ئۇمما ئىنددەمەستىن مېنىڭ كۆزۈمگە قارىدى. مەن ئۇدۇلۇمغا، ئالدى تەرەپكە قاراپ تۇرىۋەردىم، نەزەرىم ھېلىقى چوقچايغان قىيادىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا جەزمەن چەت ئەل ئارمىيىسىنىڭ ئەسكەرلىرى يوشۇرۇنۇپ تۇراتتى. . . ئەركىنلىك. . . مەن سېنىڭ يېنىڭدىن خۇددى سېنى ئەزەلدىن كۆرمىگەندەكلا ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن.

شۇنداق، مەن شۇنداق قورقۇنچاق ئىكەنمەن، خەنجەرنى كۆرسەم قورقۇپ كېتىدىكەنمەن. مەندە سەللا شىجائەت بولىدىغان بولسا، ئۆزۈمدىن خىجىل بولۇشۇم كېرەك ئىدى. بىراق، مەندە شۇنچىلىكمۇ شىجائەت يوق، خىجالەت دېگەن نېمىنىمۇ بىلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. چۈنكى مېنىڭ چوڭ مېڭەم ئاللىقاچان ئىشلەشتىن توختاپ، خىجىل بولۇشنىمۇ بىلمەيدىغان بو-

لۇپ قالغانىدى، مەندە نەپرەتلىنىشتىن باشقا ھېسسىيات يوق... پەقەت نەپرەتلا بار...

بابادور مۇھەممەد بىنىنى رامدان سەل تۇرۇۋېلىپ، كۆزىنى ئۆزىنىڭ ئىككى قولىغا تىكتى، گويا بۇلار دۇنيادا ئۇنى ھەممىدىن بەك قىزىقتۇرىدىغان نەرسىدەك قاراپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ گەپ قىلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم، شۇڭا مەن چۈشەنمىگەندەك روھىي ھالەت بىلەن ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتتۈم.

— سىزنى ئېلىپ يولىمىزنى داۋاملاشتۇرماقچىمىز، دوكتور ئەپەندىم! — دېدى ئۇ.

مەن غەزەپ بىلەن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ، چېدىرنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈكنى مەھكەم تۇتۇۋالدىم.

— يولىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز دەمسىز؟! — دەپ ۋارقىرىدىم مەن، — زادى نېمە ئۈچۈن دائىم... دائىم قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭىمىز؟ ئەجەبا، خوكارغا، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئايتاغقا بارىمىزمۇ؟!

— مەن ھەقىقەتەن شۇنداق ئويلىۋىدىم. — بابادور بېشىنى لىڭشىتتى، — ئۇ يەرگە ئەزەلدىن چارلىغۇچىلار ئەترىتى بېرىپ باقمىغان، ئۇ ئاق تەنلىكلەر بارمايدىغان تاغلىق رايون.

— ئۇنداقتا مېنى نېرىك كۆممەكچىمۇ سىلەر؟ — مەن ۋارقىراپ كەتتىم، ئاۋازىم خۇددى بىر ئىستاكان تاشقا ئۇرۇلۇپ سۇنغاندەك ئىنتايىن چاڭىلداپ چىقتى، — سىلەر نېمە ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيسىلەر؟ شۇنداق قىلساڭلار بەكمۇ ئوبدان، بەكمۇ ئەمەلىي، تازا ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلغان بولماسمىدىڭ-

لار. . . بىر پاي ئوق بىلەن مېڭەمدىن كىچىككىنە بىر تۆشۈك ئېچىپ. . . ئاندىن قاغا-قۇزغۇنغا تاشلاپ بەرسەڭلار ئىش پۈت-مەسمىدى. . . قۇملۇقتا جان ئۈزگۈچىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، بۇ بىر دۆۋە ئۇستىخاننىڭ كىمنىڭ ئۇستىخانلىرى ئىكەنلىكىنى كىممۇ بىلەتتى دەيسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئوق چىقارمايسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن مېنى قۇملۇقتا بۇنداق سۆرەپ يۈرۈيسىلەر؟ . . .

بابادور كۈلۈمسىرىدى. . . مەن چېدىر تۈۋرۈكىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئاچچىقىمغا پايلىماي لاغىلداپ تىترەۋاتقىنىمدا، ئۇ راست-تىنلا كۈلدى، — بىزگە ئەسقاتىسىز، دوكتور ئەپەندىم. — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن. ئۇنىڭ ئاۋازى ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ كەيپىنى ئۇچۇراتتى. — ئاڭلىشىمچە، سىز مۇرسۇكنىڭ جەنۇ-بىدىن سۇ مەنبەسىنى تېپىپتىكەنسىزغۇ!

—شۇنداق، —دېدىم مەن ھەيران بولغان ھالدا.

—بۇ سۇ مەنبەسىنى مەن تېخىچە بىلمەيمەن دەڭا. . .

ھە، ئەسلىدە گەپ مۇنداق ئىكەن-دە! مەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ پۈتۈنلەي تىنچلاندىم، ئەسلىدە ئۇ مۇرسۇك سۇ مەنبەسى-نى بىلمەيدىكەن ئەمەسمۇ! دېگەن خىيال كاللامدىن چاقماق تېزلىكىدە ئۆتتى. ئۇ تايباتتىن تىبېس قىياسىغىچە بولغان قۇم-لۇق ئاستىدا چوڭ سۇ مەنبەسى تومۇرى بارلىقىنى، زاپاس سۇ رايونىنىڭ دائىرىسى فرانسىيىنىڭكىدىنمۇ زور ئىكەنلىكىنى بىل-مەيدىكەن. مەن بابادورغا قاراپ قويدۇم، ئۇ كۆزى ئارقىلىق مېنىڭ چاقنىغان كۆزلىرىمگە جاۋاب قايتۇرغان بولدى. ئۇنىڭ ئاۋاق تېنى سەل دۈمچەكلىشىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى، ئۇ سەۋر-تاقەت بىلەن جاۋابىمنى كۈتۈۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

زۇۋان سۇرمەسلىك مەن ئۇچۇن ئىپىتقاندا ھەقىقەتەن تولا-
مۇ خۇشاللىق ئىش ئىدى. مەن تەبەسسۇم بىلەن ئۇنچىقماي
تۇرۇۋالدىم. مېنىڭ كۈلۈمسىرىشىم بابادورنىڭ چىرايىدا ئەكس
ئېتىپ تۇراتتى، ئۇ بولسا بۇتتەك قېتىپ قالغانىدى.

—سىز تېخى ماڭا ئېيتىپ بەرمىدىڭىزغۇ، شۇبىت ئەپەن-
دىم؟ — دېدى بوۋاي.

—شۇنداق، تېخى ئېيتقىنىم يوق.

—بىز بۇ سۇ مەنبەسىگە ناھايىتى قىزىقىۋاتىمىز.

—بۇنى مەن بىلىمەن، بابادور.

—بۇ سىزنى قويۇپ بېرىشىڭ بەدىلى بولالايدۇ.

مەن كۈلۈپ كەتتىم، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم، مەن يەنىلا
چېدىرنىڭ تۈۋرۈكىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇراتتىم. ئوھوي، نېمە
ئۈچۈن كۈلمىگىدەكمەن؟ گەرچە ھەممىنىڭ قولدىن كەتكەنلى-
كىنى بىلسەممۇ، لېكىن بۇنىڭ بىر تۇزاق ئىكەنلىكىنى بىلەل-
مىگىدەك دەرىجىدە ئەمەسمەن. ناۋادا بۇ تۇزاققا چۈشۈپ كەت-
سەملا، پۇتۇنلەي تۈگەشكىنىم شۇ.

بابادور ماڭا كۆزىنى ئۇزمەي قاراپ تۇراتتى. . . ئۇ ناھايى-
تى ئۇزۇنغىچە، تاكى مەن كۈلكەمنى توختاتقىچە قاراپ تۇردى.
ئۇنىڭ بۇنداق ھېسداشلىق، ھەيرانلىق، ھەسرەتلىك ۋە ئۆچمەن-
لىك ئارىلىشىپ كەتكەن قاراشلىرىنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇيالماي-
مەن.

—سىز بولمىسىڭىزمۇ سۇ مەنبەسىنىڭ تومۇرىنى تاپالاي-
مىز، دوكتور ئەپەندىم. —دېدى ئۇ بىر خىل ئىچى سىقىلىپ
كەتكەن تەلەپپۇز بىلەن، —بىراق شۇنى تونۇپ يېتىشىڭىز كې-

ـرەككى، مانا بۇ سىزنى دۇنيادىن ئايرىپ ئۆزىمىز بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈشىمىزدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى. ناۋادا سىز بىلىد- ىغان بۇ مەخپىيەتلىكنى فرانسىيە مۇستەملىكچىلىرى بىلىۋال- دىغان بولسا، سەھرايى كەبىر قۇملۇقى مۇنبەت ئېتىزلارغا ئاي- لىنىپ كېتىدۇ، بۇ ئافرىقا پادىشاھلىقىنىڭ ھالاكىتىدىن دېرەك بېرىدۇ.

—بۇ سىزنىڭ خىيالىڭىز، بابادور!

—شۇنداق، دوكتور ئەپەندىم. سىز فرانسىيە پىلىموت ۋە زەمبىرەك بىلەن تەبىئەتنىڭ تەرەققىياتىنى توسىيالايدۇ دەپ قا- رامسىز؟ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىنىڭ ئۆزگىرىشىنىمۇ توسۇش مۇمكىن ئەمەس. ياۋروپا بىزگە ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋەتتى، بىز ئۇ يەردىكى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇپ، ئۇنى تەكشۈردۇق، ئۇنىڭ سانائىتىنى، مەدەنىيىتىنى، يېزا ئىگىلىكىنى، سودىسى- نى... بىز ياۋروپانى چۈشەندۇق، ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ۋە ئاجىزلىقلىرىنى ئىگىلىدۇق. بىز ئىپتىدائىي مىللەتلەردە تېخى خوراپ تۇگەپ بولمىغان ئەقلىي كۈچىمىزگە تايىنىپ ئۆز- گەندۇق... نېمىلا بولسا ئۆگەندۇق... ئەمدى بىز ئۆگەنگەن نەرسىلىرىمىزنى ئۆزىمىزنىڭ ئۇلۇغ نىشانى، ئافرىقىنىڭ ئازاد- لىقى ئۈچۈن ئىشلىتىمىز.

بابادور يەنە ئىككى قولىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، بېشى- نى كۆتۈرۈپ، ماڭا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

—سىز تازىمۇ ئەخمەق ئىكەنسىز، شۋېت دوكتور.

—بۇ ئۆزۈمگە ئايان، بابادور... بىراق مەن ھېسسىياتىم- غا خىلاپ ئىش قىلالمايمەن. سىز تىنچ ياۋروپانى كۆرگەن،

www.uyghurkitap.com

بىرمۇنچە دۆلەتلەرگە. . . شۋېيتسارىيەگە، دانىيەگە، گوللاند-
يەگە، بېلگىيەگە، ئىتالىيەگە ۋە ئاۋات فرانسىيىگە بارغان.

— يەنە گىرمانىيەگىمۇ بارغانمەن، دوكتور ئەپەندىم.

— قايسى گېرمانىيە ئۇ؟

— مەغلۇب بولغان، يەنە يېڭىۋاشتىن گۈللەنگەن گېرمان-
يە. مەن رۇر رايونىغا بارغانمەن، ھەقىقەتەن قالتىس ئىكەن،
دوكتور ئەپەندىم. كرىبو شىركىتى، ھېس شىركىتى، دىسېن
شىركىتى، ماننىسمان شىركىتى، سېشدىن شىركىتى، بوخون
پولات-تۆمۈر زاۋۇتى، لېفكۇسېن خىمىيە شىركىتى، ئاۋام ئاپ-
تومۇبىل شىركىتى. . . لېكىن، بۇلارنىڭ بىز بىلەن نېمە
ئالاقىسى بولسۇن؟

مەن يۇرۇش-تۇرۇشى سىپايى بولغان بۇ بوۋايغا تىكىلىپ
قاراپ تۇراتتىم، ئۇ گېرمانىيىنى چۈشىنىدىكەن، بۇ مېنىڭ
ۋەتىنىم گېرمانىيە، ئون بەش يىلدىن بۇيان زادى كۆرمىگەن
گېرمانىيە ئىدى. ئۇرۇش ئوتى ئۇنى ۋەيران قىلغان ۋاقىتتا،
مەن تادىن قۇملۇقىدا تۇرۇپ، بوستانلىق ئۈچۈن شىددەتلىك
بوران چىقسىمۇ ئۆرۈلۈپ كەتمەيدىغان زامانىۋى سۇ قۇدۇقى
قېزىۋاتاتتىم. شۇنىڭدىن بېرى گېرمانىيە توغرىسىدىكى خەۋەر-
لەرنى ناھايىتى ئاز ئاڭلىغانىدىم. . . بېرلىندا ئۇرۇشتا يەڭگەن
تۆت دۆلەتنىڭ ھەربىي قوشۇنلىرى تۇرۇۋېتىپتىمىش، ئۇلار
گېرمانىيىنى ئىككى بۆلەككە بۆلۈۋېتىپتىمىش، شەرقىي قىسمى
سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونتروللۇقىدا ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن
ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغانمىش. . . 1949-يىلىنىڭ مەلۇم بىر
كۈنى مەن خوكار تېغىنىڭ ئېتىكىدىكى تامانراستىنىڭ يېقىن

ئەتراپىدىكى بىر چېدىردە تۇرۇۋاتاتتىم، بىر كىشى ماڭا 1947 ـ يىلى نەشىردىن چىققان فرانسۇز يېزىقىدىكى بىر نۇسخا گېزىتنى ئەكىلىپ بەردى. . . گېرمانىيە ئاچارچىلىق ئاپىتىگە دۇچ كەپتۇ. . . دوختورخانىلار ئاچارچىلىق سەۋەبىدىن بەدەنلىرى پۈتۈنلەي ئىششىپ كەتكەن بالىلار بىلەن تولۇپ كېتىپتۇ. . . پۈتۈن دۇنيا ھېچقانداق سەۋەب-ئامال قىلالماپتۇ. . . قېرىلار بىلەن بالىلار كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. . . لېكىن بۇ يەردە، تونۇردەك قىزىغان قۇملۇقتا بىر بوستانلىق پەيدا بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ پۈتۈن دۇنيانى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىيەلەيتتى. بۇ پىلان مېنىڭ قولۇمدا بولۇپ، مەن مىليونلىغان خەلقنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا قادىر ئىدىم. . .

بابادور ئورنىدىن دەس تۇردى، مانا شۇ چاغدىلا مەن خىيالدىن ئويغىنىپ ئەس-ھوشۇمنى تاپتىم.

— مەن سىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم، شۆپت دوكتور، — دېدى ئۇ چېدىرنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ.

— سىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چۈشىنەلمەيسىز، بابادور! سىز ئويلاپ كۆرۈڭ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنيا بويىچە قانچىلىغان ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتتى! كىشىلىك ھوقۇقى دېگەن نەرسىنى ئاغزىڭىزدىن چۈشۈرمەي تازا سۆزلەپ كېتىسىز تېخى!

— ئەجەبا ئافرىقا مۇشۇنىڭ ئۈچۈن جازالىنىشى كېرەكمۇ؟

— ياق! — ۋارقىرىۋەتتىم مەن، — ئافرىقا مۇنبەت بىر زېمىن، بۇ يەر دۇنيانىڭ ئاشلىق كانىغا ئايلىنىشى كېرەك.

— ئۇنداقتا، جەنۇبىي ئامېرىكىچۇ؟ ئاۋستىرالىيىچۇ؟ ھىندىستانچۇ؟ ئۇلار بىزگە قارىغاندا خېلىلا باي، سىز قۇملۇققا

www.uyghurkitap.com

كېلىشتىن ئىلگىرى، ئالدى بىلەن ئىپتىدائىي ئورمانلىقلارغا بېرىپ، شۇ يەرلەرنى ئۆزلەشتۈرسىڭىز بولغان ئىكەن. . .

— بۇ يەردە قۇدۇق قېزىپ سۇ چىقىرىپ، يەر ھەيدەش ۋە تېرىش ياۋروپادىن 3 ھەسسە زور بولغان ئورماننى كېسىپ ئاي-دىن يەرنى تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرۇشقا قارىغاندا كۆپ ئاسان.

بابادور بېشىنى بىلىنەر-بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى، — بۇ جەھەتتە سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا، شۆبېت دوكتور، بىراق بىز ھەرگىز بۇنداق دەپ قارىمايمىز. بىز باشقا مىللەتلەرنىڭ ئاچلىقتا قېلىۋاتقانلىقى تۇپەيلىدىن يۇرتىمىزدىن باش ئېلىپ چىقىپ كېتەلمەيمىز! سىز بىزنىڭ دۆلىتىمىزنى چۈشىنەل-مىسىز. . . ئېسىڭىزدە باردۇ، بوستانلىقتا، شەھەرلەردە، تاغلىق رايونلاردا، قۇملۇقلاردا، مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن قەلەندەرلەر ۋە يوقسۇللارنىڭ بالىلىرى چۈچۈمەل چىلان يەپ جان بېقىۋاتىما-دۇ؟ سىز ئىلگىرى ”شىمالىي ئافرىقىدىكى بالىلارغا ئوخشاش بەختسىز بالىلارنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن“ دېگەن ئىدىڭىز، ئەجەبا، بۇ سۆزىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟

مەن يەرگە قاراپ تۇراتتىم، قۇم ئۇستىگە گىلەم— ئېسىل قىزىل گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئۇ چارۋىچىلارنىڭ چېدىرىدا كۆڭۈل قويۇپ توقۇلغان، باھار پەسلىدىكى تىنىق دەريا سۈيىدە پاكىزە يۇيۇلۇپ رەڭ بېرىلگەن گىلەم ئىدى. قول ھۈنەرۋەنلىرى ياسىغان مىس جىن چىراغ چېدىرنىڭ تۈۋرۈكىدە ئېسىقلىق تۇراتتى. شەرقچە نەقىشلەنگەن بۇ جىن چىراغ پىلىلداپ يېنىپ تۇراتتى، ئۇنىڭ نۇرى غۇۋا ۋە ئاجىز ئىدى. . . قاراڭغۇ چېدىردا قۇم ئۇستىگە سېلىنغان بىر پارچە گىلەم، ئۇچىسىغا ئاق يىپەك-

تىن تىكىلگەن ئۇزۇن پەرىجە كىيگەن بىر ئەرەب، كىيىم-كې-چەكلىرى جۇل-جۇل، چاچلىرى پاخپايغان بىر ياۋروپالىق بو-لۇپ، ئۇنىڭ مەخزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندى، ئۇ ئافرىقىنىڭ ئوتتەك قىزىق ئاپتىپىدا 15 يىل كۆيگەندى. مەن ھېچقانداق سوئالغا ئىككىنچى جاۋاب قايتۇرمىدىم. . . ئادەم نېمە دەپ جا-ۋاب بېرىشىنى بىلمىگەن سوئالغا قانداقمۇ جاۋاب بېرەلىسۇن؟ مەن بابادور چېدىردىن چىقىپ قونالغۇدىن ئۆتكىچە قاراپ تۇر-دۇم. . . شۇنداق، ئۇ كەتتى، ھەم كەتمىدى. . . ئەرەبلەر شۇن-داق مەينەتكى، ئۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ بولغىچە بەدىنىدىكى پۇراق ئاۋۋال كىشىلەرنىڭ دىمىقىغا گۈپپىدە ئۇرۇلۇپ بو-لىدۇ. . . بۇ ئەرەب خۇددى پادىشاھدەك ھەيۋەت بىلەن قەدەم تاشلاپ قۇملۇقتىكى قونالغۇدىن ئۆتۈپ كەتتى.

مەن چېدىردىن چىقىپ، گۈلخان تەرەپكە قاراپ ماڭغىنىم-دا، قاراۋۇل ئالدىمنى توسمىدى. نەگە بارسام بولار؟ قېچىشىم قىلچە ئەھمىيەتسىز، ئەتراپىمدىكى ھەممە نەرسىمۇ قىلچە ئەھ-مىيەتسىز. . .

مەن قەدىمىمنى توختىتىپ، يەردە يۈكۈنۈپ ياتقان تۆگى-نىڭ يېنىدىكى بىر تېگىق گەزمالنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. تۆگە چۆچىگەن ھالدا ماڭا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇرنىنىڭ تۆشۈكى ئاستىدىن بىر قاتار ھەم ئۇزۇن ھەم سەت سېرىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، چاپاق بېسىپ كەتكەن كۆزى ئەت-راپىدا بىر نەچچە چىۋىن ۋىڭىلداپ يۈرەتتى.

مۇشۇ بىر قانچە سائەت ئىچىدە نېمىلەرنى ئويلاپ كەتكىنىم-نى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، راستىنىلا ئاجايىپ ئىش-تە

بۇ! . . . مېڭەم قۇيقۇرۇق بولۇپ قالغاندەكلا تۇيۇلىدۇ. مەن بېرلىننى ئەسلىدىم، سىڭلىم ھېردنى ئەسلىدىم، ھازىر بىرلا ئۈمىدىم يەنى چەت ئەل ئارمىيىسىنىڭ چارلاش ئەترىتى مېنى بايقاپ قالسىكەن دەيدىغان بىرلا ئۈمىدىم بار. بۇنىڭغىمۇ ئىشەنچىم يوق، ئاسماننى يۇلتۇز قاپلىغان كېچىدە كۆڭلۈمگە بىر نېمىنى پۈكۈۋاتىمەن، كۆڭلۈمدىكى ئافرىقىنىڭ يەر خەرىتىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىۋاتىمەن. . . مەن ھازىر بىلئەجبەدە تۇرۇۋاتىمەن، بۇ جايدىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە چوقۇم بىر ھەربىي قورغان بار، چۈنكى جىپ ماشىنا سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدا قىسقىلا مۇساپىنى باسالايدۇ. ناۋادا قېچىش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ چىقىدىغان، كۆچ-دەرمانىم يېتىدىغان بولسا، بەش سائەت ئىچىدىلا قۇملۇقتىن چىقىپ، جېنىمنى قۇتۇلدۇرالايمەن.

كۆچ-دەرمان. . . مەن ئۆزۈمنى باشتىن-ئاياغ بىر دەڭسەپ باقتىم، ئورۇقلاپ قوۋۇرغا سۆڭەكلىرىم كۆرۈنۈپ قاپتۇ. قۇملۇقتا بەش سائەت قېچىشقا بەرداشلىق بېرەلەرمەنمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بەش كۈن، بەش ھەپتە، بەش ئاي، بەش يىلنى ئويلىمايمەن؟ بەلكىم نېرۋاممۇ ئېلىشىپ قالغان بولسا كېرەك. ھە، ئۆلارمۇ مېنى ھايات بىلەن مامات گىرداۋىدا تۇرغۇزۇپ قويۇش سەۋەبىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئوخشايدۇ. . . ئىككى يىل بولدى. . . ئۆلۈش تولىمۇ بالدۇردەك قىلىدۇ، ھايات ياشاش تولىمۇ كېچىككەنلىك بولىدۇ. . . ”بۇ، مىللىتىمىزنىڭ ئۇزۇقى، —دېگەنىدى بىر ئادەم ماڭا، —تۇرمۇشىمىز جاپالىق، ئاددىي بولسىمۇ قانائەت قىلىشىمىز كېرەك. . . كىشىلەر تۇرمۇشقا

يۇقىرى تەلەپ قويمايدىغان بولسا، ياۋروپامۇ ياخشىلىنىپ كېتىدۇ...»

— مەن بۇنىڭغا ھېچقانداق جاۋاب بەرمىگەنىدىم... يات مىللەت بىلەن دە- تالاش قىلىش ھاجەتسىز. بۇ ئادەملەر ياۋروپانى بىلىدۇ، ياۋروپانىڭ تېخنىكىسىنى، مەدەنىيىتىنى ۋە مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى ماختايدۇ... لېكىن ئۇلار ئىپتىدائىي مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى ئاساس قىلىپ ياۋروپادىن نەپرەتلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ چېگرا ئالدىدا توختاپ قالماي، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋالغان.

قېچىشىم كېرەك. راستتىنلا ئاجايىپ ئىش، بۇنداق ئوي-خىيال ئىككى يىلدىن بۇيان مېڭەمدە ھېچقاچان مۇشۇ بىر سائەت ئىچىدىكىدەك مۇنداق چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ باقمىغان. مەن بۇ ئىشنى ئىزچىل ئويلاپ كەلدىم... بۇ ئىش مېنىڭ كاللامدىن نېرى كەتمىدى... قېچىش كېرەك.. قېچىش كېرەك... قېچىش كېرەك...

يەنە بىر ئۈمىد بارمۇ-يوق؟ چارلاش ئەترىتى مېنى راستتىنلا كۆرگەنمىدۇ؟

قاچاي! يۇلتۇزلارنىڭ ئورنىغا قاراپ شىمال تەرەپكە قاچاي. ئۇ يەردە، قۇملۇق بارا-بارا شېغىللىق ساي بىلەن تۇتىشىدۇ... ئاندىن كېيىن ئوتلاق...

ئىرادىدىن باشقا، ماڭا يەنە كۈچ-قۇدرەت ئاتا قىلغايسەن خۇدا!... مەن يەنىلا قاراڭغۇلۇقتا ئولتۇراتتىم، گۇلخاندا تۆگە مايافلىرى كۆيۈۋاتاتتى، جىمجىت كېچىدە پاراس-پۇرۇس

قىلىپ كۆيۈۋاتاتتى. ئۇمما بىننى بىلقاسىمنىڭ يۇمىلاق ئۇچلۇق چېدىرى قونالغۇنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. بۇ دالانلىق چېدىر بولۇپ، يېنىدا ئۇنىڭ ئاق تۆگىسى ئۇچۇن مەخسۇس ھازىرلانغان تۆگە قوتىنى بار ئىدى.

ئەتراپىمىز پايانسىز قۇملۇق... سوغۇق، ھاياتلىقتىن قىلچە ئەسەر يوق قۇملۇق ئىدى.

بىردىنلا چۆچۈپ كەتتىم... ئارقامدا بىر ئادەم قاراپ تۇرۇپتۇ، ئەسلىدە ئۇ ئۇمما بىننى بىلقاسىم ئىكەن.

— خاتىرە يېزىۋاتامسىز، دوكتور ئەپەندىم؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ھەئە.

— ئۇنداق بولسا ئۇمما بىننى بىلقاسىم ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى، دەپ يېزىپ قويۇڭ، بابادور ئەسلىدە سىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانىدى.

مەن يېزىشنى داۋاملاشتۇرالماي قالدىم... بارماقلىرىم تىترەپ، پەيلىرىم تارتىشقاندەك بولدى... مەن قولۇمدىكى قېرىنداشنى بىر ياققا تاشلاپ قويدۇم، ئۇنداق قىلمىغان بولسام ئۇنى سۇندۇرىۋەتكەن بولاتتىم.

ۋاقىت-سائەتنى يېتىپ كەپتۇ، ئۇلار مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋېتىپتۇ.

مەن ئەمدى خاتىرە يېزىشنى زادىلا داۋاملاشتۇرالماي قالدىم.

ھېرد شۆبت ئۇمىد ئىلكىدە مەست بولۇپ تۇيۇقسىز كەل-
گەن خۇشاللىق ئىچىدە تەقەززالىق بىلەن كۈتكەن بىر كۈننى
ئۆتكۈزدى. ئۇ كۆپ پۇل خەجلەپ چۇشلۇك غىزاسىنى يەپ
بولغاندىن كېيىن، يەنە بېرلىنىنىڭ چوڭ كوچىلىرىدا بىر مەھەل
بىكار ئايلىنىپ يۈردى، ئاندىن ئۆزىنىڭ قىز دوستىغا تېلېفون
بەردى. ئۇ تېلېفوندا خۇشاللىق بىلەن: ”مەن بەكمۇ خۇشال
بولۇپ كېتىۋاتىمەن! خۇشاللىقىم ئىچىمگە سىغماي قېلىۋاتىدـ
دۇ! مەن ئافرىقىغا بارىدىغان بولدۇم! پۇل تۆلىمەي بارىدىغان
بولدۇم! مەن ھانسنى تاپالايمەن! ئىشنى نەدىن باشلىشىمنى
زادىلا بىلمەي قېلىۋاتىمەن! مېنىڭ كوچىدىكى ھەممە ئادەمنى
سۆيگۈم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ، ناخشا ئېيتقۇم، ئۇسسۇل ئوينىدـ
غۇم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ... خۇشاللىقىمدىن يۈرىكىم يېرىلىپ
كېتەي دەۋاتىدۇ! ئەقلىمدىن ئېزىۋاتىمەن! ساراڭ بولۇپ كەت-
كىلى ئازلا قېلىۋاتىمەن!“ دېدى.

ئۇ چۇشكەن كىچىك بالىخانىدا بىر تۆمۈر كارىۋات، لىڭ-
شىپ تۇرىدىغان، تاختايلىرى يېرىلغان بىر كىيىم ئىشكاپى
قويۇلغانىدى، قىڭغىر-سىڭغىر دېرىزىنىڭ تۈۋىدە بىر كىچىك
شىرە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستى تەرىپىگە ھانس شۆبتىنىڭ ياۋا
گۈل-گىياھ قىستۇرۇلغان كىچىك لوڭقىنىڭ ئارقىسىدا ئۆرە
تۇرغان سۈرىتى ئېسىلغانىدى. بالىخانىدا يەنە قول يۇيىدىغان تار
كۆلچەكلىك قاراڭغۇ ھاجەتخانا بار ئىدى. ئۇ بۇ ئاددىي بالىخانىغا
كېلىپ، بىردىنلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى-دە، خۇشاللىقىدىن
يىغلىۋەتتى. تازا قېنىپ يىغلىۋالغاندىن كېيىن، كارىۋاتتا ئولتـ

دىسىچە يېتىپ، سەل قىڭغىيىپ قالغان تورۇس تاختىيىغا قارى-
دى. ئۆنىڭ بېشى تەرىپىدە، يەنى خەرىتە ۋە ئافرىقا تۇغرىسىدى-
كى كىتابلار بىلەن تولغان بىر كىتاب جازىسىدا قولدا ئېلىپ
يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان رادىئودىن پەس ئاۋاز بىلەن مۇزىكا
ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھەجمى كىچىك رادىئو بولۇپ، ھېردىنىڭ
بىردىنبىر كۆڭۈل ئاچىدىغان بۇيۇمى ئىدى، شۇنداقلا ئۆنىڭ
يېگانە تۇرمۇشىدا ئۆنىڭغا خۇشاللىق بەخش ئېتىدىغان بىر ئې-
سىل نەرسە ئىدى.

بېرلىنىنىڭ ھاۋاسى تۇتۇلۇپ قالغاچقىمۇ، بۇ بىر نەچچە سائەتتىن بۇيان تولىمۇ دىمىق بولۇپ كېتىۋاتاتتى، نەم ئىسسىق ئېقىم ئادەمنىڭ پۈتۈن ئەزايىنى بىئارام قىلىپ تۇراتتى. قەھۋەخانىنىڭ كۆتكۈچىلىرى كۆنلۈك ئاستىدا، شىرە ۋە ئورۇندۇقلارنىڭ ئارىسىدا خۇددى موكىدەك ئۇياندىن-بۇيانغا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. كىشىلەر يامغۇر يېغىشقا تەقەززا بولۇۋاتاتتى. ھېرد چۈشكەن بالىخانىنىڭ ئاستىدىكى ئۆيدە يۇقىرى ئاۋازلىق ئەر ناخشىچى ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ ناخشا-مۇزىكا فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، شەھەرلىك ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ ئومۇمىي خورىغا قاتناشماقچى بولۇۋاتاتتى. ئارا تامدىكى ئۆيگە بىر يازغۇچى چۈشكەن بولۇپ، ئۆنىڭ ماشىنكىسى تاقىلداپ تۇراتتى. ھەر كۈنى تاقىلدىغان ئاۋاز بىر قانچە سائەتكىچە داۋام قىلاتتى، پوچتىكەش ھەر كۈنى بۇ ياش ئادەمگە بىر قانچە پارچە خەت ئەكىلىپ بېرەتتى... ئەسەرلىرى قايتۇرۇلۇپ... تۇراتتى... لېكىن ئۇ باش كۆتۈرمەي يازاتتى، دائىم يېڭى ئۈمىد بىلەن يازاتتى، ئەسىرىم ئاخىر بىر كۈنى نەشىر قىلىنىدۇ دەپ،



www.uyghurkitap.com

جاھىللىق بىلەن ئىشىنەتتى. خەت بېسىش ماشىنكىسىنى تاقىلـ
ـداتقىنى تاقىلداتقاندى. . . بۇ ئىش سائەت ـ سائەتلەپ داۋاملىـ
ـشاتتى. . .

پەلەمپەينىڭ ئۇ تەرپىدە پېنسىيىگە چىققان مەرھۇم ئوقۇتـ
ـقۇچىنىڭ رەپىقىسى ماكانلاشقان بولۇپ، يەتتە سىئام مۇشۇكى باقىقاندى. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇق ئۆيىگە چۈشكەن بانكىنىڭ كاسسىرى ئۇتكې ئۆي خوجايىنىغا تۇل خوتۇن ئۇستىدىن ئۈچ قېتىم ئەرز قىلدى، چۈنكى ئۇنىڭ مۇشۇكى ئۇتكې ئەپەندىمنىڭ ئارقا بالكونىغا ئېسىپ قويغان گۆشىنى ئوغـ
ـرىلاپ يەۋالغانىدى، بۇ گۆشلەرنى ئۇ ئەتىلىك غىزاسى ئۈچۈن ھازىرلاپ قوياتتى.

ھېرد چۈشكەن ئۆينىڭ خوجايىنى برېمۇگىنىڭ رەپىقىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېرى ئاللىبۇرۇن ئۆيىنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەنـ
ـدى، ھېچكىممۇ ئۇنى ئىزدىمىدى، ھېچكىممۇ ئۇنى ئەسلەپ قويمىدى، برېمۇگىنىڭ رەپىقىسى ئۆي ئىجارىسىگە ۋە ئاستىنقى قەۋەتتە ئۆزگەرتىپ ياسالغان كۆكتات دۇكىنىغا تايىنىپ تىرىكـ
ـچىلىك قىلىۋاتاتتى. ھېرد ئۇنى ئىنتايىن كەم ئۇچرىتاتتى، ئۇلار پەقەت ئۆي ئىجارىسى، سۇ، توك پۇللىرىنى تاپشۇرىدىغان كۈنلىرىلا ئاندىن يۈز كۆرۈشۈپ قالاتتى.

بۇ بىنادىكى تۇرمۇش مانا شۇ تەرتىپتە داۋاملىشىپ كېلىۋاـ
ـتاتتى. ناۋادا قانداقتۇر بىرەر غەيرىي ئەھۋال كۆرۈلىدىغانلا بولـ
ـسا، تۇرمۇشنىڭ رىتىمى بۇزۇلۇپ كېتەتتى. ئەگەر يۇقىرى ئاۋازلىق ئەر ناخشىچىنىڭ ئاۋازى بىنادا ياڭرىماي قالسىلا، بىرەرسى ئۇنى ئەنسىرىگەن ھالدا سوراۋشتۇرمەي قالمايتتى؛

www.uyghurkitap.com

ناۋادا سىئام مۇشۇكلىرى بىر نەچچە كۈنگىچە ئۆگزىدە ياكى بالكوندا كۆرۈنمەي قالىدىغان بولسا، بىرەرسىنىڭ كۆڭلىنى قورقۇنچ قاپلايتتى؛ مۇبادا پوچتىكەش ئۆي خوجايىنىدىن ”پروئېر ئەپەندىم ئۆيدىمۇ؟“ دەپ سورىمايدىغان بولسا، بىرەرسى نېمە قىلىشنى بىلمەي قالاتتى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، ھېرد كارىۋات ئۈستىدە ئۇزۇنغىچە ياتتى، كىتاب جارىسىدىكى رادىئودىن پەس ئاۋازدا قايغۇلۇق مۇزىكا ئاڭلىنىۋاتاتتى. خەت بېسىش ماشىنكىسىنىڭ ئاۋازى توختاپ قالغانىدى، پروئېر ئەپەندىم ئەسەر قوبۇل قىلىش توختىتىلغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قانچە نەشرىياتقا ئۆزىنىڭ ھېكايىلىرىنى ئاپىرىپ بېرەتتى، يۇقىرى ئاۋازلىق ئەر ناخشىچى يەنىلا مەشىق قىلىۋاتاتتى، مەرھۇم ئوقۇتقۇچىنىڭ رەپىقىسىنىڭ بىر قانچە سىئام مۇشۇكى تاماق قاچىسىنىڭ ئەتراپىدا ئولۇشۇپ تاماق يېيىشىۋاتاتتى. ئۈتكې ئەپەندىم دىۋاندا جىمجىت ئولتۇرۇپ ئېدگار خارىسنىڭ① ئەسىرىنى ئوقۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇگۈنكى تامىقىنى مۇشۇكلەر ئوغرىلاپ يەۋالىغانىدى.

”مەن ئافرىقىدا نېمە ئىش قىلىمەن؟ — دەپ ئويلىدى ھېرد ئىككى قولىنى بويىنىنىڭ ئارقىسىغا گىرەلەشتۇرگەن ھالدا. ئۇسسۇل ئوينىماقچىمەن... شۇنداق، ئۇسسۇلنى ئۆگىنىۋالالايمەن ئۆگىنىۋالىمىسام، خىراجەتنى قانداق تۆلەيمەن؟ كىمدە ئازراق مەشىق قىلسام بولغۇدەك، مەن بۇرۇن گىمناستىكا ئۆگەنگەن. بىر توپ ئۇسسۇلچى قىزلار ئارىسىغا بىر يېڭى ئۇس-

---

① ئېدگار. خارىس (1875—1932) ئەنگلىيە يازغۇچىسى، دراماتورگى ۋە مۇخبىرى، رازۋېدكا ھېكايىلىرىنى يېزىپ داڭ چىقارغان.

سۈلچى قىستۇرىلىۋالسىمۇ، كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ھەرگىز قوزغاپ كەتمەيدۇ. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئۆگىتىپ قويىدۇ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ باشقىلارغا ئوخشاش پۇتىنى تورۇسقا يەتكۈزەلەيدىغان بولىدۇ... بىر-ئىككى.. بىر-ئىككى... ئايلان.. . يەنە بىر پۇتۇڭنى كۆتۈر... بىر-ئىـكـكـى... بىر-ئىككى... ئالدى تەرەپكە قارىتىپ سوز، سولغا سـوز، ئـوڭـغا سـوز... ئايلان... بىر-ئىككى... بىر-ئىككى...“

ئۇ كۆلۈمسىرىدى، كەچكى قۇياشنىڭ ئۇدۇلدىكى ئۆينىڭ ئەينەكلىك دېرىزىسىدىن تورۇستا ئەكس ئەتكەن نۇر تالالىرىنى ساناندى. بۇ نۇر تالالىرى توختىماستىن چاقناپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز ئۇ خۇددى دېڭىز پاختىسى بىلەن سۈرتۈپ تاشلىغاندەك كۆزدىن غايىب بولدى، ئەسلىدە بۇلۇتلار كۈننى توسۇۋالغانىدى.

ئافرىقىغا نېمىلەرنى ئېلىپ بارسام بولار؟ ھېرد قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ بىر ۋاراق قەغەز بىلەن قەلەمنى قولىغا ئالدى-دە، يېزىشقا باشلىدى، لېكىن ئەمدىلا بىر نەچچە قۇر يېزىپلا توختاپ قېلىپ، يەنە كارىۋاتتا سۇنايلىنىپ ياتتى.

ئىككى تەنھەرىكەت شىمى
تۆت-بەش كۆڭلەك
ئىككى يوپكا
بىر جۈپ قېلىن پايپاق
بىر جۈپ ئاق رەڭلىك يېنىك ئاياغ
يازدا كىيىدىغان ئۈچ ئۇزۇن كۆڭلەك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

## بىر نەچچە جۈپ قىسقا پايپاق

بۇنىڭ ھەممىسى ئەخمەقلىق! ئالغىلى قۇربىم يەتمەيدىغان بۇ مال تىزىملىكىنىڭ ماڭا نىمە كېرىكى بار؟ مانا ئەمدى ئۇ گۈزەل ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ماگىزىنىدىن يەنە قانچىلىك ئىش ھەققى ئالالايدىغانلىقىمنى ھېسابلاپ كۆردى. بىر پارچە سۇ بوياق رەسىم، بىر ساپال ھەيكەل، 80×80 سانتىمېتىرلىق كەشتىلەنگەن ئىككى داستىخان، پۆپۈكلۈك تۆت شارپا. . . يەنە بىر قانچە رەڭلىك فارفور ئەسۋاب. . . ئەگەر پۈتۈشكەن باھا بويىچە پۇل بېرىلىدىغان بولسا، تەخمىنەن 370 مارك بولىدۇ.

370 مارك! بۇنىڭ ئىچىدىن ئۆي ئىجارىسى، سۇ، توك پۇلى، يولغا چىقىشتىن ئىلگىرىكى تۇرمۇش راسخوتى، قەرەل بويىچە سېتىۋالغان رەسىم سىزىش قەلەملىرى ۋە بوياق پۇللىرىنى ۋە بىردىنبىر توپلىيىنىڭ پاشىنىسىنى ئالماشتۇرۇشقا كېتىدىغان خىراجەتلەرنى چىقىرىۋېتىش كېرەك، ئۆيدە ساپما كەش بىلەن تۆت سائەت كۈتۈپ تۇرۇپ، توپلەيىنى تېز پۈتتۈرۈپ بېرىڭ دەپ بۇيرۇتقانلىقى ئۈچۈن، 30 پىرسەنت ئىش ھەققى قوشۇپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ئۇنداقتا ئافرىقىغا بېرىش ئۈچۈن سېتىۋېلىنىدىغان بۇيۇمغا يەنە قانچىلىك پۇل قالىدۇ؟

ھېرد بىردىنلا كارىۋىتىدىن چاچراپ چۈشۈپ، چاچلىرىنى تېزدىنلا تۈزەشتۈردى. كوفخورد بىلەن مېرىس ماڭا بىر ئاز پۇل ئۆتنە بېرىپ تۇرالارمۇ؟ ئۇلار ماڭا ناھايىتى ئوبدان مۇئامىلە

قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. . . بېرلىندا ھەممىدىن ئاۋۋال مېنىڭ قول ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرىمنى شۇلار قوبۇل قىلغان، ئۇنىڭ ئار-قىدىنلا يەنە ئۇزاق مۇددەتلىك توختامنى ئىمزالىغان، ئۇلار ماڭا دائىم ئالدىن نەق پۇل بېرىپ كەلگەنىدى. بۇدا 200 مارك ئۆتنە ئالسام‌لا، يېتىپ ئاشىدۇ. ناۋادا بىز ئاۋغۇستتا ئافرىقىغا بارىدى-غان بولساق، ياز ئاخىرىسىدا باز-باز قىلىپ سېتىش بازىرىدىن ئۆزۈمگە جىددىي زۆرۈر بولغان ئەرزان ماللارنى سېتىۋالىمەن. ئېغىزغا ئالغۇچىلىقى بولمىغان 200 مارك. . . كوفخورد بىلەن مېرىس ئۇچۇن ئېيتقاندا ھېچ گەپ ئەمەس.

ئۇ لەۋلىرىگە قىزىل سۇرۇخ سۇرۇپ، چېچىنى نىلون تارغاق بىلەن تاراپ، كەسلەنچۈك تېرىسىدىن ئىشلەنگەن سومكى-سىنى قولىغا ئالدى. ئۇ يەنە بارون پېرتۇش خوشلىشىش ئالدىدا ئۇنىڭغا بەرگەن ھېلىقى كىچىك كارتونغا بىر قاراپ قويدى.

**ئاتلانتىك ئوكيان شىركىتى 13-ۋاكالەت ئىش باشقارمىسى**
**ئافرىقىغا بارىدىغان ئۇسسۇلچى قىزلار گۇۋاھنامىسى**
**ئۇچىنچى دەرىجىلىك ھەق بېرىلىدۇ**
**باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ، سۈرىتى چاپلانسا ئاندىن ئىناۋەتكە ئىگە.**

بۇ گۇۋاھنامىنى كۆرسە كوفخورد بىلەن مېرىس چوقۇم ئارىيەتكە ئالغان 200 ماركنى قەرەلگە بۆلۈپ تۆلەپ بېرەلەيدىغان-

لىقىمغا ياكى ئىش تېپىپ ئىشلەپ قايتۇرۇپ بېرەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنىدۇ . . . ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشنى خالايدۇ.

ئۇ ئۆيىدىن قويۇندەك چىقىپ، جىمجىت پەلەمپەينى بويلاپ تۆۋەنگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئىككىنچى قەۋەتتىن دۇملەنگەن كالا گۆشىنىڭ پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى . . . بۇ يەردە بىتېرلىن ئەپەندى ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى، ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ پۇلنى قانداق تاپىدىغانلىقىنى، نېمە سەۋەبتىن مۇشۇنداق ئوبدان تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغانلىقىنىمۇ ھېچكىم بىلمەيتتى، ئەقەللىيسى ئۆي خوجايىنىمۇ بۇنى بىلمەيتتى، بەزىلەر ئۇنى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل ئىلگىرى، يەنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىش ئالدىدا لاتارىيە بېلەتتى سېتىۋېلىپ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپتىكەن دېيىشەتتى.

بىرىنچى قەۋەتنىڭ پەلەمپىيىدە، ئۇ پروئېر ئەپەندى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇنىڭ يۈزى ئەزەلدىن مۇنداق نۇرلىنىپ باقمىغانىدى.

— ياخشىمۇسىز، يۇنان پەرىسى! — دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن، — ياشىسۇن شىللېر! سىز مېنىڭ جەننىتىمدە ياشىماقچى بولسىڭىز، ھازىرلا كېلىڭ! جەننەتنىڭ دەرۋازىسى سىزگە ئوچۇق! قاراڭ، ھېرد خېنىم، بىرەيلەن مېنىڭ ئەسىرىمنى سېتىۋالدى.

— مۇبارەك بولسۇن! — ھېرد كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا قولىنى سوزدى، — بىر شېئىرمىدى؟

— بىر ھېكايە ئىدى دەڭا! بۇ ئۇچىنچى ھېكايەم ئىدى،

قەلەم ھەققىنى ئالدىن بەردى، بۇنداق ئىش دائىم بولۇپ تۇرى-دۇ، 80 مارك! ئاز ئەمەس پۇل بۇ! بۇ كۈننى تەبرىكلىسەم دەيمەن! — ئۇ ئۆزىنىڭ ھۆججەت سومكىسىنى قىقىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بولكا يېگەندە بىرئاز قېزا قوشۇپ يېمەكچىمەن، يېگەندىمۇ قادىقى ئىككى ماركلىق قېزىدىن ئېلىپ يەيمىكىن دەيمەن.

ئۇ شىلەپىسىنى بېشىنىڭ ئارقا تەرىپىگە تۇرتۇپ قويۇپ، پەلەمپەيگە قاراپ ماڭدى. بۇرۇلىدىغان جايغا كەلگەندە، يەنە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ھېردقا قاراپ دېدى:

—بۇ ئىشنى بىرېموگ خانىمغا دېمەڭ، بولمىسا يەنە 8 مارك تۈك پۇلى تاپشۇرۇشىمغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ چوڭ قەدەم بىلەن بىناغا چىقىپ كەتتى. . .

كوفخورد بىلەن مېرس ئۆيىدە يوق بولۇپ چىقتى. ئۇلار بىللە تېمپېرخوف رايونىدىكى بىر ھەيكەلتىراشنىڭ ئۆيىگە ھەي-كەل كۆرۈشكە كېتىپتۇ، ئىككى سائەتتىن كېيىن قايتىپ كې-لىمىش.

—ئۇنداق بولسا مەن مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇراي —دېدى ھېرد سەنئەت سارىيىنىڭ ئىشخانىسىدىكى دىۋانغا ئولتۇرۇۋې-تىپ. ئايال كاتىپ مۇرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ يې-زىش-سىزىش بۆلىمىگە كىرىپ كەتتى.

ۋاقىت ئۆتمەكتە، ھېرد بىر گۈزەل سەنئەت ژۇرنىلىنى ۋاراقلاپ، يېقىنقى بىر نەچچە قېتىمقى كۆرگەزمە توغرىسىدىكى ئوبزورنى ۋە كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى كۆرۈپ قالدى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

«يايلاقتىكى ئارغىماق» ، ماي بوياق رەسىم، 970 مارك.
«قورۇلۇش ئىش ئورنىدا» ، سۇيما رەسىم، 590 مارك.
«ئاپولىيە مەنزىرىسى» ، ماي بوياق رەسىم، 800 مارك.
«ۋېرسال گۈدۈكى» ، 18-ئەسىردىكى ئەسەر، ماي بوياق رەسىم، 8450 مارك.

ماۋۇ رەسىم ھەقىقەتەن قالتىس رەسىم ئىكەن، تەڭداشسىز ئېسىل سەنئەت بۇيۇمى ئىكەن.

ئۇ ژۇرنالنى تىزىنىڭ ئۈستىگە قويغىنىچە دېرىزىدىن گۇگۇمدا چىراغلىرى چاقناپ تۇرغان بېرلىنغا قارىدى. رەڭگارەڭ نېئون چىراغلىق ئېلانلار توختىماستىن ۋالىلدايتتى. تراللېبۇسلار خۇددى ئوت يىلانلارغا ئوخشاش قاراڭغۇ زۇلمەتنى يېرىپ ئۆتۈشۈۋاتاتتى، مەھكەم ئېتىلگەن ئەينەكلىك دېرىزىدىن تراللېبۇسنىڭ غارت-غارت قىلغان ئاۋازى بىلىنەر-بىلىنمەس ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

تامغا قەدىمكى گۈللۈك ئاسما گىلەم ئېسىلغانىدى، لونبولان بىلەن ۋان • گوننىڭ رەسىمى ئوتتۇرىسىغا ئېسىلغان سائەت چىك-چىك قىلىپ مېڭىۋاتاتتى.

ھېرد كەچ سائەت 10غىچە ساقلاپ ئولتۇردى.

ئۇنىڭ بۇنچىۋالا ئۇزۇن ۋاقىت ساقلاپ ئولتۇرۇشىدىكى مەقسەت 200 مارك ئۆتنە ئېلىش ئىدى.

ملادشى لېيتېنانت ئېمىل گلانتۇس قورال تەييارلىقىنى
تەكشۈرۈپ كۆردى. ئىككى جېپ ماشىنا قورغانىنىڭ چوڭ هوي-
لىسىدا تۇراتتى، ئۈچ پروژېكتور چىراغ هويلىنى سۈتتەك ئاپ-
ئاق يورۇتۇپ تۇراتتى. سېرژانت ۋېللې ئۈچىسىغا يېرىم ياۋرو-
پاچە، يېرىم ئەرەبچە كىيىم كىيىۋالغانىدى، ئۇ بىرىنچى جېپ
ماشىنىنىڭ رولى ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ، مىلتىق، پىلىموت،
ئاپتوماتلارنى تەكشۈرۈۋاتقان ۋە ئوق-دورا ساندۇقلىرىنى شۇنىڭ-
دەك قول بومبىلىرىنى ساناۋاتقان ملادشى لېيتېنانتقا ۋاۋاتات-
تى. جېپ ماشىنىنىڭ يېنىدا يەتتە ئەسكەر ئۆرە تۇراتتى، ئۇلار
تاللاپ چىقىلغان هەم كېچىلىك چارلاشقا بارىدىغان سىر گىلىيد-
لىك ئادەم، ئۈچ فرانسىيىلىك ئادەم، بىر گىرىتسىيىلىك ئادەم
ۋە ئىككى گېرمانىيىلىك ئادەم ئىدى. ئۇلار تاماكا چېكىپ پەس
ئاۋاز بىلەن مۇڭدىشىۋاتاتتى. قاراۋۇلخانىدا قاراۋۇللار كۆپەي-
تىلگەنىدى، پروژېكتور چىراغنىڭ توك بېسىمىمۇ كۈچەيتىلگە-
نىدى، گۇمانلىق ئەھۋال سېزىلسىلا، پروژېكتور چىراغ نەچچە
يۈز مېتىر ئارىلىق ئىچىدىكى قۇملۇقنى يورۇتالايتتى. قورغان-
نىڭ دەرۋازىسى مەهكەم ئېتىلگەنىدى، دەرۋازا تۆمۈر بىلەن
قاپلانغان قېلىن تاختايدىن ياسالغانىدى.
كاپىتان پىئېر پۇروشېنى ئاستا قەدەم تاشلاپ هويلىغا كىر-
دى، ئۇ كۆپچىلىك بىلەن سالاملاشقاچ پروژېكتور چىراغنىڭ
ئۆتكۈر نۇرى ئاستىدا جېپ ماشىنا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
— هەممە تەييارلىقلار پۈتتىمۇ؟ —دەپ سورىدى ئۇ ئاۋا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

زىنى پەسەيتىپ.

— پۈتتى! — دەپ جاۋاب بەردى گىلانتۇس.

— ھەممىڭلار سائىتىڭلارنى توغرىلىۋېلىڭلار.

گىلانتۇس، پۇروشېنى، ۋېللې قوللىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۆز-لىرىنىڭ فوسفورلۇق سائىتىگە قاراپ قويۇشتى.

— ئۈچ مىنۇت كەم سائەت ئون بوپتۇ. — دېدى پۇروشېنى.

— ئۈچ مىنۇت كەم سائەت ئون.

— بىز دەل سائەت ئوندا يولغا چىقىمىز. بىز خېلى ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدىغان بولدۇق، مەن شتابقا تېلېفون بېرىپ قويدۇم.

— بۇ ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — دەپ بېشىنى لىڭشىتتى گىلانتۇس.

— مۆلچەرىمىزچە، چارۋىچىلار بىلئەجىبەدە ياۋروپادىن كەل-گەن ئادەم سودىگىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، — پۇروشېنى ماشىنا ئورۇندۇقىدىكى ئاپتوماتنى قولىغا ئېلىپ، بويىنىغا ئېسىۋالدى. ئاپتومات ئۇنىڭ كۆكرىكىدە پولاڭلاپ، شىرىقلاپ كەتتى.

— ھەممەيلەن ماشىنىغا چىقايلى! — دېدى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن.

ماتور يېنىككىنە ئاۋاز چىقاردى، جىپ ماشىنا ھېلىلا ئې-چىلغان دەرۋازىدىن چىقىپ، قومۇلۇققا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئاندىن كېيىن ئېغىر دەرۋازا ناھايىتى تېزلىك بىلەن تاقالدى، قاراۋۇلخانىدىكى ئىككى پروژېكتور چىراغ بۇ ئىككى جىپ ماشى-نا بىلەن تەڭلا جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەن چەكسىز سەھرايى كەبىر قومۇلۇقىغا قارىتىلىپ، تاكى ئۇلارنىڭ قارىسى يوقالغىچە

يېنىپ تۇردى. بىرىنچى جىپ ماشىنىنى سېرژانت ۋېللې ھەيدە-
گەن ئىدى، گلانتۇس بىلەن پۇروشېنى قاتارلىشىپ ئارقىدا
ئولتۇراتتى. ئۇلار يېرىم سائەت سۆزلەشمىدى، ھەممەيلەن ئال-
دىنقى تەرەپكە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئىككىنچى جىپ ماشى-
نىدا ئولتۇرغان ئەسكەرلەر ئىرىنچەكلىك بىلەن تاماكا چېكىشى-
ۋاتاتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئاتلاس تاغ تىزمىسى ئۇپۇقتا بىلى-
نەر-بىلىنمەس كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا، كاپىتان پۇروشېنى گلان-
تۇس تەرەپكە بۇرالدى.

— ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ۋاقتىدا، مەن شۇتگېن ئورمان-
لىقىغا قامىلىپ قالغانىدىم، — دېدى كاپىتان چوڭقۇر ئويلانغان
ھالدا، — ئۇ يەر راستتىنلا بىر دوزاخ. ئۇ يەردىن چىقىپ
كېتەلىشىمگە ھېچقانداق ئۈمىد باغلىمىغانىدىم. بىراق، بىز
يەنىلا دۈشمەنلىرىمىزنى كۆرۈپ تۇراتتۇق. ئۇ يەر ئىنتايىن
تىپ-تىنچ بولۇپ، خۇددى يەتتە قات ئاسماندا تۇرغاندەك بىلى-
نەتتى... ئەمما دۆڭلۈكنىڭ ئارقىسىدا بىزنى ئوقتا تۇتماقچى
بولۇپ تۇرغانلارنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىلمەيتتۇق. بۇ ئادەمنى بى-
زار قىلىدىغان بىر خىل تۇيغۇ ئىدى، گلانتۇس.

— بۇ ماڭا ئايان، — ملادشى لېيتېنانت بېشىنى لىڭشى-
تىپ، تاماكىسىنىڭ ئىسسىق كېچىلىك ئاسمان بوشلۇقىغا پۈۋ-
لىۋەتتى، — مەن لىئون قۇرۇقلۇق ئارمىيە مەكتىپىنى پۈتتۈ-
رۈپلا سىدبىل ئاباسقا كەلگەنىدىم، تۇنجى قېتىم قۇملۇقتا تۆگە
مىنىپ چارلاپ يۈرگەن ۋاقتىمدىلا، گويا بىر كىم كانىيىمنى
بوغۇۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇغا كەلگەنىدىم. ئۇ يەردىكى ئادەم-
لەر كۆرگەنلىكى فرانسىيىلىكنى ئېتىپ تاشلايدىكەن. ئۇلار

بىزنى كۆرەلەيدۇ، ئەمما بىز ئۇلارنىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمەيد-
مىز! ئاستا-ئاستا كۆنۈپ قالىدىغان ئىش ئىكەن، كاپىتان ئە-
پەندىم. بۇ زېمىندا ئۇزۇن تۇرغان ئادەملەر، ئەرەبلەرنىڭ كال-
لىسى بىلەن ئويلاشنى، ئەرەبلەرنىڭ كۆزى بىلەن كۆزىتىشنى
ئۆگىنىپمۇ قالىدىكەن. سىز سەھرايى كەبىر قۇملۇقىغا يېڭىلا
كەلدىڭىز ئەمەسمۇ، مەسىلىنى پەقەت ھەربىي ئىشلار جەھەتتىنلا
ئويلايسىز، كاپىتان ئەپەندىم. بىزنىڭ دۈشمەنلىرىمىز سىزنى
يەتتە بالىنىڭ ئاتىسىمىدۇ دەپ سوراپ ئولتۇرمايدۇ... ئۇلار
سىزنىڭ ھەربىي كىيىملىرىڭىزنىلا تونۇيدۇ، قىلچە رەھىم قىل-
ماستىن سىزنى قارىغا ئېلىۋېرىدۇ. دىققەت قىلىڭ، ئۇمما بىن-
نى بىلقاسىم بىزنىڭ بۇ قۇملۇقتىكى رەقىبىمىز بولىدۇ. ئۇ
ئاقسۆڭەك، كاپىتان ئەپەندىم. دۇنياۋى دەرىجىلىك بىر ئادەم،
ئۇ بەزى باي ياۋروپالىقلاردىنمۇ باي، ئۇ كولۇمىسىرىگەن ھالدا
بىر قولىنى سوزۇپ، سىز بىلەن كۆرۈشىدۇ... لېكىن ئۇنىڭ
ئىككىنچى قولىدا بىر خەنجەر بار، خەنجەر بىسىغا زەھەر سۈر-
كەپ قويۇلغان بولىدۇ.

— ئۇ راستىنلا قەبىھ نەرسە ئىكەن-دە!

— سىز ئۇنى كۆرسىز، كاپىتان ئەپەندىم.

پۇروشىنى گلانتۇسقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويىدى.

— سىزنىڭچە، مۇشۇ ئۇمما...

ملادشى لېيتېنانت بېشىنى لىڭشىتتى:

— مېنىڭچە، ئۇ چوقۇم شۇ يەردە، ناتونۇش ياۋروپالىقنى
باغلىۋالغان ئاشۇ چارۋىچىلار تۇرغان يەردە، بۇنىڭ ھېچقانداق
سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. بۇ پەقەت مەندىكى تۇيغۇ، گې-

يىمنى چۈشىنىۋاتامسىز، كاپىتان ئەپەندىم.
— چۈشىنىۋاتىمەن.
— ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقىنىمغا خېلى بولدى، بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى تونۇشقانمەن. بىز ئەرەبلەرنىڭ پەدىسىدە سۆھبەتلەشكەن... ئىككى خەنجەر بىلەن. شۇ قېتىم، ئەجەلى توشمىغانلىقتىنمۇ، تەجرىبەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۆلدى دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.
پۇروشېنى ياش مىلادشى لېيتېنانتقا تولۇق بۇرۇلۇپ قاردى، ئۇ ئۇن چىقارماستىن ئالدى تەرەپتىكى قومۇلۇققا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.
— زادى قانداق ئىشتى ئۇ؟ — دەپ سورىدى پۇروشېنى.
گلانتۇس خۇددى ئۇنىڭ سورىغان سوئالىنى ئاڭلىمىغاندەك، ئۈن چىقارماي تۇرىۋەردى.
پۇروشېنى بېشىنى لىڭشىتىپ، كۆكرىكىگە ئېسىلغان ئاپتوماتنى بىر ياققا ئىتتىرىپ قويدى.
— چوقۇم بىر قىز ئۈچۈن بولسا كېرەك-ھە؟ — دەپ يەنە بىر قېتىم سورىدى ئۇ.
— شۇنداق.
— ئەرەب قىزمىدى؟
— ياق، ئاۋستىرىيىلىك قىز ئىدى.
— شۇنداقمۇ؟ ئۇنىڭغا ھازىر نېمە بولدى؟
گلانتۇسنىڭ ياڭاق سۆڭەكلىرى پولتىيىپ چىقتى، چىرايى قارايدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ بېشى بۇركۈتنىڭ بېشىغا ئوخشاپ قالغانىدى. — ئۇ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى.

— زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلدى دەمسىز؟
— شۇنداق، ئالجىرىيىدە، ئۇ چۇشكەن سارايدا ئۆلتۈرۈل-
دى. كىمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ. . .
ئىشىك باقارمۇ، خىزمەتچىلەرمۇ، دېدەكلەرمۇ كۆرمەپتۇ؛ چۇن-
كى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرەبلەر ئىكەن. لېكىن سارايىنىڭ خو-
جايىنى فرانسىيىلىك ئىكەن. قىز كارىۋاتتا ئەدىيالغا يۆگىنىپ
خۇددى ئۇخلاۋاتقاندەك ياتقانىمىش. بىر كىم ئۇنىڭغا يىلان زەھە-
رىنى ئوكۇل قىلىپ سېلىپتۇ، بەلكىم ھەرىكەتلىرى بەكمۇ
سىلىق بولغاچقا ئۇنى ھەتتا ئۇيقۇدىنمۇ ئويغىتىۋەتمىگەن بولسا
كېرەك. . . ئۇ تاكى ئۇ ئالەمگە بارغۇچە ئويغانماي ئۇخلاۋېرىپ-
تۇ. . . يەتتە ھەپتىدىن كېيىن، مەن ئۇمما بىننى بىلقاسىمنى
قولمۇقتا يىقىتتىم، ئۇنى ئۆلدىمىكىن دەپ قاپتىمەن. . .
— ئۆچ ئاپسىز-دە؟ — دېدى پوروشېنى پەس ئاۋاز بىلەن.
— شۇنداق، بىز ئەسلىدە ئۆچ ئايدىن كېيىن توي قىلماقچى
بولغانىدۇق. . .
كاپىتان پوروشېنى ئۈندىمىدى. ئۇ ھېلىمۇ يىراقتا، ئۇپۇق-
تا كۆرۈنگەن يېرىم يۇمىلاق نۇرغا تىكىلىپ قارىماقتا ئىدى.
جېپ ماشىنا قۇم دانچىلىرى بارغانسېرى چوڭىيىۋاتقان شېغىل
يولغا چىقتى، ماتور ئاۋازى تېخىمۇ كۈچەيدى، ئىككىنچى جېپ
ماشىنىدا ئولتۇرغان كىمدۇر بىرى ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن تىللاپ
قويدى، ئەسلىدە جېپ ماشىنا قاتتىق سىلكىنگەندە ئۇنىڭ بېشى
ماشىنا ئۈستىگە تېگىپ كەتكەنىكەن.
— ئەنە گۈلخان! — دەپ توۋلىدى گلانتۇس.
— ھېلىقى ئۇپۇقتا كۆرۈنگەن نۇرمۇ؟

— شۈنداق.

— ئۇنداقتا، كۆزلىگەن جايغا يېتىپ كېلەي دەپ قاپتۇق-- دە.

— ئۇلارنىڭ قونالغۇسى بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىن كۆپ يېقىن. بۇنىڭدىن ھەيران قېلىۋاتىمەن. ئەسلىدە ھېچنېمىنى يوشۇرمايدىغان ئادەملەرلا ئاشۇنداق خاتىرجەم، دادىل بولاتتى، ئومۇمادا بۇنى سىناپ كۆرىدىغان دادىللىق يوق. بىز ماشىنىنى ئاستىراق ھەيدەپ ماڭايلى.

شۇنىڭ بىلەن جىپ ماشىنىنىڭ چىرىغى ئۆچۈرۈۋېتىلىپ، ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن تۈن پەردىسى ئىچىدە ئالغا ئىلگىرىلەشكە باشلىدى، ئىككىنچى جىپ ماشىنىدىكى ئەسكەرلەر پىلىموتنى تىكلەپ قويۇشقانىدى. كاپىتان پۇروشىنمۇ ئۆزىنىڭ تاپانچىسىنى ئوقلاپ قويدى. سېرژانت ۋېللىي ئوتى ئۆچكەن تاماكىسىنى قىڭغىر چىشلىۋالغانىدى. يول ئېغىزىدا بىر ئەرەب ئۆرە تۇراتتى، بۇ چارۋا ماللارنى قوغدىغۇچى ئىدى. ئۇ دوستانە ھالدا سالاملىشىپ، جىپ ماشىنىغا كۆز يۇگۇرتتى، ئاندىن ئۇچىسىدىكى ئۇزۇن پەرىجىسىنى تېخىمۇ چىڭ يۆگىدى.

گىلانتۇس ئورنىدىن دەس تۇردى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. كاپىتان پۇروشىنمۇ ئاپتوماتنى چىڭ سىقىمدىدى.

قاتار-قاتار چېدىرلار قارىيىپ كۆرۈنەتتى، چېدىرنىڭ تۆۋەن تەرىپى يەرگە كۆمۈلگەن، ئىشىكى مەھكەم ئېتىلگەن بولۇپ، خۇددى قۇم بارخانلىرىغا ئوخشايتتى. چېدىر ئەتراپىغا، يۇكۇنۇپ ياتقان تۆگە ۋە ئېشەكلەر باغلاپ قويۇلغانىدى.

www.uyghurkitap.com

جىپ ماشىنا قونالغۇنىڭ كىرىش ئېغىزىدا توختىدى. ئەسكەرلەر ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئىككى ئوفىتسېرنى ئورىغان ھالدا ئوتتۇرىدىكى ھېلىقى چوڭ چېدىرغا قاراپ مېڭىشتى. گىلانتۇس چوڭ قەدەم تاشلاپ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قەدىمى بارغانسېرى تېزلىشىپ كېتىۋاتاتتى، پۇروشىنى ناھايىتى تەسلىكتە ئۇنىڭغا يېتىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇچىسىغا ئاق ئۇزۇن يەرىجە كىيگەن، ئورۇق، ئېگىز بىر ئەر كىشى ئوتتۇرىدىكى چېدىر ئالدىدا ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاپئاق باش ياغلىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ياقۇت پارقىراپ تۇراتتى.

گىلانتۇس قەدىمىنى توختىتىپ، كۆكرىكىنى تولدۇرۇپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى. ”ئوما بىننى بىلقاسىم. . .“ دېدى ئۇ پىچىرلاپ.

—سىز ئىكەنسىزدە، ملادشى لېيتېنانت قارشى ئالىمىز، ئەپەندىم. مەيلى قانداقلا ۋاقىتتا بولسۇن، ھەتتا كېچىدە بولسىمۇ، سىزنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىڭىز مەن ئۈچۈن چەكسىز شەرەپ، —ئوما ئالدى بىلەن پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ قويىدى ھەم تەبەسسۇم بىلەن تەزىم قىلدى، ئاندىن قولىنى گىلانتۇس ۋە پۇروشىنىغا ئۇزاتتى.

گىلانتۇس ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئالىقىنىنى يۇقىرىغا قارىتىپ، كۆزىنى يوغان ئېچىپ ئوماغا قارىدى.

—قولىڭىز ماڭا، قىلماسلىقتا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلغانلىقىڭىزنى ئۇقتۇرۇۋاتىدۇ! —دېدى ئۇ كەسكىن ئاۋاز بىلەن.

ئوما مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، قولىنى تارتىۋې-

لىپ، كۆكرىكى ئۈستىگە قويدى.

—بۇنىڭدىن كېيىن كىممۇ يەنە سىلەرگە قولىنى بېرىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ؟ —دېدى ئۇ سۇسلۇق بىلەن، —بىز دېگەن مۆمىن بەندىلەر جۇمۇ، ملادشى لېيتېنانت.

كاپىتان پۇروشىنى ئىتتىكلا تۆت ئەتراپقا نەزەر سالدى. ئەمدى ئۇلار قونالغۇدا يالغۇز قالغانىدى... بۇ يەر گورۇستان-دەك جىمجىتلىققا چۆككەن، كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ چېدىرىغا كىرىپ كەتكەنىدى... گۇلخان ئوتى تۈن پەردىسى ئاستىدا لاۋۇلداپ تۇراتتى، بىر نەچچە مىنۇتتىن ئىلگىرى، ئۇلار تېخى گۇلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى. جىمجىتلىق ئادەمنىڭ ئى-چىنى سىقاتتى... پۇروشىنى چېدىر ئىچىدىكى ئادەملەرنىڭ قورالىرىنى بەتلەپ تۇرۇشقانلىقىنى، ئۇمما بەلگە بەرگەن هامان چېدىر ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى. يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇرغان قۇملۇقتىكى بۇ كېچىدە هەممە نەرسە شۇنداق ساختا، گويا باللار چۆچىكىدىكى ئىشلاردەك كۆرۈنەتتى؛ كى-شىلەرنىڭ ئۇنى كەسكىن رېئاللىق بىلەن باغلىشى تولىمۇ قىيىن ئىدى.

—مېنىڭ چارلاش ئەترىتىم بۈگۈن ئەتىگەندە سىزنىڭ سودا كارۋانلىرىڭىزنى كۆرۈپتۇ، —دېدى پۇروشىنى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن.

—بۇنىڭدىن خەۋىرىم بار. بىزنىڭكىلەرمۇ سىزنىڭ چارلاش ئەترىتىڭىزنى كۆرۈپتۇ.

—سىزنىڭ بۇ يېرىڭىزدە بىر ئاق تەنلىك ئادەم بار ئىكەن. ئۇمما سوئالغا جاۋاب قايتۇرۇشتىن ئاۋۋال، پۇروشىنىغا

www.uyghurkitap.com

بىردەم قارىۋالدى.

— بىز كۆچمەن چارۋىچى، ئۇيەر-بۇيەرگە كۆچۈشنى ياخشى كۆرىمىز. بىز كۆرگەن ياۋروپالىق سىلەرنىڭ چەت ئەل ئارمىـ-يەڭلاردىكى چارلاش ئەترىتى!

گلانتۇس بىلىكىنى كۈچەپ سىلكىپ قويدى، ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى بايا ئومىمانىڭ تۇزۇت قىلغىنىدەك، تۇزۇت قىلىشقا ئۆز-گەردى، لېكىن ئۇنىڭ ئەدەپلىك تەلەپپۇزىنىڭ ئارقىسىغا بىر خىل ۋەھىمىمۇ يوشۇرۇنغانىدى.

— ئەجەبا، سىزنىڭ كۆزىڭىزمۇ ئانچە ياخشى كۆرمەمدۇ؟ مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇگۈن ئەتىگەن سىز ھېلىقى ئاق تەنلىكنىڭ ئارقىسىدا ماڭغان. بىزنىڭ دۇربۇنىمىز خېلى ئوبدان، ئومما، بىز ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇق!

بۇ ئەرەب پسەنت قىلماي تۇرىۋەردى. ئۇ پەقەت بېشىنى چايقاپ، پەس ئاۋاز بىلەن دېدى:

— بارگاھىمىزنىڭ ئىشىكى ھەر ۋاقىت سىزگە ئوچۇق، ملادشى لېيتېنانت ئەپەندىم، ئاختۇرۇپ تەكشۇرۇپ بېقىڭ، ئا-ياللارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۇچۇن، مەن سىزگە ھەمراھ بولۇپ باراي. بىز كۆچمەن چارۋىچى، بۇ يەردە باشقا ھېچنېمە يوق.

گلانتۇس ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، بىر قانچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن، مۇرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ، ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقان پۇروشېنىغا قارىدى.

— كېتەيلى، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن، — ئومما بۇنداق دېگەن ئىكەن، ئۇ ئاق تەنلىك جەزمەن قونالغۇدا ئەمەس. ئۇ

ئاتلاس تېغىغا ئېلىپ كېتىلگەن بولۇشى، ھازىر مەلۇم بىر جىلغىدا ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بىزدە يەنە نېمە ئامال بولسۇن! مېنىڭ بۇ بەچچىخەرنى راستتىنلا ئۆلتۈرۈۋەتكۈم بار! ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، قۇملۇقتا تىنچلىق بولمايدۇ.

—ئۇنى قولغا ئالىدىغانغا ئاساسىمىز يوق...

—راست شۇنداق، ئۇ خۇددى يىلانغا ئوخشاش قۇۋ، ھەمىشە قولىمىزدىن غىرتتىدە چىقىپ كېتىدۇ. بىزنىڭ قوشۇنىمىزدىكىلەرنىڭ بىر ئاق تەنلىكنى كۆرگەنلىكى ئۇنىڭغا پۇتۇنلەي ئايان. لېكىن ئامالىمىز يوق، كاپىتان ئەپەندىم! يەنىلا بۇ يەردىن كەتكىنىمىز تۈزۈك...

—بىز ئۇنىڭغا ئاز-تولا ساۋاق بېرىپ قويمايمىزمۇ؟ ھېچبولمىغاندا ئاختۇرۇپ باقساق بولاتتى!

گلانتوس بېشىنى چايقىدى.

—نېمە ئۈچۈن؟ ئۆزىمىز ئوسال بولۇپ قالىمىز. قارىغا، ئاۋۇ ئەبلەخ ئاۋۇ يەردە تۇرمامدۇ.

پۇروشېنى ئارقىسىغا قاراپ قويدى. ئومما چېدىرنىڭ ئالدىدا تۇراتتى، ئۇنىڭ نەزەرى چارلاش ئەترىتىدىن قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە ئاغدۇرۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكى ئۇزۇن ئاق يىپەك پەرىجە يۇلتۇز نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى، گۇلخان ئاۋۇالقىدەكلا يېنىۋاتاتتى.

ئۇ خۇددى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ سىمۋولىدەك تۇن قاراڭغۇسىدا غادىيىپ تۇراتتى، بۇ بەئەينى بىر پارچە تىنچلىق، كۈچ-قۇدرەت ۋە ئىپتىخارلىق ئىپادىلەنگەن رەسىمنىڭ ئۆزى ئىدى. كاپىتان پۇروشېنى ئۆتكىنىڭ قونجىدىن قامچىسىنى

www.uyghurkitap.com

سۈغۇرۇپ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ پاچىقىغا بىرنى سالدى.

—يەنە ماشىنىغا چىقىڭلار! —دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ئۇ، ئاندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، جىپ ماشىنا تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئەسكەرلەر ئۇنىڭغا يېقىن ئەگىشىپ ماڭدى. گىلانتۇس ئۆزى يالغۇز قېلىپ، يەنە ئۇممانىڭ ئالدىغا باردى.

—ئۇمما، —دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن، —سەن تېخى ھايات ئىكەنسەن، بۇ ئاللانىڭ بەخەستەلىكى، مەن قەسەم ئىچىمەنكى، بۇ بەخەستەلىك تۈزىتىلىدۇ.

ئۇمما بارماقلىرىنى ئۆزىنىڭ پېشانىسىگە قويۇپ، دوستانە ھالدا تەبەسسۇم بىلەن دېدى:

—بىز يەنە يۈز كۆرۈشىمىز، ملادشى لېيتېنانت.

—جەزمەن شۇنداق بولىدۇ، ئۇمما!

—مەن مۇشۇ ئارزۇيۇم ئۈچۈن ئاللادىن كۈندە ئۈچ قېتىم مەدەت تىلەپ كېلىۋاتىمەن، —ئۇممانىڭ قولى يۈزىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ بويىندىكى ھېلىقى تارتۇقىقا تاقالدى، —سىزنى ئۇنتۇپ قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس، كاپىتان ئەپەندىم. سىزنىڭ قالدۇرغان خاتىرە بۇيۇمىڭىز دۇنيادىكى باشقا ھەر قانداق نەرسىدىن تېخىمۇ قىممەتلىك. مەن سىزنىڭ ماڭا قالدۇرغان بۇ خاتىرىڭىزغا رەھمەت ئېيتىمەن.

گىلانتۇس ئالدىغا سەل ئېگىلدى.

—بۇنىڭغا تەييارلىقىم بار، ئۇمما!

—ئالدىراپ كېتىشىڭىز ھاجەتسىز. قولۇقتا ۋاقىت دېگەن يېتەرلىك. ھازىر مېنىڭ ئالدىمدا تۇرۇۋاتقىنى زامانىۋى قورال-لار بىلەن قوراللانغان رەھىمسىز بىر ئەسكەر. كېلەر قېتىم

سىز بىلەن كۆرۈشكەن چاغدا، ئىككىمىزدىلا ھېچقانداق قورال بولمىسا، قۇرۇق قول ئېلىشىپ باقساق دەيمەن، مانا بۇ ئاللا-نىڭ بىزگە قىلغان ئىلتىپاتى، بىز نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان سۆز بىلەن قۇملۇقتا سۆھبەتلەشسەك بولىدۇ. . . ھەربىرىمىزدە ئۇندىن بارماق بار. . . بۇ بىزنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن ياكى قىسقىغىنە بىر قېتىم سۆھبەتلىشىشى-مىزگە يېتىپ ئاشىدۇ. . . —ئۇما ئالدىغا سەل-پەل ئېگىلىپ تەزىم قىلدى، —سىز ئۆگەنگەن چامباشچىلىقىڭىزغا ئۇنچىۋالا چوڭ ئۈمىد باغلاپ كەتمەڭ، پارىژدىكى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋات-قان چېغىمدا بۇ ھۈنەرنى مەنمۇ ئۆگىنىپ قويغان. . .

گەرچە قۇملۇقتا كېچىنىڭ قەھرىتان سوغۇقى سۆڭەك-سۆ-ڭەكتىن ئۆتۈپ تۇرغان بولسىمۇ، گلانتۇس يەنىلا دۈمبىسى قىزىشقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇ بىر ئېبلىسقا، ئادەمنى يىر-گىنىدۈرىدىغان بىر ئېبلىسقا دۇچ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ تۇراتتى.

—خەير، ئۇما.

—سىز قونالغۇ جاينى ئاختۇرمايدىغان بولدىڭىزمۇ؟

—ھەئە.

—ئۇنداقتا سىز ماڭا ئىشىنىپسىز-دە؟

—بۇگۇنچە شۇنداق، سىز مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا تولىمۇ ئىشەنچلىك!

گلانتۇس ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ چارلاش ئەترىتىگە يېتىشىۋالدى. جىپ ماشىنا شۇ ھامان ئوت ئالدۇرۇلۇپ، تۇن پەردىسىگە پۈركەنگەن قۇملۇققا كىرىپ كەت-

تى. ۋېللىي ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنىچە رولنى باشقۇرۇۋاتاتتى. سەھرايى كەبىر قۇملۇقى ئەرەبلەرگە، بولۇپمۇ ھېلىقى ئومبا بىننى بىلقاسىمغا بولغان قارغىش بىلەن تولۇپ كەتكەندى. پۇروشېنى خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى، ئۇ گىلانتۇسنىڭ ئومما بىلەن ئايرىم ھالدا نىمىلەر ئۈستىدە سۆزلەشكەنلىكىنى سوراپمۇ قويمىدى، ئۇ سەل سەزگەندى، ئۆچمەنلىك ۋە ئۆزىنى تۇتالماسلىقتىن ئەندىشە قىلاتتى، ئاخىر بىر كۈنى بۇنداق ئۆچمەنلىك ۋە ئۆزىنى تۇتالماسلىق بالايىئاپەت ئېلىپ كېلەتتى. ئۇ پروۋانسىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان خىلۋەت كىچىك بازار گېنالېدتىكى مۇداپىئە قىسمىغا بىرىشقا نەقەدەر تەشنا-ھە! ئۇ يەردە، گازارمىنىڭ تاملىرىغا ئۈزۈم تاللىرى يامىشىپ كەتكەندى، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئەسكەرلەر باراكنىڭ ئاستىدا گىتار چېلىپ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن پاراڭلىشاتتى.

جىپ ماشىنا شېغىل يولدا ئىتتىك كېتىۋاتاتتى، قۇم يولغا چىققاندىلا سۈرئىتى ئاستىلاپ قالدى. قۇرۇپ قالغان دەريا قىنى مۇستەھكەم يول يۈزىگە ئايلىنىپ كەتكەندى، يېنىك ئاپتوموبىللار بۇ يەردە ماڭغاندا سەكرەپ-جالداقشىپ كېتەتتى.

ئومما جىپ ماشىنا يىراقلىشىپ كەتكۈچە قاراپ تۇردى، ئۇلار قاراڭغۇلۇقتىكى چاڭ-توزانلار ئىچىدە غايىب بولغاندىلا، ئاندىن ئاستا مېڭىپ گىلەم سېلىنغان چېدىرغا كىردى.

بىر جىن چىراغ چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈكتە پەلىلداپ تۇراتتى، شۋېت دوكتور توگە تېرىسى ۋە گىلەم سېلىنغان بىر يۇمشاق سېلىنچا ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، تاماكا چېكىۋاتاتتى.

— ئۇلار كەتتى، — دېدى ئومما قىسقىغىنە قىلىپ.
— ئاڭلىدىم، — شۆيت ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر تاشقا غاڭزىدىسىنى ئۇرۇپ ئوتىنى ئۆچۈرۈۋەتتى.
— ناۋادا مەن ”مېنى قۇتقۇزۇڭلار!“ دەپ توۋلىغان بولسام، ئۇ چاغدا قانداق بولاتتى؟
ئومما ناھايىتى ئەپسۇسلانغاندەك قىلىپ مۈرىسىنى چىقىرىپ قويدى، ئۇنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى، — بۇ بىگۇناھ بىر نەچچە ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟ سىز ناھايىتى ئەقىللىق، دوكتور ئەپەندىم.
شۆيت ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، چېدىردىن چىقىپ، ئىنتىزارلىق بىلەن قۇملۇققا قارىدى. ئومما ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ چىقىپ، ئۇزۇن ئورۇق قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى، بارماقلىرىنىڭ ئۇستىدىكى كۆك تارىمۇشلىرى بۆرتۈپ چىقىپ تۇراتتى، تېرىلىرى خۇددى بۇلغاردەك يىرىك ئىدى.
— ئەڭ ياخشىسى سىز ماڭا ئىشىنىڭ، دوكتور ئەپەندىم. سىزنىڭ بۇ يەردىكى كەچۈرمىشلىرىڭىزنى دۇنيا تارىخىدىكى بىر سەھىپە دېيىشكە بولىدۇ. خەلقىنىڭ تەقدىرى كۆپىنچە ھەممىنى بىسىپ چۈشىدىغان بىر ئادەمگە باغلىق بولىدۇ. بىزنىڭ شېرىن خىيالىمىز— ئافرىقىدا بۈيۈك ئەرەب ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇش، سىز بۇ ئىشتىكى بىر پېرسوناژ بولۇپ ھېسابلىنىسىز. بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز قۇملۇقنىڭ مۇنبەت بولۇپ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ يوقۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئاق تەنلىكلەر ئاخىر بىر كۈنى ئافرىقىدىن قوغلاپ چىقىرىلىدۇ. ئۇلۇغ نىشانىمىز ئۇچۇن، ھەممە ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا، جۇملىدىن ياۋروپادىن ئۆگىنـ

نىپ كەلگەن نەرسىلىرىمىزنى قولىنىشقا بولىدۇ، — ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشىدىن سەل ئويناشقاندەك ئالامەت كۆرۈندى. شۇيت ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى، چۈنكى ئۇ ئوممانىڭ گېپىنىڭ سەل يوللۇق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغانىدى.

— ئەگەر سىز سەھرايى كەبىرنىڭ پىلانىنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋەتسىڭىزلا، ئەركىنلىككە ئېرىشىسىز! بىز سىزنىڭ قەسىمىڭىزگىلا موھتاج.

— سىزگە كىم مېنى ئەركىنلىككە ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ ئۆز قەسىمىگە ئەمەل قىلىدۇ دېدى؟

ئومما جاۋاب بېرىشتىن ئىلگىرى ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇنىڭغا بىردەم تىكىلىپ قارىدى.

— سىز دېگەن گىرمانىيىلىك، دوكتور ئەپەندىم...

شۇيت ئېڭىشىپ چېدىرغا كىرىپ، چوڭقۇر خورسىنىپ قويۇپ، يۇمشاق سېلىنچىغا ئولتۇردى-دە، يەنە غاڭزىسىغا تاماكا قاچىلاشقا باشلىدى. ئومما ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ، ئۇنىڭ قېشىدىكى يۇمشاق تېرە سېلىنچىغا ئولتۇرغاندىمۇ ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويمىدى.

— مېنىڭچە بۇنداق دېمەسلىكىڭىز كېرەك ئىدى، ئومما، — دېدى ئۇ ئاخىر ئېغىز ئېچىپ.

ئەرەب بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلۈپ قويدى.

— گېپىڭىزنىڭ تېتىك تومۇرىڭىزغا تەككەنلىكىدىن تولىمۇ خۇشالمەن. بىز نېمە ئۈچۈن ھەمىشە گەپنى ئەگىتىپ يۈرىمىز؟ ھېلىقى چەت ئەل ئارمىيىسىنىڭ چارلاش ئەترىتى بىزگە پۇرسەتنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى. ئۇلار سىزنى



www.uyghurkitap.com

كۆرۈپ قاپتۇ، ئۇلار يىرتقۇچ ھايۋاندەك بىزنىڭ پېيىمىزگە چۈشىدۇ. ھازىر، پۇرسەت سىز ۋە مەن ئۈچۈن بىردە بىر! ئەگەر ئۇلار سىزنى مېنىڭ چېدىرىمدىن تېپىۋالىدىغان بولسا، ھەممىمىز تۈگىشىمىز...

—ئەگەر مېنى تاپالمىسىچۇ؟

—ئۇنداقتا بىز داۋاملىق قوملۇققا قاراپ يۈرۈش قىلىمىز، بابادورنىڭ پىلانى بويىچە خوكار تاغلىق رايونىغا كىرىمىز. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىزنى تېپىشى ناھايىتى تەس. كە چۈشىدۇ. خوكار ئەزەلدىن ئېچىلمىغان تاغلىق رايون، ياۋ. روپالىقلار ئۇ يەرگە بېرىپ باقمىغان، جۈملىدىن سىزمۇ بارمى. غان، دوكتور ئەپەندىم.

—چارلاش ئەترىتىنىڭ ئوفىتسېرلىرى قانداق؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن چېدىرنى ئاختۇرمايدۇ؟

ئومما قولىغا قاراپ، دېدى:

—چۈنكى ئۇلار قارتا ئويناشنى بىلمەيدۇ! بۇ مېنىڭ ئو. شۇقنى دەتتىكامغا ئاتقىنىم. مەن ئۇلارنى تەشەببۇسكارلىق بى. لەن ئاختۇرۇڭلار دېدىم، يۈرىكى پوك-پوك ئادەمنىڭ قوللانغان بۇ ۋاسىتىسى ئەكسىچە ئۇلارنى گۇماندىن خالاس قىلدى.

شۋېت ئەرەبنىڭ سۇنۇپ بەرگەن سەرەڭگىسىنى قولىغا ئې. لىپ، غاڭزىسىدىكى تاماكىنى تۇتاشتۇردى، ئۇ ئوتنىڭ يورۇقى. دا ئوممانىڭ ئورۇق چىرايىنى ئېنىق كۆردى.

—سىز ھەقىقەتەن تاقابىل تۇرۇش قىيىن بولغان رەقىب ئىكەنسىز، —دېدى ئۇ سەمىمىيلىك بىلەن، —سىزنى فرانسى. يىگە ئەۋەتىپ ئوقۇتۇش، ھەقىقەتەن فرانسىيىلىكتىن ئۆتكەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بىر سەۋەنلىك. . .

قۇياش. . .

گەرچە مەن تولۇق تەربىيە ئالغان بولساممۇ، ئۇ مەن ئۇ-چۇن ئېيتقاندا باشتىن-ئاخىر بىر سىر. ئۇ يەر شارىدىن نەچچە مىليون كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئوت شارىغا ئوخشاش، ئاتموسفېرا ئارقىلىق كۈچلۈك نۇرلىرىنى چېچىپ، يەر شارىدىكى كىشىلەرنى ئىللىتىپ كەلمەكتە.

بۈگۈن تازىمۇ تېپ-تىنچ ئۆتتى. ئومما ماڭا بىر ئۇزۇن پەرىجە ۋە بىر باش ياغلىقىنى بەردى، مەن كىيىنىپ بولغاندىن كېيىن، بىز بىلئەجبەدىن يولغا چىقىپ، جەنۇبقا قاراپ مېڭىدۇق. مەن يەنە يىراقتىكى چارلاش ئەترىتىنىڭ جىپ ماشىنىسى توزۇتقان چاڭ-توزاننى كۆردۈم، ئۇلار بىزنىڭ پېيىمىزگە چۈشكەن ھەمدە بارغانسېرى بىزگە يېقىنلاپ قالغانىدى. مەن ئۇلارنىڭ ھازىر ئاق تەنلىك ئادەم كارۋانلار ئارىسىدا بارمۇ-يوق دەپ، يىراقنى كۆرىدىغان دۇربۇن بىلەن كۆزىتىۋاتقىنىنى بىلەتتىم. لېكىن ئۇلار پۈتۈنلەي ئەرەبلەرنىلا كۆرەتتى، جۇملىدىن يۈك ئارتىلغان تۆگە، ئېشەك، ئادەم مىنگەن تۆگە ۋە قويلارنىلا كۆرەتتى.

ئومما ئادەتتىكىدەك مېنىڭ ئارقامدىكى تۆگىگە مىندى، ئۇ مەن بىلەن تەڭ جىپ ماشىنا تەرەپكە قارىدى، يىراقتىكى جىپ ماشىنا خۇددى سېرىق قوملۇقتىكى قارا چېكىتكە ئوخشايتتى.

—ئۇ ملادشى لېيتېنات ئېمىل گلانتۇس، —دېدى ماڭا ئۇمما چارلاش ئەترىتىنىڭ نىشانى تەرەپكە قاراپ بېشىنى لىڭشى-تىپ تۇرۇپ. مەن گۇمانىي نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا قارىۋىدىم، ئۇ يەنە بىر قېتىم بېشىنى لىڭشىتتى، —تۇنۇگۈن ئاخشام ئۇمۇ بارگاھقا كەلدى، مەن بۇرۇن ئۇنى تونۇيتتىم، بىز يەنە يۈز كۆرۈشتۇق، ھازىر ئۇ ئىزچىل بىزنىڭ پېيىمىزگە چۈشۈپ يۈرىدۇ. سىز بۇرۇن مۇھەببەتلىشىپ باققانمۇ، دوكتور؟

مەن ھەيران بولۇپ بېشىمنى چايقىدىم. شۇ تاپتا مەن جەزمەن تولىمۇ كۈلكىلىك كۆرۈنگەن بولسام كېرەك، چۈنكى ئۇمما مېنىڭ چىرايىمغا قاراپ كۈلۈمسىرىمەكتە ئىدى. ئاندىن كېيىن ئۇ چوڭقۇر ئۇيغا پاتقاندەك چوڭ، ئۆزۈن سالغان ئوڭ قولىنى مەن مىنگەن تۆگىنىڭ بوينىغا قويدى.

—مۇھەببەتلىشىش دەمسىز؟ —دېدىم مەن، —تېخى مۇ-ھەببەتلىشىپ باققىنىم يوق، ئۇمما. مېنىڭ مۇھەببەت باغلاشقا ۋاقتىم يوق. ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمدا بىر قانچە سۆيگۈنۈممۇ بار ئىدى، ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسىمۇ شۇنداق دېيىشەتتى؛ ئارمىيىدە، گەپىنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام، ئۇمما، بىر قانچە نازىنىن بىلەنمۇ ئۇچراشقانمەن، ئاناردەك لەۋلەر ۋە پاختىدەك يۇمشاق بىلەكلەرنىڭ مەندە قالدۇرغان تەسىرى بەكمۇ تېيىز. . . لېكىن مۇھەببەت، سىز ئېيتقاندەك ھەقىقىي مۇھەب-بەت. . . توغرىسىدا ئويلىنىپمۇ كۆرۈۋىدىم، بىراق شۇ چاغدا ئافرىقىغا كېلىپ قالدىم. . .

—مەن بىر قېتىم بىر قىزغا قاتتىق كۆيۈپ قالغانىدىم، —دېدى ئۇمما ئۆزىنى تۇتقان ھالدا، —ئۇ ياۋروپالىق قىز ئى-

دى.

— مۇنداق دەڭ؟

— ئۇ ئۇسسۇلچىلار بىلەن ئالجىرغا كەلگەندى، لېكىن دىرېكتورى بىر ئالدامچى ئىكەن... ئۇ قىزلارنىڭ ھەممىسىنى بوستانلىقتىكى پاھىشىخانىغا سېتىۋېتىپتۇ. مەن بىر پاھىشىخانىدا ئۇنى كۆردۈم... تانېزرۇفت قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تادىنىدا كۆردۈم. مەن 70 مىڭ فرانك خەجلەپ ئۇنى سېتىۋالدىم، ئۇنى بىللە ئېلىپ شىمالغا يۆتكەلدۇق. گېرد دەرياسى بويىدا ئۇ ملادشى لېيتېنانت ئېمىل گلانتۇس بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئافرىقىغا كەلگىنىگە ئەمدىلا يېرىم يىل بولغانىكەن، لىئون قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى مەكتىپىنى پۈتتۈرگىنىگىمۇ ئۇزۇن بولماپتىكەن. ئۇ ئاۋۇالقىدەكلا ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان روھى ھالەت بىلەن ياشاۋاتىدۇ، ئۆزىنى قۇملۇقنىڭ خوجايىنى سانايدۇ، بىز ئەرەبلەر ئۇنىڭ نەزەرىدە سېسىق پارازىتلار. ئۇ مېنىڭ يېنىمدىكى قىزنى كۆرۈپ قالدى، ئۇنى تادىنىدىن سېتىۋالغانلىقىمنى بىلىۋالغاندىن كېيىن، خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاندەك ئارقىمىزدىن ئەگىشىپ، سالاغىچە قوغلىشىپ كەلدى. بىز بىر كۈنى كېچىسى سالا قۇملۇقىدا يەكمۇيەك تۇتىشىپ قالدۇق، مەن كۆپ ئېغىز ئاچمىدىم، چۈنكى گەپ-سۆزمۇ ئادەمنىڭ مادارىنى خورىتىۋېتەتتى، ئاخىرىدا خەنجىرىمىزنى چىقىرىپ بىر-بىرىمىزگە ئېتىلدۇق. گلانتۇس مەندىن ياش، مەندىن چاققان ئىدى... ئۇ خەنجىرىنى بوينۇمغا سېلىۋەتتى. ئىسسىق قانلىرىم شورلداپ ئېقىپ، قۇملۇققا يىقىلدىم، شۇنىڭ بىلەن گويا ئۆلگەن ئادەمدەك شۇ يەردە

يېتىپ قالدىم. بىر تۆئارىگ مېنى قوتقۇزۇۋېلىپ، سالامەتلى-
كىمنى ئەسلىگە كەلتۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن تونۇگون
ئاخشامغىچە گلانتوسنى زادىلا ئۇچراتمىغانىدىم. . .

مەن ئۇنىڭ بويىندىكى ئۇزۇنچاق تاتۇقتا قاراپ قويدۇم، ئاندىن يىراقتا چاڭ چىقىرىپ بىز بىلەن تەخمۇ تەڭ كېتىۋاتقان بىر قانچە جىپ ماشىنىسىغا كۆز يۈگۈرۈتتۈم.

— ئاخىر ھېلىقى قىز قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن.

ئومىمانىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

— بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن، — ئۇنى ئىك-
كىنچى كۆرمىدىم. . .

مەن ئومىمانىڭ گېپىنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلەلمىدىم. لېكىن ئۇنىڭغا بولغان چۈشىنىشىم بويىچە بولغاندا، ئۇ ساقايغان-
دىن كېيىن جەزمەن قىزنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلماي ھەم ئۇنى ئىزدەپ تاپماي قويمايتتى. ناۋادا ئۇ ئاشۇنداق قىلماي، قوملۇققا قايتىپ كەلسە، ئەكسىچە ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى، بۇ ئۇنىڭ ئوبرازىغا— ئۇنىڭ تۇرلۇك مىجەز-خۇسۇسىيىتىگە قاراپ مۇ-
جەسسەملەشتۇرگەن ئومۇمىي ئوبرازىغىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيتتى.

مەن ئەتراپىدا بىر قانچە توپ پالما دەرىخى ئۆسكەن قۇدۇق-
نىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. كارۋان تۇلۇملارغا سۇ تولدۇ-
رۇۋېلىش ئۇچۇن بۇ يەردە بىر پەس دەم ئالدى، چۈنكى بىز ئەتە ئەتىگەن تاغ ئىچىگە كىرىپ كەتسەك، ئۇ يەرلەردىن نەچچە يىللارغىچە سۇمۇ تاپقىلى بولمايتتى. مەن بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئومىمانىڭ دىدارىنى كۆرمىدىم. . . ئۇنى قىساس

www.uyghurkitap.com

ئىلىش ئۈچۈن جىپىنى ئىزلەپ، لېيتېنانت ئىمىل گىلانتۇس بىلەن ”سۆزلەشكىلى“ كەتتىمكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدىم.

سائىتىمنىڭ ستىرېلكىسى چۈشتىن كېيىن ئۈچنى كۆرسەتتى.

بۇ ۋاقىتتىكى قۇياش ھەممىدىن يامان ئىدى، بۇنداق ۋاقىتنى قانچە قېتىم بېشىمدىن ئۆتكۈزگىنىمنى بىلمەيمەن. ياۋروپادا كىشىلەر قۇياش نۇرىغا ئىنتىلىدۇ، ئۇلار يەكشەنبە كۈنلىرى ئۆزلىرىنى تەبىئەتنىڭ قوينىغا ئېتىپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ تېرىلىرىنى قارايتىدۇ. ئۇ چاغدا بىز قۇياش نۇرىغا ئىنتىلەتتۇق، نەچچە ھەپتىلەپ ماشىنىمىزنى ھەيدەپ، ئاپتاپ بار جايلارغا باراتتۇق. . . بىراق شۇ تاپتا مەن يامغۇرغا تەشنا بولماقتىمەن. . . نەچچە سائەتلەپ تازا قاتتىق يامغۇر ياغسا، تەبىئەتتىكى بارلىق مەۋجۇداتلار چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كېتەتتى، ھەممە نەرسە سالقىنلىشاتتى. يامغۇر سۇيى بەدىنىمىزدىن ئېقىپ چۈشۈپ، پۈتۈن ئەزايىمىزنى مىلىق-مىلىق يۇمشىتىۋېتەتتى. . .

يامغۇر! مەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم يامغۇرنى بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن ئالجىردا كۆرگەنىدىم، ئۇ چاغدا ياغقان سىم-سىم يامغۇر شەھەر ئاسمىنىغا تارتىلغان دېرىزە پەردىسىدەك كۆرۈنگەن، بىر سائەتتىن كېيىنلا ئاپتاپتا قۇرۇپ كەتكەنىدى.

بۇ، تەبىئەتنىڭ بىر بىخەستەلىكى بولسا كېرەك، ئاتلاس تاغ تىزمىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىنى، شىلېيدا، تىجىددالارنى يىل بويى قار قاپلاپ تۇراتتى، ئالجىر بايلىرى ئۇ يەرلەرگە دەم ئالغىلى باراتتى. ئۇ يەرلەردە چاڭغا تېيىلىدىغان ئاجايىپ تۆپىلىكلەر، قارغا سەكرەش پەشتاقلىرى، چاڭغا تېيىلغۇچىلارنى

تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىدىغان فۇنىكۇليور ۋە ئالپىس تاغلىرىدىكىگە ئوخشاش ئېسىل مېھمانخانىلار بار ئىدى، ئۇ يەرلەردىكى قارنىڭ قېلىنلىقى بىر مېتىردىن ئاشاتتى. . . ئاھ، ئافرىقىدىكى قار!

قار قانداق بولىدىغاندۇ-ھە؟ مەن قارنى ئۇنتۇپ قالايلا دېگەنىدىم، ئۇنى پەقەت ئېسىمدە قالغىنى بويىچىلا ئەسلىيەلەيتتىم.

قار خۇددى ئۇنچىدەك پارقىراپ خرۇستاللاردىن تەركىپ تاپقان ئاپئاق دېڭىزغا ئوخشايتتى.

قار ئاسماندا ئېسىلىپ تۇرغان كۆل رەڭ بۇلۇتلاردىن ئۇنتىنسىز ئاستا لەپىلدەپ يەرگە چۈشىدۇ، ئۇنىڭ لەپىلدەشلىرى بەئەينى سوغۇقتا قاتقان مۇزنىڭ كۈيى.

قار نەقەدەر گۈزەل-ھە!

بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى لاي بولۇپ، ئارىسىدا قۇم كۆپ ئىدى. مەن قۇدۇق بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئەتراپتا چېچىلىپ ياتقان بىرمۇنچە تۆگە ۋە ئېشەك تاپلىرىنىڭ سۆڭەكلىنى چېلىقتۇردۇم، بۇلارنى تەبىئەت پارچىلىۋەتكەن بولۇپ، بۇلار بۇ يەردە قۇدۇق قۇمدا تىنىپ، سار، لالما ئىت ۋە چۆلدىكى كىچىك جانىۋارلار گۆشلىرىنى يەپ بولغىچە تۇراتتى، بۇ جانىۋارلار ئىشنى كارامەت چىرايلىق ۋە ئۇزۇل-كېسىل قىلغان بولۇپ، بۇلاردىن ئېشىپ قالغان سۆڭەكلەر خۇددى ياۋروپادىكى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ياساپ چىقىلغان ئەۋرىشكىگە ئوخشايتتى.

قاچانمۇ ماڭارمىز؟ بۇ يەردە، ئاپتاپتا ئولتۇرۇش تولىمۇ قورقۇنچلۇق. چۆلدە ئادەم قاۋۇل تۆگىگە مىنىۋالغاندىلا چېدى-

www.uyghurkitap.com

غىلى بولاتتى، ئادەم ئۆزىنى تۆگىنىڭ ئۇستىدە لەيلەپ ماڭغان-دەك ھېس قىلاتتى، يەنە بىر خىل ھۆكۈمرانلىق تۇيغۇسىغىمۇ چۆمۈلەتتى، ئىنسانلار ھەقىقەتەنمۇ بىر خىل بىچارە نەرسە ئى-كەن، ئۇلار جېنىنىڭ بارىچە تەبىئەتنىڭ كۈچى بىلەن قارشىلى-شىدىكەن.

مەن ئۇممانى يەنە كۆردۈم، ئۇ پالما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە يۈك بىلەنلا ياتقان تۆگىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ بۇ تەرەپكە كېلىۋاتات-تى. ئۇنىڭ يېنىدا مەن تونۇمايدىغان بىر ئەرەب بولۇپ، ئۇ پاكار، دوغىلاق كەلگەن، خۇددى ئۆزىنى كۆڭلەكنى سۆرىۋالغان-دەك بەكلا ئۇزۇن پەرىجە كىيىۋالغان ئادەم ئىدى. ئۇ دۈگىلەك بېشىغا بىر قىزىل تۇماق كىيىپ، ئۇستىدىن قولىقى بىلەن قوشۇپ ياغلىق تېڭىۋالغانىدى. ئۇ قارىماققا ئۇممادىن چوڭراق كۆرۈنەتتى، يۈزلىرى قوڭۇر ئىدى. ئۇلار مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى، مەن قانداق خەۋەر ئاڭلارمەن؟

ئەمدى مەن خاتىرە يېزىشنى داۋاملاشتۇرالمىدىم، بۇ ئىككى ئەرەب راستىنلا مەن تەرەپكە قاراپ كەلدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە مېنىڭ ئالدىمدىلا توختىدى. ئۇمما كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراۋاتقان پاكىنەككىنە كەلگەن سېمىز ئادەمگە مەنمۇ چۈشەنمەيدىغان يەرلىك شېۋىدە بىر نېمىلەرنى دېدى، ئۇ ئادەم قولىنى كۆتۈرۈپ شۇ يەرنىڭ ئادىتى بويىچە سالام قىلىپ، مېنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ھەمدە قولىنى پېشانىسى-گە قويۇپ يېنىك تەزىم قىلدى.

— سىز بىلەن تونۇشقانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى ئۇ. ئۇ فرانسۇزچىنى ناھايىتى چىرايلىق سۆزلەيدىكەن،

ئۇنىڭ تەلەپپۇزى تازا يەرلىك پارىژ تەلەپپۇزى بولۇپ، ئازراق فرانسىيىنىڭ جەنۇبىي شىۋە پۇرىقىمۇ بار ئىكەن.

—ھامىد جىبران دوكتور بولىدۇ، —دېدى ئۇمما ئۇ كىشىنى كۆرسىتىپ، —سىز ئۇنى تونۇمسىز، شۆۋېت دوكتور؟

—ئىسمىنى ئاڭلىغان.

مەن جىبران دوكتورغا ناھايىتى قىزىقىپ قارىدىم. 15 يىلدىن بۇيانقى قۇملۇقتا ئۆتكۈزگەن ھاياتىمدا ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى ئاڭلىغان، ئۇ ئالجىرىيە ئىمامىنىڭ ئەۋلادلىرى بار دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان راھمان قېرىنداشلار بىرلەشمىسىنىڭ سىرلىق مۆتىۋەللىسى ئىدى، بۇساددا بوستانلىقىنىڭ جەنۇبىدىكى ياۋروپالىقلارنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىنغان مۇقەددەس ئىسلام شەھىرى ھامىلدا چوڭ بىر ئىسلام دىنى مەكتىپى بولۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئۇ يەردە ساۋادىنى چىقىراتتى شۇنداقلا مۇھەممەد پەيغەمبەر تىكلىگەن يېشىل بايراققا بولغان ئىخلاسمەنلىكنى ئۆگىنەتتى. جىبران دوكتور بەزىدە ھامىل شەھىرىدە تۇراتتى، بەزىدە قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز تاغدىكى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىنىدىغان غاردا تۇراتتى. ئۇ مارابۇتنىڭ شىرەسى ئالدىدا ئولتۇرغىنىدا، ئالجىرىيىنىڭ بۈيۈك روھىي داھىيسى ھېسابلىناتتى، ئۇنىڭ سۆزىنى ئالجىر ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىن تارتىپ تىمباكتۇ ۋە ئوتتۇرا ئافرىقىدىكى نىگىرنىڭ قەدىمىي كاراۋەننا شەھىرىگىچە بولغان جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى مۇقەددەس پەرمان دەپ بىلەتتى. ئۇ سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى، كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىنى خۇدانىڭ ۋە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆزى دەپ چۈشىنەتتى.

www.uyghurkitap.com

دوغىلاق كەلگەن، يۇقىرى گرادۇسلۇق رامكىسىز كۆزئەينەك تاقىۋالغان، شالاڭ ساقاللىرى ئاقارغان، قۇملۇقتىكى بۇ سىرلىق شەخس شۇ تاپتا ئالدىمدا ئوڭ قولىنى سوزۇپ تۇراتتى، كەڭ پېشانىسى ئۇنى ناھايىتى بىلىملىك كۆرسىتەتتى. بىز گەپ قىلماستىن بىردەم يۈزمۇ يۈز قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، مەن قولۇمنى سۇندۇم، ئۇ ھەيرانلىق بىلەن قولۇمنى چىڭ سىقتى.

— سىزنىڭ پىلانىڭىزنى كۆردۈم، شۋېت دوكتور، — دېدى جىبران ئېغىز ئېچىپ. مەن كۈلۈمسىرەپ قويدۇم. ئەتراپىمىز پارقىراپ تۇرغان قۇملۇق ئىدى، كەينى تەرىپىمىزدە قۇمدا تىنىپ كېتىۋاتقان قۇدۇق بار ئىدى، باش ئۈستىمىزدە قۇياش كۆيدۈرۈپ تۇراتتى. . . بىز ئەنە شۇنداق تۇراتتۇق، بىز بۇ ئەرزىمەس، بىچارە سولتەكلەر مۇشۇنداق مۇھىتتا سۆزلەشمەكچى بولۇۋاتاتتۇق. جىبران دوكتورمۇ شۇنداق ئويلىغان بولسا كېرەك، ئۇمۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە يېنىمدىكى قۇدۇقنىڭ بېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئوما ئىككى قولىنى كۆكرىكى ئۈستىدە گىرەلەشتۈرگىنىچە ئالدىمىزدا تۇراتتى.

— پىلانىڭىز بەكمۇ ئوبدان ئىكەن، — دېدى جىبران.

— بۇ ئۆزۈمگە ئايان.

— سىز كارامەت قابىلىيەتلىك ئادەم ئىكەنسىز. مەن بۈگۈنگىچە كۆرگەن سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنى سۇغىرىش توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلار ئىچىدە سىزنىڭ پىلانىڭىز ھەممىدىن ياخشى ئىكەن. بارلىق نەزەرىيىلەرنىڭ، مەسىلەن، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنىڭ سۈيىنى تۆۋەنلىتىش، قۇملۇقتىكى ئويمانلىقتىن دە-

رىجىگە ئايرىپ سۇ تارتىش، 300 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى يەر ئاستى سۈيىنى تارتالايدىغان ئاپتوماتىك سۇ تارتىش پومپىسىنى ئورنىتىش. . . دېگەنلەرنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشى ئىنتايىن قىيىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭغا كېتىدىغان خىراجەتمۇ بەك كۆپ. شۇڭا، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، پەقەت بىرخىللا ئېھتىماللىق بار، ئۇ بولسىمۇ سىزنىڭ كەشپىياتىڭىز، شۆيت دوكتور.

—سىزنىڭ قاراشلىرىڭىزنى بىلىشكە مۇيەسسەر بولغىنىمىدىن تولىمۇ مەمنۇنمەن، جىبران دوكتور، —دېدىم مەن تەكەللۇپ بىلەن سۆزلەپ، —شۇغىنىسى، مېنىڭ ئەركىنلىكىم مەسىلىسى ئۈستىدە سۆز ئاچمىغىنىڭىزدىن ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن.

—مانا بۇنىڭ ئۆزى كەشپىياتچىنىڭ تراگېدىيىسى، — دېدى ئۇ. مەن ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ چىرايىدا چۈشىنىپ بولمايدىغان، چوڭقۇر مەنا يوشۇرۇنغان تەبەسسۇم ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، بۇ تەبەسسۇم داۋىنچىنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «موننالىزا»نىڭ تەبەسسۇمىغا ئوخشاپ كېتەتتى، —سىزنى تۇتۇش بابادور مۇھەممەد بىننى رامداننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى.

—بۇنى بىلىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى نېمىشقا تۇتقانلىقىڭلارنى بۇ ئىككى يىلدىن بېرى يۈز قېتىمدەك ئاڭلىدىم.

—سىزنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئەقىل-پاراسىتىڭىزگە قىلچە شەك كەلتۈرمەيمەن، —جىبران دوكتور بېشىنى لىڭشىتتى.

—سىز مېنى چوقۇم جاۋاب بېرىسەن دېمەكچىمۇ؟ — سورىدىم مەن. جىبران دوكتور دوغىلاق بېشىنى چايقىدى، يوتىسىغا شاپىلاقلاپ قويۇپ، ئاندىن زادىلا گەپ قىلماستىن

بىزنىڭ پارىڭىمىزنى ئاڭلاپ تۇرغان ئوماغا قاراپ بېشىنى لىڭ-
شىتىپ قويدى.

— مەن نېمىشقا هامىلدىن بۇ يەرگە سىزنى زىيارەت قىلغى-
لى كېلىمەن؟ بۇ يەردە ئالاھىدە بىر سەۋەب بار، شۋېت دوك-
تور. بابادورنىڭ سىزدىن رايى قايتىپتۇ، سىزنى تېزراق ئۆلتۈ-
رۈشنى تەشەببۇس قىلىدىكەن، بۇنى ئوما مېنى ئېيتىسىڭىز
دېدى. بىراق بۇ ئىش مارابۇتنىڭ نىيىتىگە خىلاپ. مېنىڭچىمۇ
بۇ بەك بالدۇرلۇق قىلىدۇ.

— بەك بالدۇرلۇق قىلىدۇ دەڭ... بەك بەلەن گەپ قىلى-
دىكەنسىز، — دېدىم مەن تەنە قىلىپ، — بۇ يەردە، بۇ قوملۇقتا
ئۆلۈم ھەققىدە گەپ قىلىش خۇددى ياۋا چىلاننىڭ ھوسۇلى
ھەققىدە گەپلەشكەندەكلا بىر ئىش تۇرسا... ھايات دېگەن سەھ-
رايى كەبىر قوملۇقىدا نېمىتتى؟

جىبران مۇنازىرىلەشكۈسى كەلمەي، ئۇلاپلا ئېيتتى: —
بىز ھەتتا قارار قىلىپمۇ بولدۇق، سىز ھازىردىن باشلاپ ئىشقا
كىرىشىشىڭىز كېرەك، سىز ھوججال تاغلىق رايونىغا بېرىپ
يەر ئاستى سۈيى ئىزدەيسىز. سۇنى چوقۇم تېپىشىڭىز كېرەك،
بۇ رايوننى سۇغىرىشتا بارلىق مۇئەسسەسەلەرنى يۆتكەش ئىشى
سىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىڭىز بويىچە بولىدۇ.

— ھوججالغا بارامدىمەن؟ — مەن راستتىنلا چۆچۈپ كەت-
تىم، — قوملۇقنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى تاغقىمۇ؟

— دەل شۇنداق. بىز ئۇ يەردە بىر تايانچ بازا قۇرىمىز،
ئۇقتىڭىزمۇ؟ فرانسىيە بىزنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىمىزنى تارتى-
ۋالدى، بىز سەھرايى كەبىرنى ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك!



www.uyghurkitap.com

بىزگە لازىمى پەقەتلا سۇ! ئەگەر بىز، ئەلۋەتتە سىزمۇ بار، شۆھرەت دوكتور، ھوجىالدا بىر بوستانلىق بەرپا قىلىپ، 100 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تۇرغىدەك بىر تايانچ بازا قۇرالىساق، بىز ئافرىقىلىقلار دۆلىتىمىزنى ئۇرۇش غەلىبىسىگە ئېرىشتۈرەلەيمىز! ئاندىن بىز سىزگە ئەركىنلىك بېرىمىز ھەمدە سىزنىڭ سۇ تېپىش ئۇچۇن تارتقان جاپالىرىڭىز بەدىلىگە 250 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى تۆلەيمىز! بۇ بىر ئادىل سودا، شۆھرەت دوكتور. بۇ قارا زېمىن ئازادلىققا ئېرىشسۇن.

—بىر ئاق تەنلىك ئارقىلىق. . . بۇ تازىمۇ كۈلكىلىك گەپ بولدى-دە، جىبران دوكتور.

—بۇ بىز ئۇچۇن ئەڭ چوڭ پاجىئە! بىز 10 نەچچە يىلدىن بۇيانقىغا ئوخشاش ئۆگىنىشىمىز، تەكرار-تەكرار ئۆگىنىشىمىز زۆرۈر. بىز ئەڭ ياخشى ئادەملىرىمىزنى ياۋروپاغا ئەۋەتىپ ئوقۇتىمىز، ئۇلار پەقەت ئىككى كۆزى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى نەچچە يۈز كۆز ۋە نەچچە يۈز مېڭىسى بىلەن بارىدۇ! بىز غەلىبە قىلماي قويمايمىز. . . بۇ ئەسىردە بولمىسا، كېلەر ئەسىردە! 50 يىل ياكى 100 يىل دېگەنلەر سەھرايى كەبىر چۆلى ئۇچۇن نېمىتتى؟ ياۋروپا ئۇچۇن بولسا بۇ ۋاقىت جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۆزگىرىپ تەشكىللىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ، يەنە تېخى يېڭى ئۇرۇشلار بولىدۇ، بىز مۇشۇ ئۇرۇشلار ئارقىلىقلا غەلىبە قىلالايمىز، —جىبران ماڭا تىكىلىپ قارىدى.

مەن مۇرەمنى چىقىرىپ قويدۇم. باشقا نېمىمۇ قىلالايتتىم؟

—مەن سىزنىڭ ئالىقىنىڭىزدىكى ئادەم، —دېدىم مەن

www.uyghurkitap.com

ئالدىرىماي سۆزلەپ، — مېنىڭ ماقۇل دېمەي ئامالىم يوق، بۇ مېنىڭ بىردىنبىر ھاياتلىق يولۇم، بولمىسا ماڭا ئۆلۈمدىن باشقا يول يوق!

— سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز ئۆزىڭىزگە ناھايىتى ئېنىق، — جىبران بېشىنى لىڭشىتتى، — مەن مارابۇتقا نېمە دېسەم بولىدۇ، شۇيىت دوكتور؟

— بۇپتۇ، ھوجىجال تاغلىق رايونىغا باراي، بىراق ماڭا ماددىي ئەشيا، ئەسۋاب ۋە ياردەمچى كېرەك...

— بۇلارنى سىزگە ئەكىلىپ بېرىدىغان ئادەم بار. سىزنىڭ ئەسۋابىڭىزمۇ بىزدە ساقلاقلىق، سىز يېڭىۋاشتىن ئۇنىڭغا ئىگە بولىسىز. ياردەمچىلەرنى بىر ھەپتە ئىچىدە قېشىڭىزغا ئەۋەتىمىز... مەن ئۇلارنى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىدىن يۆتكەپ كېلىمەن. مەبلەغ دېگەننى چەكلىمىسىز ئىشلىتىسىز، سىز ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكىدىنمۇ ياخشى ئىشلىيەلەيسىز... ئافرىقىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز بايلىقى بىزنىڭ تەتقىقاتىمىزنىڭ ئارقا تېرىكى،

— جىبران قۇدۇق بېشىدىن ئۆرە تۇردى، ئىككىمىز دوستلاردەك قول ئېلىشتۇق.

— ئىشنى قاچان باشلايسىز؟

— ھوجىجالغا بېرىپلا باشلىسام بولىدۇ.

بۇ چاغدا ئۇمما ئىغىز ئاچتى:

— بىز بىر سائەت ئىچىدە يولغا چىقىپ، كېچىچە ماڭىمىز. ئىككى ھەپتىدە ۋادئىندگەنگە يېتىپ بارىمىز. شۇ يەردىن يولغا چىقىپ پۈتكۈل ھوجىجال تاغلىرىنى كېسىپ ئۆتىمىز. قوماندانلىق شتابىنى ھېكلىن تېغىنىڭ ئېتىكىگە قۇرىمىز.

— ئوبدان، ۋاقىت چىقىرىپ بېرىپ كۆرۈپ باقارمەن.

بۇ، بۇندىن بىر سائەت بۇرۇنقى ئىش. ھازىر تۆگىلەرگە يەنە ئېغىر يۈكلەر ئارتىلدى، ئېشەكلەر ياتقان يېرىدىن تۇردى، ئەڭ ئاخىرقى چېدىرمۇ يىغىشتۇرۇلدى. ئەرەبلەر تۇلۇمنى يەنە بىر قېتىم قۇم ئارىلاش سۇغا تولدۇردى. بوران قۇملارنى ئۇ-چۇرتۇپ، ئادەمنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك ئاۋاز چىقىراتتى. مەن يىراقتىكى بىلئەجىبەگە تەلمۈرۈپ قارىدىم، جېپ ماشىنا كۆرۈن-مەيتتى، ئۇلار بەلكىم قورغانغا قايتقان بولسا كېرەك. ئېمىل گلانتۇس ۋە ئۇنىڭ ئوممىا بىلەن بولغان دوئىلى ئېسىمگە كېلىپ قالدى. ئۇ مېنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدىم ئىدى، چۈنكى ئۆچمەنلىك ئۇنى ھوجىالغا ئېلىپ باراتتى، ئۇ ماڭىمۇ ئەركىنلىك ئېلىپ كېلەتتى.

مەن بۇ خاتىرىلەر يېزىلغان قەغەزلەرنى قۇدۇقنىڭ بېشىدا بىر تاشنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپ، ئوممىاغا كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن ئۈستىگە قۇم چېچىپ قويدۇم. شامال قۇملارنى ئۇچۇرۇپ كەت-سە، بىرىنچى بولۇپ قۇدۇق بېشىغا كەلگەن ئادەم تاشنىڭ ئاستىدىكى قەغەزنى كۆرىدۇ. سىلەر بۇ خەتلەرنى ئوقۇۋاتقان ۋاقىتىڭلاردا مېنىڭ سادايىمغا قۇلاق سېلىڭلار:

مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭلار! سىلەر قۇملۇقتىن قورقماي، كې-لىپ مېنى ئىزدەڭلار! مەن كۈتۈمەن، سىلەرنىڭ كېلىشىڭلارنى كۈتۈمەن، مەن تىرىكلا بولسام. . .

قورقۇنچلۇق قۇملۇقتا قاچانغىچە ياشىيالايمەنكىن تاڭ. . .

كەچتە ھېرد شۋېت كوفخورد ۋە مېرسلەرنىڭكىدىن يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ ساقلىغىنى بىكارغا كەتمىدى، ئۇ 200 ماركقا ئەمەس، 350 ماركقا ئىگە بولغانىدى. كوفخورد قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئەڭ زور دەرىجىدە ھېسداشلىق قىلدى.

— ئاكىڭىزنى تېپىۋېلىشىڭىزغا تىلەكداشمەن، — دېدى كوفخورد خوشلىشىدىغان چاغدا ئۇنىڭغا، — پۇلنى قايتۇرۇش مەسلىسىگە كەلسەك، بۇنى ئانچە ئويلاپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئىمكانىيىتىڭىزنىڭ بارىچە ئىزدەڭ. ئازاب ۋە خۇشاللىق، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىنىشكە كەلسەك، بۇنىمۇ سىز بەلگىلىيەلمەيسىز. سىز چوقۇم خەت يېزىپ، بىزنى نېگىرلارنىڭ يېرىدە قانداقراق ياشىغانلىقىڭىزدىن خەۋەرلەندۇرۇپ تۇرۇڭ، بولامدۇ؟ — ئاندىن ئۇ ھېردنىڭ قولىنى قىسىپ ئىشككىچە ئۇزىتىپ چىقتى.

ھېرد يەنە ئاتلانتىك ئوكيان سەنئەت شىركىتىنىڭ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىغا كەلدى، ئۇ بارون پېرتۇشنىڭ ئالدىدا تۇراتتى. بۇ قېتىم ئۇ تۇنجى قېتىمقىدەك قورقۇپ كەتمىدى، كۇتۇپ بەك تاقەتسىزلىنىپ كەتكەچكە، قوللىرى سەل تىترەيتتى.

پېرتۇش بىر دۆۋە ھۆججەت ئارىسىدىن نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتاتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ھېردقا قاراپ قويدى، خۇددى بىر بىلمىتەك ياكى بىر ھەيكەلدەك، چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە كۆرۈلمىدى.

— ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، — دېدى پېرتۇش،

— ئەتە كونسۇلخانىغا بېرىپ كوللېكتىپ پاسپورت ئېلىڭ، ئۇس-سۇل ئۆمىكى ئالجىرغا بارغاندىن كېيىن ئۇ يەردىكى دىرېكتور-نىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. سىز ئېھتىمال ”ئەسمېرا“ ناملىق يولۇچىلار پاراخوتىغا ئولتۇرۇپ بىرىمېندىن ئالجىرغا بېرىشىڭىز مۇمكىن، — ئۇ يەنە ھېلىقى ھۆججەتلەرنى ئاختۇرۇپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ھە-راست، بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر ماشىنا كېلىپ، سىزنى بىرىمېنغا ئاپىرىپ قويىدۇ. سىز ئايرو-پىلان بىلەن بېرىشىڭىزمۇ مۇمكىن، بۇنى تېخى قارار قىلمى-دۇق. قانداقلا بولمىسۇن سىز تەكلىپ قىلىنىدىڭىز.

ئۇ خۇددى چوڭ ئەربابلاردەك، ھېردىنىڭ مىننەتدارلىقىغا تەكەللۇپ قىلىپ قويدى، ئىشىك تۇۋىدە يەنە ھېردىنىڭ مۇرىسىگە ئۇرۇپ قويۇپ پەس ئاۋازدا:

— سىزگە بەخت تىلەيمەن، ھېرد خېنىم، — دېدى ئۇ، — ئەگەر ماڭا رەھمەت ئېيتىمەن دېمەكچى بولسىڭىز، بېرلىنغا قايتىپ كەلگەندە ئېيتارسىز! يەنە يۈز كۆرۈشۈشىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

پېرتۇش بۇ ئۇسسۇل ئۆمىكى بېرلىندىن ماڭغان كۈنى بۇ ئىش بېجىرىش باشقارمىسىنى گېرمانىيىنىڭ جەنۇبىغا يۆتكەپ كەتمەكچى بولدى، ئۇ يەردە ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى بىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. ئۇ نەچچە دېڭىز-ئوكياننى ئاتلاپ بارغى-لى بولىدىغان بىرمۇنچە دۆلەتلەردىكى 65 نەپەر قىزنى ئېسىگە ئالدى، ئۇلار سېسىق نامى پۇر كەتكەن پاھىشىخانىلاردا ياشاپ، پېرتۇش دېگەن بۇ ئەبلەخنى قارغاپ تىللىغىنىچە قالاتتى. ئۇ قاراڭغۇ ئۆيدە پەردىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ دېرىزىدىن ھېردقا

قارىدى. ھېرد كوچىنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ قاتارىغا قوشۇلۇپ ئۆچىرەت تۇردى. پېرتۇش كوچا چىرىغىنىڭ ۋە نېئون لامپىلىق ئېلان تاختىسىنىڭ غۇۋا يورۇقىدا ھېردنىڭ غۇنچىدەك بويىنى، ئېگىز پاشنىلىق تۇپلەي كىيگەن چىرايلىق پۇتلىرىنى ۋە ئوڭ قولىدا كۆتۈرۈۋالغان، كەسلەنچۈك تېرىسىدىن تىكىلگەن پارقىراپ تۇرىدىغان سومكىسىنى كۆردى.

ئۇ ۋىجدان جەھەتتىن سەل خىجىللىقتا قالغاندەك بولدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ دېرىزىنى ئېچىپ ئۇنى چاقىرىپ: ”توختاڭ، شۆيت خانىم! ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كېلىڭ، ياكى ئەڭ ياخشىسى ئۇلارنى كۆيدۈرۈۋېتىڭ! مەن ھەرگىز، قانداقتۇر سەنئەت شىركىتىنىڭ كەسپىي ئىش بېجىرگۈچى خادىمى ئەمەس... مەن دېگەن... ۋاي خۇدايىمەي، نېمە دېسەم بولار؟ مەن سىزنى ساتقۇچى ئادەممەن! شۇنداق، سىزنى سېتىۋېتىمەن! سىزنى مەككار، رەزىل، يىرگىنچلىك بىر ئەرەبكە ساتىمەن. ئۇ دېگەن بىر ياۋايى ئادەم. ئۇ سىزنى ماشىنىغا سۇلاپ، بوستانلىققا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن سىزنى يەنە قەبىلە باشلىقىغا تەقسىم قىلىشىدۇ، يالغۇز سىزنىلا ئەمەس، سىز بىلەن بىللە بارغان قىزلارنىڭ ھەممىسىنى شۇنداق قىلىدۇ، شۆيت خېنىم! ئەگەر تەلىيىڭىز بولسا، سىزنى بىرەر قەبىلە باشلىقى سېتىۋېلىپ توقال قىلار... تەلىيىڭىز بولمىسا بوستانلىقتىكى تانسىخانىغا بېرىپ، ھەر قانداق بىر ئەرەب، نېگىر ياكى بەربەرلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشقا مەجبۇر بولىسىز، ئاندىن ئۇلار جوزىغا 200 ياكى 300

فرانك تاشلاپ قويدۇ.» دەپ ۋارقىرىغۇسى كەلدى.

مۇشۇنداق ئىش ئۇچۇنمۇ ماڭا رەھمەت ئېيتامسىز تېخى؟

پېرتۇش دېرىزە تۈۋىدىن نېرىغا بېرىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى. ئۇنىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ، قوۋۇزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەنىدى.

بىر قىزدىن 2 مىڭ مارك پايدا بولسا، 13 قىزدىن 26 مىڭ مارك پايدا دېگەن سۆز، كېلەر ھەپتىدە سودا پۈتىدۇ. ئاپئاق تەن بىلەن قىلىنغان سودا-دە بۇ! ئۇ تاماكىسىنى بىر شوراپ، تورۇسقا قارىتىپ پۈۋلىدى، ئاندىن يامغۇرلۇق چاپىنىنى كىيىپ، ئىتتىك سىرتقا ماڭدى. ئۇ سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ، بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇماقچى ئىدى.

ھېردقا نىسبەتەن كۈنلەر بەك تېز ئۆتۈۋاتاتتى. ئۇ پېرتۇشنىڭ خېتىدىن ئۆزىنىڭ مۇشۇ ئاينىڭ 17-كۈنى ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە بېرلىن تېنىپىلھوف ئايرودرومىدىن ئۇچۇدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، ھاياجانلانغانلىقىدىن ئېسىنى يوقىتىپ قويايلا دېدى.

—مېنىڭ تەييارلىقىم تېخى پۈتمىگەن تۇرسا! —دېدى ئۇ قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان كىيىم-كېچەكلىرىگە ۋە بۇ سەپەردە ئالىدىغان لازىمەتلىكلىرىگە قاراپ، رەنجىگەن قىياپەتتە، — بۇنداق بولىدىغان بولسا ئالىدىغان نەرسىلەرنىڭ يېرىمى ئۇنتۇلۇپ قالمىسىلا چوڭ گەپقۇ!

ئۇ يۈك-تاقلىرىنى تېڭىشقا باشلىدى ھەمدە يان ئۆيدىكى يازغۇچى قوشنىسىنى ياردەمگە چاقىرىپ، شىمالىي ئافرىقىغا نېمىلەرنى ئېلىپ بارسام بولار؟ دەپ مەسلىھەت سورىدى. گەر-

چە بۇ قوشنىسىنىڭ بەرگەن تەكلىپى ساپلا قۇرۇق نەزەرىيە بولسىمۇ، ھەر ھالدا رولى ئاز بولمىدى، ھېردنىڭ ئافرىقا توغرىسىدىكى بىر دۆۋە كىتابىنى ئېسىگە سالدى. ئۇ بىر كېچە ھەپىلىشىپ تەييارلىقىنى ئاخىر پۈتكۈزدى.

بېرلىندا يەنە بىر كۈن تۇرىدىغان گەپ! ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئاز دەككە-دۈككە بولۇپ قالدى. بۇ قورققانلىقمىكىنە؟ بەلكىم بىر قانچە ئاي يۇرتىنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلىدە پەيدا بولغان يۇرتىنى سېغىنىش ھېسسىياتىدۇر، بەلكىم باشقا يۇرتقا بولغان ئىنتىلىشتۇر ۋە ياكى تاقەتسىزلىكتۇر. كۈمۈش لاچىن قاتتىق گۈركىرىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاسماندا كۆتۈرۈل-گىچە ئۇ بۇ بىر كۈننى ئۆتكۈزۈشى كېرەك.

بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئۇ بۇ يەردىكى ھەممە ئۆيگە كىرىپ چىقتى. كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن برېمۈگ خانىم ئۇنى قۇچاق-لاپ تۇرۇپ:

—بالام، سىز ئۆزىڭىز يالغۇزلا ئافرىقىغا بارىمەن دەۋاتى-سىز، بۇ بولمايدۇ، مەن بولسام ھەرگىز بارمايمەن. سىز مۇشۇ يەردە تۇرىۋېرىڭ! مەن سىزگە بەك ئۆگىنىپ قاپتىمەن... — دېدى يىغلامسىرىغان ھالدا.

بانكا خادىمى ئۇتىكې بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن بۇرۇن يەنە مەر-ھۇم ئوقۇتقۇچىنىڭ رەپىقىسى بىلەن قاتتىق جېدەللىشىپ قالغا-نىدى، چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ ئۈچ سىئام مۈشۈكى ئۇنىڭ بالكونغا قويۇپ قويغان ناشتىلىقىنى يەنە يەۋالغان ئىكەن.

—ياشلار يەنە نۇرغۇن خەۋپ-خەتەرگە دۇچ كېلىدۇ، — دېدى ئۇ ۋەزمىن ئاۋازدا، —بىز قېرىلارغۇ ئىش كۆرگەن،

لېكىن سىز بەك پەخەس بولۇڭ بالام، ئافرىقىدا بىرەر پالاكەتچىلىككە ئۇچراپ قالماڭ، ئۇ يەردە ئۆزىڭىزدىن باشقا سىزنى قوغدايدىغان ئادەم يوق. بۇ يەردە، بۇ قورقۇنچلۇق ئۆيدە يەنە قانداق بولماقچىدى؟ —ئۇ بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، ئاندىن ئۆزى ئاغزىدىن چۇشۇرمەيدىغان گېپىنى ھاياجان بىلەن سۆزلەپلا كەتتى، —ئۈچ سىئام مۈشۈك مېنىڭ قىزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يەپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ! مۈشۈنىڭ بىلەن ئالتىنچى قېتىم شۇنداق بولدى! مەن ئۇ ئايال بىلەن جېدەللىشىپ قالدىم. مەن ئۇنىڭغا: ”قارىماسىز، قىزا يەنە يوق تۇرىدۇ! ئەگەر مۈشۈكلىرىڭىز چاڭ سالمايدىغان بولسا، مەنمۇ مۈشۈك باققۇچىڭىز بولۇپ يۈرمەيتتىم!“ دېسەم، ئۇ قوپۇپ نېمە دەيدۇ دېمەمسىز: ”ئۈتكې ئەپەندى، مېنىڭ مۈشۈكلىرىم سىزنىڭ بۇنداق ئەرزان باھالىق قىزلىرىڭىزغا قاراپ قالىدىغان بولسا چوقۇم تىرىك قالمايدۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مۈشۈكلەرمۇ بۇنداق ئەرزان باھالىق قان ئۇچەيلەرنى يېمەيدۇ...“ دەيدۇ تېخى ماڭا! ئەرزان باھالىق قان ئۇچەيلەرمىش. مەن ئېيىغا 850 مارك پۇل تاپىدىغان ئادەممەن! پەقەت ئالىي دەرىجىلىك مەززىلىك قېزىلارنىلا سېتىۋالىمەن! مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى بىر تونۇتۇپ قويىمسام! ھازىرلا بېرىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىمەن! شۇنداق، مەن چوقۇم بارىمەن! بارماي قويمايمەن! ئۇنى باشقىلارنىڭ تىنچلىقىغا دەخلى-تەرۇز يەتكۈزدى دەپ ئەرز قىلىمەن! —ئۇ پۇشۇلدىغىنىچە دەلدەڭشىپ بېرىپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى.

ھېرد ئۈتكې بىلەن سەممىمىي خوشلىشىپ، ئۈستۈنكى قەۋەتكە چىقتى. ئىككىنچى قەۋەتنىڭ كارىدورىدا ناخشا مەشق

قىلىۋاتقان ئەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. . . ئۇ ئادەم ھەر قېتىم «سېھىرلىك مەرگەن» دېگەن بۇ ناخشىنى ئېيتقاندا، دائىم ئاۋازى خىرىلداپ يىرتىق ناغرىدەك چىقاتتى. شۇنداق بولسىمۇ ھېرد يەنىلا توختاپ زەن قويۇپ ئاڭلىدى. . . ھەممە ئىش ئادەتتىكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى.

بىرمۇگ خانىم مومىلانغان پەلەمپەينى سۈرتكەچ مەرھۇم ئوقۇتقۇچىنىڭ رەپىقىسى بىلەن پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى. ئوقۇتقۇچىنىڭ رەپىقىسى ئۆتكىنىنىڭ قىلغىنى توغرا بولمىدى دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىشىۋاتاتتى. بۇ چاغدا پۇفايىل ئۈستۈنكى قەۋەتتىن چۈشۈپ كەلدى، ئۇ قولتۇقىغا بىر مۇنچە ئورىگىنالنى قىستۇرۇۋېپ، گېزىتخانىغا ماڭغانىدى. ئۇ ھېردقا ئىككى باشمالتىقىنى چىقىرىپ[1] كۆزىنى پورۇشتۇرگىنىچە:

— ئاق يوللۇق بولۇڭ، ھېرد خېنىم، سىز قايتىپ كەلگۈچە ئەدەبىيات ساھەسىدە مېنىڭ ئاز-تولا نامىم چىقىپ قېلىشى مۇمكىن، يازغۇچىلار لۇغىتىگە كىرىپ قالامدىمەن تېخى! — دېدى ئۇنلۇك ئاۋازدا.

ئىككىيلەن تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى، ئەمما ھېرد زورلاپ كۈلۈپ قويغاندەك قىلاتتى. پۈتۈن بىر كۈن ئۇ بېرلىننىڭ كوچىلىرىدا ئايلىنىپ يۈردى. قىزىق ئىش، بۇ شەھەر بۈگۈن ئۇنىڭغا باشقىچىلا يېڭىچە كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ بېرلىندا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھەر كۈنى مۇشۇ كوچىلاردا ماڭغان، لېكىن بۇ كوچىلاردىكى ئۆزگىرىشلەرگە دىققەت قىلمىغانىكەن، شۇڭا بۇ

① بىرەر كىشىگە قاراپ باشمالتىقىنى چىقىرىش گېرمانىيىلىكلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەت تىلەش ئادىتى.



www.uyghurkitap.com

شەھەر ئۇنىڭغا تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

ئۇ بىر قەھۋەخانىدا بىر ئىستاكان قەھۋە بىلەن بىر پارچە سېرىق مايلىق تورت يېدى. بۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى تېتىپ كەتتى. كېيىن ئۇ يەنە بىر قانچە قول ھۈنەر بۇيۇملىرى ماگىزىنىنى ئايلاندى... بىر ماگىزىنىنىڭ دېرىزىسىگە ئۇزۇن چۇچىلىق چاسا ئاق رومال ئېسىپ قويۇلغانىدى... بۇنى قول ماشىنىسىدا توقۇپ چىقىش ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى. يۆھاسىمىستال كوچى-سىدا مەخسۇس ماي بوياق رەسىم ساتىدىغان بىر ماگىزىن بو-لۇپ، ماگىزىندا مىگېل كۆلى[①]نىڭ مەنزىرىسى چۈشۈرۈلگەن بىر رەسىم بار ئىدى، رەسىمگە ناھايىتى يېقىملىق ۋە ماسلاشتۇ-رۇپ رەڭ بېرىلگەن، كۆرۈنۈشى كەڭرى، سىپتا ئىدى، شەكىل بىلەن مەزمۇن ناھايىتى ئوبدان بىرلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، سىس-لەي[②]نىڭ ئەسىرىگە بەك ئوخشايتتى. ھېرد بۇ رەسىمنىڭ ئاس-تىغا چىقىرىپ قويۇلغان باھاسىغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى: 420 مارك.

ئۇ مۇشۇ ئىش سەۋەبىدىن 100 ماركقا ئېرىشكەن ئەمەسمى-دى؟ ئەمدى بۇلارنى ئويلىمىغان ياخشى... ئۇ كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئىلگىرىكى تۇرمۇشى بىلەن ئادا-جۇدا بول-غان، ئۇ ھازىر بۇ ماگىزىنلارنىڭ ھەممىسىگە بارغان تەقدىردى-مۇ، ئىلگىرىكى نەرسىلەرگە شۇنداق بىر كۆز يۈگۈرتۈپلا قويا-لايدۇ خالاس، ھازىر مۇھىمى كەلگۈسى ئۈچۈن شىجائىتىنى

① مىگېل كۆلى بېرلىنىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا بولۇپ، كۆلىمى 7.5 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ.

② سىسلەي (1839—1899)، فرانسىيىلىك رەسسام.

www.uyghurkitap.com

ئۇرغۇتۇش.

كۈن چۈش بولغاندا، ئۇ ھېرىپ-چارچىغان ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەلدى-دە، تامىقىنى يەپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. يەنە يېرىم كۈن ۋە بىر كېچە قالدى! ئۇنىڭدىن كېيىن، ئايروپىلاننىڭ توت پىرقىرىغۇچى ئاستا-ئاستا ئايلىنىپ، بارغان-سېرى ئىتتىكلەيدۇ، ئاندىن بىر پارقىراق نەرسە سىلكىنگەن ھالدا ئۇچۇشقا باشلايدۇ... ئۇچقۇچى بۆلمىسىنىڭ ئىشىكى ئۈستىدە: ”تاماكا چەكمەڭ! بىخەتەرلىك تاسمىسىنى چىگىۋې-لىڭ!“ دېگەن كۆزنى چاقنىتىدىغان بىر قۇر خەت كۆرۈنىدۇ، بىرلىن بىردەمدىلا ئايروپىلاننىڭ ئاستىدا قالىدۇ، كەڭ كەتكەن ئىمارەتلەر، خافېر دەرياسى، كۆللەر، ئېتىزلار ۋە كەنت-مەھەللىلەر ئارقىدا قالىدۇ... ئايروپىلان ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلى-دۇ... بۇلۇتلار يۇمىلاق دېرىزە تۈۋىدىن غۇيۇلداپ ئۆتىدۇ، قۇياش نۇرى ئايروپىلان قانىتىغا چۈشىدۇ... كىشىلەر ئاسماندا قۇشتەك ئۇچۇپ، پەستىكى زېمىنگە نەزەر سالىدۇ، زېمىن پىر-قىراۋاتقان بىر خەرىتىگە ئوخشاش كۆرۈنىدۇ...

بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۇنتۇلغۇسىز بىر كەچۈرمىش بولى-دۇ-دە...

گۈگۈم قاراڭغۇلۇقى يېيىلىپ، بېرلىندا تۈمەنلىگەن چى-راغلار يورۇدى. مەرھۇم ئوقۇتقۇچىنىڭ رەپىقىسىنىڭ يەتتە سىئام مۈشۈكى ئۇدۇل ئوچاقنىڭ يېنىدىكى ئۆينىڭ ئۈستىدە ئۆزلىرىنىڭ كېچىلىك بەزمىسىنى باشلىدى، بانكا خادىمى ئۇتكې يەنىلا غودۇڭشۇپ بىر نېمىلەرنى دېمەكتە ئىدى، پۇفايىل ما-شىنكىدا يېڭى يازغان ھېكايىسى ۋە بىر شېئىرىنى ئۇرۇۋاتاتتى،

بىرمۇگ خانىم قاچا-قۇچىلىرىنى يۇيۇۋاتاتتى. يۇقىرى ئاۋازلىق ئەر ناخشىچى خورنىڭ ”بەختلىك چاغلاردا بولسەن پەيدا“ دېگەن مىسراسىنى ئېيتىۋاتاتتى... ھېرد بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈپ قويدى، ئۇ ئايرىلىش تۈپەيلىدىن بولىدىغان ئېغىر كۆڭۈل غەشلىكىنى ئاللىقاياقلارغا چۆرۈۋەتكەندى.

ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بۇ كېچىدە چۈشمۇ كۆرمەستىن تىپتىنچ ئۇخلىدى.

ئەتىگەن سائەت تۆتتە قوڭغۇراقلىق سائەتنىڭ قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. ئۇ ئويغىنىپ بىر ھازادىن كېيىن ئاران كۆزىنى ئاچتى. ئىشىك تۈۋىدىكى چامادانىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئەمدى بۇ يەرگە قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

سائەت تۆت يېرىمدا ئاۋايلاپ دەسسەپ ئۆيدىن چىقتى. كوچا قۇپقۇرۇق بولۇپ، بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرى مەھكەم تاقاقلىق بولۇپ، كىشىلەر شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى.

ئۇ ئۇياق-بۇياققا دوقۇرۇپ يۈرگەن بىر تاكسىنى توسۇپ، شوپۇرغا تېنبورخوف ئايرودرومىغا ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتتى.

كۈمۈش رەڭ بىر ئايروپىلان كۈن نۇرى بالدۇر چۈشىدىغان ئۇچۇش يولىدا توختىتىپ قويۇلغانىدى. ئايرودروم رېستورانىدا يەتتە قىز ئولتۇراتتى، ئۇلارمۇ ئافرىقىغا بارىدىغان 13 قىزنىڭ ئىچىدىكىلەردىن ئىدى. ئۇلار ئەمدىلا ئىشتىن چۈشكەن ئامېرىكىلىق ئۇچقۇچىلار بىلەن چاقچاقلاشقاچ ساقلاپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ھېرد بىلەن سالاملىشىپ قول ئېلىشقاندىن كېيىن، بىرمۇنچە سوئاللارنى سوراشتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى گۈزەل نازىد-

www.uyghurkitap.com

ننلار بولۇپ، بىرقانچىسى قېنىق گىرىم قىلىنۋالغانىدى، ئۇلار ئۇسسۇلچى قىزلار ئىدى.

— ئاۋۇ تەرەپكە بېرىپ، ئاۋۇ سېمىز سودىگەرنىڭ يېنىنى قۇرۇقداپ قويمامدۇق! — دېدى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرگۈدەك سېرىق چاچلىق بىر قىز، ئۇ ئاددىيلا قىلىپ ئىسمىنى ئېۋىن دەپ تونۇشتۇردى.

ھېرد چوڭ دېرىزىدىن ئۇچۇش يولىدىكى ئايروپىلانغا قاردىغىنىچە لام-جىم دېمەستىن بىر بولۇڭدا ئولتۇردى.

بىر ماي ماشىنىسى كەلدى، ئۇزۇن بىر رېزىنكە تۇرۇبا ئايروپىلانغا ئۇلاندى، ئايرودروم خىزمەتچىلىرى ئۇچقۇچى بىلەن بىر نېمە دەپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. بىر خىزمەتچى قىز قولىدىكى يولۇچىلار تىزىملىكىنى تاموژنىدىكى تىزىملىك بىلەن سېلىشتۇرۇۋاتاتتى. سائەت بەشتە پېرتۇش يېتىپ كەلدى، ئۇ ھەر بىر قىزنىڭ مەڭزىگە سۆيۈپ، ئەھۋال سورىغان بولدى. ئۇ ھېردنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بىر ئاز ئىككىلىنىپراق قولىنى ئۇزاتتى.

— ئافرىقىغا بېرىپلا مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — مېنىڭ سىزگە دەيدىغانلىرىم مۇشۇ.

ھېرد بېشىنى لىڭشىتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنمىدى.

ئايروپىلان دەل ۋاقتىدا — سائەت ئالتىدىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ئۇچتى، ئايرودروم ئۈستىدە خوشلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ بىر ئايلىنىۋېتىپ، بۆلۈتلارنى يېرىپ غەربكە قاراپ ئۇچۇپ كەتتى.

ئۇچقۇچى بۆلمىسىدە تېلېگراف ئاپپاراتى ”تىت-تىت،

تىت-تىت“ قىلىپ ئاۋاز چىقىرىۋاتاتتى.

ھەممە ئىش نورمال ئىدى، ئايروپىلان غەربىي شىمال تە-رەپكىرەك كېتىۋاتاتتى.

پېرتوش ئايروپىلاننىڭ ئۈچۈش يولىدا يالغۇز تۇرغىنىچە يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئايروپىلانغا قاراپ قالدى، ئۇنىڭ چاچلىرى-نى شامال ئۇچۇرتۇپ، يېرىمىنى ئالدىغا چۇشۇرۇپ قويغاند-دى.

—خوشلىشىش دېگەن شۇنداق ئېغىر بولىدۇ، —دېدى ئۇ-نىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئايرودروم خىزمەتچىسى.

—شۇنداق، خوشلىشىش... ھەقىقى خوشلىشىش...

پېرتوش بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ئۇ بۇرۇلۇپ ماشىنىسى تەرەپكە قاراپ ئاستا يۈرۈپ كەتتى.

ئالجىردا، ئۈچىنچى نومۇرلۇق پىرىستاندا ئۆمەر بىننى سۇ-لايمان دېگەن ئەرەب ساقلاپ تۇرغىلى بىر نەچچە كۈن بولغانىدى، ئۇ مۇشۇ 13 قىزنى سېتىۋالغان كىشى ئىدى.

ئۈچ كۈندىن بېرى، ”ئەسمىرا“ ناملىق بۇ 5000 تونىلىق پار پاراخوتى ئىزچىل تۇردە بىرىمىن پورتىدا تۇراتتى. بۇ ھەم يولۇچى ھەم يۈك توشۇيدىغان پاراخوت بولۇپ، ئىتالىيىنىڭ دۆلەت بايرىقى ئېسىقلىق ئىدى. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇنىڭغا لىق يۈك قاچىلانغانىدى، بۇ يۈكلەر ئاساسلىقى بىرىمىندا ئىش-لەنگەن پىكاپلار ئىدى. ئەمدى پاراخوتقا يولۇچىلار چىقسىلا بولاتتى.

پاۋىل ھاندرىك بىرىنچى تۇركۈمدە پاراخوتقا چىققان يولۇ-چىلاردىن ئىدى، ئۇ پاراخوت بېلىتى ۋە پاسپورتىنى كۆرسەتكەن-

www.uyghurkitap.com

دىن كېيىن، پاراخوت كاپىتانىنىڭ ئىككىنچى ياردەمچىسى ئە-
دەب بىلەن دېدى:

— سىزنىڭ ئورنىڭىز 18-بۆلمىدە ئىكەن، ئىككىنچى قە-
ۋەتتە، ئەپەندىم.

— رەھمەت، — دېدى هاندرىك.

بۇ چاغدا بىر هامىمال ئۇنىڭ ئىككى يۈك-تاق ساندۇقىنى
ئېلىپ كېلىپ پاراخوت كۈتكۈچىسىگە بەردى. ئارقا پالۋبادا
كىران ”تاراق-تۇرۇق“ قىلىپ يۈك بۆلمىسىگە يۈك-تاقلارنى
كىرگۈزۈۋاتاتتى، پاراخوت كاپىتانىنىڭ باش ياردەمچىسى ئۇد-
لۇك ۋارقىراپ قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ جاراڭلىق ئىتا-
لىيانچە ئاۋازى پاراخوت ئۈستىدىكى ئاسماندا ئەكس سادا پەيدا
قىلاتتى.

هاندرىك بۇرۇلۇپ پرىستان تەرەپكە قارىدى. برىمبىن چىر-
كاۋىنىڭ قوڭغۇراقخانىسى پارلاق كۈن نۇرىدا سۈرەتتىكىدەك ئو-
چۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يان تەرەپتىكى پرىستاندا مال قاچىلاد-
غان بىر قانچە يۈك پاراخوتى ۋە ماي پاراخوتى تۇراتتى. بىر
تاموژنا چارلىغۇچى قېيىقى بولغانلىقى دېگىنىز سۈيىدە كەڭ بىر
سۇ يولى قالدۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. چارلىغۇچى قېيىقىنىڭ ئالدى
پالۋباسىغا قارا، قىزىل، سېرىق ئۈچ خىل رەڭلىك بىر بايراق
قادالغان بولۇپ، شامالدا يەلپۈنۈپ ۋىژىلداپ ئاۋاز چىقىراتتى.

— بىر نەرسە ئىزدەۋاتامسىز، ئەپەندىم؟ — دەپ سورىدى
بىر سېرىق يەڭ بەلگىسى تاقىۋالغان پاراخوت خادىمى.

— هېچ نەرسە ئىزدىمىدىم، رەھمەت. سىز پاراخوت باشلى-
قى بولامسىز؟

— شۇنداق، ئەپەندىم. ئىسمىم مارىئو برېتتاس. سىز دوختۇر، شۇنداقمۇ ئەپەندىم؟ مەن يولۇچىلارنىڭ تىزىملىكىدىن كۆردۈم.

— شۇنداق، ئىچكى كېسەللەر دوختۇرى.

— بۇگۈن كەچتە سىزنى بىز پاراخوت خادىملىرىنىڭ ئاشخانىسىغا تاماققا تەكلىپ قىلسام بولامدۇ؟ بىزنىڭ پاراخوتتىكى دوختۇرىمىزنىڭ سىز بىلەن بەك تونۇشقۇسى بار ئىكەن. بەلكىم بىز سەپەر ئۈستىدە سىزنى ئاۋارە قىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

ھاندرىك پاراخوت باشلىقىغا قىزىقسىنىپ قارىدى:

— پاراخوت خادىملىرىدىن ئاغرىپ قالغانلار بارمۇ-قانداق؟

مارىئو برېتتاس كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— شۇنداق، دوختۇر دېگەن دوختۇر-دە!

— ماقۇل ئەمىسە! — ھاندرىك ئورۇق، ئاپئاق قولىنى سۇندى، — تەكلىپىڭىزنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىمەن.

— رەھمەت، دوكتور ئەپەندىم.

ھاندرىك ئالىي بۆلمىلەرنىڭ كارىدورىدىن ئۆتۈپ شوتا تەرەپكە كېتىۋاتقان برېتتاسنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى. ئۇ ناھايىتى بەستلىك ئادەم ئىدى، چىرايى دېڭىز شامىلىدا قارىداپ كەتكەن بولۇپ، ئىنچىكە بۇرۇت قويۇۋالغانىدى. ”ئۇ چوقۇم ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىن، — دەپ ئويلىدى ھاندرىك، — كونكرېت ئېيتقاندا، بەلكىم پادۇيەلىك، فلورېنسىيەلىك ياكى ۋېرونالىق بولسا كېرەك.“ ئۇ ئۆزىنىڭ بۆلمىسىگە كېتىۋېتىپ شۇنداق ئويلىدى. پاراخوت خادىمى ئۇنىڭ چامىدانىنى بۆلمىسىگە ئەكىرىپ قويغان ھەمدە ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان قەھۋە تەييار-

لاپ قويغانىدى.

ھاندرىك بىر ئاھاڭغا غىڭشىغىنىچە پەلتوسىنى سالدى، كۆڭلىكىنىڭ يېڭىنى تۈرۈپ، قوللىرىنى يۇدى، ئاندىن قەھۋەنى ئۆرە تۇرۇپ ئىچىۋېتىپلا بۆلمىدىن چىقتى. ئۇ شوتىنىڭ بالدىقىغا يۆلەنگىنىچە ئۇياق-بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان يولۇچىلارغا سەپسالدى.

پاراخوت قوزغىلىش ئالدىدا، ئەتراپنى قالايمىقانچىلىق ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭ قاپلىدى. يولۇچىلار ئاپتاپقا قاقلىنىدىغان پالۋىدا پاراخوت سازەندىلىرى ئىتالىيە مارشى ۋە تانسا مۇزىكىسىنى ئورۇنلىدى. ئەتراپتىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ مۇزىكىنى بېسىپ كەتتى. پاراخوت شوتىسىنىڭ يېنىدا باش ياردەمچى سىمىز بىر ئايال بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى، ئايال جىددىيلەشكەنلىكىدىن ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالايلا دېگەنىدى، قارىغاندا ئۇنىڭ پاسپورتىدا چاتاق باردەك قىلاتتى. يېشىل تاموژنا كىيىمى كىيگەن بىر خادىم كېلىپ ئارقا تەرەپتىكى يولۇچىلارنىڭ ئۆتۈۋېلىشى ئۈچۈن ھېلىقى ئايالنى بىر چەتكە تارتتى.

ئالاھەزەل سائەت توققۇزلاردا پاراخوتقا بىر توپ سەتەڭلەر چىقتى. ئۇلار ئۇنلۇك ناخشا ئېيتقىنىچە ئۇزۇن كارىدوردا خۇشال كەلمەكتە ئىدى، بىر ماتروس ئۇلارنى ئالدى پالۋىغا ئېلىپ چىقتى. ھاندرىك كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇلارنىڭ كۆڭلەكلىرىنى پۇلاڭلىتىشىپ تىك شوتىغا ئۆمىلەپ چىقىشلىرىغا قاراپ، پىخىلداپ كۈلۈشۈپ تۇرۇپ كۆرسىتىۋاتقان شوتىغا يامىشىش ماھارىتىنى تاماشا قىلدى.

— ئۇماق جانانلار ئىكەن، شۇنداق ئەمەسمۇ، دوكتور ئەپەن-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىم؟ بۇلار ياش قىزلاردىن تەركىب تاپقان ئۇسسۇل ئۆمىكى، ھەممىسى بىرلىنلىق قىزلار ئىكەن. . . — ئەسلىدە ئىككىنچى ياردەمچى ھاندرىكنىڭ يېنىدا تۇرغانىكەن.

— ھە، بىرلىنلىق قىزلار؟ — ھاندرىك كارىدورنى بويلاپ ئالدى پالوباغا چىقىدىغان شوتىنىڭ قېشىغا كەلدى، بۇ يەردىن ئىككىنچى دەرىجىلىك بۆلمىلەرنىڭ بەزىلىرىنى ۋە ئوزۇق-تۈلۈك بۆلمىسىنى كۆرگىلى بولاتتى. ئۇ پالوبانىڭ رېشاتكىسىغا يۆلەن- گىنىچە پەرىستانغا خىيال ئىلكىدە نەزەر سېلىۋاتقان، قاپقارا چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان، چىرايىنى غەمكىنلىك باسقان بىر ئۇسسۇلچى قىزنى كۆرۈپ ئەجەبلىنىپ قالدى. ھاندرىك بىر ئاز ئىككىلىنىپ، ئاندىن شوتىغا چىقتى-دە، ئۇ قىزنىڭ قېشىغا باردى. قىز ھاندرىككا دىققەت قىلماي، رېشاتكىنىڭ تۈۋىدە مى- دىرلىماستىن تۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىراڭغۇ ھەم ئورۇق ئىدى.

— سىز ھەر قېتىم گېرمانىيىدىن ئايرىلغاندا مۇشۇنداق غەمكىن بولامسىز؟ — ھاندرىك پەس ئاۋازدا سورىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى سەل-پەل پۈتۈپ قالغاندەك قىلاتتى.

قىز يېنىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ، يەنە پەرىستان تەرەپكە قارىدى.

— بۇ مېنىڭ تۇنجى قېتىم گېرمانىيىدىن ئايرىلىشىم، — دېدى قىز پەس ئاۋازدا، — ئافرىقىغا بېرىپ ساياھەت قىلىش ئەلۋەتتە پەيزى ئىش، بىراق مەن يەنىلا بىئارام بولۇۋاتىمەن.

— ئافرىقىغا؟ — ھاندرىكنىڭ قويۇق قاشلىرى لىككىدە كۆ- تۈرۈلۈپ كەتتى، — ئۇسسۇل ئۆمىكىدىكىلەر تۇنىسقا بارامدى-

لەر؟

— ئالجىرغا بارىمىز.

— ئۇ بىر گۈزەل شەھەر، مەن ئۇ يەرگە بارغان، ئاپئاق ئۆيلەر قاتارىسىغا پەلەمپەي شەكىللىك تاشلار ئۇستىگە سېلىنغان، بوسۇغا تۈۋىدىلا كۆپكۆك دېڭىز. بۇ شەھەر ناھايىتى چوڭ، چوڭ-كىچىكلىكى بېرلىنندەك كېلىپ قالىدۇ...

— سىز بېرلىننى ئوبدان بىلەمسىز؟

ھاندرىك بېشىنى لىڭشىتتى:

— مەن بېرلىنلىق.

— بۇ بەك ياخشى بولدى! — قىز بۇرۇلۇپ ھاندرىكقا دوستانە نەزىرى بىلەن قارىدى، — سىزمۇ ئافرىقىغا بارامسىز؟

— شۇنداق، يەنە كېلىپ مەنمۇ ئالجىرغا بارىمەن، بۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى. ئىسمىم پاۋىل ھاندرىك.

— مەن ھېرد شۆيت بولىمەن، — قىز گۇمانىي نەزەر بىلەن ئۇنىڭغا سەپسالدى، — ھاندرىك ئەپەندى، مېنىڭ قىزىققاقلىقىمنى كەچۈرگەيسىز، سىزمۇ سەنئەتكارمۇ؟

— ئەپسۇس، مەن سەنئەتكار ئەمەس، دوختۇر، ئىچكى كېسەللەر دوختۇرى.

— ھە، مۇنداق ئىكەن-دە.

ھېرد يەنە رېشاتكىغا يۆلەندى. ھاندرىك ئۇنىڭ سۇزۇك بويۇنلىرىغا ۋە يۇمشاق، قارا بۇدۇر چاچلىرىغا قارىدى، ئاجايىپ بىر خىل سېزىم ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىغا تارىدى... بۇ سېزىم ئۇنى مەلۇم بىر ئادەمنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىشقا، ئۇنى ھېچقانداق بەختسىزلىككە ئۇچراتماسلىققا ئۈندەيتتى.

—سىز ئالجىرنىڭ قەيېرىدە تۇرماقچى، شۋېت خېنىم؟ — دەپ سورىدى هاندرىك.

هېرد مۇرىسىنى قىستى:

—بۇنى تېخى ئۇقمايمىز.

—ئۇنداقتا سىلەر ئالجىردىلا بولامسىلەر؟

—بۇنىمۇ ئېنىق بىلمەيمىز، بىز پەقەت تەكلىپ بويىچە ئالجىرغا بارىدىغانلىقىمىزنىلا بىلىمىز.

هاندرىك هېردقا بىرئاز ئەجەبلىنىپ قارىدى:

—بۇلار سىلەرنىڭ توختىمىڭلاردا ئېنىق يېزىلمىغانمۇ؟

—شۇنداق، يېزىلمىغان. بىزنى ئالجىردا بىر كىشى كۈتۈۋالىدۇ، قالغان ئىشلارنى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىمىز. بېرلىندىكىسى ناهايەت بىر تونۇشتۇرۇش ئورنى.

—قىزىق ئىش، —هاندرىك رېشاتكىغا كەينىچە يۆلىنىپ تۇرۇپ هېردنىڭ تاتىراڭغۇ، مىسكىن چىرايىغا تىكىلدى.

—مېنىڭچە، خېنىم، سىزنىڭ ئىشلىرىڭىزغا كۆڭۈل بۆلۈپ قويسام بولغىدەك. سىز بېرلىنلىق قىز ئىكەنسىز... شۇڭا، مېنىڭ سىزگە كۆڭۈل بۆلۈش مەسئۇلىيىتىم بار دەپ قارايمەن! مەن ئالجىردا بىر مەزگىل تۇرىمەن. كىشىلەر مېنى هامبۇرگدىن سەهرايى كەبىر قۇملۇقىدىكى بىر خىل قان كېسەللىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتتى. بىر قىسىم گېرمانىيىلىك دېڭىزچىلار ئافرىقا پورتلىرىدا مۇشۇنداق كېسەلنى يۇقتۇرۇۋاپتۇ. بۇ كېسەلنىڭ يۇقۇمچانلىقى بەك كۈچلۈك، شۇڭا ئۇ هامبۇرگ تىبابەت ساهەسىدىكىلەرنىڭ ئېتىبارىنى قوزغىدى. مانا قاراڭ، شۇنداق بولغاندا، مەن ئۆزى يالغۇز لوكچەكلەر، قەلەندەرلەر،

قاراقچىلار ۋە ئادەم سودىگەرلىرىنىڭ ئارىسىدا قالغان قىز يۇرتدىشىمغا كۆڭۈل بۆلۈدىغان بولدۇم.

— رەھمەت، — ھېردىنىڭ چىرايىدا بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلكە ئەكس ئەتتى، — ئافرىقا ئۇ قەدەر يامانمۇ ئەمەستۇ؟!

ئۇلار پالوبادا بىر سائەتتىن كۆپرەك تۇرۇپ، كېمە قوزغالغان چاغدىكى قىزغىن مەنزىرىنى بىرلىكتە تاماشا قىلدى. ھېرد تۇرۇپ-تۇرۇپ ھاندرىككە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قوياتتى. قۇياش نۇرى ئۇنىڭ قارامتۇل يۈزىدە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى نېپىز بولۇپ، چېچىغا ئاق سانجىغانىدى. ئۇ ئۇچىسىغا بىر يۈرۈش كۈل رەڭ كاستۇم-يۇبكا، پۇتىغا ئاق بەتىنكە كىيگەنىدى. كۆڭلىكى سەل كىر بولۇپ قالغان بولۇپ، ياقىسى يىرتىلىشقا ئاز قالغانىدى... ھېرد بۇلار دەل بىر بويتاق ئەرنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى. بويتاق ئەرلەر كۆپىنچە بۇ كىچىككىنە ئىشلارنى نەزىرىگە ئىلمايدۇ، ئەمما بۇلار دەل ئاياللارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان نىشاندۇر.

قۇياش پالوباغا نۇرىنى سەپتى، بۈگۈن ئەتىگەن ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق ئىدى، ماتروسلار ھەممە شىرەنىڭ قېشىغا چوڭ كۈنلۈك ئورنىتىشقا باشلىدى. ئەڭ ئاخىرقى يولۇچىلار شوتىغا ئالدىراپ چىقىشىۋاتاتتى. پاراخوت باشلىقى شوپۇرلار بۆلمىسىنىڭ سىرتىدىكى رېشاتكىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ يۈك بۆلمىسىدىن چىققان باش ياردەمچىسى بىلەن پاراڭغا چۈشتى. ئىككىنچى ياردەمچى يەنە يولۇچىلارنىڭ تىزىملىكىنى بىكار قىلىنغانلىرى بىلەن قوشۇپ پاراخوت ئىشلىرى بۆلۈمىدىكى بېلەتلەر بىلەن

سېلىشتۇرۇپ چىقتى. بىردىنلا گۇدۇك چېلىنىپ، پورت قولاق-
نى يارغۇدەك شاۋقۇن-سۈرەن دېڭىزنىغا ئايلىنىپ قالدى. ھېرد
ئىختىيارسىز تىترەپ، چىرايى تېخىمۇ تاتىرىپ كەتتى.

—كەچۈرۈڭ، —دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، —مەن گۇدۇك ئاۋازىنى بەك كۆپ ئاڭلاپ كەتكەن، بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان ئەسلىمىلەر. ئۇ مېنىڭ تېخى بالا ۋاقتىلىرىم ئىدى، بۇ كەچۈرمىشلەر خاتىرەمگە چوڭقۇر ئورنىشىپ قاپتىكەن. . .

—بىلىمەن. سىز ھازىر ئافرىقا ۋە بىزنىڭ ھەمراھ بولۇپ سەپەرگە چىققىنىمىزدىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئويلىماڭ. سىز-نىڭ كەينىڭىزدە قالغىنى قەدىمىي دۇنيا. . . ئۇنى ياد ئېتىشكە ئەرزىمەيدۇ. ئىنتايىن گۈزەل ئۆتمۈش بولغان تەقدىردىمۇ، كى-شىلەر ئۆتمۈش ئۈچۈن ئەسلىمە گۈلچەمبىرىكى توقۇماسلىقى كېرەك. كىشىلەر بېرىپ باقمىغان جايلار ھامان ئىنسانلارنىڭ ئەڭ تەلپۈنىدىغان جايى. . . بۇنى بىر ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئېيتقانى-كەن، ئۇ ھېچقاچان ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن قانائەت ھاسىل قىل-ماپتىكەن.

ھاندرىك ھېردنى سايىۋەن ئاستىدىكى تانسىخانىغا باشلاپ بېرىپ تانسا ئوينىدى. سۇرىگۈچى كېمە، پاراخوتنى سۆرەپ پورتتىن قوزغالدى، ئۇزاتقۇچى كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى قول پۇلاڭلاتسا، بەزىلىرى قول ياغلىقلىرىنى پۇلاڭلىتاتتى. پاراخوت گۇدۇك بېرىپ، پورتتىكى باشقا پاراخوتلار بىلەن خوشلاشتى، پاراخوت باشلىقى رولچى بۆلۈمىنىڭ پەلەمپىيىدە تۇرۇپ كىشى-لەرگە ئېھتىرام بىلدۈردى.

ئۇلار پاراخوت گېرمانىيىدىن ئايرىلىۋاتقان پەيتتە تانسا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئوينىدى، شۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولۇپ كەتمەسلىكى مۇمكىن ئىدى. پاراخوت قولتۇقتىن چىققاندىن كېيىن، ھېرد رېشاتكىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ دېڭىز بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدا ئاستا-ئاستا غايىب بولۇۋاتقان ئۇزۇن ساھىلغا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداپ، يۈرىكى ئاغقاندەك بولدى، تاپىنى ئاستىدا شىددەتلىك دولقۇن ئۆركەشلەيتتى، غايەت يوغان پىرقىرىغۇچ، سۇلارنى بىرىنچى رەتتىكى پەلەمپەي كۆزنىكىگىچە چاچرىتاتتى. بىر كۆچمە مايالا بۇ تەرەپكە قاراپ ئېھتىرام بىلدۈرۈۋاتقاندەك، دېڭىز دولقۇنىدا تەۋرىنەتتى.

—رەھمەت سىزگە، —ھېرد ھاندرىكنىڭ قولىنى قىسىپ پەس ئاۋازدا دېدى، —سىز بولمىغان بولسىڭىز مەن چوقۇم يىغلاپ كېتەتتىم...

ھاندرىك بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇنىڭ مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ تۇتتى. ئىككىيلەننىڭ بەدىنى تېگىشىشى بىلەن ھېرد بىر ئاز ھودۇققاندەك بولدى، ئەمما تېزلا ئەسلىگە كەلدى. ئۇ كۆن نۇرىدا جىمىرلاپ تۇرغان دېڭىزغا قاراپ ھەسرەت بىلەن:

—گېرمانىيىنى ئەمدى قاچانمۇ كۆرەرمەن؟ —دېدى.

—بۇلارنى ئويلاۋەرمەڭ، —دېدى ھاندرىك ئۇنى ئەيىبلەپ بىر بارمىقىنى چىقىرىپ، —خۇشاللىنارلىق ئىشلارنى ئويلاڭ!

ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئۇزۇن چاچلىرى ئالدىغا سىيرىلىپ چۈشتى:

—خۇشاللىنارلىق ئىش دەمسىز؟ —ئۇ بىر ئاز ئويلىنىپ-راق دېدى، —مۇشۇ خۇشاللىنارلىق ئىش بولۇپ قالسا دەيمەن، ئۇنى تاپالىسام...

ھاندرىك لەۋلىرىنى چىشلىدى، بىر خىل يېقىمسىز سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلىدى.

—سىز بىر ئەر كىشىنى ئىزدەمسىز؟ —ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ سورىدى.

—شۇنداق، ئۇ قۇملۇقتا يوقاپ كەتكەن.

—بۇ كىشىنى تېپىش سىز ئۈچۈن بەك مۇھىممۇ؟

—بەك مۇھىم، —ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ھاندرىكقا قارىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قارىشى ھاندرىكنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ، قەلبىگە ئازاب سالدى، ئۇنىڭ قارىشى ھاندرىكنىڭ يۈرىكىگە ئۆتكۈر خەنجەر سانجىلغاندەك بولدى، —مەن ئۇنى دەپلا ئافرىقىغا كېتىپ بارىمەن. . .

ھاندرىك ئۇندىمەستىن ئۇنىڭ قېشىدىن بىر قانچە قەدەم يىراقلاپ، رېشاتكىغا يۆلەندى. ئۇنى غېرىبلىق، ئىنتايىن كۈچلۈك غېرىبلىق باستى. ئۇ قايىنىغاندەك بۇژغۇنلاپ تۇرغان دېڭىز سۈيىگە قارىغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. ھېرد بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندىمۇ ئۇندىمىدى. دېڭىز ھاۋاسى بىر ئاز سالقىنلاپ قالغانىدى، كۈن نۇرى نەم ھاۋادىن چېچىلماقتا ئىدى.

”بىر ئەر كىشى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، —پۈتۈنلەي ئۇنداق ئەمەستۇ. يەر شارىدا بىر مىليارد ئەر كىشى بار. بىر گۈزەل قىز بىلەن تونۇشقىنىمغا ئەمدىلا بىر سائەت بولغان تۇرسا، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىردىنبىر ئەر كىشى بولۇشنى ئويلاپ كەتكىنىمنى قارىمامدىغان. بۇ ئەخمەقلىق، نادانلىق، يۈزى قېلىنلىق-تە!“

كۆتكۈچى هاندرىكقا تائام تىزىملىكىنى ئەكىلىپ بەردى، هاندرىك رەھمەت ئېيتىپ تىزىملىكنى ئېلىپ، قاراپمۇ قويماستىن يانچۇقىغا سالدى.

—بىردىنلا ئەجەب جىمىپ كەتتىڭىزغۇ؟ —ھېرد ئۇنىڭ تىزىغا ئۇرۇپ قويدى.

—جىمىپ؟ ھە، مۇنداق گەپ ئىدى دەڭا، —هاندرىك ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇنىڭ قاپقارا، شەھلا كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى، زىلۋا بويىغا كۆز سالدى، —دېڭىزنى كۆرسەملا گەپ قىلالماي قالىمەن. دېڭىز ئادەمنى كەم سۆز قىلىپ قويىدىكەن، چۈنكى ئادەملەر ئۇنىڭ چەكسىز كەڭلىكىنى ھېس قىلىدۇ-دە. مانا بۇ دېڭىزنىڭ سېھرىي كۈچى! ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا بىز نېمىتتۇق؟ بىز ناھايەت دېڭىزدىكى كىچىككىنە بىر قولۋاق...

—باياتىنقى گەپ-سۆزلىرىڭىز پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى، مەن تېخى سىزنى خۇشخۇي ئادەم ئوخشايدۇ دەپتىكەنمەن...

ھاندرىك قىز تەرەپكە ئۆرۈلدى:

—ئېيتقىنىڭىز توغرا، بىز مەيخانىغا كىرەيلى. بايا بەزىبىر ئىشلار... بىر خىل ۋىرۇس ئىسىمگە كېلىپ قالدى، ئۇ ئۆشتۈمتۇت ئادەمنىڭ تېنىگە كىرىپ، پۈتۈن بەدەننى پالەچ قىلىپ قويىدۇ، ئادەمدە ساختا سېزىم پەيدا قىلىپ، غەلىتە خىياللارنى تۇغدۇرىدۇ، ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، كىشىنى خام خىيالنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان قىلىپ قويىدۇ.

—سىز راستىنلا مۇشۇنداق ۋىرۇسنى ئويلاۋاتامسىز؟

—شۇنداق، —دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، —شۇ ۋە-ىرۇس ئېسىمگە كېلىپ قالدى، خالاس. بۇ ئىش ئۆتۈپ كەتتى، يۈرۈك.

ئۇلار يولۇچىلار ئاپتاپقا قاقلىنىدىغان پالوبانى بويلاپ، پەسكە چۈشىدىغان شوتىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. شوتىدا ئۇلار پاراخوت باشلىقى مارئو برېتتاس بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، پاراخوت باشلىقى ئۇلارغا ھەيران بولۇپ سەپسېلىپ قاراپ كەت-تى. ئۇلار مەيخانىنىڭ بوسۇغىسىغا بېرىشىغا پاراققىدە كۈلكە ئاڭلاندى. ھېردنىڭ قىز ھەمراھلىرى ئېگىز ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ، بايىلا تونۇشقان بىر بۆلۈك يولۇچىلار بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.

—قايتىپ كېتەيلى، —دېدى ھاندرىك مەيخانىغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ، —مېنىڭ سىز بىلەن بىر دەم بىللە بولغۇم بار. بۇ سۆز ئاڭلىماققا شەخسىيەتچىلىكتەك تۇيۇلىدۇ. . . ئەمما بۇن-داق ئېھتىمالمۇ يوق ئەمەس، —ئۇ سەل تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، —دېمەكچىمەنكى، سىز بىلەن سەپەرداش بولغى-نىمدىن بەك خۇشالمەن. . .

ھېرد چۈشەنمىگەن سىياقتا بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇلار يەنە پالوباغا چىقىپ، رېشاتكىغا يۆلەنگىنىچە دېڭىزغا تىكىلدى. دې-ڭىز شاۋقۇنى ئۇلارنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تېزلىتىۋەتكەندەك قىلاتتى.

هېچقانداق خەرىتىدىن ئودبابا بوستانلىقىنى تاپقىلى بولمايدۇ، ئۇ ئەتراپىدا 47 تۇپ ياۋا چىلان دەرىخى ئۆسكەن بىر قۇدۇقتىنلا ئىبارەت، خالاس.

بۇ، قۇملۇقتىكى قىزىقلا. ئويلىسا كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر يەر، قۇدۇقنىڭ ئەتراپى بىر ئاز نەم بولغاچقا، كىچىككىنە يەردە ئازراق ئۆسۈملۈك ئۆسكەن. ئودباباغا بارىدىغان بىرەر يولمۇ يوق، ئەتراپتىكى سالتىز تېغىدىنمۇ بىرەر كارۋان ئۆتۈپ باققان ئەمەس، ياۋا چىلانلارنىڭ يەلپۈگۈچسىمان يوپۇرماقلىرى تورۇلۇپ كەتكەن، بۇ يەردە ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا بىرەر ئەرەبنىڭ گۈمۈرۈلۈپ بېرىۋاتقان قۇدۇقنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ ئىلمان سۇنى ئالغىنىنى چىلىقتۇرماق تەس.

بىر كۈنى، بەلكىم بىرقانچە ئەسىردىن بۇيانقى تۇنجى قېتىم بولسا كېرەك، ئودبابانىڭ جىملىقى ئىنسانىيەت تەرىپىدىن بۇزۇلدى. ئۇمما بىننى بىلقاسىم ئۆزۈن پەرىجىنىڭ ئالدىنى ئېچەۋېتىپ قۇدۇق بېشىدا ئولتۇرۇپ، بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان بىر قارا نەرسىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراۋاتاتتى. ئۇ قارا نەرسە قۇملۇقتىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا كۆرۈنەتتى، قۇمنى يېرىپ چىققان جىنغىمۇ ئوخشايتتى، ئۇ توپا-چاڭ ئارىسىدا بارغانسېرى ئوچۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئەسلىدە ئۆزۈن ئاق پەرىجە كىيىپ تۆگە بىلەن كېلىۋاتقان بىر ئەر كىشى ئىكەن.

ئۇمما پالاقلاپ بېرىپ قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ سالام قىلدى. تۆگە ھارغىنلىق بىلەن چۆكتى، ئۇ كىشى يەرگە چۈشۈپ، ئاددىيلا سالام قىلغاندىن كېيىن، ئالمان-تالمان ئەتراپقا قارىۋېتىپ سورىدى:

— هازىر پەقەت ئىككىمىزلا بارغۇ، ئوما؟ — شالاڭ ياۋا چىلانلار ئۇنىڭ كۆزىنى توسۇيالمىدى، ئۇلارنىڭ ئەتراپى پايان-سىز قۇملۇق ئىدى.

— مەن گېپىمدە تۇرىمەن، ملادشى لېيتېنانت، — ئوما كۆزلىرىنى چۆچەكتەك قىلىپ، بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ دېدى، — مېنىڭ كۈتكىنىم باشقىچىرەك — ئۇزۇن پەرىجە كىيمىگەن سىز ئىدىڭىز. يىراقتىن سىزنى تونۇيالماي قاپتىمەن.

گلانتۇس قۇدۇق بېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، كىيىۋالغان ئاق پەرىجىسىنى سىلىۋەتتى، ئىچىدىن ھەربىيچە كىيىمى كۆ-رۈندى. ئېسىۋالغان تاپانچا قېپى قۇرۇق بولۇپ، قورالى يوق ئىدى، ئاچ سېرىق كەمىرىگە بىر خەنجەرنىلا قىستۇرۇۋالغان-دى.

— مەن رۇخسەت سورىدىم، ئوما، ئۆي ئىشلىرىمنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدىم، بىلەمسىز؟

— ئوبدان بىلىمەن.

— مەن سىزنى ھېلىقى ناتونۇش ئاق تەنلىكنى ھوجىالغا ئېلىپ كەتتى، دەپ قارىغاندىن تارتىپ، ئۇزۇن پەرىجە كىيىش-نى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم، چۈنكى مۇنداق قىلغاندا باشقىلار دىققەت قىلىپ كەتمەيدىكەن. سىز مېنىڭ خېتىمنى قاچان تاپشۇرۇپ ئالدىڭىز؟

— تۈنۈگۈن كەچتە، بىر ئاتلىق ئەسكەر ئەكىلىپ بەردى.

گلانتۇس سەل-پەل ئالدىغا ئېڭىشتى، ئۇنىڭ ياداڭغۇ، ھار-غىنلىق چىقىپ تۇرغان قارامتۇل يۈزى سەل قىزارغانىدى:

— ئۇ ناتونۇش ئاق تەنلىك نەدە؟ ئىسمى نېمىكەن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ھانس شۋېت دوكتور.
— گېرمانىيىلىكمۇ؟
— شۇنداق.
— سىلەر نېمىشقا ئۇنى قوملۇققا ئېلىپ كەلدىڭلار؟
ئومما كىچىك كۆزلىرىنى گىلانتۇسقا تىكتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىردىنلا ئۆچمەنلىك ۋە ياۋايىلىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.
— ئۇقمايمەن!
— يالغان سۆزلەۋاتىسىز.
ئومما بېشىنى تۆۋەن سالدى:
— شۇنداق، مەن يالغان سۆزلىدىم، ملادشىلېيتېنانت. مېنىڭ بۈگۈن يالغان سۆزلىگىنىم سىزنىڭ ھېلىقى چاغدا مەن سۆيگەن قىزنى بۇلاپ كەتكەندە يالغان سۆزلىگىنىڭىزگە ئوخشاش! مەن ئۇنى ئادەم سودىگەرلىرىدىن سېتىۋالغان، ئۇ مېنىڭ ئىدى! ئادەم سودىسى قىلىش ياۋروپالىقلارنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىش-كەلمەسلىكى ئۈستىدە تالىشىپ ئولتۇرمىساقمۇ بولىدۇ. بىز قوملۇقتا ياشاۋاتىمىز... سىز بىزنىڭ ئۆلچىمىمىزگە ھۆرمەت قىلىشىڭىز كېرەك، چۈنكى سىز ناھايەت بىر تاجاۋۇزچى، بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىنلا سىزگە يول قويۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمىز!
گىلانتۇس چىچاڭشىپ كەتتى، بىراق ئومماننىڭ تەمكىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ شۇ ھامان ئۆزىنى تۇتىۋالدى. ئۇ قۇدۇق بېشىدىن بىر قەدەم نېرى بېرىپ، پەرىجىنى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇپ، ھەربىي كىيىمى بىلەن ئومماننىڭ ئالدىغا كەلدى...

قۇملۇقتىكى ئىككى خىل دۇنيا، توپا-چاڭ بېسىپ كەتكەن ياۋا چىلان دەرەخلىرى ۋىژىلداپ ئاۋاز چىقىراتتى، شامالدا ئۈششاق قۇملار پۈرقىراپ كۆزنى ئاچقىلى قويمايتتى. قۇم-بوران ۋە ئاپتاپ قورقۇنچلۇق، ئەلۋەتتە. لېكىن ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى جىمجىتلىق ئىدى. جىمجىتلىق بەئەينى ئىنتايىن چوڭ بىر گورغا، جانلىقلار قىرىلىپ تۈگىگەن بىر زېمىنغا ئوخشايتتى. گلانتۇس ئومماغا تىكىلىپ قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياۋروپالىقلارغا خاس تەكەببۇرلۇق چىقىپ تۇراتتى. ئومما نېپىز لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىگىنىچە ئىككى قولىنى قوۋۇرغىلىرى بۆرتۈپ چىققان مەيدىسىگە گىرەلەشتۈرۈپ تۇراتتى.

—ھازىر بۇ يەردە ئىككىمىزلا بار، ملادشى لېيتېنانت. مەن ئادەتتە ئېيتماقچى بولۇپ، ئېيتىشقا پېتىنالماي يۈرگەن سۆزلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سىزگە ئېيتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز بۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىسىز... ئودبابادىكى بۇ كۈننى ئەمدى مەڭگۈ ئېسىڭىزگە ئالالمايسىز... چۈنكى مەن سىزدىن ۋە قۇدۇقنىڭ يېنىدىن ئايرىلغاندا، ئۇنى ئېسىدە تۇتالايدىغان ئادەم قالمايدۇ...

—بۇ تەھدىت، —گلانتۇس خەنجىرىنى سىيپاشتۇردى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بىردىنلا قورقۇنچ قاپلىدى. ھاۋا ئوتتەك قىزىپ تۇرسىمۇ ئۇنى تىترەك باستى... ئۇ ئوممانىڭ كۆزىدىن چاقنىغان نۇرنى ئوبدان چۈشەنگەچكە، باشقا ھېچقانداق ئامالنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى. ئۇ ئاستا-ئاستا قۇدۇق تەرەپكە چېكىندى، كۆزىنى ئوممادىن ئۈزمەيتتى. ئوممامۇ قەدەممۇ قەدەم قىستاپ كەلمەكتە ئىدى.

گلانتۇس قورغاننى، كاپىتان پۇروشىننى، مارسېلدىكى قىزنى ۋە پرووانسالىيىدىكى ئۇزۇمچى ئايالنى ئېسىگە ئالدى.

ئۇ ئايالنىڭ ئىسمى يورىتتا ئىدى.

يورىتتانىڭ ئالتۇن رەڭ سېرىق چاچلىرى، نازۇك بويلىرى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى. كەچلەردە ئۇلار ئۈزۈملۈكتە ئولتۇرۇپ ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلغان، ئايال ئۇنى سۆيگەنىدى.

ئۇلار بولسا ئۈزۈمچى ئايال بىلەن ھەربىي مەكتەپنىڭ ياش ئوقۇغۇچىسى گلانتۇس ئىدى.

ھەربىي مەكتەپتىكى تۇرمۇش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك ئىدى-ھە!

ئۇ يەنە پارىژنى ئېسىگە ئالدى، مېنىڭ جەننىتىم، پارىژ!

ئۇ ئايالنىڭ ئىسمى نېمىتتى؟ كېرې... تازىمۇ ساراڭدەك ئىسىمكەن. بېشىنى گىلدىڭشىتىپلا تۇرىدىغان بىر ياغاچ قونچاقنىڭ ئىسمىغۇ بۇ. ئۇنىڭ ئىسمى مۇنداقراق بولغان بولسا... چىرايى پەردىشتىدەك پاكىز، شاشىراق ئايال ئىدى-دە ئۇ!

قۇملۇقتا مېنى بىر قىز سىلاپ چۈش كۆرۈپتىكەنمەن، بىراق ئويغانسام قوينۇمدا بىر زەھەرلىك يىلان يېتىپتۇ... گلانتۇس ئومماغا مىختەك قادالدى... ئۇلارنىڭ ئارىلىقى ئۈچ قەدەملا قالغانىدى.

بۇ ئۈچ قەدەم ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ھەممە نەرسىدىن دېرەك بېرەتتى.

— ھوي ئىپلاس مۇتتەھەم! — دەپ تىللىدى گلانتۇس پەس

ئاۋازدا. بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى باشقىلار چۈشەنمەسلىكى مۇم-
كىن، بىراق ئۇ ئۇنى ئىنتايىن ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇ بىردىنلا
ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاندەك گىلانتۇسقا
تاشلاندى ۋە ئۇزۇن بارماقلىرىنى ئۇنىڭ كارنى-
يىغا پاتۇردى...

گىلانتۇس كۆزىنى يۇمۇۋالدى، ئۆزىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى
بىلمەيتتى... ئۇ قۇملۇقتا دومىلايتتى، ئۇمىمانىڭ ئۆزىنى بې-
سىۋالغانلىقىنى سەزدى، ئۇ كۈچەپ نەپەس ئالاتتى... پۇت-
قوللىرى تېپىرلايتتى... ئۇنىڭ كارنىيىنى سىققان قول بوشى-
دى... ئۇ مۇشتىنى چىڭ تۈگۈپ ئۆزىگە يېقىنلا تۇرغان،
نىقابتەك كۆرۈنىدىغان يۈزگە كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالدى...
ئۇ بىر ئىرغىپلا ئورنىدىن تۇردى-دە، كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ
كېتىۋاتقان ئۇمىماغا ئېتىلدى. قانداقلارچە خەنجىرنى غىلىپى-
دىن سۇغۇرۇپ ئالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيلا قالدى. ئۇمىما بىر
مۇشت ئېتىۋىدى، خەنجەر ئۇنىڭ قولىدىن ئۇچۇپ چىقىپ،
ۋال-ۋۇل يالتىرىغىنىچە بېرىپ قۇملۇققا قۇرتتەك كىرىپ كەت-
تى... ھەربىي كىيىم يىرتىلىپ تىتما-تىتما بولۇپ كەت-
تى... پەرىجمۇ جۇل-جۇل قىلىۋېتىلدى.

ئۇلارنىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ غەلىتە تۇسكە كىرىپ قالدى.

ئۇلارنىڭ ئەتراپىنى قۇملۇق ئوراپ تۇراتتى... ئىسسىق-
تىن باشقا نەرسە يوق ئىدى، تەسەللى... ھېسداشلىق دېگەن-
لەردىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى... ”مەن ئۇنى
ياخشى كۆرەتتىم“ دېدى ئۇمىما پەس ئاۋازدا. ئۇ گىلانتۇسنىڭ
كارنىيىنى تېخىمۇ چىڭ سىقىپ، كۆزىنى غەزەپ بىلەن گىلان-

تۇسقا تىكتى. ”ئۇنى مەن قۇتقۇزغان، پاتقاقلىقتىن مەن تارتىپ چىقارغان ئىدىم. . . بىراق سەن كېلىپ قالدىڭ، سەن ھاكاۋۇر، ئاق تەنلىك مېنى سىسىق پۇرايدىغان ئەرەب دەپ تىللاپ، ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردىڭ. سەن. . . سەن. . .“ ئۇ تىرناقلىرىنى گلانتۇسنىڭ كارنىيىغا پاتۇردى. . . قىپقىزىل قان يىرتىلغان كۆڭلەككە ئېقىپ چۈشتى. . .

گلانتۇس نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىپ خارقىراپ قالدى. ئۇ قالايمىقان تېپىچەكلەيتتى، بېشىنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ، ئۇستىدىن بېسىپ تۇرغان ئومماغا مۇشت ئاتاتتى.

—ھوي توڭگۇز! —دەپ تىللايتتى ئۇ پەس ئاۋازدا، — سەن دېگەن بىر توڭگۇز! ئىپلاس توڭگۇز. . .

ئومما گلانتۇسنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ، بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرگىنىچە قۇدۇق تەرەپكە قاراپ ماڭدى. . . يىرتىلغان پەردىجىسىدىن خۇددى كۈچ-قۇۋۋەت ۋە ئىرادە مۇجەسسەملەنگەن مىس ھەيكەلدەك يېتىلگەن كۈچلۈك مۇسكۇللىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ گلانتۇسنى كۆتۈرگىنىچە ئاپىرىپ قۇدۇققا تاشلىۋەتتى.

ئاندىن ئۇ ھاسىرىغىنىچە كۆزىنى يۇمۇپ، ئاق رەڭگە ئۆزگىرىپ كەتكەن تاشقا يۆلەنگىنىچە قۇدۇقنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن پەشتىقىدا ئولتۇردى.

ئۇ زەڭ قويۇپ قۇلاق سالدى.

ئەتراپ جىمجىت ئىدى. قۇدۇق ئىچىدىن ھېچقانداق شەپە ئاڭلانمايتتى.

ئومما يىرتىلغان پەرجىسى بىلەن سول مەيدىسىنى يېپىپ

قويۇپ، گىلانتۇسنىڭ تۆگىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ تۆگە ياۋا چىلان دەرەخلىرى ئاستىدا جىم يېتىپ، ئۇمماغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ قارايتتى.

ئۇمما چىرايلىق ۋە قاۋۇل بۇ هايۋاننى كۆرۈپ بىر ئاز ئىككىلىنىپ قالدى، ئاندىن دەرهال كەينىگە ئۆرۈلۈپ، قۇدۇق- نىڭ نېرىقى تەرىپىدە بىر باغلام قۇرۇق ئوتنىڭ ئالدىدا ياتقان تۆگىسىدىكى خۇرجۇندىن ئېغىر ئالتە ئاتار تاپانچىسىنى ئېلىپ، يەنە گىلانتۇسنىڭ تۆگىسىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ ئارىسالدى بولۇپ تاپانچىسىنى تەڭلىدى. . . ئاندىن كۆزىنى يۇمۇپ، تەپكى- نى باستى. كۈچلۈك شامال ئوق ئاۋازىنى يۇتۇپ كەتتى. . . ئۇمما كۆزىنى ئاچماستىن كەينىگە ئۆرۈلدى-دە، بېرىپ ئۆزى- نىڭ تۆگىسىگە مىندى.

ئۇ ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماستىن ئودبابادىن يىراقلاپ كەتتى.

ئەرەبلەر ئادەتتە تۆگە ئۆلتۈرمەيتتى. . . بىراق ئۇ ئامال- سىزلىقتىن مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدى. تۆگىنىڭ ئۆلۈ- مى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىدىنمۇ ئېغىر كەلدى.

ئودبابا هېچقانداق بىر خەرىتىگە چۈشمەيدۇ، بۇ يەردە 47 تۈپ ياۋا چىلان دەرىخى ۋە رەھىمسىز تومۇز ئىسسىقىغا قاقلى- نىپ تۇرغان بىر غېرىبانە قۇدۇقتىن باشقا هېچ نەرسە يوق. بىر ئايدىن كېيىن، قۇدۇقنىڭ يېنىدا بىر دۆۋە ئاپئاق تۆگە ئۇستىخانلىرى پەيدا بولۇپ قالىدۇ شۇ.

ئۇمما يىراق ئۇپۇقتا غايىب بولماي تۇرۇپلا بىر توپ سار ئودبابانىڭ ئاسمىنىدا ئەگىپ، قىقاس-سۈرەن سالغىنىچە قان ئېقىپ تۇرغان تۆگىگە ئېتىلىشقا باشلىدى. ئۇلار نەدىن كەلدى-

www.uyghurkitap.com

كىنە؟ قانداقلارچە قاننى پۇراپ تاپتىكىنە؟ بۇنى ھېچكىم بىلە-
مەيتتى.

قۇملۇقتا مەڭگۈ سۈكۈت ھۆكۈم سۈردۈ...

بىسكاي قولتۇقى ئارقىدا قالدى، شۇ تاپتا ئۇلار ئىسپانىيە
دېڭىز قىرغىقىنى بويلاپ پاراخوتتا كېتىپ باراتتى. بۇ ئېگىز-
پەس دېڭىز قىرغىقىدىكى ھەرە چىشىدەك تاغلار بۇژغۇن چاچرى-
تىپ تۇرغان دېڭىزغىچە سوزۇلغانىدى. ئوتتەك قىزىق كۈندۈز
ئۆتۈپ، سالقىن كېچە يېتىپ كەلدى. ”ئەسمېرا“ ناملىق پارا-
خوت چىرىغىنى يورۇتۇپ، خۇددى دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن ناھا-
يىتى يوغان بىر ئۆيگە ئوخشاش ئاتلانتىك ئوكياندا دولقۇن يېرىپ
كېتىپ باراتتى.

”ئەسمېرا“ ناملىق پاراخوت لىسبوندا پىرېستانغا كېلىپ
توختىدى. پاراخوتقا بىر ياش ئايال چىقتى، ئۇ زىلۋا بوي،
چاچلىرى قاپقارا، قاملاشتۇرۇپ گىرىم قىلغان، جازىبىلىك،
كىشىگە فرانسىيىنىڭ جەنۇبىدىكى پروۋانسال ئاياللىرىنىڭ
جەلپكار سېھرىي كۈچىنى ئەسلىتىدىغان ئايال بولۇپ، ھەر
قانداق ئەرنىڭ ئۇنىڭغا نەزىرىنى سالماسلىقى ھەمدە كۆڭلىدە
تاتلىق خىياللارنى سۈرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئۇ-
چىسىغا كەڭ ئېتەكلىك كۆڭلەك كىيگەن بولۇپ، تاق-تاق قى-
لىپ ماڭغىنىچە پاراخوت شوتىسىغا چىقىپ، پاراخوت بېلىتى
بىلەن پاسپورتىنى ئۆزىدىن قىزغىن ئەھۋال سورىغان باش يار-

دەمچىگە ئۈزاتتى.

— 17-نومۇرلۇق بۆلمىگە كىرىڭ خانىم، — باش ياردەمچى شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا بىر كۈتكۈچى كېلىپ ئۇنىڭ چامادانىنى ئېلىپ، ئالىي دەرىجىلىك بۆلمىگە قاراپ ماڭدى.

— سەپەرگە ئۆزىڭىز يالغۇز چىققان ئوخشىمامسىز، خانىم؟

— ياش كۈتكۈچى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن سورىدى.

— شۇنداق، — ئۇ فرانسۇزچىنى ناخشا ئېيتقاندەك يېقىم-لىق سۆزلەيتتى. ”ئۇ بەلكىم پرووۋانسال بولسا كېرەك، — دەپ ئويلىدى ياش كۈتكۈچى، — ياكى ۋىنبېگىن بولۇشىمۇ مۇم-كىن.“ بۆلمە ئىشىكىگە كەلگەندە ئۇ ئايال خۇددى بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلدى، كۈتكۈچىمۇ دەرھال توختىدى.

— پاراخوتتا ھاندرىك دوكتور بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئا-يال.

— مەن ئۇقمايدىكەنمەن خانىم، ھازىرلا بېرىپ سوراپ با-قاي.

— بەك ياخشى بولدى! ئەگەر ھاندرىك دوكتور پاراخوتتا بولۇپ قالسا دەرھال ماڭا خەۋەر قىلىسىڭىز، — ئايال ئۇنىڭغا قاپقارا ۋە ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئاستىدىن مىننەتدارلىق نۇرىنى تۆكتى... كۈتكۈچى ھاياجان ئىچىدە يۇگۇرگىنىچە شوتىدىن چۈشتى. باش ياردەمچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ئىختىيارسىز ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ كەتتى.

— پاراخوتىمىزدا ئۇنىڭدەك لەۋەنلەر يوق، — دېدى باش ياردەمچى ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ.

www.uyghurkitap.com

بىر نەچچە مىنۇتتىن كېيىن، جېككۇرىن دۇمبىلا ھاندرىك دوكتورنىڭ پاراخوتتا ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى. كۆتكۈچى ئۇنىڭغا پالوبانىڭ رېشاتكىسى قېشىدا قارا چاچلىق بىر قىز بىلەن تۇرغان ئېگىز بىر ئەرنى ئېھتىيات بىلەن كۆرسەتتى. جېككۇرىن ھاندرىكقا تەكشى سەپسالدى ھەمدە ئۇنىڭدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئولتۇرۇپ بىر تال تۇرك سىگارتىنى تۇتاشتۇردى. ”ئۇ ناھايىتى كېلىشكەن ئادەم ئىكەن، — دەپ ئويلىدى جېككۇرىن، — ئازراقمۇ زىيالىي سۈپەت كۆرۈنمەيدىكەن. مەن تېخى ئۇنى ۋىجىك، يۇقىرى گرادۇسلۇق ئەينەك تاقىغان تىپىك زىيالىي سۈپەت كىشى بولسا كېرەك دەپ تەسەۋۋۇر قىپتىكەنمەن. بىراق، ئۇ دېگەن ئاياللارنى ئۆزىگە قارىتالىغۇدەك كېلىشكەن يىگىت ئىكەن ئەمەسمۇ. مەن پارىژدا ئۇنىڭ بىلەن پاراخوتتا كۆرۈشىدىغانلىقىمنى بىلگەن چاغدا ئازراق قورقۇپتىكەنمەن تېخى!“

ھېلىقى قىز يەنى ھېرد شۆيت ھاندرىكتىن ئايرىلىپ ئۆزىنىڭ ھەمراھلىرىنىڭ يېنىغا كەتكەندە جېككۇرىن ئورنىدىن تۇرۇپ ھاندرىكنىڭ قېشىغا ماڭدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ كىچىك ئەينىكىگە قاراپ ئۆزىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرگەن، لەۋ سۇرۇخ، ئوپا-ئەڭلىكلەرنى سۈرۈپ، قولىقىنىڭ كەينىگە ”ئېسسېك“ ماركىلىق ئەتىردىن تېمىتقانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ھاندرىكنىڭ كەينىدە تۇرۇپ، يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ سېلىۋاتقىنىنى سەزمەكتە ئىدى.

— سىز ھاندرىك دوكتور بولامسىز؟ — ئۇ پەس ئاۋازدا سورىدى.

ھاندرىك شارتتىدە كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ھەيرانلىق بىلەن

ئۇنىڭغا سەپسالدى. ئۇ ھاندرىككە كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى، نۇرلانغان كۆزلىرىدىن شادلىق ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

— خانىم؟ — ئۇ تەئەججۇپ بىلەن دېدى، — بىز تونۇشمايمىزغۇ؟ مەن راستىنلا. . . ، — ئۇ كىچىك بالىلاردەك قوللىرىنى يېيىپ ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈردى.

— بىز پەقەت ئىسمىمىزنىلا بىلىشىمىز. . . توغرىسىنى ئېيتقاندا، مەن سىزنى بىلمەن! مېنىڭ ئىسمىم جېككۈرىن دۇمېلا، سىز بۇ ئىسمنى بىلمەيسىز. . .

— شۇنداق، خانىم. . . بەك ئەپسۇس، بۇ ئىسمنى پەقەت ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن.

جېككۈرىن پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— سىزگە ئېشىنىمەن، دوكتور ئەپەندى. پارىژدا كىشىلەر سىزنىڭ قان ۋىرۇسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىڭىزغا بەك قىزىقىدۇ. سىز ئافرىقىغا سەپەرگە ماڭغان ۋاقتىڭىزدا پارىژ سوبان قان تەتقىقات ئورنى مېنىمۇ ئەۋەتمەكچى بولدى ھەمدە سىز بىلەن ئالاقە باغلىشىمنى ئېيتتى. مەن ھازىر شۇنداق قىلىۋاتىمەن. . .

— مەن ئەزەلدىن بۇنداق كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان ئۇسۇل بىلەن بىرەر ئادەم بىلەن تونۇشۇپ باقمىغانىدىم، — ھاندرىك بىلىنەر-بىلىنمەس ئېگىلىپ قويدى، — بىراق ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، مەن سىزنىڭ تاپشۇرۇپ ئالغان ۋەزىپىڭىزنىڭ مەزمۇنىدىن خەۋەرسىز ئىكەنمەن.

— مەن سىزگە ياردەملىشىمەن، پۈتكۈل مەزمۇن مانا شۇ! مەن سىزنىڭ فرانسىيىگە كېرەكلىك تەتقىقات نەتىجىلىرىنى

www.uyghurkitap.com

قولغا كەلتۈرۈشىڭىز ئۈچۈن تەتقىقات ئىشلىرىڭىزغا يارىدەملى-
شىشىم كېرەك. فرانسىيە قان كېسىلىنىڭ يامراپ كېتىشىنى
توسۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىۋاتىدۇ. شۇڭا سۇبان شىركى-
تى مېنىڭ سەپەر خىراجىتىمنى ئۈستىگە ئالماقچى، — ئۇ پى-
سىڭىدە كۈلۈپ قويدى، — ئەلۋەتتە، سىز مېنى تىللاپ يېنى-
ڭىزدىن قوغلىۋەتمىسىڭىزلا بولغىنى. مەن قانشۇناسلىقنى مەخ-
سۇس ئۆگەنگەن. . . دۆلەتلىك ئىمتىھاندىن ئۆتكەن. . . ها-
زىرچە دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەمنى تېخى ياقلىمىدىم. . .
تەجرىبىخانىدا يېتەرلىك ئىشلىگىنىم يوق!

— دېمەك، بىر جازىبىلىك كەسىپداش چىقتى دېگەن گەپ!
سىزنى بىر رومكىدىن ئىچىشىشكە تەكلىپ قىلىشىمغا رۇخسەت
قىلىڭ. . .

— رەھمەت.

ئۇلار سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنىڭ يېنىدىكى قاۋاقخانىغا بېرىپ
ئىككى رومكا مۇزلىتىلغان فلىپ ھارىقى ئالغاندىن كېيىن،
ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى.

ھاندرىك كۈلۈمسىرىگەن ھالدا خىيال سۈرۈپ قالدى.

— نېمىنى ئويلاۋاتىسىز، دوكتور؟ — جېككۈرىنىڭ ناخشا
ئېيتقاندەك چىقىدىغان جاراڭلىق ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈپ
قويدى.

— ئافرىقىنى ئويلاۋاتىمەن، سىزنىمۇ ئويلاۋاتىمەن، خا-
نىم. سىز بەلكىم ئۇ قەدەر جاپاغا چىدىيالماسلىقىڭىز مۇمكىن.

— مەن خېلى چىدامىلىق، — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ.

”بۇنىڭغا ئىشىنىمەن“ دەپ ئويلىدى ھاندرىك ئىچىدە خۇ-

شال بولۇپ. ئەمما ئاغزىدا:

— بىز 60 گرادۇسلۇق يۇقىرى ھارارەتتە ئىشلەيمىز! قۇم-لۇقتىن قورقمايلا قالماي، ئۇنى كېسىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك. ئالجىر بولسا ناھايەت بىزنىڭ بىر ئارا بېكىتىمىز، — دېدى.

— سىزنىڭ يېنىڭىزدا مەن ھېچنېمىدىن قورقمايمەن، — ئۇ فلىپ ھارىقىدىن بىر ئوتلاپ، لېۋىدىكى ھاراق يۇقىنى يالاپ قويدى.

"بەئەينى بىر يىلانغۇ، — دەپ ئويلاپ قالدى ھاندرىك بىر-دىنلا، — ئۇ ساددا، تۈز، ھېسسىياتقا باي گېرمانىيىلىك قىز ھېرد شۆېت بىلەن پەقەتلا ئوخشىمايدىكەن." ئۇ بىردىنلا ئۆزى-نىڭ ئۇلارنى سېلىشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى-دە، غەزەپ بىلەن لېۋىنى چىشلىدى.

— قانشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغىنىڭىزغا قانچە ئۇزاق بولدى؟

— ئۈچ يىل بولدى. قانشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىمدى-كى سەۋەب، مېنىڭ بىر دوستۇم بولىدىغان، ئۇمۇ... ئۇزاققا قالماي ئۇ بۇ ئىشتىن قول ئۈزدى... ئەمما مەن قېپقالدىم. مېنىڭ ئەسلىدە بىر بالىلار كېسەللىكلىرى دوختۇرى بولغۇم بار ئىدى... مەن كىچىك بالىلارنى بەك ياخشى كۆرۈمەن، — ئۇ شۇلارنى دەۋاتقاندا كۆزلىرىنى ھاندرىكتىن ئۈزمىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى كىشىنى بىر خىل شېرىن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قوياتتى، — مەن پارىژنىڭ ھاۋاسىدىن ئايرىلىپ، سىز بىلەن بىللە قۇم-لۇقنى كېسىپ ئۆتىدىغانلىقىمدىن ناھايىتى خۇشالمەن... مەن ئەركىنلىكنى سۆيىمەن! تۇرمۇشتىكى ئەركىنلىكنى، خاراكتېر

ئەركىنلىكىنى سۆيىمەن!

ئۇ فىلىپ ھارىقىنى شىرەگە قويۇپ قويۇپ، ئىككى قولىنى بېشىنىڭ ئارقىسىغا گىرەلەشتۇرۇپ ئولتۇردى. كۆكرىكى بەدىنىگە چىپ كەلگەن يىپەك كۆڭلىكىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

— ئالجىردا ئالدىڭىزغا چىقىدىغان ئادەم بارمۇ، دۇمېلا خانىم؟

— ھەئە. مېنى جېككۇرىن دەۋەرسىڭىز بولىدۇ... مەن ھازىر سىزنىڭ قول ئاستىڭىزدىكى ئادەم! سىز مېنىڭ باشلىقىم! مەن سىزگە شەرتسىز بويسۇنىمەن...

ئۇ ئاخىرقى بىر ئېغىز سۆزىنى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ تەكىتلەش تەرىقىسىدە ئېيتتى. ھاندرىك خىيالىنى زورلاپ ھېردقا بۇرىدى... جېككۇرىندا بىر خىل سىرلىق ۋە كۈچلۈك سېھرىي كۈچ بار ئىدى.

ھاندرىك بۇ ئايال بىلەن مەلۇم ئارىلىق ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. جېككۇرىن ھەيرانلىق بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى، قاپقارا كۆزلىرى پارقىراپ چاقناپ كەتتى.

— نېمە بولدى، دوكتور؟

— يازىدىغان ئازراق نەرسىلىرىم بار ئىدى، ئۇنتۇپ قاپتىمەن، كېيىنچە ئەسقېتىپ قالار دەپ ھەر كۈنى خاتىرە يېزىپ مېڭىۋاتاتتىم. كەچۈرسىز، مەن بۆلمىگە قايتىپ تۇراي. كەچتە رېستوراندا كۆرۈشەيلى...

جېككۇرىن بېشىنى لىڭشىتتى:

— مەن توغرىلىق ئوبدانراق يېزىپ قويارسىز، — دېدى ئۇ ھاندرىكنىڭ كەينىدىن توۋلاپ. ئۇنىڭ كۈلكىسى پالوبا ئاسمىنى-

ـدا جاراڭلىدى.

”سەل چاغلىغىلى بولمايدىغان ئايال ئىكەن بۇ، — دەپ ئويلىدى هاندرىك بۆلمىسىگە كېتىۋېتىپ، — مەن قۇملۇقتا يولۇقىدىغان بىردىنبىر خەۋپ ئاشۇ بولىدۇغۇ ئاخىر...“

هاندرىك ئوتتۇرىدىكى پالوبادا هېردنى ئىزدىدى، ئۇنى هەمراھلىرى كۆرمىگەنىدى، ئۇ رېستوراندىمۇ، كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىدىمۇ، ئۆزىنىڭ بۆلمىسىدىمۇ كۆرۈنمەيتتى... هاندرىك ئۇمىدسىزلەنگەن هالدا بۆلمىسىگە قايتىپ كېلىپ، يېزىق ئۇستىلى ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئۆزىنى زورلاپ دىققىتىنى يىغىپ، خىيالىنى سەتەڭ جېككۇرىن دۇمبىلادىن خىزمەتكە بۇرىماقچى بولدى... ئەمما ئۇنۇمى چوڭ بولمىدى. ئەمدىلا ئاچقان خاتىرىسىنى يېپىپ قويۇپ، يەنە ئوتتۇرا پالوباغا كېلىپ هېردنى ئىزلىدى. يەنە جېككۇرىنغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن، يولۇچىلار ئاپتاپقا قاقلىنىدىغان ئالدى پالوباغا بارمىدى.

ئۇ رولچى سۇپىسىنىڭ قېشىدىن ئاخىر هېردنى تاپتى. هېرد پاراخوت رېشاتكىسىغا تايىنىپ دېڭىزغا نەزەر تاشلاپ تۇراتتى. هاندرىك قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى، ئۇ سەل-پەل چۆچۈپ كەتكەندەك بولدى:

— سىزمىدىڭىز؟

— نېمىشقا قاچىسىز؟

— سىز بەك ئالدىراش ئىكەنسىز، دوكتور ئەپەندى.

— بىز كەسىپداش. ئۇ پاراخوتقا لىسبوندىن چىقىپتۇ، پارىژ قان تەتقىقات ئورنىنىڭ هاۋالىسى بىلەن مېنىڭ خىزمىتىمگە ياردەملەشكىلى كەپتۇ. بىزمۇ تېخى بايىلا تونۇشتۇق.

www.uyghurkitap.com

— ئۇ بەك چىرايلىق ئىكەن! — ھېرد دېڭىزغا قارىۋالدى.

— قارىغاندا خەقلەر سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى دەپ ئەڭ ياخشى ياردەمچى بەرگەن ئوخشايدۇ.

— ماڭا ئىشەنمەمسىز، ھېرد؟ قەسەم قىلىمەنكى... مېنىڭ جېككۇرىن دۇمېلا بىلەن تونۇشقىنىمغا ئاران بىر سائەتلا بولدى! ئۇنىڭ ئۇستىگە، مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇ تەبىئىي گۈزەل ئەمەس... مەن ئۇنى پەقەتلا ياقتۇرمايمەن. مەن ھەقىقىي گۈزەللەرنى، گۈزەللىك چىن كۆڭلىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان گۈزەللەرنى ياخشى كۆرىمەن... — ئۇ ھېردنىڭ مۈرىسىنى يېنىك بېسىپ قويدى، ھېرد ئۆزىنى قاچۇرمىدى، ھاندىرىك بەخت تۇيغۇسىغا چۆمۈلدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بىردىنلا يېقىملىق چىقىشقا باشلىدى، شۇ ھامان ھېرد شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، — بىز پاراخوتنىڭ قۇيرۇقى تەرەپكە ئۆتەيلى، ئۇ يەردىن پاراخوتنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلى بولىدۇ... ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ يەردە پەقەت ئىككىمىزلا... — ئۇ ھېردنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلىدى، ئىككىسى پاراخوتنىڭ قۇيرۇقى تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا غايەت زور ئىتتىرگۈچ گۈلدۈرلىگىنىچە ئۇيقۇن يېرىپ، قات-قات دولقۇنلارنى ھاسىل قىلىپ، ئاپئاق بۇژغۇنلارنى چاچرىتىپ بارماقتا ئىدى.

كىشىگە شادلىق، لەززەتلىك خىيال بەخش ئېتىدىغان ئىللىق كىچە.

”ئەسمىرا“ ناملىق پاراخوتنىڭ رېستورانىدىن مۇزىكا ئاڭ-لىنىپ تۇراتتى، پالوبادىكى بىر نەچچىلا ياتما ئورۇندۇقتا كى-شىلەر ئولتۇرۇشاتتى. بۇ رومانتىك يولۇچىلار ئەدىيالغا يۆگى-نىپ كېچىدە دېڭىزدا يۈرۈشنىڭ پەيزىنى سۈرگەچ، ئايدىڭدىكى دولقۇنلارنى تاماشا قىلماقتا ئىدى. كۈتكۈچىلەر ئارىلاپ-ئارىلاپ پالوباغا چىقىپ، مېھمانلارغا مۇزلىتىلغان مېۋە شەربىتى، قەھ-ۋە ياكى سۇدا ئىچىملىكى ئەكىلىپ بېرىپ تۇراتتى. ھېرد بىلەن ھاندرىكمۇ ياتما ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى، ئۇلارنىڭ يېنىدىكى كىچىك قاتلىما شىرەدە ئىككى ئىستاكان بار ئىدى.

بۇ يەرگە باش ماتورنىڭ دەھشەتلىك گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاساسەن ئاڭلانمايتتى، ئالدىنقى پالوبادىن كېلىۋاتقان مۇزىكا ئاۋازىمۇ سۇس ئاڭلىناتتى، قۇلاققا دېڭىز دولقۇنىنىڭ پاراخوتقا ئۇرۇلغان شاۋقۇنىلا كىرەتتى.

—ئالجىرغا قاچان يېتىپ بارارمىز؟ —دەپ سورىدى ھېرد. ئۇ ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ گەدىنىگە قويۇپ ئول-تۇراتتى، قاپقارا چاچلىرى مۈرىسىگە يېيىلىپ تۇراتتى.

—تۆت كۈندىن كېيىن.

—ئاران تۆت كۈن. . . ۋاقىت بەك قىسقىكەن، —ھېرد ئاسمانغا قارىدى. بۇلۇتلار خۇددى ئالتۇن يىپتا كەشتىلەنگەن بەرقۇت گۈلدەك ئاينىڭ ئالدىدىن ئۈزۈپ ئۆتمەكتە ئىدى.

ھاندرىك ئالدىغا ئېگىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ يۈزىنى ھاندرىكنىڭ كۆلەڭگىسى توسۇۋالدى، ھاندرىك ئۇنى تونۇيالمى-غىلى تاس قالدى.

—بىز يەنە كۆرۈشىمىز، ھېرد، —دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا

www.uyghurkitap.com

ھېردنىڭ مەڭزىنى ئىككى قوللاپ سىيلاپ تۇرۇپ، — مەن سىزنىڭ ئۇسسۇل سەھنىسىدىن ئېلىپ چىقىۋالىمەن، بىز ياۋروپاغا بىللە قايتىمىز. . .

— ھانسنى ئىزدىمەيمىزمۇ؟

ھاندرىك ئۆزىنىڭ بارماقلىرىغا قاراپ قويدى. ئۇ، بەزى گەپلەرنى دېگىلى بولمايدىغانلىقىنى، بەلكىم ناھايىتى ئېچىنىشلىق ئىشلارمۇ بولۇشى مۇمكىنلىكىنى بىلەتتى، ئەمما بۇ ئىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغانىنىڭ، ئۇنىڭغا ئارىلاشمىغانىنىڭ يەنە قانچىلىك پايدىسى بولسۇن؟ ئۇ سەل-پەل تۇرۇۋېلىپ ئېغىز ئاچتى، ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئىشەنچسىزلىك چىقىپ تۇراتتى:

— سىزنىڭچە، ئاكىڭىز ھاياتمىدۇ، ھېرد؟ ھازىر ھېچنېمە دېمەي تۇرۇڭ. مەن بىلىمەن، سىز ئاشۇ ئۈمىد بىلەن ئافرىقىغا كېتىپ بارىسىز، مۇشۇ ئۈمىد سىزگە كۈچ بېغىشلىغان. بەلكىم سىزنىڭ بۇ تەۋەككۇلچىلىكىڭىزنى توسۇپ قېلىشقا بولۇشى مۇمكىن، سىزنىڭ قىلىۋاتقانلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىكتۇر. . . ھانس يوقاپ كەتكىلى 15 يىل بولۇپتۇ. . . كىشىلەر ئۇنى ئاخىرقى قېتىم تونىستىكى ئەسىرلەر لاگىرىدىن قېچىپ، قۇملۇقتا غايىب بولۇپ كەتكەن كېچىسى كۆرۈپتۇ. ھېرد، بىز ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىپ ئوبدانىراق ئويلىنىپ بېقىشىمىز كېرەك، خام خىيالغا بېرىلىپ كەتسەك بولمايدۇ، چۈنكى خام خىيال سەھرايى كەبىردە ئادەمنى جېنىدىن جۇدا قىلىدۇ. ھانس قاچقاندا قورالمۇ، ئوق-دورىسىمۇ يوق ئىكەن، ھېچقانداق يېمەك-ئىچمەك ئالماي، ئەسكەرچە فورمىسى

PW[1]بىلەنلا قېچىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەسكەرچە فورمىسىدىغا
دېگەن خەت يېزىقلىق ئىكەن. ئۇ قاچقان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئەتى-
گەندە قۇملۇق ئالا قويماي ئاختۇرۇلۇپتۇ... ئۇنى تۇتۇپ بەر-
گۈچىگە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقى جاكارلىنىپ، ئەرەبلەرمۇ يار-
دەمگە چاقىرىلىپتۇ، ھەممە بوستانلىق ۋە سەھرايى كەبىر قۇملۇ-
قىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۆت تەرىپىگە 500 كىلومېتىر كېلىدىغان
يېقى تۇرالغۇ رايونى تەپسىلىي ئاختۇرۇلۇپتۇ... لېكىن ئۇ
يەنىلا تېپىلماپتۇ! شۇنىڭدىن كېيىن قۇملۇقتا بىرەر ئاق تەنلىك-
نىڭ يالغۇز يۈرگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر ئاڭلىغان ھېچقانداق
ئادەم يوق... سىز بولسىڭىز ئۇششاق گېزىتلەردىكى كالتە
ماقالىلەرگە ئىشىنىپ، ماقالىدە دېيىلگىنى مېنىڭ ئاك-
سام دەۋاتىسىز....

—ماقالىدە دېيىلگىنى شۇ، پاۋىل، چوقۇم شۇ!

ھېرد ھاندرىكنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ: ”مېنى تاشلاپ قويماڭ! ئۇمىدىمنى يوققا چىقارماڭ. ئۇ تېخى ھايات، چوقۇم ھايات...“ دەپ ئۇنىسىز خىتاب قىلماقتا ئىدى.

—بۇ ھەقتە بىر نېمە دەپ پەرەز قىلىش تەس، —دېدى ھاندرىك يەرگە قارىغىنىچە پەس ئاۋازدا، —بىز ئەمەلىيەتچىل-رەك بولايلى، ھېرد. 15 يىلدىن بېرى ئۇ ھېچ بولمىغاندا بىرەر پارچە خەت بولسىمۇ يېزىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش ئاخىرلاشقىلى شۇنچە ئۇزاق بولغان، ئۇنى تۇتۇش بۇي-رۇقى كۈچتىن قالغان تۇرسا. دۇنيادا ئەركىنلىكنى سۆيمەيدى-

[1] PW— ئەسىر مەنىسىدە.

غان ئادەم بولمايدۇ، مەڭگۈ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈش ئۈچۈن ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈدىغان ئادەممۇ بولمايدۇ. ئۇ ئەركىنلىككە ئىنتىلىدۇ، گېرمانىيىگە قايتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ... ئۇ مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن قاچقان! لېكىن ئۇ ئاشۇ 15 يىلدىن بۇيان گېرمانىيىنى ياد ئەتكىنى يوق... ياد ئېتىشى مۇمكىن ئەمەس... چۈنكى... چۈنكى... چۈنكى قۇملۇق ئۇنىڭدىن كۆپ كۈچلۈك، — ئۇ هېردنىڭ مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ، چاچلىرىنى سىيلىدى، ئاندىن ئۇنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ دېدى، — بىز قايتىپ كېتەيلى، هېرد... بېرلىنغا ياكى هامبۇرگقا كېتەيلى، ئۇ يەرلەر بىزنىڭ يۇرتىمىز. بىز بەختلىك ياشايمىز. ئافرىقىدا سىز هامان بىر سايىنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈسىز، ئەمما ئۇنىڭغا مەڭگۈ يېتەلمەيسىز، چۈنكى ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ سايىسى.

— ناۋادا ئۇ ھەقىقەتەن ھايات بولسىچۇ؟ — هېرد ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، بەدەنلىرى ئىختىيارسىز تىترىدى.

هاندرىك يېپىنىۋالغان ئەدىيالنى ئېلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، شوتا رېشاتكىسىنىڭ يېنىغا باردى، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، سەرەڭگە قالدۇقىنى كۆۋەجەپ تۇرغان بۇژغۇنلارغا تاشلىدى.

— بىز ئۇنى ئەلۋەتتە ئىزدىشىمىز كېرەك.

— بىز... بىز دەۋاتامسىز پاۋىل؟

هېرد كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ هاندرىكنىڭ كەينىدىن ئايدىڭدا تىك تۇرغان بەستىگە تىكىلدى.

— شۇنداق، — دېدى هاندرىك بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئىككىمىز بىللە ئىزدەيمىز. مەن سىزنى قۇملۇققا يالغۇز يولغا

سالالمايمەن.

— ئالجىردىكى خىزمىتىڭىزنى قانداق قىلىسىز؟ بوستانلىقتىكى ئىشىڭىزنى. . . خەقلەر هامبۇرگدا سىزنىڭ دوكلاتىڭىزنى كۈتۈپ تۇرسا. . .

هاندرىك بۇرۇلۇپ، هېردىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ تۇردى. ئۇنىڭ قەتئىي قارارغا كەلگەنلىكى خۇددى دوسكىغا يېزىلغاندەك ئۇنىڭ چىرايىدا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى:

— هامبۇرگقا خەت يېزىپ، هانسنى ئىزدەش بىلەن قۇملۇق كېسىلىنى تەكشۈرۈش ئىشىنى بىللە ئېلىپ بارىدىغانلىقىمنى ئېيتىمەن. ئەگەر هامبۇرگ تەرەپ بۇنىڭغا قوشۇلمىسا، مېنىڭ خىزمىتىمنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇرسۇن.

— پاۋىل! ئۇنداق قىلىسىڭىز بولمايدۇ.

— بۇ مېنىڭ ئالجىرىيىگە ئۈچىنچى قېتىم مېڭىشىم. سەھرايى كەبىرنىڭ خەتەرلىكلىكىنى ئوبدان بىلىمەن، سىزنى هەرگىز يالغۇز ماڭدۇرمايمەن، — هاندرىك كاپلا قىلىپ هېردىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى. ئۇلار بىر-بىرىگە قاراشقىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— پاراخوتتا بۇ گەپلەرنى قىلىشمايلىچۇ، — دېدى هاندرىك بىردىنلا.

هېرد بېشىنى چايقىدى، ئاندىن بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويدى:

— نېمە گەپلەرنى قىلىمەن ئەمىسە، پاۋىل؟

— ئالايلۇق، ئايدىڭ كېچە. . .

— ياق. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

— دېڭىز دولقۇنى. . .

— ياق. . .

— ئۆزۈپ يۈرگەن رەڭدار بۇلۇتلار. . .

— ياق. . . ، — ئۇ هاندرىكنىڭ قولىنى سىيلاپ تۇرۇپ دېدى، — مېنىڭ قىلماقچى بولغان گېپىم، مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن. . .

"ئەسمېرا" ناملىق پاراخوت خۇددى چوڭ بىر بىنادەك ئاتلانتىك ئوكياندا كېتىۋاتاتتى، پاراخوتنىڭ روجەكلىرىدىن چىقىۋاتقان چىراغ نۇرلىرى كېچە ئاسمىنىنى يورۇتىۋەتكەنىدى.

پاراخوت باشلىقى مارىئو برېتتاس رولچى سۇپىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئەسنەۋاتاتتى. بۇ ئۇنىڭ مۇشۇ يولدا 57-قېتىم قاتنىشى بولۇپ، ھەممە ئىش مۇشۇنداق بىر خىللا ئىدى.

ھېرد شۆيت بىلەن پاۋىل هاندرىك ئالجىرغا بارىدىغان "ئەسمېرا" ناملىق پاراخوتقا چىققان كۈنى ئومما بىننى بىلقاسىم تۆگە ھەيدەيدىغان ئېغىر سىم قامچىسى بىلەن شۆيت دوكتورنى قاچۇرۇپ قويغان ئىككى گۇندىپاينى راسا ساۋىدى. ئۇلار قومۇلۇقتا يېلىنىپ يىغلاپ، باشلىرىنى چاڭگاللىۋېلىشقانىدى.

بىر سائەتتىن كېيىن، پۈتۈن بەدىنىدىن چىپ-چىپ قان تەپچىپ تۇرغان ئىككى گۇندىپاي چېدىرغا ئېلىپ كىرىلدى. ئومماننىڭ چىرايى ئايىغى ئاستىدىكى قۇمدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، كۆزىنى يۇمدى. بابادور مۇھەممەت بىننى رامدان ئۇنىڭ چېدىرىدا غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ ۋارقىرىماقتا ئىدى.

ئەسلىدە، شۇ كېچىسى، ئومما ئودباباغا بېرىپ ملادشى

لېيتېنانت گلانتۇس بىلەن ئېلىشىۋاتقاندا، شۇيت دوكتور بىر تۆگىگە مىنىپ غىپپىدە قېچىپ كەتكەنىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# ئىككىنچى قىسىم

ئالجىر.

ئاپئاق شەھەر پەلەمپەي شەكىللىك قىزىل تاش ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، كەڭ دېڭىز قولتۇقى ئۇنى قوينىغا ئالغان، زۇمرەتتەك كۆپكۆك ئوتتۇرا يەر دېڭىزى جىمىرلاپ تۇرىدۇ، ئاسمانغا بوي سوزغان پالما دەرەخلىرى شامالدا ئىرغاڭلايدۇ، يانباغىرلارنى زەيتۇن رەڭ ئورمانلار قاپلاپ تۇرىدۇ. كۆككە تاقاشقان بىنالار ۋە ئاپئاق ئېگىز تۇرالغۇ ئىمارەتلەر ياۋروپالىقلارغا خاس بۇ شەھەرنى ئىلكىگە ئالغان. جۇمھۇرىيەت كوچىسى بۇ شەھەرنىڭ تومۇرى بولۇپ، بۇ يەرگە قاتناش نازارىتى ئىدارىسى، ئارات مېھمانخانىسى ۋە ئوھىس مېھمانخانىسى، شەھەر مەمۇرىيىتى ۋە نۇرغۇن بانكىلار، سانسىزلىغان سودا شىركەتلىرى جايلاشقان. بۇ كوچىدىكى توسما تامنىڭ ئارقىسىدا، ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدىكى دولقۇنلار يالاپ تۇرغان ئەڭ چوڭ پورت قۇياش نۇرىدا يالتىراپ تۇرىدۇ. كىشىلەر ھەر قېتىم بۇ يەرگە كەلگەندە، دېڭىزدا كۆك سىياھ ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي سۇ

چايقىلىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرۈش ئۈچۈن ئىختىيارسىز ھالدا قوللىرىنى سۇغا تىقىپ بېقىشىدۇ.

تۆپىلىكنىڭ نېرىسىدا يەنى قىستاڭچىلىق بىلەن تولغان سودا كوچىسى تۈگىگەن يەردە يەرلىك ئاھالە ئولتۇراقلاشقان كەشبە دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەدىمىي شەھەر بار، بۇ بۇنىڭدىن 300 يىل بۇرۇنقى ئالجىر شەھىرى. ئۇ چاغدا تۈركلەر تاغ ئۈستىدىكى ئىستىھكامدا تۇرۇپ ئوتتۇرا يەر دېڭىزىنى كۆزد-تىپ، قەدىمىي برونزا زەمبىرەكلىرى ئارقىلىق پورتىنى كونت-رول قىلىپ تۇراتتى. بۇ يەردىكى كوچىلار كۆن چۈشمىگىدەك دەرىجىدە تار، ئەتراپ پۈتۈنلەي ئۆڭكۈرسىمان يول بولۇپ، يوللار كېسىشكەن بىر نەچچە جايلا يورۇق. . . ھەممىلا يەردە ئەخلەتلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن، يانتۇلۇقتا ئادەم مۇدۇرۇپ-چوقۇ-رۇپ ناھايىتى ئەستە ماڭىدۇ. قاتتىق تاش يول ھۆل ھەم تېيىل-غاق بولۇپ، ئويمان يەرلەرگە سېسىق سۇلار يىغىلىپ قالغان. بۇ يەردە، ئەرەبلەر بىلەن بەربەرلەر ئىندىمەستىن دۆڭلۈكلەر ئارىسىدا قاتراپ يۈرۈشىدۇ. يۈزلىرىگە چۈمبەل تارتقان ئاياللار يول بويىغا سېلىنغان مال قوتانلىرىنىڭ يېنىدا سېۋەتلىرىگە سېلىنغان نانلارنى ياكى چىۋىن بېسىپ كەتكەن ئىرىك گۆشلە-رىنى سېتىپ تۇرۇشىدۇ. ھۆپىگەرلەر بولسا يەسمىن گۈلىدە بويىغان ئۈزۈن مارجانلارنى بويۇنلىرىغا ئېسىشىپ، پەلەمپەي يوللار بىلەن پەسكە چۈشۈپ كەشبە ئەتراپىدىكى رايونلارغا چى-قىپ، شىمالىي ئافرىقىدىكى بۇ مەينەت يەرنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەن ساياھەتچىلەرگە ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى كۆرسى-تىدۇ. ئەما بالىلار ياكى قارىماققا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق كۆرۈ-

نىدىغان مەجرۇھ تىلەمچىلەر تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇ-غىنىچە پۇل تىلەيدۇ. گۈگۈم پەردىسى يېپىلغاندا ياكى بىرەر پارچە نان سېتىۋالغۇدەك پۇل تاپقاندا ئېرىنچەكلىك بىلەن پاسكىنا يەردىلا تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇخلايدۇ.

بۇ يەر دىمىق، مەينەت، سېسىقچىلىققا تولغان بولۇپ، ئادەم بۇرۇقتۇرما بولاتتى، كۆڭلى ئاينىيتتى. ئەمما بۇ پاسكىنىچىلىقتا، بۇزۇقچىلىق بىلەن تولغان ئىپلاس زېمىندا بىر چىراي پەيدا بولدى. بۇ چىرايدا ئۈمىد بىلەن تولغان، تەشنالىق چىقىپ تۇرغان قاپقارا بىر جۈپ بۇلاق كۆز چاقنايتتى. بۇرۇننىڭ ئاستىغىچە يېپەك ياغلىقتا يېپىۋېتىلگەن بۇ كۆزلەر گۈزەللىك ۋە سۆيگۈ بابىدا ئادەمنى ھەيران قالدۇراتتى. زىلۋاغىنە كەلگەن، پەرىزاتتەك بۇ قىز ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ تولغىنىپ ماڭاتتى، ئالىقىنىنى قىزغۇچ بويىۋالغان، تىرنىقىغا تىرناق بويىقى سۈرۈۋالغان بولۇپ، قىزىل لېنتا بىلەن بوغۇۋالغان چاچلىرى ئايئاق ياغلىق ئىچىدە لەيلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن گۈپۈلدەپ ئەنبەر پۇرايتتى، بۇ ئەرەب ئاياللىرى گىرىم قىلغاندا ئىشلىتىدىغان بىر خىل گىرىم بۇيۇمى ئىدى. كىشىلەر ئافرىقىنى قىزغىن سۆيۈشكە، بۇ قورقۇنچلۇق، پاسكىنا، ئادەمنى يىرگەندۈرىدىغان، سېسىپ كەتكەن كەشبە ئۆڭكۈر دۇنياسىدىكى ئافرىقىنى قىزغىن سۆيۈشكە باشلىدى، كىشىلەر ھېلىقى بىر جۈپ كۆزنى، ھېلىقى ھەم قارا، ھەم چوڭ، سېھرىي كۈچ بىلەن تولغان كۆزنى كۆردى، چەكسىز تەشنالىق بىلەن تولغان بۇ جۈپ كۆز مەۋجۇت بولۇپلا تۇرىدىكەن، ئافرىقا مەڭگۈ بىر قەدىمىي، ئەمما ياش زېمىن بولۇپ

تۇرىۋېرىدۇ. ئۇ بىزنىڭ بۇ دۇنيايىمىزدىكى ھەر قانداق بىر جايغا ئوخشاش، پارلاق ئىستىقباللىق. . .

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالجىر.

ئالجىر، كۆپكۆك دېڭىزغا تۇتاشقان ئاپئاق شەھەر.

بۇ شەھەر قىزىل تاش ئۇستىگە بەرپا قىلىنغان. بۇ شەھەر قەدىمكى زاماندىكى پەلەمپەيسىمان يۇمىلاق شەكىللىك ئۇستى ئوچۇق تىياتىرخانىغا ئوخشايدۇ.

ئالجىر بەئەينى ناھايىتى چوڭ بىر پارچە بۇلۇت، ئۇ ھەر خىل ئىرقتىكى ئادەملەرنى ئۆزىگە سىڭدۇرگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا سانسىزلىغان تەقدىر ۋە ئۇمىدلەر يوشۇرۇنغان. بۇ يەردە پورت بار، بۇ— چەت ئەل ئەسكەرلىرى تۇرىدىغان شەھەر؛ بۇ يەردە ئەرەب ئاسىيلىرىنىڭ مەخپىي سورۇنلىرىمۇ بار. بۇ — تەۋەككۇلچىلەر ۋە ئادىمىي لەھەڭلەرنىڭ دۇنياسى.

ئالجىر ئۆمەر بىننى سۇلايماننىڭمۇ شەھىرى. . . . ”ئەس-مىرا“ ناملىق پاراخوت كۇچلۇك گۇدۇك چېلىپ پورتقا كىرىپ كەلدى. 3-ۋېرىستاندا ئىشچىلار ھەر قايسى لەڭگەرلەرگە قاراپ يۈگۈرۈشۈپ كېتىشۋاتاتتى. تاموژنا خادىملىرى پاراخوت قىرغاققا كېلىشتىن بۇرۇن تۇرلۇك رەسمىيەتلەرنى بېجىرىپ تۈگىتىش ئۇچۇن بىر ماتورلۇق قېيىق بىلەن يېتىپ كەلدى. ئۇزۇن كەتكەن جۇمھۇرىيەت كوچىسىنىڭ توساق تېمىنىڭ يېنىدا نۇر-غۇن ئەرەبلەر، ھىندىلار، بەربەرلەر ۋە تۇرلۇك شالغۇتلار قىر-غاققا يېقىنلىشىۋاتقان ئىككى پاراخوتنى تاماشا قىلىشىپ تۇراتى. بۇ چاغدا تىلەمچىلەرنىڭ ئالدى دىڭگوسلاپ پورتقا قاراپ مېڭىشتى؛ ھېلىقى سودىگەرلەر، گىلەم ساتقۇچىلار، ئاتكىرىتكا

ساتقۇچى ياشلار شۈنىڭدەك سېۋەتنى بىلىكىگە ئۆتكۈزۈۋالغان
ھۆپىگەرلەرمۇ ”ئەسمىرا“ ناملىق پاراخوت شوتىسىنى چۈشۈر-
دىغان جايغا قاراپ بەس-بەستە ئاقماقتا ئىدى.

ئۆمەر تەقەززالىق بىلەن تۇرغان كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا
پاراخوتقا سوغۇق نەزەر تاشلاپ تۇراتتى. ئۇ ئۇچىسىغا ئالجىردى-
كى ئەڭ ئۇستا ماشىنىچى تىككەن ناۋات رەڭ مودا كاستۇم
كىيگەنىدى. ئۇ بوغداي ئۆڭلۈك، يۇمىلاق يۈزلۈك كىشى بو-
لۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرى پاكىز قىرىلغانىدى، قاپقارا چاچلىرى
كاللىسىنى يېپىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىدىن گۈپۈلدەپ ئەتىر-
گۈل چاچ مېيىنىڭ پۇرىقى كېلەتتى، بۇ ئۆمەر بەك ياخشى
كۆرىدىغان چاچ مېيى ئىدى. كىشىلەر ئۇنىڭ مايلاپ پارقىرىتىد-
ۋەتكەن بېشىغا كىيىۋالغان ئاچ قىزىل بۆكىگە ئاساسەن، ئاندىن
ئۇنىڭ بىر مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىشىدۇ. دەرۋەقە،
كىشىلەر يەنىمۇ ئىنچىكىلەپ سەپسالغىنىدا ئۇنىڭ بوينىدا، يې-
پەك كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنىڭ ئاستىدا غۇۋا پىلدىرلاپ تۇرغان
ئالتۇن زەنجىرنى چىلىقتۇرۇشى مۇمكىن، زەنجىرنىڭ ساڭگى-
لاپ تۇرغان يېرىگە كىچىككىنە بىر قۇرئان ئېسىقلىق بولۇپ،
ئۇنىڭ مەيدىسىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى، بۇ مەككىگە بېرىپ ھەج
قىلغانلارنىڭ بەلگىسى ئىدى.

3-پىرىستاننىڭ كىرىش ئېغىزىدا، يوغان بىر سېرىق تايغان
تۇراتتى. ئاپئاق يىپەك تون كىيگەن، بېشىغا مۇسۇلمانچە ياغلىق
چىگىۋالغان بىر شوپۇر ماشىنىسىدا قىمىر قىلماستىن ئاپئاق
رولنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى.

”ئەسمىرا“ ناملىق پاراخوت يول باشلىغۇچىنىڭ يېتەكچىد-

لىكىدە ئاستا-ئاستا پورتقا يېقىنلاشتى، ئۆمەر تۈرۈپ-تۈرۈپ مەيدىسىنى تۇتۇپ، ئىچ يانچۇقىدىكى قېلىن بىر تۇتام ھۆججەتنى — ئېلىپ كېلىنىدىغان گېرمانىيىلىك، بېلگىيىلىك، گوللاندىيىلىك ۋە دانىيىلىك 13 قىز توغرىسىدىكى ھۆججەتنى سىيلاپ قوياتتى.

"ئەسمېرا" ناملىق پاراخوتنىڭ ئېگىز گەۋدىسى ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، "غارت-غارت" قىلىپ پرېستانغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇ پاراخوتنىڭ قىرغىقىدىكى رېشاتكا تۈۋىدە تۇرۇپ كىشىلەرگە قول پۇلاڭلىتىپ توۋلىشىۋاتقان يولۇچىلارغا كۆزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ بىردەم سەپسالدى.

پاراخوتتىكى سازەندىلەر ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن مارش ئورۇنلىدى، بىراق ھۆپىگەرلەرنىڭ ۋاڭ-چۇڭ سادالىرى مۇزىكىنى بېسىپ كەتتى. پاراخوت باشلىقى برېتتاس رولچى بۆلمىسىدىن پرېستاندا مىغىلدىشىپ تۇرغان ئادەملەرگە قارىدى. ئۇنىڭ يېڭىدىكى سېرىق بەلگە كۈن نۇرىدا يالتىراپ چاقنايتتى. باش ياردەمچى بىلەن ئىككىنچى ياردەمچى پالوبادا تاموژنا خادىملىرى بىلەن بىرگە يولۇچىلارنىڭ ئىسىملىكىنى سېلىشتۇرىۋاتاتتى.

—خوشلىشىدىغان ۋاقتىمىز كېلىپ قالدى، ھېرد، — دېدى ھاندرىك پەس ئاۋازدا. ئۇلار يولۇچىلار ئاپتاپسىنىدىغان كەڭ پالوبادىكى رېشاتكىنىڭ يېنىدا بىر-بىرىگە چاپلىشىپ، قىزىل قىيا تاشلار ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان شەھەرگە نەزەر سالماقتا ئىدى، —گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، سىز ئىمكان قەدەر تېز ماڭا تېلېفون بېرىڭ، تېلېفون نومۇرۇم: ئالجىر،

23857 ، دورىگەرلىك سەھىيە تەتقىقات ئورنى. ئەگەر مۇمكىن بولسا مەن دەرھال بېرىپ دىرېكتورىڭىز بىلەن سۆزلىشىمەن.

ھېرد بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇ خۇددى بىر كىمنىڭ بولاپ ئېلىپ كېتىشىدىن قورققان كىچىك بالىدەك، ھاندرىكنىڭ بى-لىكىگە ئىككى قوللاپ ئېسىلىپ، ئۇنىڭغا يېقىن چاپلىشىۋالغا-نىدى، تەسۋىرلەپ بولغۇسىز ۋەھىمە ئۇنى نەپەس ئالدۇرمايتتى.

— گۈزەل شەھەر ئىكەن بۇ، — دېدى ئۇ غەيرەتلىنىپ. لېكىن ئۇنىڭ سۆزى ئاڭلىماققا چىن دىلىدىن ئېيتىلمىغاندەك قىلاتتى.

ھاندرىك بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ ياۋروپالىقلارغا خاس بۇ شەھەرگە: ئاپئاق ئۆيلەرگە، كەشبەدىكى بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن ئۆگزىلەرگە ۋە تاغ ئۈستىگە سېلىنغان قەدىمىي تۈرك زەمبىرەك سۇپىلىرىغا ھەمدە سۇلتانىنىڭ ھەيۋەتلىك قەسىرىگە نەزەر تاشلايتتى.

— قاچاندىن باشلاپ ئالجىردا ئۇسسۇل ئويناشقا چۈشىسىز؟

— دەپ سورىدى ھاندرىك. ھېرد مۇرىسىنى چىقىرىپ قويدى:

— مەن ھېچنېمىنى ئۇقمايمەن. ھەممە ئىشنى دىرېكتور-نىڭ ئۆزى بەلگىلەيدۇ.

— ئۇ ياۋروپالىق كىشىمۇ؟

— بۇنىمۇ ئۇقمايمەن. بىزگە ئالدىمىزغا كۈتۈۋالغىلى ئادەم چىقىدىغانلىقىنىلا ئېيتقان.

— مەن ئەنسىرەۋاتىمەن... — ئۇلار يەنە سۆيۈشتى.

ھاندرىك ھېردنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ، ئۇنى ئالدىنقى پالۋاغا ئۆتىدىغان تايانغۇچلۇق پەلەمپەيگە ئېلىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ كۆز-



www.uyghurkitap.com

لىرىدىن ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يەردە قالغان 12 قىز بولۇپ، ئۇلار تاقەتسىزلىك بىلەن پاراخوتنىڭ قىرغاقتا يېقىنلىشىشىنى كۈتۈشۈپ تۇراتتى.

— مەن سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدا، — دېدى هاندرىك تايانغۇچلۇق پەلەمپەيگە ھېرد تۇنجى قەدىمىنى بېسىشىغا، — سىز قورقماڭ، هازىرقى ئافرىقا سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىزدىكىدىن كۆپ مەدەنىيەتلىك، ھەممە يەردە بىزگە ياردەم قىلىدىغانلار بار. غەيرەتلىك بولۇڭ، ھېرد، غەيرەتلىك بولۇڭ...

ھېرد غەيرەتكە كېلىپ بېشىنى لىڭشىتتى، پەلەمپەيدىن چۈشۈپ، جىممىدە بېرىپ قىزلارغا قوشۇلدى. ئۇ پەستە ساقلاپ تۇرغان ئادەملەرگە، ئۆمەر بىننى سۇلايمانغا قارىدى...

ئۆمەر پاراخوتقا نەزەر سېلىپ، ھېچكىم چۈشەنمەيدىغان بىر خىل تەرزدە كۈلۈمسىرەيتتى، ئۇ بىر خىل ئىچ-ئىچىدىن كۈلۈمسىرەش ئىدى، كۆز ۋە لەۋلەردە ئىپادىلەنگەن كۈلۈمسىرەش ئىدى، ئۇ كۈلۈمسىرىگەندە يۈزىنىڭ مۇسكۇللىرى مىدىراپمۇ قويمايتتى. ئۇ پاراخوت رېشاتكىسىنىڭ يېنىدىكى 13 قىزنى كۆردى، ئاندىن سېمىز بىلىكىگە تاقىۋالغان ئالتۇن سائىتىگە قاراپ قويدى.

شوتىنىڭ ئاستىدا، ئافرىقىنىڭ بۇ زېمىنىدا سودىگەرلەر، تىلەمچىلەر ۋە ھامماللار مىغىلدىشىپ يۈرۈشەتتى. ئۆمەر گەپ قىلماستىن قوپاللىق بىلەن ئۇلارنى گەۋدىسىدە سوقۇپ يول ئاچتى، ئاندىن تۆت خىل تىلدا ئۇ قىزلاردىن ئەھۋال سورىدى ھەمدە ئۇلار بىلەن بىر-بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— مەن ناھايىتى خۇشالمەن، — دېدى ئۇ، — سىلەر ئافرى-

www.uyghurkitap.com

قىدا ئوبدان ئۆتىسىلەر، ئالىي مېھمانخانا، ئوبدان ئىش ھەققى، ئەۋزەل خىزمەتلەردىن بەھرىمەن بولىسىلەر، ئافرىقىغا كەلگەنىڭلارغا پۇشايمان قىلمايسىلەر.

ئۇ بۇرۇلۇپ قىزلارنى باشلاپ ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، بىرسى كەينىدىن ئۇنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى.

ئۆمەر تەئەججۈپ بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ئالدىدا بەستلىك بىر ياۋروپالىقنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە كۆزلىرىنى پۇرۇشتۇردى. ئەمما ئۇ شۇ ھامان: ”مېنىڭ ئالجىرىدا شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىمنى بىلىدىغان ئادەم يوق، شۇڭا بىر ئاق تەنلىكتىن خەۋپ كېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس“ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى:

— نېمە ئىش؟ — دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن.

— بۇ قىزلار نەگە بارىدۇ؟ — سورىدى ھاندرىك.

ئۆمەر كۈلۈپ قويدى، بۇ دۈشمەنلىك، خەۋپ چىقىپ تۇرىدىغان كۈلكە ئىدى:

— بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ نېمە كارىڭىز؟

— كارىم بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىزغا مەن مەسئۇل بولۇشۇم كېرەك دەپ قارايمەن.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، — ئۆمەر كاستۇمىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن بىر تۇتام ھۆججەتنى چىقىرىپ ۋاراقلاشقا كىرىشتى، — بىرلىن تەرەپ بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقىنى يوق ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرغان.

— شۇنداق.

— ئەمىسە بولدى، — ئۆمەر ھاندرىكنى بىر ياققا ئىتتىرىـ

ۋەتتى، — يولۇمنى توسماڭ. مېنىڭ ۋاقتىم پۇل بىلەن بارا-ۋەر.

— شۇنداقتۇر بەلكىم، — هاندرىك يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتتى، — مەن بۇ قىزلارنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى، قايسى مېهمانخانىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ قالساملا بولدى، ئاندىن مېنىڭ كۆڭلۈم تىنىدۇ.

ئۆمەر ئەتراپقا نەزەر سالدى. 3-پېرىستاندىكى كىشىلەر خېلىلا ئازلاپ قالغانىدى، يولۇچىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالدىراپ پورت كوچىسىدىكى كىرا ماشىنىلىرىغا قاراپ كېتىشىۋاتاتتى.

— ئەگەر يولنى بوشاتمىسىڭىز، ئۆزۈم يول ئېچىشقا مەجبۇر بولۇپ قالىمەن بىكار، — دېدى ئۆمەر سىلىق تەلەپپۇز بىلەن، — شۇنداقلا قىلسام دوم چۈشىسىز هېلى.

— ساقچىلار مېنى قوغدايدۇ . . .

— ساقچىلار؟ — ئۆمەر كەمسىتىش نەزىرىدە كۆزىنى قىسىپ قويدى، — سىز هازىر ياۋروپادا ئەمەس، ئالجىردا تۇرۇۋاتىسىز، ئەپەندى. ساقچىلار كېلىپ بولغۇچە ئۆزىڭىزنى سۇنىڭ ئىچىدە كۆرىسىز. سىزنى كىمنىڭ سۇغا تاشلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىدىغان بىرەرمۇ ئادەم چىقمايدۇ. مەن بولسام بۇ ئىشنى مېنىڭ قىلمىغانلىقىمغا گۇۋاهلىق بېرەلەيدىغان ئادەمدىن 20نى بەش مىنۇت ئىچىدە تاپالايمەن!

— ئوهوي، مۇنداق دەڭ! — هاندرىك يولنى بوشاتتى. ئۇ لەپپىدە هېردقا قارىدى، هېرد ئۇ ئىككىسىنىڭ گېپىگە هەيرانلىق بىلەن قولاق سېلىپ تۇراتتى. بۇ قىسقىغىنە سۆهبەت ساپ فرانسۇز تىلىدا ئېلىپ بېرىلغانىدى. هېرد ئۆمەرنىڭ كۆلۈمسى-

www.uyghurkitap.com

رەشلىرىدىن سۆزلىشىشىنىڭ دوستانە كەيپىياتتا بولغانلىقىنى سەزگەندەك بولدى. هاندرىك هېردىنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ هېسسىياتىنى كۆرۈپ يەتتى، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەمەلىي هېسسىياتىنى بىلىندۇرمىدى. ئۇ هېردقا قاراپ كۇلۇمسىرەشكە تىرىشتى:

—بۇگۇن كەچتە كۆرۈشەيلى، —دېدى ئۇ. ئۇ ئۆمەرنىڭ نېمىسچىنىمۇ ئۇقىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ كېيىنكى بىر ئېغىز سۆزىنى قەستەن ئوچۇق هەم جاراڭلىق قىلىپ ئېيتتى، —سىزنىڭ بۇ ئاق كۆڭۇل دىرېكتورنىڭ قول ئاستىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزنى تىلەيمەن.

ئۆمەر ئۇنىڭغا قاراپ بوشقىنە تەزىم قىلىپ قويدى، هېرد هاندرىككە قاراپ پىسىڭىدە بىرنى كۇلۇپ، قول ئىشارىسى قىلدى. ئۇ ساختا، رەھىمسىز، ئادەمنىڭ تېنىنى شۇركەندۇرۇۋەتكەن ئەرەبنىڭ هېرد ۋە باشقا قىزلارنى باشلاپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ، هاندرىكنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى.

ئۇ پورتنىڭ چىقىش ئىشىكىدە 13 قىزنى بېسىپ كېتىپ بارغان بولكىۋايغا قاراپ تۇراتتى.

ئۇ قىزلارغا جۇمھۇرىيەت كوچىسىنىڭ قايرىلىدىغان دوقمۇشىدا كۆزدىن غايىب بولغانغا قەدەر قول پۇلاڭلاتتى.

ئۇ خۇددى نەگە بېرىشىنى بىلەلمىگەندەك، چامىدانىنىڭ يېنىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالغاندى. بىر هازادىن كېيىن، ئۇ بىر تاكسىنى توستى. ئەرەب شوپۇر پىكاپىنى ”غارت“ قىلىپ قولاقنى ئاغرىتقۇدەك دەرىجىدە تورمۇزلاپ توختاتتى.

— دورىگەرلىك-سەھىيە تەتقىقات ئورنىغا بارىمەن، — ئۇ فرانسۇز تىلىدا شۇنداق دېدى-دە، لىككىدە پىكاپقا چىقتى.

— بولىدۇ، — شوپۇر فرانسۇزچە جاۋاب بېرىۋېتىپ، بۆكىنىڭ قىرغىقىنى چېكىپ قويدى. ئاندىن پىكاپنى ھەيدەپ، تۆپتۈز كەتكەن كەڭرى دېڭىز ساھىلى يولىدا نۇرغۇن ئېسىل، كۆن نۇرىدا كۆزنى چاقنىتىدىغان ئىمارەتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

ھاندرىك پىكاپنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى قېلىن بۇلۇت ئورۇندا ئەنسىزلىك ئىچىدە ئولتۇراتتى. ئۇ ئىختىيارسىز ھېردنى ئېسىگە ئالدى. ھېلىقى سېمىز ئەرەبنىڭ قارىشى ھامان ئۇنىڭ كاللىسىدىن كەتمەيتتى. ئۇ قىزلار قانداقراق قاۋاقخانىدا ئويۇن قويار؟ نېمىشقا ئۇ توختامنامىدا ئىش ھەققى، ئويۇن قويىدىغان ئورۇن ۋە باشقا مەجبۇرىيەتلەر تىلغا ئېلىنمايدۇ؟ نېمىشقا ئۇ ئەرەب ھېلىقى قىزلارنىڭ قايسى مېھمانخانىغا چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىشنى رەت قىلىدۇ؟

ئۇ بوينىنى سوزۇپ شوپۇرنىڭ كەينىدىن قارىدى:

— سىز ئۆمەر دېگەن بىر ئەرەبنى تونۇمسىز؟ سورىدى ئۇ.

— ئۆمەر؟ — شوپۇر كۈلۈپ كەتتى، — ئالجىردا 200 مىڭدەك ئۆمەر بار!

— مېنىڭ دېگىنىم پاكارراق، دوغىلاق بىر ئەرەب.

— 200 مىڭ ئادەمنىڭ 150 مىڭى دوغىلاق-دە!

— ئۇ بولسا تىياتىرخانىنىڭ كەسپىي ۋاستىچىسى، بىر ئۇسسۇل ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى، مەخسۇس ئالجىردىكى ھەرقايسى قاۋاقخانىلار ۋە تۈرلۈك بىرلەشمە ئويۇن قويۇش ئىشلىرى

ئۇچۇن مۇلازىمەت قىلىدۇ.

— ئۆمەر؟ تونۇمايدىكەنمەن. ئۇنىڭ فامىلىسى نېمە؟

— بۇنى مەنمۇ ئۇقمايمەن. مەن ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۆمەر دېگىنىنىلا ئاڭلىغان.

شوپۇر مۇرىسىنى قىسىپ قويۇپ، پىكاپنىڭ خوتىنى يۆتكىدى، پىكاپ دۆڭگە قاراپ ماڭدى، يول بويى ياۋروپالىق ۋە ئەرەب بايلارنىڭ بىرمۇنچە داچىلىرى ئۇچرىدى، بۇ داچىلارنى پالما دەرەخلىرى ۋە ئېگىز لىۋان كېدىر قارىغايلىرى ئوراپ تۇراتتى. پىكاپ رېزىدېنت مەھكىمىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سانت جورج مېھمانخانىسىنىڭ زەيتۇن دەرەخلىرى مېھمانغا ھۆرمەت بىلدۈردى، ئاندىن پىكاپ پەسكە قاراپ ماڭدى ۋە يولنى بويلاپ سول تەرەپكە قايرىلدى.

— فامىلىسىنى بىلمىسىڭىز، ئالجىردىن بۇ ئادەمنى مەڭگۈ تاپالمايسىز، — دېدى شوپۇر خېلى ئۇزاق جاۋاب ئىزدىگەندەك بىر ھازادىن كېيىن.

ھاندرىك پىكاپنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ پېشانىسىنى سۈرتتى.

— مېنىڭچە، بىر رەزىل ئىش يۈز بېرىدىغان بولدى، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا. ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازى شوپۇر ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە ئوچۇق ئىدى.

لېكىن شوپۇر بۇنىڭغا ئېرەن قىلىپ قويمىدى، ئالجىردا كۈنىگە نۇرغۇن رەزىل ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدۇ-دە.

ھاندرىك پىكاپنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى. ئۇلار ھازىر ئوبدان يولدا كېتىپ باراتتى... ئەنە، ئالجىر ئۇنىڭ

كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ تاپىنى ئاستىدىكى بۇ شەھەر تاغ باغرىنى بويلاپ سوزۇلۇپ يېتىپتۇ، ئۆي-ئىمارەتلەر خۇددى تاغقا ئېسىلىۋالغاندەك، پەستىكىسى يۇقىرىدىكىسىنى تىرەپ تۇراتتى. پايانسىز دېڭىز كۆپكۆك كۆرۈنەتتى؛ ئۇپۇقتا زەڭگەر ئاسمان بىلەن زۇمرەت دېڭىز قوشۇلۇپ، ئالتۇن رەڭ قۇياش نۇرىغا چۆمگەنىدى.

—توختاپ تۇرۇڭ، —ھاندرىك پىكاپنىڭ دېرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ چوڭ بىر رەسىمگە قاراۋاتاتتى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە نەچچە يۈز يىل ياشىغان بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ رەسىمى ئىدى. ھاندرىكنىڭ كاللىسىغا ئۇشتۇمتۇت بىر خىيال —بىر ئەخمىقانە، تېخى بۇ شەھەرنى غىل-پاللا كۆرۈپ پەيدا بولغان خىيال كەلدى.

—پىكاپىنى ساقچى ئىدارىسىغا ھەيدەڭ، —دېدى ئۇ بىردىنلا.

—ساقچى ئىدارىسىغا بارىمىزمۇ، ئەپەندى؟ ھېلىقى ئۆمەرنى دەپ؟

—شۇنداق.

شوپۇر مۇرىسىنى چىقىرىپ قويىدى.

—بۇنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوق، ئەپەندى.

—ئەھمىيىتى بولمىسىمۇ مەيلى. سىز پىكاپىڭىزنى ھەيدەۋېرىڭ.

—خوپ.

تاكسى كەينىگە بۇرۇلۇپ، پەستىكى شەھەر رايونىغا قاراپ ماڭدى. ھاندرىكنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان بىر خىل

ئەندىشە پەيدا بولدى. ئەگەر ھېرد تېلېفون بېرەلمىسە قانداق قىلغۇلۇق؟ بىراۋلار ئۇنىڭغا تېلېفون بەرگىلى قويمىسىچۇ؟ ئۇنداقتا مەن ئۇنى ئىككىنچىلەپ كۆرەلمەيمەن، ئۇ ئاكىسىغا ئوخشاش بۇ پايانى يوق زېمىندا يوقاپ كېتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ھېچكىم قۇتقۇزۇپ قالالمايدۇ. ئۇنى ماڭدۇرمىسام بولۇپتىكەن ئەمەسمۇ! مەن ئەسلىدە توختام-پوختام دېگەنلىرى بىلەن ھېسابلاشماي، ھېلىقى پور ئەرەبنىڭ ئېغىزىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى قويۇپلا ھېردنى ئېلىپ كەتكەن بولسام بولۇپتىكەن!

—تېخىمۇ ئىنتىكرەك ھەيدەڭ! —دېدى ئۇ شوپۇرغا ئۇنلۇك توۋلاپ.

شوپۇر مۇرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ، ماي كلاپىنىنى دەسسىدى، پىكاپ گۇرۇلدىگىنىچە ئۇچقاندەك چېپىپ، كوچىلارنى ئارقىدا تاشلاپ يۈرۈپ كەتتى.

يەرلىك ئاھالىنىڭ دۇكانلىرى ئالدىدا بىرمۇنچە ئەرەبلەر تاماكا چېكىپ ياتاتتى. ئۇلار ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پەكاپقا قاراشتى، چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە بىلىنمەيتتى، خۇددى ئاللانىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشكەندەك سولغۇن ئەمما خىرامان كۆرۈنەتتى.

تاكسى ”غارت“ قىلىپ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى.

ھاندرىك بۇ ئېگىز بىناغا كىردى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. . .

ئەل ئىھرام مېھمانخانىسى ئالىي مېھمانخانىلاردىن ئەمەس،



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئادەتتىكى مېھمانخانىلاردىنمۇ ئەمەس، بەلكى كەشبە شەھىرىنىڭ ياقىسىدىكى بىر كىچىك دەڭدىنلا ئىبارەت ئىدى.

بۇ يەردە تاملىرىغا زەدىۋال تارتىلغان تار ئۆڭكۈرلەردىن باشقا تۈزۈكرەك ئۆي يوق ئىدى. بۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئالدىدا سېسىقچىلىققا تولغان بىر ئېرىق بار ئىدى، ئەخلەت دۆۋىلىرىدە چىۋىنلار گىژىلدىشىپ يۈرۈشەتتى.

ئاشخانىغا داستىخان سېلىنمىغان بىر نەچچە پاسكىنا يۇمىلاق شىرە ۋە شاللىرى يېرىلىپ نەچچە پارچە بولۇپ كەتكەن ئورۇندۇق قويۇلغانىدى. بۇ يەرگە كېلىش ئۈچۈن، قاراڭغۇ بىر يول بىلەن مېڭىپ، سېسىق بۇس چىقىپ تۇرغان ئاشخانىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ئاشخانا خوجايىنى ئاشخانىنىڭ ئالدىدا بىر ياتما ئورۇندۇقتا مېھمانلارنى كۈزىتىپ ئولتۇراتتى.

13 قىز ئەل ئېھرام مېھمانخانىسىغا ئېلىپ كېلىنگەندە ئۆمەر يوق ئىدى. ئۇ ھېلىقى تايغىنىنى ئەگەشتۈرۈپ، تاغدىكى غاردا تۇرىدىغان ئۈچ ئەرەب بىلەن كۆرۈشكىلى كەتكەنىدى. ئۇلار نەچچە كۈنلەپ يول مېڭىپ، بىسكرا، بۇسادىدا ۋە تۇغۇرت بوستانلىقلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ ئالجىرغا كەلگەنىدى. شۇڭا ئۆمەر قىزلارنىڭ دىمىق، قاراڭغۇ، سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان ئۆڭكۈرنىڭ بوسۇغىسىدىن كىرىپلا ئادەمنىڭ ئىچىنى ئېلىشتۇرغىدەك دەرىجىدىكى مەينەت كارىۋاتنى كۆرگەن چاغدىكى تىللاشلىرىنى ئاڭلىمىغانىدى، ئۇلارنىڭ تۈنجى قېتىملىق ئۈمىدسىزلىنىپ يىغلىغان يىغىسىنىمۇ ئاڭلىمىغانىدى. ھېردمۇ ئوخشاشلا بۇ پاسكىنا جايغا كېلىپلا ھەيران قالدى-دە، چىقىپ خوجايىنىنى تاپتى:

—نەدە تېلېفون بار؟ —دەپ سورىدى ئۇ.
خوجايىن بېشىنى چايقاپ، چۈشەنمىگەنلىكىنى بىلدۈردى.
—تېلېفون —دېدى ھېرد ئۈنلۈك ئاۋازدا ئالدىرىماي سۆز-لەپ، ئۇ قولىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ، تېلېفون ئۇرغان قىياپەتنى دورىدى. خوجايىن ياۋۇزلارچە كۈلۈپ يەنە بېشىنى چايقىدى:
—يوق، دېدى ئۇ مۇغەمبەرلىك بىلەن، —تېلېفون يوق.
ھېرد مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، خوجا-يىن ئۇنىڭ يولىنى توسۇپ:
—توختا! كېتىدۇ ياخشى ئەمەس! ئۆيدە تۇرىدۇ! پۇتۇن-لەي! —دېدى تەھدىت بىلەن.
ھېرد چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى، ئۇ بۇ سېمىز خوجايىنىنىڭ گېپىنى پۈتۈنلەي چۈشىنىپ كەتمىگەنىدى، ئۇ يۇلقۇنۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋېدى، خوجايىن ئېتىلىپ كېلىپ تامغا قىستىدى:
—ئۆيدە تۇر! —دەپ ھۆركىرىدى ئۇ، —چاپسان، چاپسان بول. . . ئاۋۇ تەرەپكە بار. . . ، —ئۇ مۇشتىنى تۈگۈپ، ھېرد-قا دېۋەيلىدى. ئاندىن ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە قاراڭغۇ يولدىن ئۆتۈپ، ئۇنى تىك بىر پەلەمپەيدىن ئىتتىرىپ چىقاردى.
—چىقىشقا بولمايدۇ! —دېدى ئۇ باشقا قىزلارنى چۆچۈتە-ۋەتمەسلىك ئۈچۈن پەسرەك ئاۋازدا، —ئۆمەر خاپا بولىدۇ. . .
ئۇ يەنە بىردەم پوپوزا قىلغاندىن كېيىن، كېلەڭسىز گەۋ-دىسى بىلەن پەلەمپەينى توسۇپ ئولتۇردى.
ھېرد ئىككىلىنىپ پەلەمپەيدە تۇرۇپ قالدى. قورقۇنچ ئۇ-

تۆپ كەتكەن، كۆزىدىن ئېقىۋاتقان يېشىمۇ توختاپ قالغان،
پەقەت ئاچچىقىلا يانمىغانىدى. ئۇ خوجايىنىنىڭ بېشىدىكى ياغلى-
قىغا قارىغىنىچە قېتىپ قالغانىدى، بىرەر كالتەك ياكى بازغان
بىلەن بىرنى قويۇپلا ئۇنىڭ كاللىسىنى مىجىۋەتكۈسى كېلەتتى.
خوجايىن پەلەمپەيدە ئۆزىنىڭ قولىغا قاراپ، مەمنۇن بول-
غاندەك كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى، بەلكىم ئۇ ھۇجۇمغا ئۆتۈشنى
كۈتۈۋاتقان بولسا كېرەك. ئۇ يامان نىيەتتە يۇقىرىغا قاراپ
قويۇپ، ئالدىغا ئېگىشىپ تۈگۈلدى.
ھېرد ئالدىرىماي ئۆرۈلۈپ، تارتىشىپ پەلەمپەيگە چىقتى.
ئۇ ھازىر دەسلەپتىلا ئوخشۇلۇق بولمايدىغانلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ
تۇرغان ھەرىكەتلەرنى قوللىنىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوقلۇ-
قىنى چۈشىنەتتى. ئەمما ئۇ ئەمدىلا 3-باسقۇچقا چىقىشىغا، بىر-
دىنلا كاللىسىغا بىر ئوي كەلدى-دە، غەزىپىنى باسالماي شارت-
تىدە بۇرۇلۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن خوجايىنىنىڭ دۈمبىسىگە
ئۇرۇلدى.
خوجايىن غۇدۇڭشىغىنىچە پاسكىنا يولغا ”پالاققىدە“ يىقىل-
دى. ئۇ لام-جىم دېمەستىن ئورنىدىن تۇردى، كەينىگە ئۆرۈلۈپ-
مۇ قويمىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۆچمەنلىك بىلەن —قىپقىزىل
ئۆچمەنلىك بىلەن تولغانىدى.
ئۇ ئاستا مېڭىپ، ھېلىقى ياتما ئورۇندۇقىغا يېڭىۋاشتىن
بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ ھېردنىڭ پەلەمپەيگە چىقىپ كېتىۋاتقاندى-
كى ئاياغ تىۋىشىگە قۇلاق سالدى، ھېرد ئۈستۈنكى قەۋەتنىڭ
كارىدورى بىلەن مېڭىپ بېرىپ، لەپەڭشىپ قالغان ئىشىكنى
”غىچ“ قىلىپ ياپتى. ئاندىن كېيىن، ئەل ئېھرام مېھمانخانىسى

www.uyghurkitap.com

جىمجىتلىقا چۆمدى، پەقەت سىپسىقچىلىق قاپلىغان قورۇدا ئىككى مۈشۈك ئەخلەت ئارىسىدىكى بىر بېلىق كالىلىسىنى تالىشىۋاتاتتى.

ھېرد ئۆيىنىڭ كىچىك روجىكى ئالدىدا تۇرۇپ، بۇ ئەبجەق لاي تام بىنانىڭ سىرتىدىكى تۆت چاسا كۆرۈنگەن قۇياشلىق ئاسمانغا قارىدى.

”بۇ ئىشلارنى پاۋىل بىلگەن بولسا بەك ياخشى بولاتتى-دە! ئۇ مېنىڭ بۇ يەردىكى تۇرمۇشۇمنى ھېس قىلىپ يەتكەن بولسىچۇ! ئەگەر بۇنداق بولۇشنى بىلگەن بولسام ئافرىقىغا ھەرگىز كەلمەس ئىدىم. بېرلىندىكى بارون پېرتۇش بۇلارنى بىلەمدىغاندۇ؟ خەقلەر بىر مۇنچە ۋەدىلەرنى بېرىپ بۇ قىزلارنى ئالدىغاندەك ئۇنىمۇ ئالداپ كەتكەنمىدۇ-يا؟ يەنە، ئۇسسۇلچىلار بۇ يەردە ئوبدان ئورۇنلاشتۇرۇلدى دېگەندىمۇ، مەن بېرىپ ئويۇن قويىدىغان قاۋاقخانىلار قانداقتۇر؟“ دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى ئۇ.

ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئاز تەسەللى تاپقاندەك بولدى: ”مەن ئويۇن قويۇش ئارىلىقلىرىدا قاۋاقخانىدىن سىرتقا تېلېفون ئۇرسام بولغىدەك، شۇنداق قىلسام پاۋىل مېنى بۇ ئىپلاس يەردىن ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ!“

”ئۇ راست كېلەرمۇ؟ — دەپ ئويلاپ قالدى ھېرد بىردىنلا، — ئۇنىڭ ئەسىرا نامىلىق پاراخوتتا دېگەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسى راستمىدۇ؟ ياكى بۇ گەپلەر ئۇنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى چاقچىقى، دېڭىزدا ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قىلغان قۇرۇق پارىڭمىدۇ؟ ئۇ ماڭا پۇلاڭلاتقان قولىنى چۈشۈرۈپلا، بولكىۋاي جۇمھۇرىيەت

كوچىسىنىڭ دوقمۇشىدىن قايرىلىشىغىلا مېنى ئۇنتۇپ كەتكەن-مىدۇ-يا؟ ئەگەر ھەقىقەتەن شۇنداق بولسا، بارلىق ئۈمىدلەر-نىڭ ھەممىسى كۆپۈككە ئايلىنىدۇ، مېنىڭ گېرمانىيىگە قايتىپ كېتەلىشىم مۇمكىن بولمايدۇ، مېنىڭمۇ قالغان 12 ھەمراھىمغا ئوخشاش، ھېچنېمىنى بىلمەي تۇرۇپ قول قويغان توختامنامى-دىكى مەجبۇرىيەتلەرنى لېۋىمنى چىشلەپ ئۈستۈمگە ئالماقتىن باشقا ئىلاجىم يوق.“

ئۇ يەم بىلەن پاسكىنا ھەم تار ئۆيدىن چىقىپ، پەلەمپەينىڭ يېنىغا كەلدى ۋە خوجايىنىنىڭ پەستىكى كارىدوردا يەنە بىر ئەرەب بىلەن پاراڭلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئاۋازىدىن ئۇ ئادەمنىڭ ئۆمەر ئەمەسلىكىنى بىلدى. بۇ چاغدا باشقا ئۆيلەردىن قىزلارنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ھەممىدىن چوڭ بىر ئۆيدە تۆت قىز ئەسەبىيلەرچە بىر نېمىلەرنى دەپ تىل ياغدۇرۇپ، روجەكنىڭ كېشىكىگە مۇشتلىماقتا ئىدى.

ھېرد دەرھال ياتاققا قايتىپ كىرىپ، تېزلىك بىلەن چامى-دانىنى ئاچتى-دە، بىر دەپتەرنى ئېلىپ مەينەت كارىۋاتتا تىزىغا قويۇپ ئولتۇرۇپ، چوڭ-چوڭ قىلىپ قىسقىلا بىر پارچە خەت يازدى:

”مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ! ئۇلار زورلۇق بىلەن بىزنى قامىۋالدى، ئەل ئېھرام مېھمانخانىسىدا. خوجايىن، ئادەمنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرىدىغان ئەبلەخ ئىكەن! ئەگەر سىز كەلسىڭىز چوقۇم ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇڭ. بەك ئۇزاققا قالماڭ. . . مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. . .“

ھېرد.

خەتنى يېزىپ بولۇپ، ھېرد روجەكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. بۇ خەتنى قانداق قىلىپ پاۋىلنىڭ قولىغا يەتكۈزۈش كېرەك؟ خوجايىن ھەرگىز ئاپىرىپ بەرمەيدۇ. ھېرد خەۋەر يەتكۈزۈشنىڭ باشقا چارىسىنى ئويلاپ تاپالمىدى.

ئۇ خەتنىڭ ئاغزىنى يەملەپ، تاپشۇرۇپ ئالغۇچىنىڭ ئادرې-سىنى فرانسۇزچە قىلىپ: "ئالجىر، دورىگەرلىك-سەھىيە تەت-قىقات ئورنى، پاۋىل ھاندرىك دوختۇرغا تېگىدۇ" دەپ يازدى.

ئاندىن ئۇ ئەستەرلىك پەلتوسىنى ئېلىپ كارىۋاتتىكى ماي-لىشىپ كەتكەن ئەسكى يوتقاننىڭ ئۈستىگە سېلىپ، سوزۇلۇپ ياتتى. بىردىنلا، ئۇ يەنە ئۆزىنى تۇتالماي، يۈزىنى شارتتىدە زەدىۋال تارتىلغان تام تەرەپكە قىلىپ يىغلاپ كەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ قانچە ئۇزاق ياتقىنىنى بىلەلمىدى. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا، ياتاق خېلىلا قاراڭغۇلىشىپ قالغانىدى. ئوچۇق رو-جەكتىن گۆگۈم پەردىسى يېيىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، ئېرىقتىكى سېسىق بۇس ياتاققا كىرىۋاتاتتى. ھېردنىڭ قۇلىقىغا يىراقتىن توۋلىغان بىر خىل زىل ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇ ساياھەت قوللانمىسىدا تونۇشتۇرۇلغان مەسچىتتە ئەزان ئېيتىدىغان مە-زىننى ئېسىگە ئالدى، مەزىن ھەر كۈنى بەش ۋاق، مەسچىتنىڭ قۇببىسىگە چىقىپ مۇسۇلمانلارنى نامازغا چاقىراتتى.

ھېرد بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، روجەكنىڭ يېنىغا كەلدى. قورۇ ئىچى قاپقاراڭغۇ ئىدى، ئەخلەت دۆۋىسى-نىڭ يېنىدا كىچىك بىر ئوغۇل بالا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئاشخانىدىن تاشلىۋېتىلگەن ئاشقان-تاشقاننىڭ ئىچىدىن يېگىدەك نەرسە ئىزدەۋاتاتتى. بىرەر پارچە بولىكا ياكى پاكىز غاجالمىغان

سۆڭەكنى تاپسا، ئالمان-تالمان ئاغزىغا تىقىپ، تىلىنى چاكىلدىتىپ مەززە قىلىپ يەپ كېتەتتى. مەزىن ھېلىھەم ئەزان ئېيتماقتا ئىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى كەشبەنىڭ كېچە ئاسمىنىدا جاراڭلاپ، خۇددى شامالنىڭ ھەيۋىتىدەك يىراق-يىراقلاردا ياڭرايتتى. ھېرد روجەكتىن بېشىنى چىقىرىپ، ھېلىقى بالىغا ئىككى قولىنى پۇلاڭلاتتى:

— ھەي! ھەي! —دەپ چاقىردى ئۇ. ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ يېنىدىكى بالا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ، قولىدىكى بولكىنى شۇ ھامان يوشۇردى، ئاندىن ھىجايغىنىچە روجەكنىڭ تۈۋىگە كېلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. ھېرد بىر بارمىقىنى لېۋىگە قويدى، بالا يەنە بېشىنى لىڭشىتىپ، ھېردنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەنلىكىنى بىلدۈردى. ئۇ بىر قولىنى تەڭلەپ: ”ئاۋۋال پۇل بېرىڭ!“ دېگەن مەقسەتتە سوزدى.

ھېرد يانچۇقىدىن 100 فرانكلىق بىر تەڭگىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا تاشلاپ بەردى، ئاندىن خەتنى ئۇزىتىپ ئۇستىدىكى ئادرېسنى كۆرسەتتى ھەمدە يوگۇرگەن ۋە خەتنى تاپشۇرۇپ بەرگەن ھەرىكەتنى دورىدى. بالا كولۇمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتىپ، قولىنى سوزدى. ھېرد ئۇنىڭغا يەنە 500 فرانكلىق قەغەز پۇلدىن بىرنى بەردى. ئۇ پۇلنى يانچۇقىغا سالدى-دە، ئالاقزادىلىك بىلەن ئەتراپقا قاراپ قويۇپ، بىرەر خەتەر سەزمىگەندىن كېيىن چوڭ-چوڭ چامداپ يوگۇرگىنىچە قورۇدىن چىقىپ، بىر قانات-لىق ئىشىك ئالدىدا غايىب بولدى، ئۇ يەردە كوچىغا چىقىدىغان يول بولسا كېرەك.

ھېرد تېز-تېز نەپەس ئالغىنىچە بالىنىڭ كەينىدىن يېپىلىپ

قالغان ئىشىككە قارىدى.

—ئىلاھىم، —دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، —ئۇنىڭ خەتنى يەتكۈزۈپ بېرىشىگە مەدەت قىلغايسەن...

—ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئېگىشىپ چامادانىنى رەتلىدى، بۇ چاغدا خوجايىن ئىشىكنىمۇ چەكمەستىن كىرىپ، يېنىقلىق بىر قارا چىراغنى شىرەگە قويدى. ئۇ ھېردقا ئات بېدىكىدەك سەپ-سېلىپ قاراپ، سىرتنى كۆرسەتتى:

—سىرت، ياخشى ئەمەس، —دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، —كېچىدە قورۇدا ”ھاۋ-ھاۋ“ ئىت بار، —ئۇ ئىت ئادەم چىشلىگەن ھەرىكەتنى دورىدى ھەمدە مۇشتىنى تەڭلەپ: ”ئۇخلا!“ دېدى قوپال ئاۋازدا. ئاندىن ياتاقتىن چىقىپ، تاراقلىتىپ ئىشىكنى ياپتى.

ئالاھازەل كەچ سائەت ئونلار بولغان چاغ ئىدى، ھېرد ئەمدىلا ئۆزىنى ھېلىقى پاسكىنا كارىۋاتتا ئۇخلاشقا زورلاپ تۇرۇ-شىغا، بىراۋنىڭ ئىشىك چەككەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، بۇ خىل ئەدەپتىن ھەيران قېلىپ: ”كىم؟“ دەپ سورىدى. ئارقىدىنلا ياتاققا كىرىپ كەلگەن ئۆمەرنى كۆردى. ئۆمەر ئەتراپقا قاراپمۇ قويماستىن ئۇتتۇر ماڭغىنىچە ياتاقتىكى بىردىنبىر ئورۇندۇق-نىڭ يېنىغا كېلىپ، كارىۋاتتا تۇگۈلۈپ ئولتۇرغان ھېردنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇردى.

—سىز خوجايىننى ئۇردىڭىزمۇ؟ —دەپ سورىدى ئۇ گېپى-نىڭ بېشىدىلا.

—ھەئە، ئۇ مېنى پەلەمپەيگە چىقىشقا زورلىدى!

—مەن شۇنداق دېگەن! سىزنىڭ مېھمانخانىدىن يالغۇز چى-

قىشىڭىزغا بولمايدۇ.

ھېرد كارىۋاتتىن لىككىدە سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆمەرنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، ئۇنىڭ دۈگىلەك كۆزلىرىگە قارىدى، ئاندىن نەزىرى ئۇنىڭ قىيىن كالپۇكى ۋە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان سىمىز ئېڭىكىگە چۈشۈپ كۆڭلى ئاينىپ كەتتى.

—مەن مەھبۇس ئەمەس! —دەپ ۋارقىرىدى ھېرد، —مەن بىر ئەركىن ئۇسسۇلچى سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىنغان!

—ئۇ دېگەن بېرلىندىكى ئىش، خېنىم.

—مەن ئافرىقىنى دەپ كەلدىم-دە!

ئۆمەر قولىدا ئىشارە قىلدى:

—بىلىمەن، بىلىمەن... بۇ يەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەيدۇ! ئۇلار سىزگە كونكرېت شەرتنى ئېيتماپتۇ-دە. مەن سىزنى بىر ۋاكالەتخانا ئارقىلىق تەكلىپ قىلغان. سىزنى قانداق باشقۇرغۇم كەلسە شۇنداق باشقۇرىمەن...

ھېرد ئۆمەرنىڭ ئالدىدىن ئاستا كەينىگە ياندى. ئۇ بىردىنلا ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنىپ يەتتى، ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئىنتايىن كۈچلۈك بىر خىل قورقۇنچ چىرمىۋالدى.

—دېمەك، بىز ھەممىمىز... سىزنىڭ چاڭگىلىڭىزدا ئىكەنمىز-دە؟

—شۇنداق، خېنىم. سىز بۇنى ئېنىق چۈشەنسىڭىز، بۇ ھەممىمىزگە پايدىلىق. ئەلۋەتتە، سىز ئۇسسۇل ئوينايسىز... لېكىن ئالجىردا ئەمەس. سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىكى بوستانلىقلاردا نۇرغۇن ئەرلەر ئاق تەنلىكلەردىن خوتۇن ئالساق دەپ تەقەززا بولۇپ تۇرىدۇ...

— ئايالىلارنى ئالداپ ساتقانلىق بۇ! — ھېرد چۆچۈپ ۋارقىرىدى.

— ياۋروپالىقلار ھەمىشە مۇشۇنداق قوپال سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە ئامراق ئىكەن، — ئۆمەر بېشىنى چايقىدى، — مەن سىزنى تەكلىپ قىلدىملا ئەمەس، بىزنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنى بويىچە سىز تېخى مېنىڭ قۇلۇم. مەن سىزنى سېتىۋالدىم!

— سىز بايىلا تەكلىپ قىلدىم دېگەنتىڭىز!

— ئۇ دېگەن سۆزدىكى خاتالىق، مەن سىزنى سېتىۋالدىم!

— پېرتۇش باروندىن سېتىۋالدىڭىزمۇ؟

— ھەببەللى، ئۇ ئوتتۇرىدىن جىق پۇل تاپتى.

ھېردنىڭ بېشى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، سۇ-ۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن تامغا تايىنىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى:

— سىلەر... ھايۋان ئىكەنسىلەر! — ئۇ ئاچچىقىدىن سۆز-لىيەلمەي قالدى.

— بەزىلەر پەمدۇر ياكى بانان بىلەن بايلىققا ئېرىشىدۇ، بىز بولساق ساھىبجامالىلار بىلەن! بۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە پەرق بولسۇن؟ سودا دېگەن سودا. مۇھەممەد پەيغەمبەر سودىنى چەك-لىمىگەن. بىز سىلەرنىڭ ياۋروپانىڭ ئادەمنى چۈشەپ قويىدىغان قانۇنلىرىنى ئەمەس، يۇقىرىقى داۋلىنى ئۇلۇغ بىلىمىز. دۇنيادا ھەربىر خىل سودىنىڭ ئۆزىگە چۈشلۇق مۇۋاپىق يەرلىرى بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ نېمە بىلەن سودا قىلىشىغا كەلسەك، ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق! ئالايلۇق، ئادەملەر تۆگە ۋە قوي ساتسا بولىدىكەنۇ، ئادەم ساتسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ — ئۆمەر ھېردقا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى، چىرايىدا پەسكەشلىك ئىپادىلىرى

ئەكس ئەتتى، — ئادەممۇ بىرخىل ھايۋانغۇ؟ — ئۇ مەسخىرە تەلەپ-پۇزى بىلەن سورىدى.

— سىز مېنى قانداق قىلماقچى؟ — ھېرد ئالاقزادىلىك بىلەن بۇ سېمىز ئەرەبكە شۈبھىلىك تىكىلدى، — مېنى يەنە باشقىلارغا ساتامسىز؟

— ياق، بۇنداق سودىنى مەن قىلمايمەن. سىز ئاۋۋال ئۇس-سۇل ئوينايسىز، نەدە ئويناۋاتقانلىقىڭىزغا كەلسەك، ۋاقتى كەلگەندە بىلىسىز. لېكىن ھەرگىز ئالجىردا ئەمەس، بۇ مەن ئۈچۈن بەك خەتەرلىك. پورتتا مېنىڭ چىشىمغا تەگكەن ھېلىقى ئەركىشى زادى كىم؟ — ئۆمەرنىڭ چىرايىنى تىت-تىتلىق ۋە تە-قەززالىق ئىپادىلىرى قاپلىدى، — سىزنىڭ ئاشىقىڭىزمۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇ ئالجىردا نېمە ئىش قىلىدۇ؟

ھېرد: ”ئۇنىڭغا بۇنى ئېيتىپ بەرسەم، چوقۇم ھاندىرىكقا خەۋپ يېتىدۇ“ دەپ ئويلاپ، بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆمەرگە قاراپ دېدى:

— بۇ سوئالىڭغا مەندىن جاۋاب ئالالمايسەن، ئەبلەخ!

— ئىختىيارىڭىز، خېنىم. سىز بولمىسىڭىزمۇ بىز ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەلەيمىز. مېنىڭ پايلاقچىلىرىم ئاللىقاچان ئۇنىڭ پېيىگە چۈشتى.

— ئەگەر. . . ئەگەر ئۇنى تاپساڭ قانداق قىلماقچىسەن؟

ئۆمەر مۇرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ، ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ ئاندىن جاۋاب بەردى:

— مېنىڭچە، ئۇنى قۇملۇق قانۇنى بويىچە بىر تەرەپ قىلى-

مىز. ئۇ بىر ئاق تەنلىك، بىز ئاق تەنلىكنى ئەزرائىلدەك ئۆچ كۆرىمىز.

ئۆمەر ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى. ھېرد ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى، بارماقلىرى تارتىشىپ قالغاندەك، ئەستەرلىك پەلتو ۋە يوتقاننى مىجىقلايتتى. قورۇدا يوغان تايغان روجەككە قاراپ ھاۋشىۋاتاتتى، ئۇ كېچىسى مۇشۇ بىنانى باقاتتى.

”مەن مۇشۇ كۇنگە قالدىمۇ؟— دەپ ئويلىدى ھېرد، — ئەرەبلەر ۋە بەربەرلەرنىڭ ئالدىدا راستىنلا مېنى قانۇن قوغدىماسمۇ؟ مەن راستىنلا دۇنيادىن ئايرىلغان بۇ پىنھان جايدا ئۇ يەردىن بۇ يەرگە سۆرىلىپ، مەجبۇرىي ئۇسسۇلغا سېلىنىپ، دەپسەندە قىلىنىپ، ئۇ رەھىمسىزلەرنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالارمەنمۇ؟ يېڭىۋاشتىن ئەركىنلىككە ئېرىشىشىمدىن راستىنلا ئۈمىد يوقمۇ؟“

ئۇنىڭ كاللىسىدىن يەنە بىر ئەسەبىي خىيال كەچتى...

ئۇ ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، روجەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. تايغان شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ قاۋاۋاتاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇدا ئىككى ئوت شاردەك پارىلدايتتى. ھېرد ئالدىغا ئازراق ئېڭىشىۋىدى، تايغان ئالدى پۇتلىرىنى تامغا ئالدى. ئۇ قاۋاشتىن توختاپ، شەپىگە قۇلاق سېلىپ، ئالدىدىكى قىزنى كۆزىتىۋاتاتتى، ئىتتىك-ئىتتىك نەپەس ئالاتتى.

”شۇ تاپتا سەكرىيەلىغان بولسام، بۇ تايغاننىڭ ئاغزىغىلا چۈشىمەن، شۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش تۈگەيدۇ... بىرقانچە سېكۇنتلىق ئاغرىققا چىدىسىلا تىنىما-تىنىما قىلىپ تاشلىنىمەن.

دە، بارلىق ئازابلار تۈگەيدۇ، ئۇلارنىڭ قايتىدىن باشلىنىشى مۇمكىن ئەمەس.“ ھېرد شۇلارنى ئويلاپ، تايغاننىڭ قىپقىزىل، يوغان ئاغزىغا قارىدى، قارا چىراغنىڭ نۇرى ئۇنىڭ ئاغزىنى، پارقىراپ تۇرغان ئۆتكۈر چىشلىرىنى يورۇتقانىدى. ئاستىنقى-ئۈستۈنكى چىشلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قېلىن تىلى قان تېمىپ تۇرغان بىر پارچە گۆشتەك كۆرۈنەتتى.

ئەمما، ھېرد جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ بېشىنى تارتىپ، روجەكنىڭ كونىراپ كەتكەن قاپقىقىنى ياپتى ۋە روھى چۈشكۈن ھالدا كارىۋاتقا كېلىپ ئەستەرلىك پەلتوسىنى يېپىنىپ ياتتى، ئۇ كۆرۈمسىز، توپىغا مىلەنگەن، مازلىرى چىقىپ قالغان ئەسكى يوتقانغا قارىغىنىچە قېتىپ قالغانىدى.

پەستىكى كارىدوردىن رادىئودا بېرىۋاتقان مۇڭلۇق ئەرەب مۇزىكىسى ئاڭلاندى. كىچىك بىر ياتاقتا بىرقانچە سودىگەر پەس شىرەلەرنى جۈپلەپ ئۈستىدە دومىنو قارتىسى ئويناۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەۋرىشىم پوست تالاسىدىن ئىشلەنگەن بورىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. خوجايىنمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچىۋاتاتتى.

يولدىن فرانسىيىنىڭ بىر چارلىغۇچى ژاندارما ئەترىتى ئۆتۈپ كەتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن چارلىغۇچى ئەترەت: ”كەشبە تىنچ، ئەل ئامان“ دەپ جاكارلىدى. ژاندارما ئەسكەرلەر دىجورنىلىق دەپتىرىگە: ”تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش، كەشبەدە ھېچقانداق يېڭى ئەھۋال يوق“ دەپ يېزىپ قويدى.

كەشبەدىكى ئۆيلەرنىڭ قورۇق تاملىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى

بىلەن كونىراپ مەينەتلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ قورۇق تاملارنىڭ دېرىزىسى يوق بولۇپ، ئۆڭكۈر ئاغزىدەك بىرلا ئىشىكى بار ئىدى. يول گەندە، چىرىندا پۇراقلىرى بىلەن سېسىپ كەتكەنىدى، ساقچىلارمۇ بۇ يەردىن تېزراق كېتىشكە ئالدىرايتتى. كېچىدىكى كەشبە ئۇيقۇغا چۆمدى.

شۇنىڭ بىلەن، ھەممە ئۆيلەر تىمتاس قاراڭغۇ تاملىققا ئايلاندى.

بۇ تىمتاس تاملارنىڭ كەينىدە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم ئۇقمايتتى.

ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر نېمە قىلىشىنى بىلەلمىدى.

ساقچى باشلىقى گېرمانىيە ۋە باشقا دۆلەت تەۋەلىكىدىكى بىرمۇنچە قىزلارنىڭ ئالجىرغا ئۇسسۇلچىلىققا سېتىۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدىكى ئىشتىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى. ئۇ ھاندرىككە مۆرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قارىدى:

—ئافرىقا دېگەن بۇ يەرنى، —دېدى ساقچى باشلىقى قولىدىكى تايىقى بىلەن جوزىنى بوش ئۇرۇپ تۇرۇپ، —بىز بويسۇندۇردۇق، ئەپەندى. بىراق ئەرەبلەرنى بويسۇندۇرغىنىمىز يوق! سىز بۇ يەردە مەڭگۈ مەقسىتىڭىزگە يېتەلمەيسىز. بىزنىڭ ئۆمەرنىڭ قولىدىن شۋېت خېنىمنى قۇتقۇزۇپ چىققۇدەك كۈچىمىز يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئۇ ئۆمەرنى مەڭگۈ تاپالمايمىز.

—ئۇ تىياتىرخانىنىڭ كەسپىي ۋاستىچىسى بولغاندىكىن

چوقۇم تىزىمغا ئالدۇرىدۇ-دە! — دېدى هاندرىك هاياجانلىنىپ، — سىلەرنىڭ تىزىملىك دەپتىرىڭلار بولۇشى كېرەكقۇ!

ساقچى باشلىقى مەسخىرە قىلغاندەك قولىنى پۇلاڭلاتتى:

— بىزدە ھەممە نەرسە بار، دوختۇر ئەپەندى. ئەمما تىزىملىكىمىزدە ئۆمەر دېگەن ئادەم يوق. بايا. . .

— ئۇنداق بولسا ئۇ چوقۇم قىزلارنى ئالداپ ساتىدىغان ئادەم بېدىكى ئىكەن! — هاندرىك ئۆزىنى باسالماي، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى تۇتۇپ تۇرۇپ خىتاب قىلدى، — سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ساقچى باشلىقى ئەپەندى. چىن كۆڭلۈمدىن ئۆتۈنۈپ سوراي، ئۇ 13 قىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىڭ! قىزلارنى ئالداپ ساتقان ئادەم بېدىكى فرانسىيە ساقچىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرسا! سىلەر چوقۇم بىر ئامال قىلىشىڭلار كېرەك-تە!

— شۇنداق قىلىمىز. ياۋروپادا بۇ ھېچقانچە ئىش بولماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئافرىقىدا كىشىلەر بىر-بىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن كارامەت قەسەملەرنى قىلىپ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشىدۇ. بۇنى ئۇلار گۇناھ ھېسابلىمايدۇ، چۈنكى ئۇلار بىزنى خۇداغا ئىشەنمەيدىغانلار، ئۇلارنى ئالداشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلار خۇداغا مۇشۇنداق خىزمەت قىلىدۇ. بۇنداق روھىي مىجەزگە بىز قىلچە پىسەنت قىلىپ قويمايمىز. بىزنىڭ يۈزدە-يۈز توغرىلا بولىدىكەن، قورال كۈچى بىلەن ھەل قىلساق بولىۋېرىدۇ. ئەپسۇسكى، بىزدە ئىسپات يوق. سىزنىڭ: ”لايىقىمنى خەق ئالداپ، ئۇسسۇلچىلىققا ئېلىپ كەتتى“ دەپ مەلۇم قىلغىنىڭىزدىن باشقا، بۇ ئىش توغرىلىق بىز ھېچنېمە ئۇقمايمىز. مېنىڭچە، دوختۇر ئەپەندى، ئۇ قىز تېخى ئالجىردا. . . بۇ شە-

ھەردىكى نەچچە مىليون ئاھالىنىڭ ئىچىدە بولۇشى مۇمكىن. ىىراق بىز بۇنى ئىسپاتلاشقا ئامالسىز، بۇ ھەقتە ھەرىكەتمۇ قوللىنالمايمىز. بىز ساقچى كىيىمى كىيگەن ئادەملەر، بىزنىڭ بۇ كىيىمنى كىيىشىمىز ئالجىر شەھىرىدىكى خەلقنىڭ مەنپەئە-تىنى قوغداش ئۈچۈن دېگەندىن كۆرە، چىرايلىق كۆرۈنۈش ۋە شەكىل ئۈچۈن دېگەن تۈزۈكرەك!

ھاندرىك ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا ئېغىر خورسىنىپ ئورۇن-دۇقتا ئولتۇردى:

— 13 قىزنى تاشلىۋەتتىڭىز، ساقچى باشلىقى! — دېدى ئۇ ھەسرەتلەنگەن ھالدا.

— ئۇلار ئالجىرغا كېلىشتىن بۇرۇنلا تاشلىۋېتىلگەن، — دېدى ساقچى باشلىقى پەرۋاسىزلىق بىلەن. ئۇ، بۇ ئىش ئۆزى-نىڭ قولىدىن كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئەمما مۇس-تەملىكىچىلەرنىڭ كۈچىنىڭ نائىلاج ئەرەبلەرنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى،

— سىز لايىقىڭىزنى ئەسلى پورتتىلا ئېلىپ كېتىشىڭىز كېرەك ئىدى، — ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ شەرەت قىلدى، — شۇنداق، ھېلى-قى ئۆمەرنىڭ سىزگە تەھدىت سالغىنىنى بىلىمەن. بۇ يەر باشقا بىر ئافرىقا، دوختۇر ئەپەندى، تېخى ئۈچىنچى ئافرىقىمۇ بار، ئۇ يەردە قىلچىمۇ رەھىم-شەپقەت دېگەن نەرسە يوق. ئومۇمەن ساياھەتچىلەرنىڭ كۆرگىنى بىرىنچى ئافرىقا، يەنى ھېكايە ۋە كىنولاردىكى ئافرىقا، پالما دەرەخلىرى ئۆسكەن، ساھىبجامال-لارغا ماكان بولغان، قۇملۇق، ئاپتاپلىق زېمىن، يەر شارىنىڭ چەكسىز رومانتىك بىر قىسمى، چۈشكە ئوخشايدىغان قۇملۇق

بوستانلىقىغا مەنسۇپ يەر !— ئۇ زورلاپ كۈلدى، كۆلكىسى تو-لىمۇ قاملاشمىدى.

بىر ساقچى كىرىپ، شىرەگە بىر پارچە دوكلاتنى قويدى. ساقچى باشلىقى دوكلاتقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ، ئاندىن ئۇنى هاندرىكنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى.

— بىزنىڭ باتۇر چارلىغۇچى ئەترىتىمىزنىڭ يازغان دوكلا-تىغا قاراڭ!— دېدى ئۇ هاندرىككە ئاچچىقلىغان بىرخىل تەلەپ-پۇزدا،— كەشبەدە هېچقانداق يېڭى ئىش يوق ئىكەن. 4-رايوندا هېچقانداق يېڭى ئەھۋال يوق ئىكەن. 4-رايون دېگەن بىر پاھى-شەلەر رايونى تۇرسا، ئۇ يەردە ئىش چىقماي قالامدۇ. دەرۋەقە، چوڭ ئىشلار چىقمايدۇ. . . مۇنداقچە ئېيتقاندا، هېچقانداق يېڭى ئەھۋال بولمايدۇ. يول قىيقىزىل قان بىلەن بويالغاندىلا، ئاندىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ! ئەمما بۇنداق ئىش كەمدىن-كەم يۈز بېرىدۇ، چۈنكى، ئەرەبلەر هامان ئىز قالدۇرماي ئىش قىلىدۇ. . .

يان تەرەپتىكى ئۆيدىن فاكسىمىل ماشىنىكىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ساقچى باشلىقى ئۇنىڭغا هەيرانلىق بىلەن قۇلاق سالدى. بىرئازدىن كېيىن، نۆۋەتچى هازىرلا تاپشۇرۇپ ئالغان بىر پارچە دوكلاتنى كۆتۈرۈپ كىردى. ساقچى باشلىقى دوكلاتقا ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى ۋە:

— مانا، مانا، يەنە شۇنداق بىر ئىشقا ئۇچراپتۇق،— دېدى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا شىرەگە مۇشتلاپ قويۇپ،— بۇ بىلئەجبەدىكى 3-نومۇرلۇق قورغاندىن كەلگەن دوكلات ئىكەن: ”ئىككى كۈن دەم ئېلىشقا رۇخسەت سورىغان ملادشى لېيتېنانت ئېمىل گلاز-

www.uyghurkitap.com

تۇس قورغانغا هازىرغىچە قايتىپ كەلمىدى. كەڭ كۆلەملىك ئاختۇرۇشمۇ نەتىجىسىز بولۇپ چىقتى. ئاختۇرۇش بۇيرۇقى جەنۇبتىكى ئالاقىدار تەرەپلەرگە يەتكۈزۈلدى، تۇتۇش بۇيرۇقىمۇ پات ئارىدا چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ ئىش ئالجىردىكى باش شتابقا دوكلات قىلىندى» دەپتۇ دوكلاتتا،—ئۇ هاندرىككە قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،—بۇمۇ ھېچقانداق يېڭى ئەھۋال ئەمەس، دوختۇر. بىر ملادشى لېيتېنانت مەڭگۈگە غايىب بولۇپ كەتتى دېگەن گەپ. قۇملۇق بەك چوڭ ھەم جىمجىت، ئۇ ھەممە نەرسىنى يۇتۇۋېتەلەيدۇ، ئۇ بىر كاتتا سېھرىگەر، ئادەمنى هايت-هۇيت دېگۈچە غايىب قىلىۋېتەلەيدۇ،—ساقچى باشلىقى دوكلاتنى شىرەگە تاشلاپ قويدى، دوكلات كۆن نۇرىدا پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى،—سىز مېنى ئالجىردا شۇۋېت خېنىمنى تېپىشقا قۇدرىتى يېتىدۇ دەپ قارامسىز، قەدىرلىك دوختۇر؟ مەن ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان ئادەم، ئەپەندى، سىزگە ھېسداشلىق قىلىمەن، دەردىڭىزنى چۈشىنىمەن. . .

هاندرىك ساقچى ئىدارىسىدىن سالپىيىپ قايتىپ چىقتى. ئۇ چىرايى تاتارغان ھالدا، بەزگەك تەگكەن بىماردەك يولدا تۇرۇپ قالدى.

”نەگە بارسام بولار؟—دەپ ئويلايتتى ئۇ،—ئەمدى نەگە بېرىشىم كېرەك؟ تەتقىقات ئورنىغا بارايمۇ؟ شۇ تاپتا خۇشامەت قىلىپ بېرىپ ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ، فرانسىيىلىك كەسىپداشلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزۈمنىڭ گېرمانىيىدە مېدىتسىنا جەھەتتە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىمنى دوكلات قىلايمۇ ياكى ھېردىنىڭ بۇ چوڭ شەھەرنىڭ مەلۇم يېرىدە ”مېنى قۇتقۇزۇڭلار“ دەپ

قىلغان نىدالىرىغا پەرۋا قىلماي، ياتما ئورۇندۇقتا قىڭغىيىپ، رومكىلاردىكى مۇزلىتىلغان خۇشبۇي شارابنى ئىچكەچ ئۆزۈمنى شامالدۇرغۇچنىڭ شامىلىدا سەگىتىپ بەخىراماان ئولتۇرايمۇ؟"

ھېلىقى ئەرەب شوپۇر پىكاپنىڭ يېنىدا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ھاندرىككە قاراپ تۇراتتى.

— تەتقىقات ئورنىغا بارامدۇق؟ — سورىدى ئۇ، — ئۇ ئۆمەرنى ئىزدىمەڭ، ئەپەندى، ئۇنى سىز مەڭگۈ تاپالمايسىز.

ھاندرىك پىكاپقا كىرىپلا ئورۇنغا ئۆزىنى تاشلىدى:

— پىكاپىڭىزنى نەگە ھەيدىسىڭىز ھەيدەڭ، دورىگەرلىك تەتقىقات ئورنىغا بارمىسىڭىزلا بولدى! كەشبەگە ھەيدەڭ بولمىسا!

— كەشبەگە بارىمىزمۇ ئەپەندى؟ — شوپۇر بېشىنى بۇراپ ھاندرىكقا قارىدى، — قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالدى.

— قاراڭغۇ چۈشسە چۈشمەمدۇ، سىز پىكاپىڭىزنى ھەيدەشنى بىلىڭ.

ھاندرىك قەدىمىي تۇرك زەمبىرەك سۇپىسى قېشىدا ماشىنىدىن چۈشۈپ، سېسىق پۇراقلار بىخسىپ تۇرغان تار كوچىلارنى ئارىلاپ ماڭدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىشاتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن بىر توپ تىلەمچى باللار ئەگىشىۋالغانىدى، بەزى ئەرەبلەر بوسۇغىسىدا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى، چىلەك كۆتۈرۈۋالغان بىرنەچچە سېمىز ئايال چايخانىنىڭ يېنىدا قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ پاراڭ سېلىشىپ تۇراتتى.

مەسچىتنىڭ يېنىدىكى ياۋروپاچە كىچىك بىر قەھۋەخانىدا ھاندرىك يۇمىلاق شىرەگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، قايماقلىق قەھۋە

www.uyghurkitap.com

ئىچكەچ يانچۇقىدىن بىر شەھەر رايونى خەرىتىسىنى چىقىرىپ، ساراي، مېھمانخانىلارنىڭ يېنىغا قىزىل قېرىنداش بىلەن بەلگە قويۇشقا باشلىدى، بۇ يەردە ئىشتەي شارابى ئىچىپ ئولتۇرغان بىر نەچچە ئىشچى ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشتى.

ھاندرىك: ”ئەگەر كوچىمۇ كوچا يۈرۈپ بۇ مېھمانخانا، سارايلارنى بىرمۇبىر ئىزلەيدىغان بولسام ھېردنى بىرەر يەردىن چوقۇم تاپالايمەن! ئۇ 13 قىزنى كۆرگەن ئادەم چىقماي قالمايدۇ... خەق ئۇلارنى ئۇنچە ئاسانلا ئىز-دېرەكسىز يوقىتىۋېتەلمەيدۇ...“ دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

ئالاھازەل كەچ سائەت 11 ئەتراپىدا ھاندرىك شەھەرنىڭ ياۋروپالىقلارغا تەۋە رايونىغا ھېرىپ-ئېچىپ، سالپايغان ھالدا قۇرۇق قول قايتىپ كەلدى. شوپۇر ئۇنى پىكاپى بىلەن تەتقىقات ئورنىغا ئېلىپ كەلدى، ئۇ بېرىپ تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى بوناد دوختۇر 54—55 ياشلاردىكى، بەستلىك كەلگەن، قاۋۇل، ئۇچتەك ئاقارغان چاچلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان، بۇغداي ئۆڭلۈك، كەڭ پېشانىلىك ئادەم بولۇپ، كۆك كۆزلىرى ئۆتكۈر نۇرىنى يوقاتمىغانىدى. ئۇ غولىچىنى كېرىپ، ھاندرىك بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

—قەدىرلىك كەسىپدىشىم، —دېدى ئۇ ئۇنلۇك ئاۋازدا، —مەن ئەسلىدە پۈتۈنلەي ئۈمىد ئۈزگەن ئىدىم. بىز سىزنى تەرەپ-تەرەپلەپ ئىزدىدۇق. سۇ ترانسپورت ئىشخانىسىدىكىلەر سىزنىڭ چۈشتىن بۇرۇنلا يېتىپ كەلگەنلىكىڭىزنى ئېيتتى.

—شۇنداق، —ھاندرىك بوناد تەكچىدىن ئېلىپ ئۇزاتقان

كونياكنى ئىچمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قول ئىشارىسى قىلدى،
—ئالجىرنى كۆرۈپ باقاي دېدىم. . . سۆزلەپ كەلسەك گەپ
تولا، بوناد دوختۇر.

—بۇنىڭغا ئىشىنىمەن. ھە، راست، بۇ يەردە سىزنىڭ بىر
پارچە خېتىڭىزمۇ بار تېخى.

—شۇنداقمۇ، —ھاندرىك قولىنى پۇلاڭلاتتى، —مېنىڭ ھا-
زىر گېرمانىيىدىن كەلگەن پوچتا يوللانمىلىرىنى كۆرۈشكە ھە-
قىقەتەن رايىم بارمايدۇ. مەن بىر پاجىئەلىك ئىشنى بېشىمدىن
ئۆتكۈزدۈم. . .

بوناد دوختۇر ساپاغا كېلىپ ئولتۇردى:

—ئالجىردا ھەممە ئىش پاجىئەلىك، —دېدى ئۇ قاقاقلاپ
كۈلۈپ، —مەن نېمە دېمەكچىدىم، ھە، توغرا، بۇ خەت گېرما-
نىيىدىن كەلگەن خەت ئەمەس، ئۇنى بىر سائەت ئىلگىرى كې-
يىملىرى جۇل-جۇل بىر ئەرەب بالىسى ئېلىپ كەلگەن. سىز-
نىڭ ئالجىردا سىرلىق قەدىناسلىرىڭىزدىن بار ئىكەن-دە.

—بىر ئەرەب بالىسى؟! —دېدى ھاندرىك شۇ ھامان ئۈنلۈك
ئاۋازدا. ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى يايدى، —خەت
قېنى؟ خۇدايىم، ئۇ دېگەن ھېردىنىڭ خېتى، بوناد دوختۇر!
خەت نەدە؟

بوناد بېشىنى چايقىغىنىچە يېزىق شىرەسىنىڭ ئالدىغا كې-
لىپ خەتنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى:

—بېرىپ ئۇ ئايالنى ئىزدەڭ! —بوناد فرانسۇز تىلىدا يەنە
بىر ئېغىز قوشۇپ قويدى، —ئالجىردا ئوبدان ئىشلەڭ، قەدىر-
لىك كەسىپدىشىم. . .

ھاندرىك تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن كونۇۋېرتنىڭ ئاغ-زىنى يىرتىپ ئېچىپ خەتنى ئالدى-دە، تىترەڭگۈ ئاۋاز بىلەن ئوقۇدى:

”مېنى قۇتقۇزۇۋېلىڭ! ئۇلار زورلۇق بىلەن بىزنى قامىۋالدى، ئەلئېھرام مېھمانخانىسىدا. خو-جايىن ئادەمنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرىدىغان ئەبلەخ ئىكەن! ئەگەر سىز كەلسىڭىز چوقۇم ئۇنىڭ ئەدى-پىنى بېرىپ قويۇڭ. بەك ئۇزاقتا قالماڭ. . . مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. . .

ھېرد.“

بۇنادىنىڭ چىرايلىرى تاتىرىپ، ھاندرىككە قارىغىنىچە قې-تىپلا قالدى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — ئۇ پەس ئاۋازدا سورىدى.

— ساقچى چاقىرايلى! تېز بولۇڭ! دەرھال ساقچى چاقى-رايلى! — ھاندرىك تېلېفونغا يۈگۈردى، ئەلئېھرام مېھمانخانىسى نەدە؟

— كەشبەدە!

— 13 قىزنىڭ ھاياتىغا چېتىلىدىغان ئىش بۇ! — دېدى ھاندرىك ئۇنلۇك توۋلاپ، — دەرھال ساقچى چاقىرىشىمىز كې-رەك. بىزگە بىر ماشىنا تەييارلاڭ! مىنۇت-سېكۇنتنىمۇ قول-دىن بېرىشكە بولمايدۇ. . .

بۇناد ئىشىكتىن چىقىپلا ئەرەب خىزمەتكارلىرىنى چاقىر-



www.uyghurkitap.com

دى.

چارەك ۋاقىتتىن كېيىن، تۆت ساقچى ماشىنىسى ئەلئېھ-رام مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ”غارت“ قىلىپ توختىدى.

ھاندرىك ھەممىدىن بۇرۇن ماشىنىدىن چۈشۈپ، قاراڭغۇ كارىدورغا ئېتىلىپ كىردى-دە، قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتقان سېمىز خوجايىن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، ئۇ غوتۇلداپ بىر-كىملەرنى تىللىغىنىچە ياتاقتىن چىقىپ كارىدورنى توسۇۋالغان-دى.

ھاندرىك ھېردىنىڭ خېتىنى ئېسىگە ئالدى-دە، ئاق-كۆك دېمەستىنلا خوجايىنىنىڭ ئېڭىكىگە كېلىشتۈرۈپ قاتتىق بىر مۇشت سالدى. خوجايىن سەنتۈرۈلگىنىچە بېرىپ تامغا ئۇسۇل-دى، ئاندىن كالپۇكىدىن ئاققان قاننى يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى. كەينىدىنلا ساقچىلار ھېلىقى بىرنەچچە ئەرەب دومىنو قارتىسى ئويناۋاتقان ئۆيگە بېسىپ كىردى. ئۇلار ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ھەتتا بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماستىن داۋاملىق قارتىسىنى ئويناۋەردى. ئۇلار خۇددى تامنىڭ تۈۋىدە ساقچى يوقتەك، تەمكىن ھالدا قارتىسىنى تىزىۋەردى. ساقچى باشلىقى خوجايىننى تۇتۇپ ئاشخانىغا ئېلىپ كىردى.

—ئۇ قىزلار قەيەردە؟ ھوي ئىپلاس! —دېدى ئۇ خوجايىن-نىڭ ئىششىپ كەتكەن كۆزلىرىگە مۇشتىنى تەڭلەپ، —چاپسان ئېيت! بولمىسا كاللاڭنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋېتىمەن!

—ئۇلار كەتتى! —خوجايىن تام تۈۋىدە تۈگۈلۈپ، ئالدىدا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ تۇرغان ھاندرىككە قاراپ قويدى، —ھەممىسى كەتتى! يېرىم سائەت بۇرۇن ئۇلارنى تۇيۇقسىزلا بىر-

www.uyghurkitap.com

رەيلەن ئېلىپ كەتتى.
— يالغان گەپ! — هاندرىك خوجايىنىنىڭ ياقىسىدىن كاپىس-
دە ئالدى-دە، بۇ سېمىز ئەبلەخنى جان-جەهلى بىلەن سىلكىش-
لەپ تامغا نىقتىدى، — هېلىقى ئۆمەر دېگەن كىم ئۇ؟
— مەن ئۇنى تونۇمايمەن، — دېدى خوجايىن هەسرەتلىنىپ،
— ئۇ ماڭا پۇل بەردى، ئاندىن ئۇ قىزلارنى ئېلىپ كەلدى،
ئۇزاققا قالماي ئۇلارنى يەنە ئېلىپ كەتتى. باشقا ئىشلارنى ئۇق-
مايمەن...
ساقچى باشلىقى خوجايىننى بىر مۇشت قويۇپ دۇم چۈشۈ-
رىۋەتتى-دە، هوشسىزلىنىپ ياتقان خوجايىننى ئاتلاپ ئۆتۈپ
ئاشخانىدىن چىقىپ، قول ئاستىدىكىلەرنى يىغدى.
— هېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىدۇق، — دېدى ئۇ هاندرىككە قا-
راپ مۇرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ، — سىز هېلىقى خوجايىننى
ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشى ناتا-
يىن. هەمىشە شۇنداق دوختۇر ئەپەندىم... بىز بەكمۇ كېچە-
كىپ كەپتۇق.
— لېكىن ئۇ بۇرۇن بۇ يەرگە كەلگەن، — هاندرىك ئۆزىنى
تۇتۇۋالالماي ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ چاچلىرى ساڭگىلاپ يۈزىنى
توسۇۋالغانىدى، ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بەئەينى بىر ئېلىشىپ قالغان
ئادەمگىلا ئوخشايتتى، — هازىر قانداقلا بولمىسۇن ئانچە-مۇنچە
ئىز بار!
— ئىز؟ قەيەردە، ئەپەندىم؟
— ئۇ بۇرۇن بۇ يەرگە كەلگەن، — هاندرىك هۆركىرىدى.
— بۇرۇن... — ساقچى باشلىقى ئۆزىنىڭ مۇشتۇمىغا قارى-

دى، مۇشتۇمىدا خوجايىنىنىڭ يۇزىدىن يۇققان قان تېخىچە تۇراتتى، — سۆيۈملۈك دوختۇر. . . ئافرىقىدا بۇرۇن دېگەن سۆز ئۇچۇن سىزگە بىر تىيىن تۆلەيدىغان بىرمۇ كىشى يوق. . .

مەن بولالماي قالدىم، زادى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. مەن ئاللىقاچان ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم، قۇملۇق خۇددى بىر پارچە بۇلۇتتەك مېنى شوراپ قۇرۇتىۋەتتى، ئۇ يەنە بىر غايەت زور مۇشتقا ئوخشاش مېنى يەنجىپ بەدىنىمدىكى ئاخىرقى بىر تامچە سۇيۇقلۇقنىمۇ چىقىرىۋەتتى. تۆگە ئاقساپ ماڭماقتا ئىدى، ھەر ئون قەدەم ماڭغاندا خۇددى ئېلىشىپ قالغاندەك قاتتىق بوزلايتتى. ئۈچ كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ياق، تۆت كۈن بولسا كېرەك . . . بۇنى ھېسابلاپ ئولتۇرۇشقا ۋاقتىم يوق، ھازىر مەن پەقەت بىر خىل ئېتىقاد ئىچىدە ياشاۋاتىمەن: داۋاملىق ئىلگىرىلە، داۋاملىق ئىلگىرىلە، بۇ بوستانلىقتىن ئايرىلىپ، بىپايان قۇملۇققا كىر. . . بۇ خىل ئېتىقادنىڭ ئۆزى كۈچ، ئۇ مېنى ئىلھاملاندۇرىدۇ، ھېچقانداق توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ. . . داۋاملىق ئىلگىرىلە. . . يىراقتىكى غۇۋا نۇر چاقناپ تۇرغان يەرگە بارساڭلا ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيسەن!

مەن قانداقمۇ بەرداشلىق بېرىپ كەلگەندىمەن-ھە، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدا توپتوغرا تۆت كۈن بىر دەممۇ توختىماي مېڭىپ، دەھشەتلىك تومۇز ئىسسىققا چىدىدىم. . . سۇمۇ، ئوزۇق-تۈلۈكمۇ يوق. . . ھەر قېتىم يىراقلارغا نەزەر سالغىنىمدا، كۆز ئالدىمدا يەر-جاھان خۇددى شامال تەسىرىدە پەيدا بولغان

مەيىن دېڭىز دولقۇنىدەك تەۋرەيتتى.

بەزىدە ئادەمنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە.

مەن قېچىپ چىقتىم. . . ئۇمما بىننى بىلقاسىمنىڭ بارگاھىدىن، چېدىر ئالدىدا ئولتۇرغان كۆزەتچىنىڭ كىرپىكى ئاستىدىن قېچىپ چىقتىم. مەن خەنجەر بىلەن كەينى تەرەپتىكى برېزېنتنى كېسىپ، قوملۇقتا يەر بېغىرلاپ ئۆمىلەپ ماڭدىم.

ئەركىنلىككە ئېرىشكىنىمنى ھېس قىلغىنىمدا، مەندە يەنە تۇيۇقسىز كۈچ پەيدا بولدى. مەن تۆگىلەرگە قاراۋاتقان قاراۋۇلغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ گېلىنى تاكى ئۇ ھوشسىزلىنىپ يىقىلغانغا قەدەر سىقتىم. مەن شۇ تاپتا سالماق-تەمكىن ئىدىم، ماڭا بۇ خىل سالماقلىق-تەمكىنلىك نەدىن كەلگەنكىن-تاڭ؟ مەن ئەڭ ياخشى بىر تۆگىنى—ئاق رەڭلىك، پۇتلىرى ئۇزۇن، لوكىسى ئېگىز، تازا ئوبدان تويۇنغان، قانغۇچە سۇغۇرۇلغان بىر تۆگىنى تاللىدىم. مەن تۆگىنى مىنىپ، ئۇزۇن پەرىجىنى يېپىنچاقلاپ، بارگاھتىن چىقتىم، مېنى ھېچكىم تونۇيالمىدى. ھەتتا ئالدىمدىن چىقىپ قالغان چارۋىچىمۇ تونىماي يېنىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتى. ھېلىقى ئاق تەنلىكنىڭ قېچىپ كېتىشى كىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلسۇن؟

بۇ كۈنى كېچىدە كەلگەن پۇرسەت ئىنتايىن جايىدا كەلگەن پۇرسەت ئىدى. ئۇمما بارگاھتىن ئايرىلىپ ھېلىقى ملادشى لېيتېنانت گلانتۇسنى ئۆلتۈرگىلى كەتكەندى. بۇ ئىشنى ئۇ مېڭىش ئالدىدا مېنىڭ چېدىرىمدا ئۇنىڭ ئۇستىدىن جەزمەن غالىب كېلىمەن دېگەن ئىشەنچكە تولغان ھالدا ئۆز ئاغزى بىلەن ماڭا ئېيتقانىدى. ئۇ تەمبەل، ئورۇق بولۇپ، كۆزلىرى چاقناپ



www.uyghurkitap.com

تۇراتتى، تۇرقى بەئەينى قۇملۇق شاھزادىلىرىگە ئوخشايتتى.

— ئاللا ئادەمنىڭ ھاياتىنى ئادىل ئورۇنلاشتۇرىدۇ، — دېدى ئۇ مەغرۇر ھالدا، — ھاياتىمىز ئارقىلىق كونا-يېڭى ھېسابنى بىراقلا ئۈزىمىز.

— ملادشى لېيتېنانتنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىمۇ سىز؟ — مەن تۈۋەن ئاۋاز بىلەن سورىدىم.

— ئۇ ماڭا قانداق قىلغان بولسا مەنمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىمەن. كۆزىنى ئويغاننىڭ كۆزىنى ئوي، چىشىڭنى چاققاننىڭ چىشىنى چاق دېگەن تەمسىل سىلەرنىڭ ”ئىنجىل“ لاردىن چىققان ئەمەسمۇ؟ مەن دەل ئۇنى چىشلەپ پۇركىۋېتىدىغان چىشنىڭ ئۆزىلا. . .

— ئۇمما، سىز بىزگە ئاز-تولا چېتىشلىق ھەممىلا نەرسىنى بۇرمىلاپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالىغاندىكەن، ھەقىقەتەن قالتىس مەككار ئىكەنسىز جۇمۇ، — دېدىم مەن.

ئۇ ئۇندىمەستىن ماڭا ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. مەن ئىچىمدە، ئۇ مېنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىپ يۈز كۆرۈشتۈرۈپ قويايمۇ-يا دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتىدىغۇ دەپ ئويلىدىم. مەن دېمىمنى چىقارمىدىم. . . ئەگەر ملادشى لېيتېنانت گلانتۇس ئۇممادىن چاققان كەلسە، بۇ مېنىڭ ئەركىنلىكىمدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇمما بۇرۇلۇپ چېدىردىن چىقىپ كەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چېدىردىن چىقىپ، ئۇنىڭ ئىگەرلەپ قويۇلغان تۆگىسىنىڭ ئىشىك ئالدىدا چۆكۈپ ياتقانلىقىنى كۆردۈم.

— ملادشى لېيتېنانت گلانتۇسقا سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ، ئۇنىڭ مېنى بۇ يەردىن قۇتقۇزۇپ چىقىشىنى كۈتۈۋاتى-

www.uyghurkitap.com

مەن، — دېدىم مەن.

ئۇمما بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇنىڭ سەل-پەل قىيسىق كەلگەن كۆزلىرىدە ۋە ياداڭغۇ چىرايىدا يورىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان خۇشاللىقى جىلۋىلەندى، — مەن ئۇنىڭغا ھەممىنى ئېيتىپ بېردىم، دوكتور ئەپەندىم، ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرسەم بولىدۇ، چۈنكى سىز مېنىڭ قولۇمدا ئىنتايىن بىخەتەر. . .

شۇنداق، ”سىز مېنىڭ قولۇمدا ئىنتايىن بىخەتەر“ دېگەن سۆزنى ئۇ توغرا ئېيتتى. . . بىراق مەن ئۇچ سائەتتىن كېيىنلا، بىر تۆگىگە مىنىپ سەھرايى كەبىر قۇملۇقىغا قاراپ قاچتىم.

تۆت كۈن داۋاملاشقان بۇ قېچىش جەريانىدا، ھەممىشە ئۇزۇمنى يەرگە تاشلاپ يېتىپ، ئەجىلىمنى كۈتۈپ ياتايمۇ-يا، مۇشۇنداق قىلسام ياخشىراق بولارمىكىن دەپمۇ ئويلىدىم. مەن زادى قېچىپ نەگە بارالايمەن؟ ئۇممانىڭ دوستلىرى قۇملۇقتا ھېچقانداق يەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇۋاتىدۇ؛ ناۋادا مەن بۇ ئەسەبىي مىللەتچىلەرنىڭ قولىغا قايتىدىن چۈشۈپ قالسام، كەچۈرۈم قىلىنىشىمدىن ھەرگىزمۇ ئۇمىد يوق. ماڭا شۇ ئايانكى، ھامىد جىبران دوكتور قۇملۇقتىكى بارلىق چارۋىچىلارنى مېنى ئىزلەشكە چاقىرىپ بولدى. . . بابادور مۇھەممەد بىننى رامدانمۇ كاللامدىكى پىلانلىرىمنى مەڭگۈلۈك يوقىتىش ئۈچۈن مېنى دەرھال ئۆلتۈرۈشنى يەنە تەشەببۇس قىلغىلى تۇردى. ماڭا يەنە شۇمۇ ئايانكى، شىمالىي ئافرىقىدىكى پۈتكۈل ئۇلۇغۋار ھەرىكەتكە باشچىلىق قىلىدىغان، كەچۈرمىشلىرى ئەپسانىۋى تۈس ئالغان سەئىد مۇھەممەد بىننى شاكىر، ھوججال تېغىنىڭ مەلۇم يېرىگە يوشۇرۇنغان، قاپقارا كەكە ساقاللىق بۇ ئادەم بىپايان

سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىكى بىردىنبىر كۆك كۆزلۈك ئادەم. ئۇنى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان، ھەتتا ئۇممامۇ كۆرۈپ باقمىغان.

سەھرايى كەبىرنىڭ سېرىق قۇم دېڭىزىدا يالغۇز بىر ئادەم نەقەدەر كىچىك، نەقەدەر ئاجىز-ھە! بۇنداق قىسمەت كىمنىڭ بېشىغا چۈشكەن؟ تۇتقۇن قىلىنغان بىر ئادەمنى ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق قىيىنىماقتا، ئىككى كۈندىن بۇيان ئاقساپ قالغان تۆگە رەھىمسىز قامچىنىڭ زەربىسىدىن ئىڭراپ دىڭگوسلاپ ماڭماقتا.

ئاھ، خۇدا. . . ئازراق يامغۇر ياغقان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! بىر قېتىم ياغسىمۇ. . . چارەك سائەت . . . ھەتتا ئىككى مىنۇت ياغسىمۇ مەيلىدى. . . مەن مۇشۇنداق ئاسانلا قانائەتلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. . . پەقەت بىر نەچچە تامچە يامغۇرنىڭ بەدىنىمگە چۈشىشىدىن قىسقىغىنە ۋاقىت ھۇزۇرلانساملا بولغىنى، بۇ يامغۇر مېنىڭ لەۋلىرىمگە، پېشانەمگە، كۆكرىكىمگە چۈشسە. . . مەن خۇشاللىقىمدىن قىن-قىنىمغا پاتماي يامغۇر ئىچىدە سەۋدايىلارچە ئۇسسۇل ئويناپ كەتكەن بولاتتىم، مەن ئاغزىمنى يوغان ئېچىپ، خۇددى سېرىكچىلەرنىڭ توپنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتمىگىنىگە ئوخشاش ھەر بىر تامچە يامغۇرنىمۇ ئۆتكۈزۈۋەتمەي سۈمۈرۈۋالاتتىم. . .

لېكىن، خۇدا رەھىم قىلمىدى. . . ئۇ پەقەت قۇياشنىلا ئەۋەتتى، شۇڭا قۇياشقا نەپرەتلىنىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ زادى قانداق قۇياش-ھە، ئۇ زېمىنگە ئوت-يالقۇن پۈركىمەكتە، زېمىن يالقۇن تەپتىدىن چاك-چاك يېرىلىپ، بولدۇقلاپ قان ئېقىتقان ھالدا كۆككە قاراپ ئىڭرىماقتا. تاشلار ئاپتاپتا قاقلىنىپ

ئاقىرىپ كەتكەن، قىزىپ كەتكەن قۇمدىن ئوت تەپتى كېلىدۇ، ئاندا-ساندا كۆزگە چېلىقىدىغان ئوت-چۆپلەر قورۇلۇپ، جىگەررەڭگە كىرىپ قالغانىدى. قىش كۈنلىرى لىقمۇلىق سۇ ئاقىدىغان ئېرىقنىڭ ئويمان جايلىرىدا بىرنەچچە تۈپ غەيرىي شەكىللىك يۇلغۇن ئۆسۈپ قالغانىدى. قۇرۇپ قالغان ئۆستەڭدە ياۋا گۈللەر، ھەرخىل ئوت-چۆپلەر ۋە پاكار-پاكار چاتقاللار ئۆسكەنىدى. بۇ يەرنىڭ تۇپرىقى سەل-پەل نەمرەك بولۇپ، يەر ئاستىدىكى سىغىز توپا قاتلىمى يەر يۈزىدىكى سۇ تەركىبىنى ساقلىغانىدى.

ئادەم قۇملۇقتا تەنھا يول يۈرسە، بىمەنە خىياللارنى قىلىشتىن خالىي بولالمايدىكەن. تۈنۈگۈن مەن تۆگىدىن چۈشۈپ، قولۇم بىلەن بۇ ئوت-چۆپلەرنى سىيلاپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئېسىمگە ئالدىم ... بۇ ئىسىملار ھېچكىم بىلمەيدىغان ھەم بىلىشنىمۇ خالىمايدىغان، ئادەمنى بىزار قىلىدىغان، ئەھمىيەتسىز ئىسىملار ئىدى، ... مېنىڭچە، بۇ ئوت Aristida Pungens، ئاۋۇ يەردىكى چاتقال Retama rae tam دەپ ئاتالسا كېرەك، راست شۇنداقمىدۇ؟ قۇملۇق ئادەمنى تۈرلۈك خىياللار ۋە ئەسلىمىلەر قوينىغا غەرق قىلىدىكەن، مېڭىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى بۇ خىياللارنى، خۇددى گەمىدە ئوبدان ساقلانغان ئېسىل ھاراقنى ئېلىپ چىققاندەك ئېلىپ چىقالايدىكەنسەن، ئاندىن بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنى تېتىساڭ چەكسىز لەززەتلەنگىلى بولىدىكەن، مانا بۇ مېنىڭ بىردىنبىر ئوزۇقۇمدۇر... Cornulaca nonacantha بولسا قۇملۇقتىكى بىر خىل دورا ئۆسۈملۈكىنىڭ ئىسمى... جەنۇبتا بىر خىل



www.uyghurkitap.com

ئوت بولۇپ، ئۇ يىڭنە ئوت دېيىلىدۇ، خۇددى خەنجەر بىسىغا ئوخشاش ئۆتكۈر، قاتتىق كېلىدۇ. stipa tenacissima نېمىدېگەن گۈزەل ئىسىم بۇ، شۇنداق ئەمەسمۇ! Tenacissima دېگەن سۆز خۇددى مىسسادەكلا ئاڭلىنىدۇ... نېمىدېگەن يې-قىملىق پەندى-نەسىھەت -ھە! ئاھ خۇدا، مەن ئۇچۇن ھەققانى-يەتنى ياقلىغىن، مېنى خۇداغا ئىشەنمەيدىغان كىشىلەر بىلەن كۆرەش قىلىشقا يېتەكلىگىن، ئىلاھقا بىھۆرمەتلىك قىلىدىغان، ساختىپەز كاززاپلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋالغىن...

شۇنداق، مېنى قۇتقۇزۇۋالغىن، ئاھ خۇدا...

يېنىمدىن ئايرىلمىغىن... قۇملۇقتىكى ئىسسىقلىق، چاڭ-توزان ۋە قاقاسلىق مېنى ساراڭ قىلىۋەتكىلى ئاز قالدى.

..

تىلىم ئۇسسۇزلۇقتىن ئىششىشقا، ئاشقازىنىم ئاچلىقتىن تارتىشىشقا، ئالەم كۆز ئالدىمدا تەۋرەشكە باشلىدى... مەن كۆزۈمنى قىسقىنىمدىلا ئاندىن بىر نەرسىلەرنى كۆرەلەيتتىم. .. چوڭ مېڭەم، ئاپتاپقا قاقلىنىپ قۇرۇغان، خۇددى قايناۋات-قاندەك تۈيۈلىۋاتقان 1450 گرام كېلىدىغان بۇ چوڭ مېڭەم لاتىن تىلىدا ئويلانماقتا...

خۇدا، سەن مېنىڭ تۈۋرۈكۈم.

مەن يەنە يولغا چىقتىم... قۇرۇپ كەتكەن بىر جىلغىدا بىردەم ئارام ئېلىۋېلىپ، تۆگىنى تەكشۈرۈپ باقتىم. تاشقا دەسسىۋالغان بولسا كېرەك، ئۇنىڭ ئالدىنقى پۇتىنىڭ تاپىنى يارىلىنىپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئىششىپ كەتكەن پۇتىغا قاراپ قايسى ۋاقىتتا ماڭالماس بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ھېسابلاپ چىقتىم، شۇ

چاغدا ئۇنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇر بولىمەن. . . سادىق، باتۇر تۆگە قۇملۇقتا مېنى سائەت ـ سائەتلەپ ئىلىپ ماڭدى.

هازىر هاۋا سالقىنلىشىپ، تېزلا كەچ كىرىپ قالدى، مەن سوغۇققا بەرداشلىق بېرىپ، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى ئويمان جايدا ياتتىم. تۆگىگە ئىچىم ئاغرىپ، پىيادە يۈرگىلىمۇ ئۈچ سائەت بولۇپ قالدى. سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدا ناۋادا بۇ تۆگە بولمىغان بولسا، مەن قانداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان بولاتتىم ـ ـ هە؟ بىرەر بوستانلىققا يېتىپ بارمىغۇچە ئۇنى هەرگىز تاشلاپ كېتەلمەيمەن. مەن ئۇنى بىر ئامال قىلىپ، بەرداشلىق بېرىدىغان، ئۆزۈمگە ئوخشاش قەيسەرانە. . . قەيسەرانە قىلىشىم كېرەك.

مەن مەست ئادەمدەك، قۇملۇقتا دەلدەڭشىپ، قۇياش نۇرى، تومۇز ئىسسىقى ۋە ئۇسسۇزلۇق ئازابىنى تارتىپ. . . پۈتۈن كۈچۈمنى يىغىپ. . . . بىر مېتىر ـ بىر مېتىردىن. . . قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا، شېغىل ـ تاشلار ئۈستىدە، قۇلۇلە قېپى چېچىلىپ ياتقان يولدا قەدىمىمنى ناهايىتى تەسلىكتە يۆتكەيتتىم. بىر قېتىم، مەن بىر تۇز كۆلنى ئۇچراتتىم، ئىچىمدە، بۇ گىروئىلا تۇز كۆلى بولسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. بۇ يەردە مەن تۇز تاشنى تۇتقان هالدا بىر سائەت تۇردۇم.

ئادەمنى ئەسەبىيلەشتۈرۈۋېتىدىغان خىياللار قەلبىمنى چىرمىماقتا. ناۋادا مەن بۇ تۇز تاشنى يالاپ قويىدىغانلا بولسام، ئۇسسۇزلۇقتىن ئىچىمگە ئوت كېتىپ ئۆلۈشىم مۇمكىن. . . ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈش ئەڭ قورقۇنچلۇق ئۆلۈم. . . ئاچلىقتىن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ئادەم ئاستا ـ ئاستا هېرىپ ـ چارچاپ، ماغ ـ

دۇرسىزلىنىشى، بەدىنى ئۇيۇشۇپ سىرىمىنى يوقىتىشى مۇم-
كىن. . . لېكىن ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ئادەم
ئېلىشىپ قالىدۇ. . . مېنىڭ تالىلىۋالىدىغان يولۇم پەقەتلا بىر-
لا: ئاچلىقتىن ئۆلۈش ياكى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلۈش. . .

يەنە كەچ كىردى. مەن بىر جىلغىنىڭ ئويمان يېرىدە
ياتتىم، كۆز ئالدىمدا بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن كىچىك قا-
قاس تاغلار نامايان بولدى. مەن ئاپتاپتا قۇرۇپ كەتكەن، ئۇۋۇ-
لۇپ، يېرىلىپ يوچۇقلار ئېچىلىپ قالغان قىزغۇچ قىيا تاشلار
بار يەردە كىچىنى ئۆتكۈزۈمەن. ئەمدى يەنە خاتىرە يازالمايمەن،
ئۇخلاشتىن باشقىسى ئېسىمگە كەلمەيۋاتىدۇ. . . قويە بۇ يالغان
سۆزۈڭنى. هايات قېلىش — قەلبىڭنى توغرا ئىپا-
دىلىگەنلىكىڭ. . .

مېنىڭ تۆگەم تاپىنىنى يالىغان هالدا بىر قىيا تاشنىڭ
يېنىدا ياتاتتى. ئۇ ئىمكانقەدەر بوينىنى ئۇزۇن سوزۇپ تاپىنىنى
يالىسا، بىر ئاز ئارام تاپىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ ئەمدى بوزلىماي،
تېپ-تىنچ ياتاتتى. تىتىلىپ جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن مەينەت
ئەدىيالغا ئورالغان ئېگەر يەرگە تاشلاپ قويۇلغانىدى. مەن بىر
چەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قاقاس دالىدىكى ئاجىز نۇردا خاتىرە
يېزىۋاتىمەن. هەر قېتىم سوغۇق، قاراڭغۇ كېچە يېتىپ كېلىپ
سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مەشئەل-
لەرگە ئوخشاش كۆكتە چاقنىغاندا، مەن تۆگىنىڭ يېنىغا ئۆمى-
لەپ بېرىپ، ئۇنىڭغا مەهكەم يۆلىنىۋالىمەن. ئۇ مېنىڭ بەدى-
نىمنى ئىسسىتىدۇ، پۈتۈن بەدىنىدىن سېسىق پۇراق تارقىتىپ،
ئادەمنى بىزار قىلىدىغان بۇ هايۋان مېنىڭ ئەتراپىمدىكى بىردىن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تارىيسى

بىر جانلىق ئىدى.

بىراق، ئەتە يەنە قانداق بولار؟
يەنىلا شۇ قۇياش.
يەنىلا شۇ قۇملۇق.
قىپچىش. . . تىنىم تاپماي قىپچىش.

ھەممىدىن ئۇستۈن تۇرىدىغان بىر خىيال "داۋاملىق ئالدىڭغا ماڭ! داۋاملىق ئالدىڭغا ماڭ!" دەپ ماڭا ھەيدەكچىلىك قىلماقتا.

ئاچلىق. ئۇسسۇزلۇق.
ئۇسسۇزلۇق. . .

مەن ئۇسسۇزلۇقنى ئويلىماسلىقىم كېرەك. . . ھەر قېتىم ئىششىپ كەتكەن تىلىم بىلەن لەۋلىرىمنى يالىغىنىمدا، لەۋلىرىمنىڭ يېرىلىپ، ئاغزىمنىڭ قۇم بىلەن توشۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن. ھەر قېتىم تۇكۇرۇكۇمنى يۇتقىنىمدا، ئاغزىمدىن غىرىسلىغان ئاۋاز كېلىدۇ.

لېكىن، مەن ئەركىن ئادەممەن!
قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئاسمان كۆل رەڭ تۈس ئالدى.
تۆگە ئىڭراشقا باشلىدى.

تىنچلانغىن دوستۇم، مەن يېنىڭغا بېرىپ ياتاي. ئاھ، غېرىبانە ھەمراھىم. . . ئىككىمىز ھالاكەت گىردابىغا قاراپ كېتىۋاتىمىز. . . ئاھ خۇدا، ماڭا ئۇيقۇ ئاتا قىلغىن. ئارىدىن يەتتە سائەت ئۆتتى.

مەن ساراڭلاردەك بىر قىيا تاش ئۇستىگە چىقتىم.
مەن خۇشاللىقىمدىن ۋارقىراپ، تۆگىنى چۆرىدەپ ئۇس-

سۇل ئوينىۋەتتىم. ياق، بۇنىڭ سەۋەبىنى نېمىشقا ئېيتمىغۇ-
دەكمەن؟ مەن يىغلىۋەتتىم! سۇيى قۇرۇپ بولغان بەدىنىمنىڭ
قەيىرىدىن ياش بولۇپ ئېقىپ چىققۇدەك سۇ يىغالىغان كۆزلى-
رىمنىڭ قۇدرىتىگە بەكمۇ ھەيرانمەن. . . مەن يىغلىماقتىمەن.

ئالدىمدىكى تاغ جىلغىسىدىكى قىيا تاش يېنىدا بىر قۇدۇق
تۇراتتى!

ئۇ يەر بىر بوستانلىقتا ئايلانغانىدى!

بۇ كىچىك بوستانلىقتا ئادەم ئولتۇراقلاشمىغان بولۇپ، بىر
قانچە تۈپ جىگدە ۋە يۇلغۇنلا بار ئىدى. . . بىراق، ئۇ يەردە بىر
قۇدۇق تۇراتتى. . . مەن ناھايىتى ئېنىق كۆردۈم. . . ئەنە، قۇ-
دۇق سۇپىسى قوپۇرۇلغان كىچىك يۇمىلاق قۇدۇق، سۇركىلىپ
ئۇپراپ كەتكەن ئارغامچىغا تېخى بىر مايماق چېلەكمۇ ئېسىقلىق
تۇرۇپتۇ!

تۆگەم بوزلاشقا باشلىدى. . . بۇ شادلىقنىڭ بەلگىسى ئى-
دى. بۇنى مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆردۈم، ئۇ بوزلىماقتا.
پۈتۈن تومۇرلىرىمدىكى قانمۇ گويا ئۇيۇۋاتقاندەك قىلاتتى. . .
تۆگە ئاسقاقلىغان پېتى تاغ ئېتىكىگە قاراپ ماڭدى، سۇركى-
لىپ، تېرىسى ئۇپراپ كەتكەن پۇتلىرى قۇملۇقتا چوڭقۇر ئىز
قالدۇراتتى. ئۇ ئەمدى يۈگۈرۈشكە، بېشىنى ئالدىغا سوزغان
ھالدا، بوزلىغىنىچە قۇدۇق تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدى.

سۇ! سۇ!

ئاھ، خۇدا. . . سەن ھايات ئىكەنسەن. . . راستتىنلا ھايات
ئىكەنسەن. . . تېخى تۈنۈگۈن كېچىلا مەن سەندىن گۇمانلانغان-
دىم. . . سېنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭنى ئىنكار قىلىپ، ساڭا بىھۆر-

مەتلىك قىلغانىدىم، ساڭا ۋە سېنىڭ نامىڭغا لەنەت ئوقۇپ، ساڭا ئىشەنمەس بولغانىدىم. . . چۈنكى ئۇ چاغدا مەن ئاللىقاچان ھې- رىپ ھالىمدىن كەتكەنىدىم.

بىراق، سەن ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنسەن. . . بۇنى مەن ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن. خۇدا، سەن ھەممىلا جايدا مەۋجۇت ئىكەنسەن.

ئاھ خۇدا، مېنىڭ دۇئا-تىلاۋىتىمگە قۇلاق سالغايسەن. . .

مەن يىغلىدىم. مەن ياشلىرىمنى تارام-تارام ئاققۇزغان ھال- دا قۇدۇقتا بېرىپ سۇ ئىچىمەن.

سۇ ئىچىمەن. مەن راستتىنلا سۇ ئىچەلەرمەنمۇ؟ سۇ ئى- چىش دېگەن قانداق گەپ بولغىيدى؟

مانا ئەمدى. . . ئەمدى ئۆزۈممۇ قۇدۇقتا قاراپ يۈگۈرۈشكە باشلىدىم.

—ياپيېشىل پالما دەرىخى ماڭا ئەزەلدىن بۇنداق گۈزەل كۆرۈنۈپ باقمىغانىدى. . .

ئودھام—سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىكى بىر بوستانلىق بو- لۇپ، كىچىك بىر دەريا بۇ يەرنى ياشارتىپ تۇراتتى. تومۇز ئىسسىقىدىمۇ سۈيى توختاپ قالمايتتى. شۇڭا بۇ يەردە تۈگمە- گۈل، يورىكا دەرىخى، زەيتۇن دەرىخى، جىگدە، بامبۇك، قارا ئارچا ۋە سۆت پۇراق پىستە دەرەخلىرى بۈك-باراقسان ئۆسەتتى. ئاق تاش ۋە خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئۆيلەر ئېگىز قورۇ تېمىنىڭ كەينىدە غىل-پال كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. بۇ قورۇ

تېمى كىچىك دەريا بويلاپ قوپۇرۇلغان بولۇپ، دەريانى ئاسراش رولىنىمۇ ئۆينايتتى. كەڭ مېۋىلىك باغدا، قوغۇنلار پىشاي دەپ قالغان، مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭمۇ شاخلىرى ئېگىلىپ كەتكەندى.

ئودهام بەختلىك كىچىك بازار. بۇ يەردە ئەرەبلەر، بەربەرلەر، ئۇلېدلار ۋە چارۋىچى قەبىلىلەردىن بولۇپ ئىككى مىڭدىن ئارتۇق كىشى ئولتۇراقلاشقان. كەچتە باي سودىگەرلەر ئىككى رېستوراننىڭ چوڭ زالىدا ئولتۇرۇپ، ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرىدۇ، بۇ قىزلار رېستوراندىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر ئېگىز بىنادىكى كەڭ-كۇشادە، ھەربىي لاگىر شەكلىدىكى ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. بۇ—مۇھەببىتىنى ئەرزان باھادا سېتىپ، كۆڭۈل ئېچىشقا كەلگەنلەرنى ئادەم بىلەن تەمىنلەيدىغان ھەربىي لاگىر.

داڭقى پۇركەتكەن فاتىخ مەجەل خارتۇشى ئېگىز، ئورۇق كەلگەن ئەرەب بولۇپ، ئۇ بۇ ”بەخت ئائىلىسى“نى باشقۇراتتى، بۇ قۇملۇق رايوننىڭ كەسىپ تىلىدا بۇنداق كۆڭۈل ئاچىدىغان جاينىڭ ئالاھىدە ئاتىلىشى. بۇ يەردە ئوخشاش بولمىغان ئىرقتىكى 17 نەپەر قىز ئۆزلىرىنىڭ ئېپپەت-نومۇسىنى ساتاتتى، باشقىلار تەرىپىدىن خورلىناتتى، ئاياغ ئاستى قىلىناتتى، شۇڭا ئۇلار ھەممىدىن ئۈمىدىنى ئۈزگەنىدى.

كۆپ قېتىملىق، كىچىلىك ئۇزۇن سەپەر ئارقىلىق، ھېرد شۆيت ئودهامدىكى فاتىخنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كېلىندى. ئۆمەر بۇ قىزنى ئۆزى بىۋاسىتە بۇ بوستانلىققا ئېلىپ كەلگەنىدى. سەپەر ئۈستىدە ئۇ كۈندۈزلىرى بۇ قىزنى يېزا-كەنتلەردىكى

www.uyghurkitap.com

مەينەت ھەم دىمىق ئۆيلەرگە يوشۇرۇپ قوياتتى، ياكى بولمىسا ئۇنى سېسىق ۋە تىنجىق يەر ئاستى ئۆيلىرىگە سولاپ قوياتتى. بۇ كۈنلەردە ھېرد ھەمىشە فرانسىيە قىسىملىرى ماشىنىلىرىنىڭ ئۆي ئالدىدىن ئۆتكەنلىكىنى، ساياھەتچىلەرنى ئېلىپ ماڭغان ئاپتوبۇسلارنىڭ، ئۆزى سولاپ قويۇلغان يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ماي قاچىلاش بېكىتىدە ماي قاچىلىغانلىقىنى ئاڭلايتتى. قولىدا ئاپپارات كۆتۈرۈۋالغان ساياھەتچىلەر ئۆينىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، تۈگمىلەرنى، دېرىزىسى يوق ئۆيلەرنىڭ تاملىرىنى ۋە ئەرەبلەرنى رەسىمگە تارتاتتى ۋە بۇ رەسىملەرنى ئالبۇملىرىغا چاپلاپ، باشقىلارغا كۆرسىتىپ، ماختىنىشاتتى: قاراڭ بۇ يەر شىيهتئەيسا دېگەن يەر بولىدۇ، ئاۋۇ يەر بولسا بۇيرا، ماۋۇ يەر ھېيىن ھۆسەيرە، بىز بۇ يەردە ئارام ئېلىپ كوكا-كولا ئىچكەن، ئاۋۇ يەردىكىسى. . . جېنىم فولىددا، بىز ئۇ يەردە بىر بوتۇلكا پىۋا تاپتۇق، تەمى سەل قىرتاڭغۇ بولسىمۇ، لېكىن راستىنىلا پىۋا ئىكەن! ئاغزىنى ئاچقان چاغدا، قىزىتىلغان تۆمۈر تاختا ئۈستىگە سۇ قۇيغانغا ئوخشاش پىژىلدىغان ئاۋاز چىقتى. پەرتىلۇدا. . . سۆيۈملۈكۈم ئارفولىد، سىز ئۇ يەردە بىر ئەرەبنىڭ قۇلىقىنى ئېشەككە ئوخشاش مىدىرلىتالايدىغانلىقىغا ئىشىنەمسىز؟ بىز ئۈچەيلىمىز ئۈزۈلگۈدەك كۈلۈشتۇق. شۇنداق، ئافرىقا ئىنتايىن سۆيۈملۈك، خاسىيەتلىك زېمىن ئىكەن! . . .

بىر قېتىم ھېرد يەر ئاستى ئۆيىنىڭ قېلىن تاملىرىنى مۇشتلاپ، ”قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار! مېنى قۇتقۇزۇڭلار!“ دەپ ۋارقىرىغانىدى، لېكىن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگىنى

يەنىلا ئۆمەر بولدى، ئۇ قىزنى تام تۈۋىدىن تارتىپ ئەكىلىپ، بىر شاپىلاق ئۇردى.

بۇ ئادەمنى تولىمۇ بىئارام قىلىدىغان ئىش بولدى. بۇ ئەرەب قاراپ تۇرۇپ ئۇنى ئۇردى! ئۇنىڭ گۆشلۈك، ھەمىشە تەرلەپ سىپسىق پۇراپ تۇرىدىغان قولى ئۇنىڭ كاچىتىغا تەگدى. شۇنىڭ بىلەن ھېرد كەينىگە دەلدەڭشىپ كېتىپ بېشى تامغا ئۇرۇلدى. ئاغرىقتىن كۆرە ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بىر خىل خورلۇق تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى.

بىر كۈنى كېچىدە ئۇ ئۇدھامغا ئېلىپ كېلىندى.

فاتىخ ئۇنىڭغا ئۇزاققىچە تىكىلىپ قارىدى. ئۇ غەزەپ-نەپ-رىتىنى ئىچىگە يۇتۇپ، فاتىخنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرىغا ئىندى-مەي بەرداشلىق بەردى.

ئۆمەر ئاغزىدا بىر تال كۈچلۈك تۈركىيە تاماكىسىنى قىڭ-غىر چىشلىگىنىچە، قىزىل بۆكىنى بىر تەرەپكە تاشلاپ قويۇپ، ئېسىل خۇرۇم ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى.

—ھازىردىن باشلاپ سىز مۇشۇ يەردە تۇرىسىز، —دېدى ئۇ ھېردقا قولى بىلەن فاتىخنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، —بۈگۈندىن باشلاپ بۇ كىشى سىزنىڭ خوجايىنىڭىز بولىدۇ. ئۇ سىزنى سېتىۋالدى! سىزنى نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنداق قىلىدۇ، ناۋادا بويسۇنمىسىڭىز ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ.

—ئۆلۈم ئەڭ تېز ۋە ئەڭ ياخشى قۇتۇلۇشتۇر، —دېدى ھېرد.

—ئىختىيارىڭىز. ھېلىغىچە ئاشىقىڭىزغا ئۈمىد باغلاپ تۇ-رامسىز نېمە؟ ئۇنىڭ ئىسمى پاۋېل ھاندرىك، شۇنداقمۇ؟

www.uyghurkitap.com

هېردىنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى.

—قەيەردىن بىلىۋالدىڭىز؟ —ئۇ دۇدۇقلاپ سورىدى.

—پايلاقچىلىرىمدىن. هاندرىك دوختۇر هامبۇرگدىن كەپتۇ. بۇنى مەن ئالجىردىن يولغا چىقىدىغان ۋاقتىمىزدىلا بىلگەنىدىم. شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، بىز يولغا چىقىپ يېرىم سائەتتىن كېيىنلا، ئۇمۇ ئەلئېھرام مېھمانخانىسىغا كەپتۇ!

—مېنى ئىزلەپ كەپتىمۇ؟ —ئۇنىڭ چىرايىدا خۇشاللىق ئالامەتلىرى جىلۋىلەندى، —ئۇ چوقۇم مېنى داۋاملىق ئىزلەيدۇ.

—ياخشى ئىشنىلا ئويلاۋەرمەڭ، —ئۆمەر، فاتىخقا قاراپ قويدى، —بىز ئۇنى ئامالىمىزنىڭ بارىچە ئافرىقىدىن كەتكۈزۈۋېتىمىز، هېچ بولمىغاندا قۇملۇققا يېقىن كەلتۈرمەيمىز. ئۇ بۇنداق يىراق يولنى باسالمايدۇ، خېنىم، —ئۇ "خېنىم" دېگەن سۆزنى خۇددى پەسكەش بىر سۆزنى ئېيتقاندەك سوزۇپ ئېيتتى، بۇنى هەتتا فاتىخمۇ سېزىپ، ئۆمەرگە قاراپ كۈلۈۋەتتى.

—هاندرىك دوختۇر هېلىهەم ئالجىردا، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇسادداغا بارماقچى، ئۇ ئەمدى ئۇنىڭدىن نېرىغا ئۆتەلمەيدۇ. بىز دېگىنىمىزنى قىلماي قويمايمىز.

—مەن بۇ بوستانلىقتا نېمە ئىش قىلىمەن؟ ئۇسسۇل ئوينايمەنمۇ؟

—ئۇسسۇلمۇ ئوينايسىز.

هېرد قورقىنىدىن كەينىگە داجىدى:

—"ئۇسسۇلمۇ ئوينايسىز" دېگەن نېمە دېگەن گەپ؟

ئۇ تۇيۇقسىز ئۆزىنى ئاللىقانداق ئېچىنىشلىق بىر قىسمەتنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى هېس قىلدى، بۇنداق قورقۇنچلۇق

ئىشنى ئۇ بۇرۇن ھەتتا ئويلاشقىمۇ جۇرئەت قىلالمايتتى. ئۇ شىددەت بىلەن ئىتتىلىپ بېرىپ، جۇغى كىچىك كەلگەن ئۆمەرنى كاستۇمىنىڭ ئۆرۈمە ياقىسىدىن كاپ ئېلىپ، ئورۇندۇقتىن تارتىپ تۇرغۇزدى-دە، يۈزىگە بىر مۇشت ئاتتى. فاتىخ يۇگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىشقىمۇ ئۇلگۇرمەستىنلا ئۆمەرنىڭ يۈز-كۆزلىرى قانغا بويالدى.

—مەن ئۆلۈشكە رازى!—دەپ ۋارقىرىدى ھېرد،—مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار، دەرھال ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار... مۇشۇ يەردە-لا... مەن قارشىلىق كۆرسەتمەيمەن... ئىپپەت-نومۇسنى سا-تارمىكىن دەپ خام خىيال ئەيلىمەڭلار، بىچارە ھاياتلىق ھوقۇ-قۇم ئۈچۈن كۈرەش قىلمەيمەن! ھەرگىزمۇ، ھەرگىزمۇ ئۇ بىناغا قەدەم باسمايمەن! ھەرگىز! پەقەت ئاخىرقى بىر تىنىقىم بولى-سىلا...

ئۇ ئۆزى بىلەن ئېلىشىۋاتقان ئۆمەرنىڭ كۆزلىرىنى بۇر-كۈتنىڭ تىرنىقىدەك ئېچىلغان تىرناقلىرى بىلەن تاتىلاپ قانىتى-ۋەتتى.

ئۆمەر ئاغرىقتىن ھۆركىرەپ، بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ ۋە ئېگىشىپ تۇرۇپ ھېردنى يەرگە يىقىتتى. ئۇ ھېردنىڭ بەدەنلى-رىگە ئەسەبىيلەرچە دەسسەشكە تەمشىلىۋاتقاندا، فاتىخ كېلىپ ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، ھېردنى يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئۆمەرنىڭ يۈز-لىرى قانغا بويالغان بولۇپ، ئىششىپ چىققان كۆزلىرىدىن قا-تىللىق نۇرلىرى چاقنايتتى. ئۇ يەنە ئېتىلماقچى بولغاندا، لې-كىن فاتىخ قولىنى كېرىپ ئۇنى توسۇۋالدى. فاتىخ ھېردنى يۆلەپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— قورقما، — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — فاتىخ چۈشىنىدۇ.

ئۆمەر لاغىلداپ تىترىگەن هالدا ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدا زوڭزىيىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئاق يىپەك كۆڭلىكى قان بولۇپ كەتكەن، سۇس رەڭلىك كاستۇممۇ مەينەت قىلىۋېتىلگەنىدى. ئۇ ئىڭىر-ئىڭىر تىنىپ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە، گويا يەر بېغىرلىغۇچى هايۋانغا ئوخشاش هە دېسىلا ئېتىلىپ كېلىدىغاندەك قىلاتتى.

فاتىخ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

— مەن ئۇنى سېتىۋالغان، — دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا. ئۆمەر قەددىنى توختىتىپ، كۆزلىرىنى قىسقىنىچە فاتىخقا قارىدى، — هازىر ئۇ ماڭا مەنسۇپ بولدى، سەن پۇلنى ئالغاندىكىن بۇ يەردىن هازىرلا كەت!

— ئۇ مېنى ئۇردى! خۇداغا ئىشەنمەيدىغان بىر ئادەم قاراپ تۇرۇپ مەككىنى تاۋاپ قىلىپ كەلگەن مەندەك بىر مۇسۇلماننى ئۇردى ئەمەسمۇ!

— يوقال!

— ئىككىڭلار خۇدانىڭ قارغىشىغا كېتىسىلەر! ئۇ دېگەن بىر ئالۋاستى! ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت، فاتىخ! سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەڭ، ئۇ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!

— يوقال!

— ئىككىڭلار خۇدانىڭ قارغىشىغا كېتىسىلەر! ئۇ دېگەن بىر ئالۋاستى! ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت، فاتىخ! ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەڭ، ئۇ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!

— كۆزۈمدىن يوقال!

ئۆمەر ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ بۆكىنى قولىغا ئېلىپ، چاچ مېيى بىلەن قارايتىلغان ۋە پارقىرىتىۋېتىلگەن بېشىغا كىيدى. ئۇ ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ يەنە ئارقىسىغا بۇرۇلدى-دە، كۆزلىرى-دىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ، تۆۋەن ئاۋازدا ھەيۋە قىلىپ دېدى:

—سەن ئۇنى سېتىۋالدىڭ، لېكىن مەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتى-مەن! ئۆلتۈرۈۋەتمىسەم ئۆمەر بىننى سۇلايمان بولماي كېتەي! مېنى ئۇرۇۋاتىدۇ تېخى، بۇ پاسكىنا جالاپ!

فاتىخ ئۆيدە ئۆرە تۇرغاندا ئىنتايىن بەستلىك كۆرۈنەتتى. ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، شىددەت بىلەن بىر سىلكىۋىدى، يالت قىلىپ چاقنىغان نۇر بىلەن تەڭ ئاللىقانداق بىرنەرسە ئۆمەرنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ ياغاچ ئىشىككە غاچچىدە قادالدى. ئۆمەر چاقماق تېزلىكىدە بېشىنى قاچۇرۇپ، قورققان ھالدا يۇقىرىغا قارىدى.

بىر ئۇزۇن ھەم نېپىز خەنجەر ئىشىككە سانجىقلىق تۇراتتى.

خەنجەرنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىلگەن سېپىغا يىلان سۈرىتى نەقىشلەنگەن بولۇپ، قىزىل ياقۇت يىلان كۆزى قىلىنغانىدى.

—كېلەر قېتىم چوقۇم تەككۈزەلەيمەن، —دېدى فاتىخ ئال-دىرىماي-تېنىمەي.

ئۆمەر ئۆيدىن غىپپىدە چىقىپ كەتتى. ئۇ تېز قەدەم بىلەن ماشىنىسىغا چىقىپ، ئودھامدىن ئايرىلىپ، پوتكول ئاتلاس تاغ تىزمىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان چوڭ يولغا چۈشتى.

ئۇ رول ئالدىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، كۆمۈش لېنتىدەك

سوزۇلۇپ ياتقان يولغا قارايتتى. يول بويىدىكى سىلىق، پارقى-راق قىيا تاشلار يالت قىلىپلا ماشىنىنىڭ كەينىدە تاشلىنىپ قالاتتى.

— هاندرىك بەدەل تۆلەيدۇ، — دەيتتى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — هاندرىك بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەل تۆلەيدۇ. . . هېرد بۇنىڭدىن ئۆزد-نى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىنمۇ بەكرەك ئازابلىنىدۇ.

ئۇنىڭ چىرايىدا يەنە تەبەسسۇم پەيدا بولدى، قېلىن كال-پۇكلىرى كۆلكىدىن قىيسايدى، ئۇ ماشىنىسىنى هەيدەپ ئال-جىرغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. قۇملۇق ۋە قۇم بارخانلىرى ئاسمى-نىدا ئېسىلىپ تۇرغان كۈمۈش تەخسىدەك ئاي كېچىنى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتكەندى. ئاسىيا بۆرىسى سوزۇپ-سوزۇپ هۇۋلايتتى. يولدىن ئۆتىشىپ تۇرغان ماشىنىلاردىن ئۈركىگەن مايمۇنلار ئاگاۋا ئۆسكەن تۆپىلىكتە چىرقىرىشاتتى، بىر توپ چارۋىچى پاكار، ئالا-بۇلىماچ چېدىرنىڭ ئالدىدا ئېرە ئەيلەۋاتات-تى. لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان گۈلخان ئەتراپىنى يو-رۇتىۋەتكەندى.

ئۆمەر بىر قۇدۇقنىڭ يېنىدا توختاپ يۈز-كۆزلىرىنى يۇ-يۇپ، يەنە يولغا چىقتى. ئۇ كېچىدىمۇ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇ-ۋاتقان سودىگەرلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇ ماشىنىنىڭ چىرىغى-نى ياندۇرۇپ، سۈرئەتنى ئازراقمۇ ئاستىلاتماي هەيدەيتتى، ئەرەبلەرنىڭ ئاچچىقلانغان هالدا قويۇندەك كېلىۋاتقان ماشىنىنى كۆرۈپ، چۇقان-سۈرەن سېلىشىپ تۆگە-ئېشەكلىرىنى چەتكە ئالغانلىقىنى كۆرگىنىدە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى.

"خەپ هاندرىك، مەن سېنى قۇملۇقتا ماشىنىغا سۆرۈتۈپ

ئۆلتۈرمىسەم ھېساب ئەمەس. گۆشۈڭنى پارچە-پارچە قىلىپ، ھېلىقى جادۇگەر خوتۇنغا ئەۋەتىپ بېرىمەن... ھەر كۈنى بىر خالتىدىن ئەۋەتىمەن... ئۇنىڭغا دوزاخنى كۆرسىتىمەن... دوزاخنى...» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە.

بۇنى كۆرگەن خۇدامۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

ئودھامىدىكى كۆككە بوي سوزغان يوغان پالما دەرەخلىرى شامالدا ئىرغاڭلايتتى.

ھېرد يىپەك يوپۇق يېپىلغان كارىۋاتتا تورۇسقا تىكىلگىنىچە ياتاتتى. فاتىخ ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ئورۇندۇقتا تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى.

— ھازىر سىز ماڭا مەنسۇپ، — دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا، — مەن سىزنى خۇددى ئەتىرگۈلنى ئاسرىغاندەك ئاسرايمەن...

— ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قىزغا قارىدى، — سىز نەقەدەر گۈزەل-ھە... چاچلىرىڭىز قاپقارا، تەنلىرىڭىز ئاپئاق... كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئافرىقىنىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالارسىز بەلكىم. ئافرىقىدا پەقەت ئۆمەر بىننى سۇلايمانلا بار دەپ ئويلاپ قالماڭ، ئۇ ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى مۇناپىق. ئافرىقا خاسىيەتلىك بىر زېمىن. بۇ يەردە ئاي كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشالايدۇ، قۇملۇق پىچىرلىيالايدۇ، پالما دەرەخلىرى ناخشا ئېيتالايدۇ، ئاسما سائەتتەك پورەك-پورەك گۈللىرى بەزمە قىلالايدۇ، بۇنى زەن سالسىڭىزلا ئاڭلىيالايسىز...— ئۇ ئاستا ئېگىلىپ، تارتىنغان ھالدا ھېردنىڭ بىلىكىنى سىلىدى ۋە ھېردنىڭ چۆچۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، قولىنى تېزلا تارتىۋالدى، — سىز بۇ

يەردە بولىسىڭىز ئۆزۈمنى ئىنتايىن بەختلىك سېزىمەن،— ئۇ ئارىسالدى بولغان هالدا قوشۇپ قويدى،— سىز مەڭگۈ مەن بىلەن بىللە بولىسىز...

تورۇستا بىر ئۆمۈچۈك ئۆمىلەپ يۈرەتتى. ئۇ ئاي نۇرىدا خۇددى كۈمۈشتىن ياسالغاندەكلا كۆرۈنەتتى. هېردىنىڭ كۆز ياشلىرى مونچاقتەك تۆكۈلمەكتە ئىدى...

هاندرىك ئۆز باشلىقى بۇناد دوختۇرنىڭ ئۇدۇلىدا، هامبۇ-رۇگتىن كەلگەن دوكلاتنى ئالدىغا قويغان هالدا ئولتۇراتتى. كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان چىراغ نۇرى دوكلاتنى يورۇتۇپ تۇراتتى.

كىشىلەر هېرد شۆھىتىنى نەچچە كۈنگىچە ئالجىرىدىكى قاۋاق-خانا ۋە مېهمانخانىلاردىن ئىزلەپ باقتى. ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئەنسىزلىكنى قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئول-تۇرغان بۇنادنىڭ چىرايىدىنمۇ كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

—بىزنىڭ ئالجىرىيىگە، بولۇپمۇ قۇملۇق رايونىدىكىلەر-نىڭ سالامەتلىك ئەهۋالىنى تەكشۈرۈشىمىز يېتەرلىك بولمايۋاتى-دۇ. ئاڭلىشىمىزچە، بەزى بوستانلىقلاردا ھەتتا ماخاۋ كېسىلى-مۇ پەيدا بولۇپتۇ، بۇ كېسەللەر ئايرىم داۋالىنىش پۇرسىتىگىمۇ ئېرىشەلمەپتۇ. سىفلىس كېسىلىنى دېمەيلا قويايلى، قورقۇنچ-لۇق يېرى شۇكى، بىز بەشتىن ئۈچ قىسىم بوۋاقنىڭ بۇ كېسەل-نى يۇقتۇرۇپ دۇنياغا كېلىشىگە قاراپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋا-تىمىز، تەن قۇرۇلۇشى غەلىتە، ئەما ۋە دۆت-گاچا بالىلارنىڭ

نىسبىتى ئېشىپ كېتىۋاتىدۇ. . . بىز بۇ يۇقۇملۇق كېسەللەر-
نىڭ يامراپ كېتىشىنى تىزگىنلەشكە ئامالسىز قېلىۋاتىمىز،
چۈنكى ئەرەبلەر بىلەن بەربەرلەر بىزگە—بىز ئاق تەنلىكلەرگە
قارشى تۇرىدۇ! ئافرىقا كوممۇنىزمى يەنى ئافرىقا ئافرىقىلىقلار-
نىڭ دەيدىغان ئىدىيە ئالجىرىيىدىمۇ كىشىلەرنىڭ بارلىق ھەرى-
كەتلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي مىزانى بولۇپ قالدى،—دېدى ئۇ قوللى-
رىنى كېرىپ،—بىز بۇ يەردە پۈتۈنلەي ئامالسىز.
—سىز تەكشۈرۈش ۋە ئالدىنى ئېلىش ئەترىتىنى تەشكىل-
لەپ، قۇملۇق رايونىنى تەدرىجىي ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈپ،
كېسەللەرنى داۋالىشىڭىز زۆرۈر.
ھاندرىك ئۈستەلدىكى ھۆججەتلەرنىڭ يېنىغا يېيىلغان خە-
رىتىگە ئېگىشتى:
—بوستانلىقتىن يولغا چىقىپ، بىسكرا، بۇسادا، تو-
غۇرت، گۇلرارا، گېردىئا ۋە راگوئېت، بوستانلىقلىرىنىڭ ئەت-
راپىدىكى يەرلەرنى خۇددى چاچقا سۇزگۈچ سالغاندەك ئالا قوي-
ماي ئارىلاپ چىقساق بولىدۇ!
بۇناد كۆلۈمسىرىگەن ھالدا ھاندرىككە ھېسداشلىق نەزىرى
بىلەن قارىدى.
—تەشكىللەش ئىقتىدارىغا ئىگە گېرمانىيىلىك بولۇشقا مۇ-
ناسىپ ئىكەنسىز،—دېدى ئۇ كۈمۈشتەك ئاپئاق چاچ قاپلىغان
بېشىنى چايقاپ،—جەنۇبىي ئامېرىكىدا، ھەتتا كونگو دەرياسى
بويىدا ياكى مىسىردا قىلغىلى بولىدىغان ئىشلارنى سەھرايى
كەبىردىمۇ قىلالايمەنمىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ! سىز 300
مىليون جۇڭگولۇققا ياكى 200 مىليون ھىندىستانلىققا كېسەل-

لىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئوكۇلىنى ئۇرالايسىز، لېكىن نەچچە مىڭ ئەرەبكە ئىممۇنىتېت ئوكۇلىنى ئۇرۇشىڭىز مۇمكىن ئەمەس! بۇلار باشقا بىر خىل مىللەت، ئەپەندىم، بۇ يەردىكى ئەرلەر ئاللا بەخت ئاتا قىلغان تېرىسىنى خىرىستىئانلار سىلاپ قويسا، بۇنى ئۆزلىرىگە قىلىنغان زور ھاقارەت دەپ بىلىدۇ. بىزنىڭ دۇچ كېلىۋاتقىنىمىز ئەسەبىي ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان ئىخلاسمەنلەردۇر، ئۇلار قۇتقۇزغۇچ خۇدا دەۋرىدىلا ئافرىقىنى ۋەھىمىگە مۇپتىلا قىلغانىدى! ئۇ چاغلاردا ئۇلار تېخى ئوقيا بىلەن نەيزە ئىشلىتەتتى. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى ياسىغان پىلىموت، زەمبىرەك ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىلارغا ئىگە بولدى. دۇنيا ئۆزگەردى، تېخىمۇ غالىب كەلگىلى بولمايدىغان بولۇپ ئۆزگەردى.

ھاندرىك ئورۇندۇقتا يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىچە خەرىتىگە بىر سىزىق سىزىپ قويدى.

— ئەتە بۇساداغا بارىمەن، — دېدى ئۇ چوڭقۇر ئويلانغان ھالدا، — بەلكىم ئۇ يەردىن بىسكرا ئارقىلىق قۇملۇقتا يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشىم مۇمكىن، بۇنىڭدىن كېيىن خىزمەتكە ئاساس تېپىش ئۈچۈن ھېچ بولمىغاندا توغۇرت ۋە گېردىئا ئوتتۇرىسىدىكى بوستانلىقلاردا تارقالغان كېسەللىك ئەھۋالىنى ئېنىقلاپ چىقارمەن.

بۇناد بېشىنى لىڭشىتتى

— قانداق قىلىسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى. بىراق، مېنىڭچە بۇنداق قىلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. سىلەر — گېرمانىيىلىكلەر پەقەتلا بىكار تۇرمايسىلەر-دە! ئەگەر بىز كې-

سەل بولۇپ قالغان بۇ ئادەملەرنى داۋالاش پۈرسىتىگە ئېرىشەلـ
مىسەك بۇنداق دوكلاتنىڭ بىزگە نېمە كېرىكى؟ ! ناۋادا ئاخۇ-
نۇملار مەسچىتتە كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى تىلـ
لاپ قارغاۋىرىدىغان بولسا، مۇداپىئەلىنىش ئوكۇلىنى ئۇرغۇز-
غىلى بىرەر مۇسۇلمان كېلىپ قالارمىكىن دەپ خام خىيال
قىلماڭ! قۇملۇقتىكى بىرەر پىتقا پېنسىلىن ئوكۇلىنى ئۇرۇش
ئەرەبلەرگە چېچەك ئىممۇنىتېت ئوكۇلىنى ئۇرۇشتىن كۆپ ئا-
سان! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ بىر قاپ سىگارتنى هاندرىكنىڭ ئالدىغا
قويدى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزى بىر تالنى سۇغۇرۇۋالدى، — سىز ئەته
ساتاك قاتناش شىركىتىنىڭ قۇملۇقتا قاتنايدىغان نۆۋەتچى ماشى-
نىسىغا ئولتۇرۇپ بۇساداغا بارسىڭىز بولىدۇ، ئۇ يەردە ئاجا-
يىپ ئىشلارغا يولۇقىسىز.
هاندرىك ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزە ئالدىغا باردى. ئۇنىڭ
نەزىرى هويلىدىكى ئېگىز پالما دەرەخلىرىدىن يىراقلارغا ئاغدۇ-
رۇلدى. سان-ساناقسىز چىراغلار دېڭىز قولتۇقىنىڭ كېچىلىك
مەنزىرىسىگە هۆسۈن قوشقاندى.
— ئەگەر سىرتتا بىرەر هەپتە تۇرۇپ قالسام مېنى ئىزلەر-
سىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
بۇناد بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ، هەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭغا
قارىدى.
— نېمە ئىش قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز، كەسىپدىشىم؟
— مەن بۇسادادىنمۇ يىراقتا بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن.
— سەهرايى كەبىرگىمۇ؟
— شۇنداق.

بۇناد بېشىنى چايقىدى.

—سىز يەنىلا ھېلىقى قىزنى ئويلاۋاتامسىز؟ سىز راستىنىلا بىراۋنىڭ ئۆنى ئالجىردىن بىرەر بوستانلىققا باغلاپ ئېلىپ كەتكىنىگە ئىشىنەمسىز؟ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىكەن؟ قىز-چوكانلارنى ئاپىرىپ ساتىدۇ دېمەكچىمۇ سىز؟ نېمىدېگەن بىمەنە خىيال بۇ، كەسىپدىشىم: خۇددى ”مىڭ بىر كېچە“دىكى چۆچەكلەردىكىدەك بىرگەپ بولدى-دە! 20-ئەسىردىكى بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئىشلار مەۋجۇت ئەمەس. قۇل سودىسى بۇنىڭدىن ئون يىل بۇرۇنلا تۈگىگەن!

—مەن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىمەن دەپ ۋەدە بەرگەن، — ھاندرىك سۆزلىگەچ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئاستا مېڭىپ بۇنادنىڭ يېنىغا كەلدى، —ئۇ مېنىڭ ياردەم بېرىشىمنى ئۆتۈنگەنىدى، ئۇنىڭ قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىپ يازغان خېتىنىمۇ كۆردىڭىزغۇ. مەن بۇ قىزنى ياخشى كۆرىمەن...

بۇناد قولىدىكى يوغان ھېقىق كۆزلۈك ئۈزۈكىنى مىدىرلاتقاچ، خىزمەتدىشىغا قانداق نەسىھەت قىلىش ئۈستىدە باش قاتۇردى.

—سىزنىڭ ئۇ قىز بىلەن تونۇشقىنىڭىزغا ئارانلا ئالتە كۈن بولۇپتۇ. شۇ قىز ئۈچۈن ھاياتىڭىزنى دوغا تىكىشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارامسىز؟ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن دەيسىز، بۇنىسى ئۆزدىڭىزگە پۈتۈنلەي ئېنىقمۇ؟

—شۇنداق.

بۇناد ھاندرىكنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى دىۋانغا مۇرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، ئۇنىڭغا يەنە سىگارتنى سۇندى.

— سىز ئاۋۋال بىر تال تاماكا چېكىۋېلىپ، بىر رومكا فرانسىيە بىراندى ھارىقىنى ئىچىۋېلىپ، ئاندىن سۆزلەڭ. مەن ئىسسىق-سوغۇقنى بېشىمدىن كەچۈرگەن ئادەم، بەلكىم ئىشلارغا ئاقىلانىرەك قارىشىم مۇمكىن. سىزگە ئوخشاش ياشتا مەنمۇ مۇشۇنداق قىلغان بولاتتىم، — ئۇ نەزىرىنى ئاستا-ئاستا تورۇسقا ۋە ئۇ يەردىكى شامالدۇرغۇچ شامىلىدا تارقىلىپ كېتىۋاتقان تاماكا ئىسىغا يۆتكەپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قۇملۇققا بېرىشىڭىزغا زادىلا قارشى ئەمەسمەن. قانداقلا بولمىسۇن، ۋەزىپىڭىز ئۆزىڭىزگە ناھايىتى ئېنىق. مېنىڭ پەقەت بىرلا تەكلىپىم بار. بۇ سىزنىڭ ھامبۇرگتىن بۇ يەرگە كېلىشتىكى بۇرچىڭىز بىلەن بىردەك شۇنداقلا بۇ سىزنىڭ سەھرايى كەبىر قۇملۇقىغا بېرىشىڭىزغا سەۋەبمۇ بولالايدۇ: سىز چەت بوستانلىقتىكى ئامىيوبا تولغىقىنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ بېقىڭ.

بۇناد ئۆزىنىڭ ئۈستىلىنىڭ يېنىغا بېرىپ، قېلىن بىر دۆۋە ماتېرىيالنى ئېلىپ كېلىپ، ھاندرىكنىڭ ئۈستىلىگە قويدى.

— بۇنى ئۆزىڭىز بىر قېتىم ئوقۇپ بېقىڭ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋادىدىئا ۋە بىئېرما ئوتتۇرىسىدىكى يەرلىك ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ دوكلاتى. بىر يىل ئىچىدە 4389 كىشى تولغاق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان، بۇنىڭ ئىچىدىن 4178 كىشى ئۆلگەن! قۇملۇقتا تارقىلىدىغان بۇ خىل كېسەلنى بىز تېخى ئېنىقلىيالمىدۇق! بۇ ئادەمنى قان بۇزۇلۇشقا مۇپتىلا قىلىدىغان بىرخىل تولغاق. داۋالىماق تەس كېسەل! — بۇناد دېرىزىگە يۈلىنىپ، تاماكا كۈلىنى كونا داسقا ئاۋايلاپ چەكتى، —

كېسەلنىڭ ئالامىتى مۇنداق: دەسلەپتە بىمارنىڭ كۆڭلى ئازراق ئاينىيدۇ، ئاندىن كېيىن ئۇ قۇسىدۇ، تىترەيدۇ، قىزىيدۇ، ئارقىدىنلا توختىماي قان ئارىلاش ئىچى سۈرىدۇ، ئاخىرىدا پۈتۈن ئەزايى ماغدۇرسىزلىنىپ، قېنى بۇزۇلۇپ، يۈرەك ھەرىكىتى ئاجىزلاپ، زەئىپلىشىپ ئۆلىدۇ. بۇخىل كېسەل پاسكىنا، تۇرغۇن دەريا سۈيىنى ئىچىشتىن پەيدا بولغان! بىز ئامالىمىزنىڭ بارىچە سۇ مەنبەلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۆلگۈچىنىڭ قېنىنى پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى دوختۇرخانىسىنىڭ تەجرىبىخانىسىغا ئەۋەتىپ بەردۇق. تەكشۈرۈش نەتىجىسى ئىسپاتلىدىكى، بۇخىل ئېنىقلىغىلى بولمايۋاتقان ۋىرۇس ھازىرقى بار بولغان قان زەردابى ئىچىدىمۇ ئېرىمەيدىكەن! بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان بىر ئىش، بۇ خىل تولغاق كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلار يەنىلا شۇ ئەرەبلەر، بەربەرلەر، ئۆلبېدنايىلار، خېدىبىلاردۇر، ئۇلار كېسىلى ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، بىرەر ئاق تەنلىك دوختۇرنىڭ داۋالىشىنى رەت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ ئۆز ئاقىللىرى بار، ئۇلار قۇرۇت-قوڭغۇزلارنى قۇرۇتۇپ سوقۇپ ۋە باشقا ھايۋانلار بىلەن كېسەلنى داۋالىماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە بىر بىمەنىلىك! —بۇناد ئۆزىنىڭ سۆزىنى ئۆزى چۈشەنمىگەندەك بېشىنى چايقاپ قويدى، —ئالدىنقى بىر ئايدىلا گىرائا رايونىدا 467 ئادەم بۇخىل كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالدى. بىز تاپالىغان كېسەللەرنى ئايرىم بىر يەرگە يىغدۇق، ئۇلار ئۇ يەردە كېسەل ئازابىنى يەتكۈچە تارتقاندىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى. بۇ خىل كېسەل يۇقۇملىنىشتىن تارقالدىمۇ، سۇدىن تارقالدىمۇ ياكى بولمىسا بۇلغانغان يېمەكلىكتىن تارقالدىمۇ، بۇنى ھازىر-

غىچە ئېنىقلىيالمىدۇق.

ھاندرىك بۇ قېلىن بىر دۆۋە ھۆججەتنى ۋاراقلاپ كۆرگەچ، كېسەللەر ۋە ئۆلگەنلەرنىڭ رەسىملىرىگە قىزىقىپ قارىدى.

— ئۇنداقتا، بۇ خىل كېسەلگە تاقابىل تۇرغۇدەك بىرەر ئۇنۇملۇك دورا تېپىلمىدىمۇ؟

— شۇنداق.

— شۇنداق، — بۇنادىنىڭ چىرايى غەزەپلىك تۇس ئالدى، لې-كىن ئۇ گېرمانىيىلىك دوختۇرنىڭ ئالدىدا بۇنى ئېتىراپ قىلغۇ-سى كەلمەيتتى، — سىلەرنىڭ گېرمانىيىنىڭ بېرمىلىن ۋە نود-مارك شىركەتلىرىنىڭ دورىلىرىمۇ كار قىلمىدى. — دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەرگەن ھالدا قوشۇمچە قىلىپ، — ھېچقانداق دورىنىڭ ئۇنىڭغا ئۇنۇمى بولمىدى! بىز يېڭى بىر مەسىلىگە دۇچ كېلىۋاتىمىز. بىز ئەسلىدە بۇ ئادەتتىكى تولغاق بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدۇق، ئۇنداقتا بىز ئاللىقاچان ئۇنىڭ ئۈستىدىن غالىب كەلگەن بولاتتۇق. لېكىن، ھازىر بۇ خىل كېسەل بىزنى ئۈمىدسىزلىك گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى.

— بۇنىڭغا قانداق تەدبىر قوللاندىڭلار؟

— ھېچنېمە قىلمىدۇق دېسەكمۇ بولىدۇ! بىز نېمىمۇ قىلا-لايتتۇق؟ — بۇنادىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغاندەك بولدى، — سىز سو-رۇشتۇرۇپ باقسىڭىز بولىدۇ، كەسپدىشىم! بىز بۇرۇن ئىش-لەتكەن دورىلارنى، بۇنىڭدىن ئەللىك يىل بۇرۇنلا بىر چەتكە تاشلاپ قويغان، لېكىن ئۇنۇمى ناھايىتى ياخشى بولغان، ئائىلى-دە دائىم ئىشلىتىدىغان دورىلارنى، مەسىلەن، نافتالىن ۋە سالىسرات ئېفىرى دېگەندەك دورىلارنى ئىشلىتىشكە مەجبۇر بول-

دۇق. ئۈچەي قانىغاندا سۇ ۋە ئېرگوتىن بىلەن يۇدۇق. ئۆزىمىزنىڭ ئېھتىياتچان ۋە تەمكىن دوختۇر بولۇشتەك سالاھىيىتىمىزنى تۆۋەنلىتىشكە چىداپ تۇرۇپ، ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ داۋالاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تولغاق كېسەللىكىنى سىماب خلورىد ۋە ئارسېنلار بىلەن داۋالاپمۇ باقتۇق. ھەتتا باكتېرىيىگە قارشى دورىلارنىمۇ ئىشلەتتۇق. . . ۋاي خۇدايىمەي، كەسپىداشىم، بىز تولغاقنى داۋالىيالىغان بىلەن قاننى بۇزىدىغان ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرالمىدۇق، ھېچقانداق چارە كار قىلمىدى! داۋالاش جەھەتتە پەقەتلا ئىلگىرىلىيەلمىسەك، ئەرەبلەرنى قاچا-قۇچىلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىپ ئىشلىتىشكە كۆندۈرەلمىسەك، بۇنىڭغا قىلچىلىكمۇ ئامال تاپالمايمىز! — بۇناد بىرئاز توختىۋېلىپ، ھاندرىككە بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۇ ئەھۋالغا نىسبەتەن، سىزنىڭ بىرەر ئامالىڭىز بارمۇ؟

ھاندرىك بېشىنى لىڭشىتىپ، قەتئىيلىك بىلەن دېدى:

— شۇنداق، مەن قولۇمدا بارمەن، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، سىگارتنى بېسىپ ئۆچۈردى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ، كېسەل ئادەمنىڭ چىرايىدەك پۇرۇشۇپ كەتتى، — بەلكىم مەن ئىككى خىل نەرسىنى تاپالىشىم مۇمكىن، — دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا قوشۇمچە قىلىپ، — بىرى ۋىرۇس، يەنە بىرى ھېرد.

بۇناد لېۋىنى چىڭ چىشلىدى، ئۇ بىرنەچچە ئېغىز بولمىغۇر، بىمەنە گەپ قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى-دە:

— مەن ۋىرۇسنى تاپسىڭىز دەيمەن، كەسپىداشىم، — دېدى ئۇنلۇك ئاۋازدا.

ھاندرىك ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭغا قاراپ كۈ-
لۈمسىرەپ قويدى.
—مەن بىر سىناپ باقاي دەيمەن، بۇناد دوختۇر، مۇھەببەت-
مۇ بىر خىل كېسەل، دورا بىلەن داۋالىغىلى بولمايدىغان بىر
خىل كېسەل.
—ھەي ئەخمەق، —دېدى بۇناد كەينىگە بۇرۇلۇپ، —
يۈگۈرۈڭ، سەھرايى كەبىرگە تېز بېرىڭ! —ھاندرىك ماڭار
چاغدا ئۇ يەنە بۇتەرەپكە ئۆرۈلۈپ ۋارقىرىدى، —توختاڭ! كې-
لىڭ، فرانسىيىنىڭ براندى ھارىقىدىن بىرەر رومكىدىن ئىچە-
شىۋالايلى! ناۋادا بۇنچىلىك قېرىپ كەتمىگەن بولسام، سىزنى
دوستۇم دېگەن بولار ئىدىم! ئاھ خۇدا، كىشىلەر سىزنى ھام-
بۇرگتىن بۇ يەرگە ئەۋەتمىگەن بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولات-
تى-ھە!

كەچتە، ھاندرىك يەنە جېككۈرىن دۇمېلا بىلەن ئۇچرىشىپ
قالدى. ئۇ ئالجىردىكى قىزىل قىيا ئۈستىگە قوپۇرۇلغان ھەشە-
مەتلىك سان گېئورگى مېھمانخانىسىدا تۇراتتى. ھاندرىك تەتقى-
قات ئورنىغا فرانسىيىلىك كەسىپداشلىرىنىڭ تەجرىبە ئەھۋالى-
نى تەكشۈرگىلى بارغاندا ئۇنى ئۇچرىتىپ قالغانىدى.
ئۇچىسىغا نېپىز ئۇزۇن نىلون كۆڭلەك كىيگەن، ئادەمنى
مەپتۇن قىلىدىغان بۇ نازىنىن قىز كۈلۈمسىرىگەن ھالدا، ئۇ-
دۇل مېڭىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ھاندرىك بىلەن سالاملىشىپ،
ئۇنىڭ قوللىرىنى بىرھازاغىچە چىڭ قىسىپ تۇردى، ئۇنىڭ

كۆزلىرىدىن ئوتتۇرا يەر دېڭىزىدا جىلۋىلىنىپ تۇرغان كەچكى شەپەقتەك بىرخىل نۇر چاقنايتتى.

— قۇملۇققا بارىدىغىنىمىزنى ئاڭلىدىم، — دېدى ئۇ، — ئالدى بىلەن بۇساداغا بارىدىكەنمىز، ئاڭلىشىمچە ئۇ يەر ناھايىتى گۈزەل بوستانلىقمىش.

ھاندرىك ئىندىمەستىن، رەتلىك تىزىلغان پروبىركىلارغا سەپسالدى. دەپتەرگە يېزىلغان خاتىرىلەرگە كۆز يۈگۈرۈتتى، كېسەللىك ئالامەتلىرى يەنىلا مەخپىي بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش بولمىغانىدى! ھۆ كارغا يارىمايدىغان، قارغىش تەگكۈر كونا سۆز! جېككۈرىن ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋېتىپ ئۇنىڭ ئېگىز، كېلىشكەن قەددى-قامىتىگە سەپسالدى. ئۇنىڭ ھېسسىياتى جوش ئۇرۇپ، بۇ ئېگىز بويلۇق، ئالتۇن چاچلىق يىگىتنى كەينىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە قارىتىپ، ئۇنى چوككىدە سۆيۈۋالغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ قوللىرىنى جۇپلىگەن ۋاقىتتا، ئالىقانلىرىنىڭ تەرلەپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

— قاچان يولغا چىقىمىز؟ — ئۇ پاراڭلىشىش ئۈچۈنلا سوراپ قويدى.

— ئەتە چۈشتىن كېيىن.

— بېلەتكە تىزىملىتىپ قويۇمەنمۇ؟

— مېنىڭچە، بۇ ئىشنى بۇناد دوختۇر ئورۇنلاشتۇرىدۇ، — ھاندرىك ئارقىسىغا بۇرۇلغاندا، ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن يەنە ئۇچرىشىپ قالدى.

— مېنىڭ باشقىچە بىر تەكلىپىم بار، دۇمبىلا خېنىم.

— مېنى جېككۈرىن دەپ چاقىرىڭا.

— ماقۇل، جېككۇرىن.

ئۇ پىسىڭىدە كۈلۈپ قويدى، شۇتاپتا ئۇنىڭ گىلاستەك قىزىل لەۋلىرىدىن نۇر تېمىپ تۇراتتى.

— مۇشۇنداق چاقىرىڭ، دوختۇر. سىزنىڭ چاقىرىشىڭىز فرانسىيىلىك ئەرلەرنىڭ چاقىرىشىغا پەقەتلا ئوخشىمايدىكەن. جېككۇرىن دېسىڭىز خۇددى ناخشا ئېيتقاندەك، يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلىنىدىكەن. سىزنىڭ مېنى جېككۇرىن دەپ ئاتىشىڭىزنى بەكمۇ ياقتۇرىمەن.

هاندرىك گېلىنى قىرىپ قويۇپ، پروبىركىلارغا يۈزلەندى.

— مېنىڭچە سىز بۇساداغا بارماي، ئۇدۇللا بىسكراغا بېرىڭ، مەن ئۇ يەرگە بىرنەچچە كۈن كېچىكىپ بارىمەن. ھەرھالدا شۇنىمۇ ئېيتىپ قوياي، مېنىڭ بۇسادادا بېجىرىدىغان بىرنەچچە شەخسىي ئىشىم بار.

جېككۇرىننىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، ئاۋازىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى.

— ھېلىقى گېرمانىيىلىك قىزنى ئىزدىمەكچىمۇ سىز؟

هاندرىك ئىتتىك ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

— ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟

— پەقەت بۇناد دوختۇرنىڭ ئېيتىپ بەرگىنىنىلا بىلىمەن، — گەرچە ئۇ ھېلىقى گېرمانىيىلىك قىزنىڭ ئالجىردا ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكىنىگە خۇشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق قىزىقمايدىغاندەك بىرخىل قىياپەتكە كىرىۋالدى، — مېنىڭچە سىز بىر خىيالىي مەنزىرە ئىچىدىكى گۈزەلنى

ئمزدەپ، رېئاللىقتىكى گۆزەلگە سەل قاراۋاتىسىز.

ئۇ ھاندرىككە يېقىنلاشتى. . . ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئەتراپى-
دى ھاندرىكنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلدى، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن
ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

— نېمىشقا ئۇ قىزنى ئىزلەيسىز، دوختۇر؟

— چۈنكى مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن، جېككۇرىن.

— سىز تېخى ئۇنىڭ بىلەن پاراخوتتىلا تونۇشقان ئەمەسمۇ.

— ماڭا مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك.

— بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالدىم دېگەن شۇ ئىكەن-دە!

— بەلكىم شۇنداقتۇ.

چىرايلىق كەلگەن فرانسىيىلىك بۇ قىز بېشىنى چايقاپ، قىپقىزىل تىرناق بويىقى سۈرۈلگەن، ئورۇق، ئۇزۇن قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ يېڭىنى ئاستا تارتتى.

— سىزدەك ئەر ھېچقانداق بىر ئايالغا مەنسۇپ بولماسلىقى كېرەك. . . سىزگە پۈتۈن دۇنيانىڭ ئىشىكى ئوچۇق، مىڭلى-غان-تۈمەنلىگەن گۈزەللەرگە ئىگە بولغان دۇنيانىڭ ئىشىكى ئوچۇق.

ھاندرىك ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ جىم تۇرۇۋالدى، جېككۇ-رىنىنىڭ ئويئوچۇقلا قىلغان چاقچىقى ئۇنى ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانىدى.

— سىز يەنىلا ئۇدۇل بىسكراغا بېرىۋېرىڭ، جېككۇرىن،

— ئۇ تەلەپپۇزىنى ئىمكانقەدەر قوپالراق چىقىرىشقا تىرىشىپ دېدى، — ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن شۇ جايدىكى ھەربىي دوخ-تۇرخانىغا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇرۇپ، تەجرىبە قىلىشتا ئىشلە-

تىلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاڭ. بۇناد دوختۇر ئۇ يەر-
دىكى مەسئۇل ۋراچقا سىزنى تونۇشتۇرۇپ بىر پارچە ئالاقە
يېزىپ بېرىدۇ. ئاۋۋال بىر ئامال قىلىپ قان تېپىڭ، دېزىنفېك-
سىيە قىلىنغان قان بولسۇن! مېنىڭچە سىز هازىر بار بولغان
دورىلار بىلەن ئۇنىڭغا بوياق بېرىشكە كىرىشسىڭىز
بولىدۇ...

—خوپ!—جېككۇرىن ھەربىيچە سالام بەردى،
—باشلىقنىڭ يەنە باشقا تاپىلايدىغانلىرى بارمىكىن؟—
دېدى ئۇ قولىنى چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئاۋازى قايتىدىن مۇلايىملى-
شىپ قالغانىدى،—سىز ئالجىرنى پىششىق بىلىسىزغۇ دەيمەن،
دوختۇر؟

—شۇنداق.

—مېنى، يېنىڭىزغا ئېلىپ، ماڭا ناتونۇش بولغان بۇ شە-
ھەرنى ئايلاندۇرغان بولسىڭىز نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى-ھە!

—بۇ يەردە، چىرايلىق قىزلار كېچىسى سىرتقا چىقسا ياخ-
شى بولمايدۇ، جېككۇرىن.

—ها! ها!—ئۇ ئېچىلىپ كۈلۈپ كەتتى،—مېنى چىراي-
لىق دېگىنىڭىزنى قاراڭ.

—قانداقلا دېگەن بىلەن بۇ ۋاقىتتا ئەرلەر سەل قارىيالماي-
دۇ،—هاندرىك يەنە ئوڭايسىزلىنىپ قالدى،—مېنىڭچە سىز
ئەڭ ياخشىسى كارۋىتىڭىزغا چىقىپ ئۇخلاپ، قومۇقا قىلىدى-
غان سەپىرىڭىز ئۈچۈن كۈچ توپلاڭ. بىسكراغا بېرىش ئۈچۈن
توپتوغرا 16 سائەت يول ماڭىدىغان گەپ!

—كارۋاتتا بەك يالغۇزلۇق ھېس قىلىدىكەنمەن،—دېدى

www.uyghurkitap.com

ئۇ ئادەمنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرىدىغان ئويماقتەك ئېغىزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ئالجىرنىڭ كېچىسى ئادەمنى رىۋايەتلەردىكىدەك مەستخۇش قىلىدۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ.

— بەئەينى خەتەرلىك رىۋايەتلەردىكىدەك، جېككۈرىن. ئالجىر ئافرىقىنىڭ روجىكى، ئافرىقىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ يەردىن تېپىلىدۇ: قەلەندەر، باي، دىن تارقاتقۇچى، قاتىل، ئوغرى، قاراقچى، ساددا-سەمىمىي سودىگەر ۋە گۈزەل ئۇسسۇلچى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى بار. ئالجىردا جەننەتمۇ، دوزاخمۇ كىشىلەرنى چاقىرىپ تۇرىدۇ.

— بۇگەپ ئادەمنى بەكمۇ جەلپ قىلىدىكەن!

— جېككۈرىننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، — سىز مېنى دوزاخقىمۇ، جەننەتكىمۇ ئېلىپ كىرىسىز قانداق، دوختۇر!

كەچتە ھاندرىك بىلەن جېككۈرىن جۇمھۇرىيەت كوچىسىنىڭ دەرەخزارلىق يول بويىدىكى بىر كىچىك ئاشپۇزۇلغا كىردى. بۇ ئاشپۇزۇل بىر بانكىنىڭ ھەيۋەتلىك دېرىزىسى تۈۋىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر لەمپىلىك بالكونى بار ئىدى، بۇ يەردىن پورت كوچىسىدىكى كېچىدىمۇ تىنماي ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلارنى كۆرگىلى بولاتتى. ئاشپۇزۇل خىزمەتچىسى قەھۋە ۋە تورت ئېلىپ كەلدى. ئۈچ كىشىلىك مۇزىكا ئەترىتى جاز مۇزىكىسى ۋە تانگو مۇزىكىسى ئورۇنلاۋاتاتتى. بىر غۇنچە بويلۇق ناخشىچى قىز مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. كوچىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە بىرمۇنچە ئەرەبلەر ئېگىز پرېستان تېمىغا يۆلەنگىنىچە قەھۋەخانىنىڭ بالكونىدىن كۆزنى ئۈزمەي، ناخشا ئېيتىۋاتقان قىزغا ۋە ئورۇندۇقتا

ئۇلتۇرغان ياۋروپالىقلارغا قارىشىپ تۇراتتى.
خاتىرە بۇيۇمى ساتىدىغانلار، گىلەم سودىگەرلىرى، گاز سۇ ۋە پاراخوت بېلىتى ساتىدىغانلار قەھۋەخانا ۋە قاۋاقخانىلارنى ئارىلاپ، شەرقلىقلەرگە خاس قىزغىنلىق بىلەن كىشىلەرگە يې-پىشىپ ئۆز بۇيۇملىرىنى سېتىشاتتى. ھاندرىك چوڭ بىر يەسى-مەنگۈل چەمبىرىكى ئېلىپ، جېككۇرىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قوي-دى، ئۇنىڭ بەدىنىدىن شۇ ھامان كىشىنى مەست قىلىدىغان خۇشبۇي ھىد تارقالدى.
”ئۇ ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىكەن“ دەپ ئويلىدى ھاندرىك ئىچىدە: ”ئۇنىڭدا ئەرلەرنى مەست قىلغۇچى بىر خىل سېھرىي كۈچ بار. كىمكى ئۇنىڭغا بىر قارىسىلا ئاشىق بولۇپ قالغۇدەك. ئۇنىڭ لەۋلىرى، ئۇنىڭ كۆزلىرى، ئۇنىڭ غۇنچىدەك نازۇك بويلىرى نەقەدەر سېھىرلىك-ھە!“
ئۇ قەھۋەنى ئىچىپ بولۇپ يەنە ئۆزىگە بىر رومكا ئىشتەينى ئېچىش ھارىقى، جېككۇرىنىغا سودا قوشۇلغان مارتىن ھارىقى ئەكەلدۇردى.
—سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى پەقەتلا بىلمەيمەن، —دېدى ھاندرىك، —سىز لىسبوندىن پاراخوتقا چىقتىڭىز، مەن بىلەن پاراڭلىشىپ، كەسپىداش ئىكەنلىكىڭىزنى ۋە مەن بىلەن قوم-لۇققا بېرىشنى خالايدىغانلىقىڭىزنى، ھەتتا بەزى قىيىنراق بول-غان تەجرىبىلەرگىمۇ قاتنىشىدىغانلىقىڭىزنى ئېيتتىڭىز، مانا ھازىر ئىككىمىز ئالجىردىكى جۇمھۇرىيەت كوچىسىنىڭ دەرەخ-زارلىق يولى بويىدىكى ئاشپۇزۇلدا بىر رومكىدىن مارتىن ھارد-قى ئىچىپ ئولتۇرۇپتىمىز! گەرچە بۇ ئاڭلىماققا رومانلاردىكى

توقۇلما ھېكايىلەرگە ئوخشىسىمۇ، ئەڭ ئېسىل رومانلاردىكى ۋەقەلىكلەرنىڭمۇ راست بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ قالدىم.

—بەلكىم روماندۇر،—جېككۈرىن چىرايلىق، جۇدەڭ بېـ شىنى سەل-پەل قىيسايتىۋىدى، قاپقارا، پارقىراق سۇمبۇل چاچلىرى سىيرىلىپ چۈشۈپ بىر كۆزىنى توسۇۋالدى، ئۇ چاچـ لىرىنى قايرىۋەتمىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ تۇرقىنىڭ تېخىمۇ كۆچلۈك سېھرىي كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، —سىزگە ئېيتقىنىمدەك، پارىژدا يەنە بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۇرۇـ ۋەرگۈم كەلمىدى،—ئۇ سىناق نەزىرى بىلەن ھاندىرىككە قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،—سىز قايسى تەرەپتىكى ئەھۋاـ لىمنى بىلمەكچىسىز، دوختۇر؟ توي قىلىشقا پۇتۇشكەنمۇ-يوق دېگەنىمىزمۇ؟ ياق! مۇھەببەتلىشىۋاتامسىز-يوق دېگەنىمىزمۇ-يا؟ بۇ سوئالغا ”شۇنداق“ دەپ جاۋاب بېرىشكە مەجبۇرمەن، لېكىن سىز قاراملىق بىلەن ”كىمنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز؟“ دەپ سوراپ سالماڭ.

—سىز قەيەردە تۇغۇلغان؟

—پاسپورتىمدا نىمدا تۇغۇلغان دەپ يېزىلغان. دادام ئۇ يەردە يېزا دوختۇرى، ئانام ئۇسسۇلچى ئىدى. دادام سانرېمدا ئانام بىلەن تونۇشۇپلا، ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قاپتىكەن ھەم ئانام بىلەن توي قىلىۋاپتىكەن! ئويلىمىغان يەردىن ئۇلارنىڭ تويىدىن كېيىنكى تۇرمۇشى ئىنتايىن بەختلىك ئۆتۈپتۇ. دادام ئۇرۇشـ تىن كېيىن ئۆزۈن ئۆتمەيلا قازا قىلدى، ئانام بولسا ھازىرغىچە نىمدا تۇرىۋاتىدۇ. ھازىر بۇرتاندا قۇرۇلۇش تېخنىكى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئاكامدىن باشقا، مەن ئائىلىمىزدىكى بىردىنبىر باـ

لا. ھەددىدىن زىيادە ئەركە ئۆسۈپ، ھەمىشە ماختىلىپ، ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ئاسرىلىپ چوڭ بولدۇم. . . لېكىن، يې-نىمدا بىر ئەر بولسىلا، مەن ئۇنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ سۆيۈپ، ھەرقانچە نامرات ۋە قىيىن شارائىتتىمۇ ياشىيالايدىغان-لىقىمغا ئىشىنىمەن، — ئۇ قاپقارا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ھاندرىككە قارىدى، — تەكشۈرۈش جەدۋى-لىدە يەنە ئېنىق بولمىغان جايلار بارمىكەن، دوختۇر؟

— بۇيىل قانچە ياشقا كىردىڭىز؟

— يىگىرمە يەتتىگە، بۇ سوئالنى سەل قاراملىق بىلەن سوراپ قالدىڭىزغۇ، دوختۇر.

— لېكىن بۇنى سوراشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار. سىز ئىنتايىن ياش كۆرۈنىدىكەنسىز، جېككۈرىن. بىر قارىسا، مەلۇم بىر جايدا تۇرۇپ شېرىن چۈش كۆرۈۋاتقان، دۇنيانىڭ ئىسسىق-سو-غۇقىنى كۆرمىگەن ساددا قىزلارغىلا ئوخشايسىز، بىر قارىسا، ئەرلەرنى ئېزىقتۇرۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان شاللاق ئاياللارغىمۇ ئوخشايسىز. . .

— سىز شۇنداق ھېس قىلدىڭىزمۇ، دوختۇر؟ — ئۇنىڭ كۆزلىرى ھاندرىكنىڭ ئارامىنى بۇزاتتى، ئۇ ئالدىغا سەل-پەل ئېڭىشكەنىدى، ياقىسى تۆۋەن ئويۇلغان يىپەك كۆڭلىكىدىن كۆكرەكلىرى كۆرۈنۈپ قالدى. ھاندرىك رومكىدىكى ھاراقنى داۋالغۇتۇپ قويدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر خىل غېرىبى-لىق ۋە تاشلاندۇقا ئايلىنىپ قېلىش ھەسرىتى چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ ئىختىيارسىز ھالدا ھېردنى — ئۆز يۇرتىدىن كېلىپ بېشىم ئەرەبلەرنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالغان قىزنى ئەسلەپ قالدى.

www.uyghurkitap.com

لېكىن ئۇ يەنە جېككوۇرىن ئۆزىنىڭ يېنىدا بولسىلا تەمتىرەپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالىدىغانلىقىنىمۇ ھېس قىلدى.

ئۇلار ھاراقلىرىنى ئىچىپ بولۇپ، دېڭىز ساھىلىدىكى چوڭ كوچىنى بويلاپ سەيلە قىلدى. شاۋقۇن-سۈرەنلىك كوچىدىن ئۆتۈپ، قىزىل قىيا تاشقا يامىشىپ چىقىپ، چىراغ دېڭىزى ئىچىدىكى ئالجىرغا نەزەر سېلىشتى. ئۇلارنىڭ كەينى تەرىپىدىكى گۈللۈكتىن نومۇسگۈل① يەسمەن گۈل ۋە تۇگمىگۈللەرنىڭ پۇرىقى كېلەتتى.

جېككوۇرىن قولىنى ھاندرىكنىڭ مۈرىسىگە قويىۋالدى، ئۇنىڭ چاچلىرى ھاندرىكنىڭ سول مەڭزىگە تېگىپ، غىدىقىنى كەلتۈرۈۋەتتى.

— سىز بۇ گۈزەل شەھەردە قېلىشنى خالىمامسىز، دوختۇر؟ مېنىڭ تەسەۋۋۇرىمدىكى قوملۇق رەھىم-شەپقەتسىز، — ئۇ كۆزلىرىنى قىسىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سىز قوملۇقتا ئاشۇ گېرمانىيىلىك قىزنى دەپلا بارىسىزغۇ دەيمەن.

— بۇمۇ بىر سەۋەب، جېككوۇرىن.

— سىز زىيان تارتىسىز! سىز ياۋۇز ئەرەبلەرنى چۈشەنمەيسىز، — ئۇ ئاچچىق كۈلۈپ دېدى، — بۇنىسىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، پەقەت كىتابلاردىن ئوقۇغان. بىراق مەن قورقىمەن...

— ئۇنداق بولسا سىز ئالجىردا قېلىڭ جېككوۇرىن، بىسكراغا ئۆزۈملا باراي.

---

① نومۇسگۈل — ئۇياتچان ئوت دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— مەن ئۆزۈمدىن ئەمەس، سىزدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، دوختۇر.

هاندرىك ئۇنىڭ بىلىكىنىڭ مۇرىسىنى ئاستا بېسىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بىر خىل تىترەك پۈتۈن بەدىنىگە تاراپ، بىردىنلا ئۇنىڭدا قىزنى سۆيۈش ئىستىكى قوزغالدى. بۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ؟ نېمىدېگەن بىمەنىلىك بۇ! لېكىن، ئىچىدىن ئۇرغۇپ چىققان بىر خىل كۈچ ئۇنى قىزنى قوچاقلىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، كۆزىنى ئۇۋۇلىدى. دېڭىزدىن كەلگەن سوغۇق شامالدا پالما دەرەخلىرىنىڭ شاخلىرى شىلدىرلايتتى.

— ماگايلى، جېككورىن.

قىز بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇنى قولتۇقلىۋالدى.

— يەنىلا بۇرۇن ئېيتقىنىمدەك قىلايلى، — دېدى هاندرىك ئۆزىنىڭ دىققەت-زېھنىنى چېچىش ئۈچۈن، — سىز بىسكراغا ئۇدۇل بېرىۋېرىڭ، مەن بۇساددانى ئايلىنىپ، بىسكراغا بىرنەچچە كۈن كېچىكىپ باراي، ئۇ چاغدا سىزنىڭ تەجرىبىخانىدىكى تەييارلىقلىرىڭىز پۈتۈپ قېلىشى مۇمكىن.

جېككورىن ئۇنىڭ بىلىكىنى چىمدىپ قويدى.

— سىز ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالالايدىغان سوغۇق قان ئادەمكەنسىز، دوختۇر، مۇشۇنداق گۈزەل كېچىدىمۇ سىز يەنىلا خىزمەتنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز!

ئۇلار يولنى بويلاپ، ئاستا مېڭىپ تاغدىن چۈشۈپ، چىراغلار چاقناپ تۇرغان شاۋقۇن-سۈرەنلىك شەھەر ئىچىگە كى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

رىپ، مىغىلداپ ئۆتۈشۈپ تۇرغان كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇلار قايتا پاراڭلاشمىدى، لېكىن ھەر ئىككىسىلا كۆڭۈل دەرۋازىسىنىڭ ئېچىلغانلىقىنى، قەلبىگە بىر تالدىن ئۇرۇق چېچىلغانلىقىنى، بۇ ئۇرۇقنىڭ دۇنيادىكى ھەممە نەرسىدىن تېز سۈرئەتتە بىخلىنىپ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇلار شاۋقۇن-سۈرەنلىك كوچىدا قولتۇقلىشىپ، ئىندىمەستىن يولىنى داۋاملاشتۇردى.

ھاندرىك ساتاك قاتناش شىركىتىنىڭ قۇملۇققا بارىدىغان نۆۋەتچى ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، سەھرايى كەبىر قۇملۇقى چېتىدىكى بۇسادداغا بارغان كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۈچىنچى قورغاندىكى كاپىتان پۇروشېنى ئۆمرىدە يولۇقۇپ باقمىغان ئاجايىپ بىر ئىشنى بېشىدىن كەچۈردى.

ئىشىك چېكىلدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ، ملادىشى لېيتېنانت گلانتۇسنى كۆردى.

ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن، كىيىملىرى جۇل-جۇل، بېشى تېڭىلغان، يۈزلىرى مەينەت، قوۋۇزلىرى كىرىشىپ كەتكەن بولۇپ، بەئەينى بىر تىرىك مۇردىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆز نۇرلىرى ئۆچكەن بولۇپ، قولىنى كۆتۈرۈپ دوكلات قىلغاندا، كۆز قارىچۇقى تەشۋىشلىنىپ مىدىرلايتتى.

—ملادىشى لېيتېنانت گلانتۇس دەم ئېلىشتىن قايتىپ كەلدى، مەلۇم سەۋەب بىلەن كېچىكىپ قالدى.

ئۇ سۆزلەپ بولۇپلا ھوشسىزلىنىپ، پۈتۈن بەدىنى بوشى-

شىپ، كاپىتاننىڭ ئالدىغا يىقىلدى.
پوروشىنى ئۇنى كاپ قىلىپلا تۇتۇۋالدى، ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى قورۇنى بىر ئالدى.
— سانىتار! خەۋەرچى! بارلىق ئوفىتسېرلار مېنىڭ يېنىمغا كېلىڭلار! ھەممىڭلار تەييارلىنىڭلار! قورۇغا يىغىلىڭلار! ئۇرۇش تەييارلىقىنى قىلىڭلار!
ئۇ ملادىشى لېيتېنانت گلانتۇسنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ كىرىپ، كارىۋاتقا ياتقۇزدى، يۈزىنى يۇيۇپ، تېڭىقىنى يېشىپ، ئىسپىرت بىلەن پېشانىسىدىكى يارىنى سۈرتتى. سانىتار ئۆيگە ئۇچقاندەك كىرىپ، يارا ئېغىزىنى تەكشۈرۈپ، يۇقۇملىنىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئوكۇلىنى دەرھال ئوكۇل سالغۇچقا كىرگۈزدى.
— يارا ئېغىزى يىرىڭداپ كېتىپتۇ، — دېدى سانىتار جىددىي يوسۇندا، — بىرەر ھەپتىدەك تېڭىلمىغانلىقتىن، يارا ئېغىزى قۇم بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ.
— كاپىشۇەرمىگىنە! — كاپىتان پوروشىنى ۋارقىرىدى، — دەرھال دىۋىزىيە شتابىغا گلانتۇس قايتىپ كەلدى دەپ تېلېگرامما بېرىۋەت!
قولىدا بىر بوتۇلكا فرانسىيە بىراندى ھارىقىنى كۆتۈرۈپ، يۈگۈرۈپ كىرگەن خەۋەرچى دەرھال ھاراقنى ئۈستەلگە قويۇپ، يەنە تېلېگرامما بېرىش ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.
سانىتار ئېھتىيات بىلەن يارا ئېغىزىنى يۇيۇپ، پېنسىلىن ئۇن دورىسىنى يىرىڭداپ كەتكەن يارا ئېغىزىغا چاچتى. ھوشسىز ياتقان گلانتۇسنىڭ يۈزلىرى تارتىشقاندەك قىلدى. پوروشىنى

ئۇنى خۇددى كىچىك بالىنى قۇچىقىغا ئالغاندەك قۇچىقىغا ئې-
لىپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئۆزىنىڭ كۆكسىگە تىرىدى.

—تىنچلانغىن يىگىت، —ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەيتتى، —
ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، ئازراق ئاغرىۋاتىدۇ، شۇن-
داقمۇ؟ مەن سېنىڭ يېنىڭدا، تىنچ ياتقىن.

دۇپۇرلىگەن ئاياغ تىۋىشىغا ئەگىشىپ بارلىق خادىملار قور-
غان قورۇسىغا يىغىلدى. قورغان ئىچىدە ھېلىغىچە تۇرغان
ئەرەبلەر سىرتقا چىقىرىۋېتىلدى. كاپىتان پۇروشېنى گلانتۇس-
نىڭ بېشىنى ياستۇققا قويۇپ، ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان يۇڭ
ئەدىيالنى ئۇنىڭ ئۇستىگە ياپتى-دە، ئۆزى بىر تەرەپتە زوڭزى-
يىپ ئولتۇردى. ياردارنىڭ تىنىقى ئاجىز، كۆزلىرى چۆرىسى
كۆكىرىپ كەتكەن چاناقلىرىغا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، لەۋلىرى
ئاقىرىپ، ئازراقمۇ قان دىدارى قالمىغان، ئۇستۇنكى لېۋى
چىشلەپ يارا قىلىۋېتىلگەنىدى. گېلىغا چۇشكەن تىرناق ئىزى
ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، بەدىنىنىڭ بىر نەچچە يېرىدە قان
داغلىرى قېتىپ قالغانىدى.

قورۇدا قىسىملارنى سەپكە تۇرغۇزۇپ بولغان ملادشى سېر-
ژانت ئۆيگە كىرىپ دوكلات قىلدى.

پۇروشېنى بېشىنى كۆتۈرۈپ دېدى:

—بولىدۇ، ھازىرلا چىقاي، ملادشى لېيتېنانت گلانتۇس-
نىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى قايسىڭلار كۆرگەن؟

—ھېچكىم، —ملادشى سېرژانت قورقۇمسىراپ كاپىتانغا
قارىدى، —ئۇ ئىشىكىڭىز ئالدىدا تۇرغاندىلا ئاندىن بىز كۆر-
دۇق.

—ئۇنداقتا قاراۋۇلخانىدىكى قاراۋۇللارچۇ؟ ئۇلار ئۇخلاپ قاپتىمۇ؟

ملادشى سېرژانت مۇرىسىنى چىقىرىپ قويدى.

—ئۇلار، ئاددىي كىيىنىۋالغان ئەرەبلەردىن باشقا ھېچنېمىنى سەزمىدۇق، بەلكىم ملادشى لېيتېنانت گلانتۇس ئەرەبچە ياسىنىۋېلىپ، قورغانغا قايتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ.

پۇروشېنى ھوشسىز ياتقان ياردارنىڭ تاتارغان چىرايىغا قاراپ بېشىنى بوشقىنا لىڭشىتتى.

—بەلكىم شۇنداقتۇر، قىسمىنىڭ تەييارلىقى پۈتتىمۇ؟

—پۈتتى، كاپىتان.

—سەن قوشۇننى باشلاپ قورغان ئالدىغا چىق، تۆت دالا زەمبىرىكىنى بىللە ئېلىپ ماڭ. ئۈچ جىپ ماشىنا ۋە ئىككى موتسىكلىت ئالدىنقى قاراۋۇللۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىسۇن.

—خوپ، كاپىتان.

ملادشى سېرژانت چىقىپ كەتتى. پۇروشېنى يەنە بىر قېتىم گلانتۇسقا قاراپ، ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى.

—يىگىت، سەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئالىمەن،—دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا، ئۇنىڭ ئاۋازى ئازراق پۈتۈپ قالغاندەك قىلاتتى.

ئۇ دېرىزىدىن قۇملۇققا قارىدى. ئاسماندا بۇلۇتلار لەيلەپ يۈرەتتى، قۇياش ئولتۇرۇپ، سايە ئۇزۇراپ قالغانىدى. قۇم بارخانلىرى ۋە ئۇنىڭغا زىننەت قوشۇپ تۇرغان ئوت-چۆپلەر تاكى ئۇپۇق سىزىقىغىچە سوزۇلغانىدى. يىراقتا تۆگە كارۋانلىرى

ئەگرى-بۈگرى يولدا ئاستا كېتىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ سايىسى ھەم ئۇزۇن ھەم قارا بولۇپ، خۇددى كۆككە تاقاشقاندەكلا كۆرۈنەتتى. پۇروشېنى لەۋلىرىنى چىڭ چىشلىدى.

—مەن ئۇمىمانى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، —دېدى ئۇ سۆزىنى چىشى ئاراچلىرىدىن چىقىرىپ، —خاتىرجەم ئۇخلىغىن، ئوغلۇم.

ئۇ مەردانە قەدەملەر بىلەن ئۆيدىن چىقتى. سانىتار ئۇنىڭ ئورنىغا كېلىپ گلانتۇسقا قاراپ ئولتۇردى. ئارىدا، ئۇ بىلئەجبەنىڭ مەسئۇل ھەربىي ۋراچىغا تېلېفون بەرگەنىدى، ئۇلار دالا دوختۇرخانىسىنىڭ ماشىنىسىنى بۈگۈن كېچىدىلا ئۇچىنچى قورغانغا ئەۋەتىشكە ماقۇل بولدى.

ئۇستىگە قاراۋۇلخانا سېلىنغان قېلىن، ئاق قورۇق تامنىڭ ئالدىدا، ئەسكەرلەر برونېۋىك ماشىنىلار ۋە ئاتلارنىڭ يېنىدا، لىق ئوق بېسىلغان ئاپتومات ۋە ئاپتوماتىك مىلتىقلىرىنى مۈردىسىگە ئېسىشىپ تۇراتتى. مىلتىقلار كەچكى قۇياش نۇرىدا چاقناپ كۆزنى قاماشتۇراتتى.

—بۇرادەرلەر، —دېدى كاپىتان پۇروشېنى ئۈنلۈك ئاۋازدا، سىلەر نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلدىڭلار! بۇ ئىش پەقەت ملادشى لېيتېنانت گلانتۇسنىڭ شەخسىي ئىشى بولماستىن، بەلكى فىرانسىيىنىڭ ئابرويى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ئىش، بىز قىيىن شارائىت ئىچىدىمۇ ئۇنى قوغدىشىمىز زۆرۈر، مەن بۇ ھەقتە ئارتۇقچە سۆزلەپ يۈرمىسەممۇ بولار!

بۇيرۇق بىلەن تەڭلا، ئەسكەرلەر ئاتلىرىغا مىنىشتى. برونېۋىك ماشىنىلارنىڭ ئېغىر تىپتىكى دىۋىگاتېل ماتورى گۈرۈلدىگەندە، جەڭ ئاتلىرى ئازراق ئۈركىدى، جىپ ماشىنا ۋە

ئىككى موتسىكلىت ئالدىدا قۇملۇققا قاراپ يول ئالدى.
قاراۋۇلخانىدىكى قاراۋۇللار قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئېھتى- رام بىلدۈردى. ئۈچىنچى قورغاندىكى مۇھاپىزەتچى قىسىم چاڭ-توزانلار ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى. كاپىتان پۈروشىنى جىپ ماشىنىدا كېتىۋېتىپ يەنە بىر قېتىم ئارقىسىغا قارىدى.
دەرۋازا تاقالدى. قاراۋۇلخانا ئۈستىدىكى كۆزىتىش چىرى- غى گۇگۇم قاراڭغۇلۇقىدا ھەرتەرەپكە ئايلىنىپ، ئەتراپنى يورۇ- تۇشقا باشلىدى.
ئەرەب تىجارەتچىلىرى ۋە تىلەمچىلەر بىر كىچىك ئىشىك- تىن قورغانغا كىرگۈزۈلدى. يېنىدا قورال بار-يوقلۇقى تەپسى- لىي تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ يان بىنادا تۈنىشىگە يول قويۇلاتتى.
دەرۋازا ئالدىدىكى قۇم-توپىغا مىلىنىپ ئولتۇرغان جۇل- جۇل كىيىملىك بىر تىلەمچى تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى سو- زۇپ، ئۆششاق تىجارەتچى ۋە ئەسكەرلەردىن بىرنەرسە تىلەۋاتات- تى.
ئاستا-ئاستا يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان قوشۇن گۇگۇم قاراڭ- غۇلۇقى قاپلىغان ئۇپۇقتا خۇددى بىر توپ چوڭمۇلىلەردەك كۆرۈ- نەتتى، ئۇ ئۇلارغا خېلى ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى.
ئۇ ئومىدىنى بىلقاسىم ئىدى.
قاراۋۇل بۇ تىلەمچىنىڭ بىر ئۇخلايدىغان يەر تېپىۋېلىشى ئۈچۈن ئۇنى قۇرۇقدىلىپ قالغان قورغاننىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈ- ۋەتتى.

ھېرد ئۇدھامدا ئۈچ ھەپتىنى ئۆتكۈزدى. ئۇ ئەركىن ئىدى، قانداقلا بولمىسۇن ئۆمەرنىڭ يېنىدا تۇرغاندىن ئەركىنرەك ئىدى. فاتىخ ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى ئاز پاراڭلىشاتتى، ئۇ ھېردقا مەنىلىك قارايتتى، ھېرد ھەمىشە ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى.

ئۇنىڭ باغدا ئەركىن-ئازادە ئايلىنىشىغا يول قويۇلاتتى. ئۇ باغ تېمىدىكى بىرنەچچە تۆشۈكتىن قۇرۇپ قالغان دەريا قىنىغا قارايتتى. بۇ دەل ياز كۈنلىرى بولغاچقا، تۆگە-ئېشەك كارۋانلىرى ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇراتتى. بىر قېتىم، ئۇ يەنە ياۋروپادىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنىمۇ كۆردى، ئۇلار بېشىغا چىغ شىلەپە، ئۈچىسىغا تەنھەرىكەت كىيىمى كىيىشىپ، تەرلەپ-پىشىپ قىيا تاشلارغا ئېسىلىپ چىقىپ، زوق-شوق بىلەن تۆگە ۋە ئېگىز-ئېگىز پالما دەرەخلىرىنى رەسىمگە تارتاتتى. مەشۇتتىن ئۆزۈن كۆڭلەك كىيگەن ئالتۇن چاچلىق بىر قىز ھېرد تۇرۇۋاتقان باغ تېمىنىڭ ئۇدۇلىدىكى بىر چوڭ تاشنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ياش يىگىتنى رەسىمگە تارتقۇزدى. ئۇ قاقاقلاپ كۈلەتتى، ئۇنىڭ كۈلگەن ئاۋازى ھېردقىمۇ ئېنىق ئاڭلاندى. بۇ ئەركىن-ئازادە كۈلۈش ئىدى، ھېرد بېشىنى يوچۇق ئېچىلىپ قالغان تامغا يۆلىگىنىچە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى.

بەزىدە فاتىخ ئۇنىڭ بىلەن بىللە باغنى ئايلىناتتى. ئۇ ھېرد بىلەن ناھايىتى ئاز پاراڭلىشاتتى، ھېرد ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمەيتتى، پەقەت تەلەپپۇزىدىنلا ئۇنىڭ مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايتتى. ئۆيدەك ئېگىز پالما دەرەخلىرى

ئاستىدا، ئۇ ھېردنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، بۇك-باراقسان دەرەخ بىلەن قاپلانغان ئۇدھام بوستانلىقىغا نەزەر سالاتتى. بەزىدە ئۇ ئۇ قىزغا قىممەتلىك قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنى، نەقىشلەنگەن كۈمۈش زىننەت بۇيۇملىرىنى سوۋغا قىلاتتى، بۇ بۇيۇملار ئۈستىگە ئەرەب يېزىقىدا ”ئاللا ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن“ دېگەندەك بەخت تىلەش سۆزلىرى ئويۇلغانىدى. ئۇ بەزىدە بۇ يەردىن چىقمايدىغان ئېسىل مېۋىلەرنىڭ ئوبدانلىرىنى تاللاپ ئۇنىڭغا بېرەتتى، ئۇ بۇ مېۋىلەرنى ئالجىر، بۇسادا ۋە بىسكرادىن سېتىۋېلىپ، ماشىنا بىلەن ئەپكەلدۇرەتتى.

ھېرد ھېلىقى ”ئۆي“دىكى باشقا قىزلار بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىدى، ئۇ ھەتتا ئازاب تارتىۋاتقان بۇ قىزلارنىڭ مۇشۇ يەرلىكمۇ ياكى ئۆزىگە ئوخشاش ئۆمەر تەرىپىدىن فاتىخقا سېتىپ بېرىلگەن ياۋروپالىقلارمۇ، بۇنى ئېنىق بىلمەيتتى. ئۇ بۇنى سوراپ باقمىدى. بۇ ئۇنىڭ بىلىشكە قىزىقمىغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى سوراشتىن قورققانلىقىدىن ئىدى، ئۇ سوئالىنىڭ فاتىخنى غەزەپلەندۈرۈپ، ئۇنىمۇ ھېلىقى ”ئۆي“گە ئاپىرىپ بېرىشىدىن قورقاتتى. ئۇ بۇنى ئويلىسىلا تەنلىرى جۇغۇلداپ كېتەتتى.

بىر قېتىم، مەلۇم بىر كۈنى كەچتە، ھېرد تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، يېتىپ كەلگەن تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرىنى ۋە ئېشەك ھەيدىگەن ئادەملەرنىڭ ۋارقىراشلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندا، ھويلىنىڭ ئۇ چېتىدىكى ”ئۆي“دىن قۇلاقنى يارغۇدەك چىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى. قامچىنىڭ تاراسلاپ بەدەنگە تەگكەن ئاۋازى بىلەن تەڭ ۋاقىتنىچە توختاپ قالغان بۇ چىرقىراق ئاۋاز، كېيىنچە تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. بۇ بىر ئايالنىڭ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى

ئېزىدىغان ئاۋازى ئىدى. قامچىنىڭ تاراسلاشلىرى توختىغاندىن كېيىن، ھېرد بىر ئايالنىڭ توگۇلۇپ، دەلدەڭشىگىنىچە ھويلىدىن يۈگۈرۈپ ئۆتكەنلىكىنى، بىر ئەرەبنىڭ قوغلاپ كېلىپ ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، يەرگە يىقىتىپ، ئۆشنىسىگە ئارتقىنىچە ئېلىپ ماڭغانلىقىنى كۆردى. ئايالنىڭ چىرقىرىغان ئاۋازى ھېلىقى "ئۆي"گە كىرگەندىن كېيىن يوقالدى.

ھېرد تامنىڭ تۈۋىدە قېتىپ قالغاندەك ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئادەمنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان بۇ قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشكە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغانىدى. فاتىخ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ سەل-پەل ئېگىلگەندىمۇ، ئۇ يەنىلا قىمىرلىماي ئولتۇرىۋەردى، ئاغزىغا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ كەلمىدى. فاتىخ ئۇنىڭ تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئەپسۇسلانغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇ قاچماقچى ئىكەن، — فاتىخ ئاستا سۆزلەپ، مۇرىسىنى چىقىرىپ قويدى، — قاچىمەن دېسە بولمايدۇ-دە!

ھېرد فاتىخ بىلەن كارى بولماي، بېشىنى تولغاپ ئۇ تەرەپكە قارىۋالدى، ئاندىن يۈگۈرگىنىچە ھويلىدىن ئۆتۈپ، ئۆيىگە كىرىپ، ئىشىكنى تاقىۋالدى. ئۇ كەڭ ۋە يۇمشاق دىۋاندا، بېشىنى يېپەك ياستۇققا قويۇپ، ئالتۇن ھەل بىلەن زىننەتلەنگەن تورۇسقا ۋە بالكونغا قاراپ ياتتى. بالكوننىڭ تۆت ئەتراپىغا ئاق تاش تۈۋرۈك ئورنىتىلغان بولۇپ، قىزىل سىرلانغان تۆمۈر رېشاتكا ئۇنى باغدىن ئايرىپ تۇراتتى.

ئۇ ھاندرىكنى يادىغا ئالدى، شۇ نەرسە ئۇنىڭ ئۆزىگىمۇ ئايان ئەمەس ئىدىكى، ھاندرىكنىڭ ئىزلەپ كېلىدىغانلىقىغا بول-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غان ئىشەنچ ئۆزىنىڭ سوكۇت قىلىپ ياشىشىغا سەۋەب بولۇۋاتات-
تى. غېرىبچىلىقتا ئۆتۈۋاتقان بۇ كۈنلەردە، ئۇ دائىم ئۇنى
ئەسلەيتتى، ھەتتا ئاكىسىنى ئويلىغاندىنمۇ كۆپرەك ئويلاتتى،
ئۇ يۇرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىر چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ بولۇ-
ۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى.

ئۇنىڭ ئاكىسى تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قەلبىدىن يىراقلاپ، يې-
تىپ بارغىلى بولمايدىغان بىر يەرگە يوشۇرۇندى. ئۇ پۇرسەت
چىقىرىپ خەت يېزىشى كېرەك ئىدىغۇ، ئەگەر ئۇ ھايات بولسا،
نېمىشقا 15 يىلغىچە ئاززاقمۇ خەۋىرى بولمايدۇ؟ ئۇرۇش ئاخىر-
لاشقىلىمۇ خېلى يىللار بولدى، بۇ جەھەتتە شۈبھە دوكتورنىڭ
ھايات ئىكەنلىكىدىن گۇمانلانغان بارلىق كىشىلەرنىڭ گۇمانى
توغرا ئوخشايدۇ، بۇ بەلكىم بىر بېشارەتتۇر، ئۇ ئاللىقاچان
ئالەمدىن ئۆتكەن، ھېردىنىڭ ئىزلىگىنى پەقەت بىر غايىۋى ئوب-
راز بولۇشىمۇ مۇمكىن.

لېكىن، ئۇنىڭ ھاندرىكنى سېغىنىش، ئۇ بۇرۇن چۈشى-
نىپ يېتەلمىگەن بىر خىل ھېسسىيات توختاۋسىز ھالدا قەلبىگە
سىڭىپ كىرىپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل خىيالى ۋە ھېسسىياتىنى ئىگەل-
لىۋېلىپ، فاتىخ قاماپ قويغان كۈنلەردە تايىنىدىغان تۈۋرۈك
ۋە كۈچكە ئايلاندى. بۇ قاماقنىڭ قانچىلىك داۋاملىشىپ، قانداق
ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

بۇ ئەرەب بۇنى تۇيغاندەك قىلاتتى، ئۇ ئۆمەردىن بۇ ئەھۋال-
لارنى ئىگەللىگەندى، شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى ھېرد باغدا سەيلى
قىلغاندا يوشۇرۇن كۆزىتىپ يۈرەتتى. ئۇ گۇمانلانغان ھالدا
چاتقاللىق ياكى كۆيۈپ خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتكەن ئۆيىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئەسكى تېمى كەينىدە يوشۇرۇنۇپ ئولتۇراتتى. بۇ ئۆيدە بۇرۇن بىر كۆتۈلمىگەن ئاجايىپ بىر ئىش يۈز بەرگەنىدى. بىر ئەسكەر هاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ، تاماكا قالدۇقىنى گىلەم ئۈستىگە تاشلاپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن ئۆيگە ئوت تۇتىشىپ كەتكەن، ياز كۈنى سۇ كەمچىل بولغاچقا، ئوتنى ئۆچۈرۈش مۇمكىن بولماي، ئاخىر ئۇ بەش قىز بىلەن بىللە ئۆينىڭ ئىچىدە كۆيۈپ ئۆلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن بوستانلىقتىكى كىشىلەر بۇ جايدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇلار، كۆيۈپ ئۆلگۈچىلەرنىڭ ئەرۋاھى خارابىلىكتە لەيلەپ يۈرۈپ، بۇ يەردىن ئۆتكەن كىشىلەرنى قارغايدۇ دېگەن ئەپسانىگە ئىشىنەتتى. لېكىن فاتىخ بۇنىڭغا قىلچە پىسەنت قىلمايتتى.

ئۇ تامنىڭ ئەتراپىدىكى قويۇق ئۆسكەن چاتقاللىقتا ئولتۇرۇپ، هېردقا قارايتتى. نېمىشقا بۇ يەردە ئولتۇرغىنىنى ھەتتا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ بۇ گۈزەل قىزنى ئىگەللىۋېلىش كويىدا يۈرەتتى، ئۇ بۇرۇن گاداي، تىلەمچىدىن پەرقلەنمەيدىغان بىر ئەرەب ئىدى، كېيىن ئەرزان باھالىق قىزلارنىڭ تېنىدىن نۇرغۇن پۇل تاپتى، بۈگۈنكى كۈندە، قۇملۇقتىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان باي ئەرلەردىن بولۇپ قالدى، ئائىلىسىدە ئاق تەنلىك بىر قىزمۇ بار، ئۇ مۇشۇلارنى ئويلىسىلا ئۆزىنى مەغرۇر ھەم بەختلىك ھېس قىلاتتى. ئۇ زورلۇق قىلىشنى خالىمايتتى، زورلۇق كۈچىنىڭ پەقەت بۇ ئاجىز قىزنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغانلىقىنى، ئۇنى زورلۇق بىلەن ئىگەللىۋالغاندا، ئۇنى قولدىن چىقىرىپ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ سۈكۈت قىلىپ، خۇددى بىر ساداقەتمەن ئىتتەك ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈ-

روپ، ھەمىشە ھېردىنىڭ چوشىنىش تەس بولغان ھەرىكەتلىرى ۋە چىراي ئىپادىلىرىنى مۆلچەرلەپ باقاتتى.

بىر كۈنى ئۇ، ھېردىنىڭ كىچىك بىر مايمۇننى قەپەستىن چىقىرىپ كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. فاتىخ مېھمانلارنىڭ كۆڭۈل ئېچىشى ئۈچۈن ھەر بىر ئۆيگە مۇشۇنداق مايمۇن سولانغان قەپەز قويۇپ قويغانىدى. ئۇ مايمۇننى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئەنجۈر ۋە تاتلىق، يوغان ئۈزۈملەرنى يېگۈزدى، تۈكلىرىنى ئاستا سىلىدى، ئاندىن بىر ئۈزۈن كۈ-مۈش زەنجىر بىلەن ئۇنىڭ بوينىدىن باغلاپ، گۈللۈكتە بىللە ئوينىدى.

فاتىخ كۆيۈپ خارابىلىككە ئايلانغان ئەسكى تامنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا قارايتتى. ھېردىنىڭ بۇ مايمۇننى قانداق قىد-لىپ تۇيۇقسىزلا ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى، ئۇ ئىتائەتمەن، ساداقەتمەن ۋە بىخەتەر ھەرىكەتچان نەرسىنى ياخشى كۆرۈپ شۇن-داق قىلىۋاتامدۇ ياكى بۇنىڭ بىلەن ئادەم چۈشىنىپ يېتەلمەيدى-غان بىرەر مەقسەتكە يەتمەكچىمۇ، فاتىخ بۇنى چۈشىنەلمەيتتى.

كەچتە، ھېرد ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، فاتىخ خىلمۇ خىل گۇمانلار بىلەن كىچىك مايمۇننى قەپەزدىن چىقىرىپ، تەپسىلىي كۆزىتىپ چىقتى. تۈكلىرىنى قايرىپ قاراپ باقتى. بۇ مايمۇننىڭ باشقا مايمۇنلارغا ئوخشاشلا، بەدىنىدە ھېچقانداق ئالاھىدە يېرىمۇ يوق ئىدى. ئۇ مايمۇننى قەپەزگە سولاپ قويۇپ، ئاندىن ئودھامدىكى ئەركىن بازارغا باردى، ئۇ يەردە قول ھۈنەر-ۋەنلەرنىڭ يايمىلىرى بار ئىدى.

ئىككى كۈندىن كېيىن، ھېردىنىڭ ئۆيىدە ئالاھىدە كۆركەم

ياسالغان، ئىچىدە بىر ئىلەڭگۈچى، تاماق يەيدىغان چىرايلىق سۇپىسى ۋە بىر لىڭگىرتاقتىقى بار ياغاچ قەپەس پەيدا بولۇپ قالدى. كىچىك مايمۇن قەپەسنىڭ ئىچىدە ھەر تەرەپكە سەكرەپ ئويناپ، چىر-چىر چىرىلداپ، ئايال خوجايىنىدىن ئەھۋال سو-رايتتى.

ھېرد كۆڭلىدە فاتىخقا رەھمەت ئېيتىپ، ئۇنىڭغا قولىنى سۇندى. فاتىخ ئۇنىڭ قولىغا، ئاندىن ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى. ھېرد ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتقاندا، ئۇ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئېگىلدى، لېكىن ئۇ ئۇنى سۆيمەي، پەقەت پېشانىسىنى ئۇنىڭ قولىغا يېقىپ، ناھايىتى تېزلا رۇسلىنىۋالدى.

بۇ خىل قۇللاردەك ھۆرمەت بىلەن باش ئېگىپ تۇرۇش بىرنەچچە سېكۇنتلا داۋاملاشتى. ئاندىن ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈ-رۈپ، ئۆيدىن چىقىپ، ئىشىكنى ئاستا يېپىپ قويدى.

بۇ كۈنى چۈشتە ”ئۆي“دىكى قىزلار بىر ۋاقىتلىق ئېسىل تاماق يېيىش بىلەن بىرگە ئىككى سائەتلىك ئارام ئېلىش پۇرسى-تىگىمۇ ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ بۇ ۋاقىتنى فاتىخنىڭ چاكارلىرى بىلەن بىرلىكتە باغدا ئۆتكۈزۈشىگە روخسەت قىلىندى.

بۇ ئىككى سائەت ئىچىدە ھېردنىڭ باغقا بېرىشىغا رۇخسەت قىلىنمىدى. ئۇ بالكوندىكى قىزىل رېشاتكىنىڭ كەينىدە ئولتۇ-رۇپ، پەستىكى باغدا ئايلىنىپ يۈرگەن قىزلارغا قارايتتى. بۇلار ئەرەبلەر، ئولېندايلار ۋە بەربەرلەر بولۇپ، ئىچىدە ئاق تەنلىك ئىككى قىزمۇ بار ئىدى، ئۇنىڭ بىرى ئۇزۇن قارا چاچلىق، ئېگىز، زىلۋا كەلگەن؛ يەنە بىرى پاكار، سېمىز، قىزىل چاچلىق بولۇپ، ئۇلار پالما دەرىخىنىڭ ئاستىدا مەيۈسلە-

ىىپ ئولتۇرۇپ، قۇرۇپ قالغان دەرياغا نەزەر سالاتتى.
هېرد باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاشقا جۈرئەت قىلالمى-
دى. ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنىپ، قول بولۇۋاتقان بۇ
ئاياللارغا قاراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ياناتتى.
ئىككى سائەتتىن كېيىن، كۆزەتچى، بۇ قىزلارنى يەنە ھېلىقى
"ئۆي"گە ھەيدەپ كىرگۈزۈۋەتتى. هېرد بالكوندىن ئۆيگە قايتىپ
كىرىپ، بېشىنى مايمۇن قەپىسىنىڭ رېشاتكىلىرىغا ياقتى. كىچىك
مايمۇن يۈگۈرۈپ كېلىپ، مۇلايىملىق بىلەن تۇمشۇقىنى
ئۇنىڭ قولىغا سۈركىدى.
— سەن ئۆزۈڭگە ياخشى پەخەس بولۇشىڭ كېرەك، — دېدى
ئۇ پەس ئاۋازدا، — سەن ماڭا دوست بولۇپ، مېنى قۇتقۇزۇۋال-
غىن، ئاڭلىدىڭمۇ.
مايمۇن چىر-چىر چىرقىراپ ئىلەڭگۈچكە سەكرەپ چى-
قىپ، ئىككى قولى بىلەن ئارغامچىنى چىڭ تۇتۇپ، كۆچەپ
لىڭشىتتى، ئۇ ئاپئاق چىشلىرىنى پارقىرىتىپ، كۈ-
لۈمسىرەيتتى.
شۇ كۈندىن باشلاپ، فاتىخ هېردنىڭ مەيلى باغدا بولسۇن
ياكى ئۆيدە بولسۇن ھامان كىچىك مايمۇن بىللە يۈرگىنى-
نى كۆرىدىغان بولدى. مايمۇن ئۇنىڭ سايىسىدەك ئۇنىڭدىن
بىردەممۇ ئايرىلمايتتى، هازىر كۈمۈش زەنجىرنى ئىشلەتمىسى-
مۇ، ئۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، خۇددى كىچىك بالىدەك، ئۇنىڭ
قولىنى تۇتۇپ، كەينى پۇتى بىلەن ئۆرە تۇرۇپ ماڭاتتى. هېرد
قۇرۇق دەريا قىنىغا يېقىن يەردىكى تامنىڭ يېنىغا قويۇلغان
تاشنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يوچۇقتىن سىرتقا قارىغاندا، ئۇ

تامنىڭ بېشىغا چىقىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئويناشقان ئۇششاق تىجارەتچىلەر ۋە تىلەمچىلەرگە خىرىس قىلالاتتى.

كەچتە فاتىخ ئۇخلاپ قالغاندا، «ئۆي»دىكى مەست ئەسكەرلەرنىڭ ۋارقىراشلىرى ۋە قىزلارنىڭ چىرقىراق ئاۋازلىرى جىمجىت ھويلىغا ئاڭلىناتتى، مانا شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيدە «بوبو» دەپ ئىسىم قويۇپ قويغان بۇ مايمۇننى كۆندۈرۈشكە باشلايتتى. ئۇ ئۇنىڭغا قاپچۇقلۇق بىر بويۇنداق ئېسىپ قويۇۋىدى، دەسلەپتە بوبو ئۇنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتتى، كېيىنچە، ئۇ بويىنىغا قاپچۇقنى ئېسىپ، قەپەس ۋە ئۆيدە مېڭىپ يۈرۈشكىمۇ ئاستا-ئاستا كۆنۈپ قالدى. ئۇ ناھايىتى تېزلا بويۇنداق بىلەن پەقەتلا كارى بولمىدى، ھەتتا ئۇنىڭغا شۇنچىلىك كۆنۈپ كەتتىكى، ئەگەر كۈندۈزى پارقىراپ، يالىلداپ تۇرغان بويۇنداقنى ئېسىپ قويمىسا خۇددى بىر نەرسىسى كەم بولۇپ قالغاندەك، ھويلىدا ئۇياندىن-بۇيانغا يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، ئايال خوجايىنىغا ياۋا چىلاننى ئاتىدىغان بولۇپ قالدى.

بوبو ھېردىنىڭ يېنىدا تۆت ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن خۇددى بىر ئىنائەتمەن، ياۋاش ئىتقىلا ئوخشاپ قالدى. بۇ چاغدا يۈز بەرگەن بىر ئىش ھېردىنىڭ بوبونىڭ ياردىمىگە تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان پىلانلىرىنى كۆپۈككە ئايلاندۇردى.

بۇ ئودھامىنىڭ ئادەتتىكىدەك بىر كېچىسى ئىدى. خىرە كېچە پۈتۈن بوستانلىقنى ئىلكىگە ئالغان، پالما دەرەخلىرى خۇددى ئۆچۈپ قالغان قارا مەشئەللەردەك ئاسمان بىلەن بوي تالىشىپ تۇراتتى. قاشالىق ئېغىلدىكى تۆگىلەر بوزلايتتى. سوقما تاملىق مەسچىتنىڭ قۇببىسىدىن مەزىننىڭ مۇسۇلمانلارنى-

ـى خۇپتـەن نامـىزىغا چاقىـرىپ تـوۋلىـغان ئـەزان ئـاۋازى ئاڭلىناتتى.

ھېرد بالكوندىكى رىشاتكىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، باغقا قاراپ تۇراتتى. بوبومۇ ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇ مايمۇننىڭ قىمىرلاپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، تەشۋىشلىنىۋاتقانلىقىنى، كۆزلىرىنىڭ ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى قاراڭغۇلۇققا تىكىلىپ قالغانلىقىنى سەزدى. كۆيۈپ كەتكەن ئۆي خارابىسى خىرە-شىرە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى، چىملىق بىلەن تامغا چۈشكەن ئوخشاش بولمىغان قاراڭغۇلۇقتا بىر ئاق چېكىت غىل-پال يۆتكەلگەندەك قىلدى، بۇ ئاق چېكىت بىرئاز توختاپ، بىرەر شەپە بار-يوقلۇقىغا دىققەت قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى، بىرئازدىن كېيىن ئۇ يەنە يۆتكىلىشكە باشلىدى. ئۇ بىر ئادەم ئىدى! ئۈستىگە ئاق پەرچە كىيىۋالغان ناتونۇش ئادەم! ئۇ بېشىنى ياغلىق بىلەن ئورىۋالغان بولۇپ، ماڭغاندا ئاززاق دەلدەڭشىگەندەك قىلاتتى. ئۇ، ھېرد ئولتۇرغان بالكوندىن ئانچە يىراق بولمىغان يەردە بىر قولى بىلەن پالما دەرىخىنى تۇتۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن مەيدىسىنى بېسىپ تۇراتتى.

بوبو چىرقىراشقا باشلىۋىدى، ھېرد قولى بىلەن دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، قىمىرلىماي تۇرغان بۇ ئەرگە دىققەت بىلەن قارىدى. ئۇ ئەمدى رۇسلىنىپ، خۇددى ياۋايى ھايۋاندەك، ئەتراپتىكى تىۋىشقا قۇلاق سالغاندىن كېيىن، چوڭ قەدەم بىلەن كۆيۈپ كەتكەن ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ، يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئېغىزى يېنىدىكى قويۇق چاتقاللىقتا غايىب بولدى.

ھېرد بۇ ئورۇق، ئېگىز ئەرنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمە-

دى. ئۇ بىردەم كۆزەتكەندىن كېيىن، ئۆيگە قايتىپ كىردى. دىۋاندا يېتىپ، پۈتۈن بىر كېچە ئۇخلىيالمىدى، سىرتتىكى تىۋىشقا قۇلاق سېلىپ، يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، كېچىدە بىرەر نەرسىنى بايقاش ئۈچۈن، قاراڭغۇدا تىمسىقلاپ بالكونغا چىقتى.

باغ جىمجىت بولۇپ، پەقەت يىراقتىن ئاسىيا بۆرىسىنىڭ ھۇۋۇلاشلىرىلا ئاڭلىناتتى. پالما دەرەخلىرى سوغۇق شامالدا شالدىرلايتتى، ئۇدھام كوچىلىرىدا قۇم-بوران ئۇچۇپ تۇراتتى.

بوستانلىق قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن، ھەتتا ھېلىقى ”ئۆي“مۇ تىنچلىنىپ قالغانىدى. ئەرەبلەر بۇ يەردىن كەتكەنىدى، يېقىن ئەتراپتىكى قورغاندىكى ئەسكەرلەرمۇ بۈگۈن سىرتقا چىقىرىلمايتتى، پەقەت قورۇق دەريا قىنىدا كىشىلەر ھېلىمۇ ئالدىراش يۈرەتتى، كېچە قاراڭغۇ بولسىمۇ، ھېرد ئۇ يەردىكى ئەھۋاللارنى كۆرۈپ تۇراتتى. ئاق پەرىجە كىيگەن، تۆگە مىنگەن بىر ئەرەب تۆگىسىنى دەريا قىنىدا ئۇياقتىن-بۇياققا چاپتۇرۇپ يۈرەتتى، ئېغىر تۇياق ئاۋازلىرى ۋە تۆگە ھەيدىگەن چاغدىكى ”چوھ!“ دېگەن ئاۋازلار ئاندا-ساندا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، بوستانلىقنى بىر توپ ئەسكەر قورشىۋالغاندەك قىلاتتى، ئۇلار قاراڭغۇدا تىمسىقلاپ ئۇدھامدىكى ھەر بىر ئائىلىنى ئاختۇرۇپ يۈرەتتى.

كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان خارابە پالما دەرىخى ۋە چاتقاللارنىڭ ئارىسىدا غايىب بولغان، ئۇ يەر قاپقاراڭغۇ، كىشىنىڭ قورققۇسى كەلگۈدەك سۈرلۈك ۋە سىرلىق بولۇپ، رىۋايەتلەردىكى ئەرۋاھلارغا ماكان بولغانىدى. خارابىلىكتە قېچىپ ھالىدىن كەتكەن بىر ئادەم ياتاتتى، ئۇنىڭ يېرىلىپ كەتكەن تاپانلىرىدىن قىپقىزىل قان تاماتتى، ئۇ جۇدەپ قورايدەك بولۇپ، تۈگىشىپ

كېتەيلا دەپ قالغان بولۇپ، قۇملۇقتا پاسكىنا بولۇپ كەتكەن بىر پەرىجىنى يېپىنىۋالغانىدى.

ئۇ نەم، سېسىق پۇراپ تۇرغان يەر ئاستى ئۆيىدە يېتىپ، بىرەر شەپە بار-يوقلىقىغا قۇلاق سالاتتى. ئۇمۇ ئەرەبلەرنىڭ هايت-هۇيتلىرىنى ئاڭلاپ ياتاتتى.

ئۇ قولىدا بىر خەنجەرنى چىڭ تۇتقىنىچە، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋالدىن پەخەس بولۇپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ قولى زەئىپلىك ۋە سوغۇقتىن تىترەيتتى.

ئۇ پات-پات كىرىش ئىشىكىگە ئۆمىلەپ بېرىپ، قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ، تۆگە تاپانلىرىنىڭ پوسۇرلاشلىرىغا قۇلاق سالاتتى. تۇياق ئاۋازى ئاستا-ئاستا يىراقلاشقاندىن كېيىن، ئۇ يېنىك تىن ئېلىپ، يەنە يەر ئاستى ئۆيىگە قايتىپ كىرىۋالاتتى.

ئۇ پەرىجىگە يۆگىنىپ، بىر بۇلۇڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن مەيدىسى جىددىي نەپەستىن بىر كۆتۈرۈلۈپ بىر چۆشۈپ تۇراتتى.

نەم تارتىپ كەتكەن خارابىلىكتە ياتقان بۇ ئادەم خۇددى بىر دۆۋە ئەخلەتكە، بىر باغلام مەينەت رەختكە ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇ ئىنتايىن قورقۇپ كەتكەن، تۇتقۇنلۇقتىن قېچىۋاتقان ئادەم ئىدى.

ئۇ هانس شۋېت دوكتورنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

ئاسمان سۇزۇلۇشكە باشلىدى.

مەن بىرئاز كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم، لېكىن قېنىپ ئۇخلى-

يالمىدىم، چۈنكى مەن قېنىپ ئۇخلاشنىڭ تەمىنى ئۇنتۇپ كەتكەنىدىم. ئۇيقۇ باشتىن-ئاخىر ئۆزگەرمەس، سادىق، ئىشەنچلىك دوست. گيوتې «ئېگمىنت» دېگەن ئەسىرىدە مۇشۇنداق دېگەندەك قىلاتتى، ئۇ شۇنداق دېدىمۇ ياكى شۇنىڭغا يېقىنراق بىرنەرسە دېدىمۇ، تازا ئېنىق ئېسىمدە قالماپتۇ. مەن خېلى ئۇزاقتىن بۇيان ئۇخلىيالمىدىم، قوغلىغۇچىلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىشتىن قورقۇپ، قۇملۇقتا ھە دەپ قېچىپلا يۈردۈم.

ئۇخلاش نېمىدېگەن راھەت-ھە!

قۇياش يەنە كۆتۈرۈلدى. قۇملۇقنىڭ چېتىدىكى بۇ بوستانلىقنىڭ ئىسمى ئودھام بولۇپ، بۇنى مەن خېلى بۇرۇنلا بىلەتتىم. مەن بۇ يەردە بىر ھەپتە تۇرغان شۇنداقلا ساخالىن قەھۋەخانىسىدا بىر رومكا ئىشتەي ھارىقى ئىچكەنىدىم. ئۇ چاغدا كونكرس ئىسىملىك بىر ئەپەندى يېنىمدىكى پەشتاختا يېنىدا تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ كىندىكىدىن كېسىپ ئۆتكەندە يولۇققان ئاجايىپ سىرلىق تۇس ئالغان نۇرغۇن ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. بىز قۇملۇقنىڭ ئەڭ يىراق جايلىرىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرگەن بۇ ئېكسپېدىتسىيىچىگە ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قالغاندۇق. بۈگۈن مەن سېسىق بۇس چىقىپ تۇرىدىغان بۇ يەر ئاستى ئۆيىدە يىلاندەك تۈگۈلۈپ، دەسسىۋېتىلگەن قۇرتقىلا ئوخشاپ قالدىم.

سىرتتا ئەرەبلەر ئاپتاپتا كۆزەتچىلىك قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئۇششاق تىجارەتچى ۋە تىلەمچى سىياقىغا كىرىۋېلىپ، كوچىنىڭ ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا تارقىلىپ، بوستانلىقتىن چىققىلى بولىدىغان بارلىق ئېغىزلارنى كۆزىتىپ ئولتۇراتتى. بۇ يەردىن



www.uyghurkitap.com

بىرەر ئادەمنىڭ ئۇلارغا سەزدۇرمەي چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار مېنىمۇ سېزىۋالالايتتى، مەن بىرەر ئەس-كەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزۈمگە تارتىشتىن ئىلگىرىلا ئۇلار يۇشۇرۇ-نۇپ تۇرغان يېرىمدىلا مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. مېنىڭ ئەركىن-لىككە قاراپ يۈگۈرگەن ۋاقتىم دەل ئۆلۈمگە قاراپ يۈگۈرگەن ۋاقتىم بولاتتى!

يورۇقلۇق تورۇس يوچۇقلىرىدىن ۋە قويۇق چاتقال ئاراچ-لىرىدىن شۇڭغۇپ ئۆتۈپ يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشۈشكە باشلىدى. زەيلىشىپ كەتكەن بۇلۇڭدا قۇرت-قوڭغۇزلار مىغىلدايتتى. بۇ يەردە يەنە خېلى چوڭ-چوڭ ئۆمۈچۈكلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تارتقان تورلىرى يوچۇقلاردىن چۈشكەن نوردا يالتىرايتتى. مەن بۇ قۇرت-قوڭغۇزلارنىڭ زەھەرسىز ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلسەم-مۇ، لېكىن بۇلار مېنىڭ ھۇ قىلغۇمنى كەلتۈرەتتى.

ماڭا بۇ يەر بىخەتەرمىدۇ؟

ئىشىنىمەنكى، مېنىڭ بۇ باغقا كىرىپ، بۇ يەردە يوشۇرۇ-نۇۋالغىنىمنى ھېچكىم كۆرمىدى. ھەممە ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى ئۆچۈرۈلۈپ، پەنجىرلىرى يېپىلغان، ھەتتا پۈتۈن باغ كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھېلىقى رېشاتكىلىق بالكوننىڭ كەينىمۇ قاپقاراڭغۇ.

تەلىيىم تازا ئوڭدىن كېلىپ، بۇ خىلۋەت باغنى تېپىۋال-دىم! مەن ئاللىقاچان ھېرىپ، بۇ ئودھامنىڭ قەيىرىگە يوشۇ-رۇنسام بولىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇراتتىم، ئۈچ كۈن بۇرۇن ئومماننىڭ ئادەملىرى مېنى بارا ئىسىملىك كىچىك بوستانلىقتا بايقاپ قالدى، ئۇلار مېنى قوملۇقتىن ئۆتۈپ تاكى ئاتلاس تاغلى-رىنىڭ ئېتەكلىرىگىچە قوغلاپ باردى. بۇ ئەسەبىيلەرچە قوغلاش

ئىدى، كېچىسى مەن ئۇلاردىن قېچىپ قۇتۇلدۇم، لېكىن كۈندۈزى ئۇلار يەنە يېتىشىۋالدى، مەن ئاقساپ قالغان تۆگەمگە يۆلىنىپ، قۇملۇقنىڭ ئويمان يېرىدە يېتىپ، ئۇلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان چاغدىكى قۇم بارخانلىرىغا چۈشكەن يانتۇ سايىلىرىنى كۆردۈم.

بۇ كۈنلەردە، مەن بىر ھايۋاننى ياخشى كۆرۈش ئادەمنى ياخشى كۆرۈشتىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. ئەگەر بۇ ساداقەتمەن تۆگە بولمىغان بولسا، مەن قايسى ئەھۋالغا چۈشۈپ قالاتتىمكىنە؟ ئەگەر مەن ئۇنى مىنمىگەن، ئادەمنى كۆيدۈرگۈدەك تومۇز ئىسسىقىدا ھەيدىمىگەن بولسام، ئۇ ئاقساپ قالغان پۇتلىرىنى سۆرەشتۈرۈپ ماڭمىغان بولسا، ئۆزۈم پىيادە مېڭىپ، قانچىلىك يىراققا بارالايتتىمكىنە؟ بىز بىر-بىرىمىزگە يۆلىنىپ، قۇملۇقتا تۈنىدۇق. ئاچلىقتا بىرلىكتە بەرداشلىق بەردۇق. نۇرغۇن كۈنلەردىن كېيىن، بىز قۇملۇقتا تۈنجى قۇدۇقنى كۆرگىنىمىزدە يەنە بىرلىكتە خۇشال بولدۇق، تىرناقلىرىم بىلەن ئۈچ سائەت كولىغاندىن كېيىن چىققان لاي-قۇم ئارىلاش سۇنى بىرلىكتە ئىچتۇق.

بىز يەنە يولغا چىقىپ، چەكسىز كەتكەن قۇملۇققا كىردۇق، ئادەمنى كۆيدۈرگۈدەك ئىسسىقتا ئۇپۇق خۇددى قازان قاينىغاندەك تەۋرەيتتى. . . ھازىر مانا مەن بۇ يەردە يېتىپتىمەن، ھېرىپ ھالىم قالمىدى، پۈتۈن بەدىنىم ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىۋاتىدۇ، يەنە قاچالىغۇدەك ماغدۇرۇم يوق. ئەگەر ھازىر ئۇلار كېلىپ مېنى تۇتماقچى بولسا، مەن قارشىلىق كۆرسىتەلمەيمەن. مەندە قارشىلىق كۆرسەتكۈدەك كۈچ يوق. . .

خاتىرە يېزىشنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇراي، مەن ئۇستى-دىكى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، يەر ئاستى ئۆيىنىڭ چىقىش ئىشىكىگە قاراپ ئۆمىلىدىم. ھۇ ئۆلمىگۇر، باياتىن يازغانلىرىم-نىڭ ھەممىسى بىكار گەپ ئىكەن-دە. . . ھەرقانداق ئادەم جان تىكىپ ئىلىشماي قالمايدىكەن. مەن چىقىش ئىغىزىغا ئۆمىلەپ كېتىۋېتىپ سىرتقا قارىدىم. بىر ئېگىز بويلۇق ئەرەب خارابى-لىكتە تۇرۇپ، چاتقاللار ئارىسىدىن بىرنەرسىگە دىققەت قىلىۋات-قاندەك قىلاتتى. ئۇچىسىغا كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭكىدەك قوش يوللۇق پەرىجە كىيمەي، كەشتىلەنگەن ئۇزۇن يېپەك پەرىجە كىيىپ، بېشىغا پارقىراق يىپەك بۆك كىيىۋالغان بۇ ئەرەب ئوممانىڭ ئادىمى ئەمەس ئىدى. ئۇ چوقۇم باغ ۋە بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ئىدى. ناۋادا مېنى كۆرۈپ قالسا، ئۇمۇ مېنى سىتىۋې-تىدۇ.

ئۇ، كىشىلەرنىڭ ناھايىتى قىممەتلىك بىر ئاق تەنلىكنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ شىمالىي ئافرىقىنىڭ قىياپىتىنى ئۆزگەرتەلەيدىغانلىقىنى ناھايىتى تېزلا بىلىۋالىدۇ. . . ئۇنىڭ ئۆمۈچۈك ۋە قۇرت-قوڭغۇزلار مىغىلداپ تۇرغان ئۆڭكۈردە ئارام ئېلىۋاتقاندا تېپىلغانلىقى دۇنيا تارىخىدا ھەقىقەتەنمۇ بىر كۈلكى-لىك ئىش بولۇپ قالىدۇ.

مەن ئۆزۈمنى خېلى تىنچلىنىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئۇستىدە تۇرغان ئەرەب خارابىلىكتىن كەت-تى. مەن يېنىمچە يېتىپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ بىرەر سائەتتەك دەم ئالدىم. بۇ كەيپىياتىمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ماڭا يېڭىدىن كۈچ-قۇدرەت ئاتا قىلدى. مەن ھىندىستاندىكى يوگا مۇرىتلىرى-

نىڭ قانداق قىلىپ سوكۇت ئىچىدە تۇرۇپمۇ ھاياتتىن لەززەت ئالالايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم. . . بىزنىڭ تېنىمىزدە مانا مۇشۇنداق نۇرغۇن سىرلار بار ئىكەن ئەمەسمۇ.

مەن كېيىنكى قەدەمنى قانداق بېسىش ئۈستىدە باش قاتۇردۇم. ئۇدھامدا قېچىشقا خاتىمە بېرىپ، چوقۇم خارابىلىكنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدىن ئەركىنلىككە چىقىشىم كېرەك، بولمىسا مەن ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ ئېرىشەلمەيمەن! بۇنداق كېتىۋېرىشكە بولمايدۇ، چۈنكى مېنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. ئۇممانىڭ ئادەملىرى ھويلا بىلەن قىسىم ئوتتۇرىسىدا مېنى ئۆلتۇرۇۋېتىشتىن ئىلگىرى، مەن بۇ ھويلىدىن مەلۇم بىر كېچىسى قېچىپ چىقىپ، ھەربىي قىسىم تۇرۇشلۇق جايغا بېرىپ پاناھلىنىشىم كېرەك. بۇ پەقەت نەچچە سېكۇنتلۇق، ناھايىتى خەتەرلىك تەۋەككۈلچىلىك، لېكىن مېنى قۇتقۇزىدىغان بىردىنبىر چارە.

ۋاقىتلىق بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئىچىدە قورسىقىمنىڭ چىدىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئېچىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. مەن ئاخىرقى قېتىمقى ياۋا چىلان ۋە تاتلىق-تۇرۇمنى قاچان يېگەنلىكىمنى ئەسلىيەلمىدىم، گۆشنىڭ تەمىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتىم. تۇنۇگۇن مەن ئاچلىق ئالدىدا تىز پۈكۈش كېرەكمۇ ياكى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئاچلىققا بەرداشلىق بېرىش كېرەكمۇ دېگەن سىناققا دۇچ كەلدىم. مېنىڭ تۆگەم، مېنىڭ ئەڭ سادىق دوستۇم ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ قانداق ئۆلۈپ قالغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم. پەقەت ئۇنىڭ تۇيۇقسىز ئالدىنقى ئىككى تىزىنى ئېگىپ، يېنىچە يىقىلىپ چۈشۈپ، يەردە ياتقىنى-

نىلا كۆردۈم. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇستىۋېشىمدىكى قۇم-لارنى قېقىۋاتقاندا، نەپسى ئاجىزلىشىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ قايغۇرغان هالدا ماڭا قارىدى. مەن ئۇنىڭ بېشىنى قۇچد-قىمغا ئېلىپ، بىرەر سائەت ئولتۇردۇم، ئۇ ئاخىر ئۇن-تىنسىز-لا جان ئۈزدى، خۇددى مېنى قۇملۇقتا ئۇستىگە مىندۇرۇپ ماڭغاندەك، قىلچىمۇ باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىدى. . . ئۇ ئاشۇنداق كۆزلىرى قېتىپ قالغان هالدا نەپەس ئېلىشتىن توختىدى.

مۇشكۇل ئەهۋالدا قالغان ئادەم مۇشۇنداق چىدامسىز بولۇپ قالىدىكەن. مېنىڭ كاللامغا كەلگەن بىرىنچى خىيال قايغۇرۇش ئەمەس، بەلكى گۆشكە بولغان تەشنالىق بولدى.

يەپ تۈگەتكۈسىز گۆش.

يېڭى گۆش. . . مەن قان تېمىپ تۇرغان خام گۆشتىن يېسەممۇ بولاتتى. . . شۇتاپتا مېنىڭ نەپسىم تاقىلداپ تۇراتتى، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتا چىدىماي كېتىۋاتاتتىم. تۆگە گۆشىنىڭ تەمى ياخشىمىش. . . قېنى ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرارمىش دەپ ئاڭلىغانمەن. . . قانداقلا بولمىسۇن قانمۇ بىر خىل سۇيۇقلۇق-تە. . . ئاغزىمغا سېرىق سۇ يىغىلىپ كەتتى. . .

مەن بۇ ساداقەتمەن هايۋاننىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، قولۇمغا خەنجەرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ گۆشىنى كەسمەكچى بولدۇم.

مەن ياۋايى ئادەملەردەك، بىر قېتىم قورساق تويغۇزۇش كويىدا ئاشۇنداق قىلماقچى بولدۇم، لېكىن مەن ئاخىر ئۇنىڭغا تەگمەي، ئۇنى سار ۋە ئاسىيا بۆرىلىرىنىڭ مەززە قىلىشىغا قالدۇردۇم. مەن يەنە يولۇمنى داۋاملاشتۇرۇپ، پىيادە مېڭىپ

ئودهامغا كەلدىم. ھېسسىياتلىق بولۇش — ھەقىقەتەنمۇ بىر ئىنـ-
سانلارنى ئازابلايدىغان بىر ئىش ئىكەن.

باغدىن يېنىك ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى... يېنىك ئاياغ تىۋىـ-
شى... بۇ ئاياغ تىۋىشى يىپەك پەرىجە كىيگەن ئەرەبنىڭ ئاياغ
تىۋىشىغا ئوخشىمايتتى. ئاياغ تىۋىشى مەن يوشۇرۇنۇپ ياتقان
يەرگە كەلگەندە توختىدى... باش ئۇستىمدىلا توختىدى...
ئارقىدىن يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن پەلەمپىيىگە
كېلىپ... يەنە توختىدى...

ئاھ خۇدا، تۇگىشىدىغان بولدۇم! بۇنىسى كۆڭلۈمگە ئايان
بولدى. لېكىن مەن قولۇمدا خەنجەرنى تۇتقىنىمچە ئۆلۈ-
مەن... ھەرگىزمۇ تەسلىم بولمايمەن...

چاتقاللىقتىن شالدىر-شۇلدۇر قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى...
ھازىر خاتىرىنى ئاخىرغىچە يېزىۋېتىشىم كېرەك... گەرچە مەن
ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي، شادلىقتىن سەكرەپ تەنتەنە قىلغان بول-
ساممۇ يازاي... پەلەمپەيدىن تورۇك-تورۇك قىلغان ئاۋاز بىلەن
تەڭ ئالما، نەشپۈت، تاتلىق ئاپېلسىن، شېرىن تەمى تىلنى
يارىدىغان چىلگىلەر... ئايىغىم ئاستىغا دومىلاپ چۈشتى.

ھاياتلىق... ھاياتلىق ماڭا يەنە قۇچاق ئاچتى! مەن قۇتقۇ-
زۇلدۇم!

مەن ھېچنېمىگە قارىماي پەلەمپەيگە قاراپ ئېتىلدىم، ھايا-
جان ئىچىدە تۇۋلىغىنىمچە يۈگۈرۈپ چىقىپ قۇياش نۇرىغا چۆ-
مۈلدۈم. خارابىلىكتىكى چاتقاللىقتا ھېچكىم يوق بولۇپ، پەقەت
يالما دەرەخلىرى ئارىسىدىن شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلى-
دىم ھەم بىر قىزنىڭ باغقا يۈگۈرگىنىچە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقى-



www.uyghurkitap.com

نى كۆردۇم.

بەئەينى بىر پەرىزات... مەن ئاخىر قۇتقۇزۇلغانلىقىمنى بىلدىم...

سەھەر، ھاۋا ئوچۇق ۋە ئىللىق ئىدى. قۇياش ئالتۇن نۇرلىرىنى پالما دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن يەر يۈزىگە چېچىپ، ئوتلاقنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتكەنىدى. ھېرد ئەتىگەندىلا باغقا كىردى. ئۇ بوبونى يېتىلىۋالمىغانىدى، بۇ، خارابىلىكتە ئولتۇرۇپ ئۇنى كۈزىتىۋاتقان فاتىخنىڭ ئويلىمىغان يېرىدىن چىقتى. مايمۇننىڭ ئۆيدە تىتىلداپ چىرىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھېردنىڭ ئاشپەز ئايال ئەپكىلىپ بەرگەن بىر سېۋەت مېۋىنى ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ يەۋاتقانلىقى فاتىخنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

فاتىخ بېشىنى چايقىغىنىچە ئاستا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ، بۇ يېڭى بايقاشنىڭ قانداق غەيرىي يېرى بارلىقىنى بىلەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتىگەندىكى كۈندىلىك خىزمىتىگە كىرىشىپ، ھېلىقى ”ئۆي“لەرنىڭ ھېساباتىنى بىر-بىرلەپ چىقىرىشقا، ئالجىر ۋە كونستانتىندىكى شۆبىلىرىدىن كەلگەن خەت-چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا باشلىدى.

ھېرد تام تۈۋىدە بىرەر سائەتچە ئولتۇردى، لېكىن تامنىڭ يېرىقىدىن قۇرۇق دەريا قىنىدىكى قىزىق مەنزىرىنى تاماشا قىلماي، كۆيۈپ كەتكەن خارابىلىكنى كۆزىتىپ ئولتۇردى. ئۇ ئالمىنى ناھايىتى ئاستا يېدى، ھەتتا يېرىم سائەتكىچە يەپ بولالـ

www.uyghurkitap.com

ـماي، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، باغنى كېسىپ ئۆتۈپ، ئۆرۈلۈپ كەتكەن ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان خەۋپتىن تەشۋىشلەندى. ئاخىرىدا كۆيۈپ كەتكەن ئۆينىڭ كىرىش ئېغىزىغا بېرىپ تىڭشاپ باقتى.

خارابىلىك جىمجىت بولۇپ، كۆل بىلەن كۆچلەنگەن تۇپ-راقتا ياۋا ئوت-چۆپلەر ئۆسۈپ كەتكەنىدى، ئوتتۇرىدىكى يەر ئاستى ئۆيى بىلەن تۇتاشقان پەلەمپەينىڭ ئۈستىدە خىش-كېسەك پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى.

”بەلكىم مەن بىرەر ئوغرى ياكى قاتىلغا ياردەم قىلىۋاتقان بولۇشۇم مۇمكىن، ئۇ ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇنى ئىزدەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن“ دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ تۇيۇقسىز. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە دەرھال توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل قارشىلىق پەيدا بولدى. ”ئالتۇن زەنجىر ۋە ھەشەمەتلىك ئۆي مېنىمۇ بۇ يەردە قاماپ تۇرۇۋاتىدىغۇ، ئۇنداقتا بۇمۇ بىر خىل جىنايەت ئەمەسمۇ؟ كىم مېنىڭ تەقدى-رىمگە ئىچ ئاغرىتىپ، قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشىمغا ياردەم بېرىدۇ؟“

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ گۇمانلىرىنى يوققا چىقىرىپ، يەر ئاستى ئۆيىنىڭ پەلەمپىيى يېنىغا كېلىپ، لىق بىر سېۋەت مېۋىنى پەلەمپەيدىن تۆكۈۋەتتى. يەر ئاستى ئۆيىدىن توۋلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ، بۇرۇلۇپلا قاچتى. خۇددى ئارقىسىدىن بىركىم قوغلاۋاتقاندەك، كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراشقى-مۇ ئۈلگۈرمەي، ئۈچقاندەك يۈگۈرگىنىچە باغدىن كېسىپ ئۆ-تۈپ، ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ بوبودىن ئانچە

يىراق بولمىغان دۇۋانغا ئۆزىنى ئېتىپ، بېشىنى ئىككى قولى ئارىسىغا ئېلىۋالدى.

ئۇ فاتىخنىڭ كېلىشىنى كۈتتى، لېكىن ئۇ كەلمىدى. ياش ئايال ئاشپەز سېۋەتنى ئالغىلى كېلىپ، شۇنچە كۆپ مېۋىنىڭ يوقاپ كەتكىنىگە ھەيران قالدى.

چۈشتە، ھېرد ناھايىتى ئاز تاماق يېدى. جىددىيلىشىش ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئۇنىڭ گېلىنى بوغۇۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇ، فاتىخنىڭ ھەر كۈنى چۈشتە ئەكەلدۈرۈپ بېرىدىغان چوڭ تەخسە-دىكى تاماق-قورۇمىلاردىن پەقەت بىر نەچچە قوشۇقلا يېدى. ئۇ بۈگۈن يالغۇز تاماق يېيەلىگەنلىكى ئۈچۈن ئىنتايىن رازى بول-دى. فاتىخ بىسكراغا بىر تاشقى سودا شىركىتى بىلەن بىر مۇھىم سودا ئۈستىدە سۆھبەتلەشكىلى كەتكەنىدى.

تاماقتىن كېيىن، ئۇ يەنە بالكون رېشاتكىسىنىڭ يېنىدا خارابىلىكتىكى شەپىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇردى. ئۇ بۇ يەردىن خارابىلىكنى ئېنىق كۆرەلەيتتى، خارابە ئاۋۋالقىدەكلا ھېچقانداق شەپىسىز ھالدا قۇياش نۇرىدا جىمجىت ياتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ چاتقاللىقتىن بىر ئاق چېكىتنىڭ غىل-پال ئۆتكەنلىكىنى كۆر-گەنلىكىگە ئىشىنەتتى، شۇتاپتا ئۇنىڭ يۈرىكى ئىنتىزارلىق ۋە جىددىيلىشىش ئىچىدە سوقۇشتىن توختاپ قالغاندەك ئىدى. ئۇنداقتا بۇ بىر خىيالىي تۇيغۇمىدۇ؟

فاتىخ ئۆيدە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يەنە بىر قېتىم باغقا كىرىشكە جۈرئەت قىلدى. ئۇ خارابىلىككە يېقىن جايدىكى مۆخ-لار ئۆسۈپ كەتكەن بىر تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يېرىق تامغا يۆلەنگىنىچە يالغاندىن ئاپتاپقا قاقلانغان قىياپەتكە كىرىۋالدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ كەينى تەرىپىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىش ئېغىزى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، ئۇ يەردىن ئازراقمۇ شەپە ئاڭلانمايتتى. قارىغاندا قاچقۇن خەۋپ-خەتەرنى ھېس قىلىپ، قېچىشقا تەييارلىق كۆرۈپ ئەڭ ئاستىنقى پەلەمپەيدە تۇرغىنىچە ئۇستىدىكى شەپىگە قۇلاق سېلىۋاتقان بولسا كېرەك. ”بىر ئامال قىلىپ بېشارەت بېرىشىم كېرەك، — دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە، — مەن ئۇنىڭ دۇشمىنى ئەمەس، ماڭا ئىشەنسە بولىدۇ.“

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر قىسقا گېرمانىيە باللار ناخشىسىنى ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇ ناخشا ئېيتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز قانداق قىلىپ بۇ ناخشىنى تاللاپ ئېيتقىنىنى چۈشىنىپ يېتەلمىدى. ئۇ ياڭراق، باللارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاۋازى بىلەن تۆۋەندىكى ناخشىنى ئېيتتى:

ئانام بىزنىڭ ھويلىغا،
تېرىپ قويدى ماش-پۇرچاق.
چۈكۈلدىشىپ چۈجىلەر،
كەلدى بولۇپ چوقۇماق.
چۈجىلەر ھەي چۈچىلەر،
بولدىغۇ ئىش بەك چاتاق.
ئاتا-ئانام سىلەرنى،
كۆرسە قىلارمىز قانداق. . .

ئۇ ناخشىسىنى توختىتىپ ئەتراپقا قۇلاق سالدى. ھەممە يەر جىمجىت ئىدى.

قورۇپ كەتكەن دەريا قىنىدا تۈيۈقسىز ئىككى تىجارەتچىنىڭ ئۇرۇشقان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بوم ئاۋازى باغنى بىر ئالدى، كېيىن ئۇلار ئۇ يەردىن كېتىپ قالدى.

يەنە جىمجىتلىق باشلاندى.

يەر ئاستى ئۆيىدىكى ئەر ئېھتىمال ئىككىلىنىۋاتقان، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويۇشتىن ئەنسىرەۋاتقان بولسا كېرەك. ھېرد كۆڭلىدە شۇنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇلۇپ، يەر ئاستى ئۆيىنىڭ كىرىش ئېغىزىغا قاراپ بېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

شۇڭا ئۇ بالىلار ناخشىسىنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ھېلىقى ئەرنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىدە تۇرغىنىنى سەزمىدى.

شۇبېت ئەمدىلا ئېغىز ئاچاي دەپ تۇرىشىغا، تۇيۇقسىز تىجارەتچىلەرنىڭ پاراڭلاشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ يەنە يەر ئاستى ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ، ئاۋاز يېقىنلىشىۋاتامدۇ-يوق دەپ تىڭشاپ باقتى.

پاراڭ ئاۋازى ئاستا-ئاستا يىراقلاشقاندىن كېيىن، ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا سورىدى:

— سىز كىم؟

ھېرد نېمىس تىلىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىپ، قانداق جاۋاب بېرىشىنىمۇ بىلەلمىدى. بۇ چاغدا ”ئۆي“دىكى بىر كۆزەتچى باغقا كىرىپ، خارابىلىككە قاراپ كەلدى.

— ئادەم كەلدى! — دېدى ھېرد چاققانلىق بىلەن، — تېز چۈشۈپ كېتىڭ! مەن بۈگۈن كېچىدە يەنە خارابىلىككە كېلەي.

ئۇئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىلىپ، گۈل ئۇزۇۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى. بىر قولىدا گۈلنى تۇتۇپ، ئازراق چۆچىگەندەك قەددىنى رۇسلاپ، ئۆزىگە يېقىنلا كېلىپ قاراپ تۇرغان كۆزەتچىنى كۆردى.

ئۇ ھېردقا بىر نېمىلەرنى دېدى، لېكىن ئۇ ئەرەبچە سۆزلىگەنلىكتىن، ھېرد ئۇنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەنمەي بېشىنى چايقاپ، تام تۈۋىگە داجىدى.

شۆيېت يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئاستىنقى پەلەمپىيىدە تۇرۇپ، ئۈستىدىكى تۈۋشقا قۇلاق سېلىپ تۇراتتى. ئۇ كۆزەتچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، نېمە دېگەنلىكىنى ئېنىق چۈشەندى. كۆزەتچى شۇ قەدەر ئۆكتەم بولۇپ، ھېلىقى خانىمنى بىشەملىك بىلەن ھاقارەتلەۋاتاتتى. ئۇ كۆزەتچىنىڭ بۇ قىزغا قىلغان پەس-چاكىنا سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، لېۋىنى چىڭ چىشلىدى.

ئۇ پۈتۈن بىر كۈندۈزى يەر ئاستى ئۆيىدە ئولتۇرۇپ، مېۋە-چېۋە يېدى. ئۇ تېنىنىڭ خۇددى بىر پارچە بۇلۇتتەك يېمەكلىكنى سۈمۈرۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. چۈشكە يېقىن، ئۇ يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭىدا خۇددى كىرپىدەك تۈگۈلۈپ بىرئاز ئۇخلىدى. ئۇ ئويغانغاندا يىپەك پەرەنجە كىيگەن ھېلىقى ئېگىز بويلۇق ئەرەب يەنە خارابىلىكتە تۇراتتى. شۆيېت ئۈستۈنكى ئەگمە ئۆگزىنىڭ يوچۇقىدىن بۇ كىشىنىڭ يېقىنلا يەردە تۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ پۇشۇلداپ تىنىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنى ئىزدەۋاتقانلارنىڭ قۇرۇق دەريا قىنىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرىنى ئاڭلىدى. ئۇلار بوستانلىق-

نى ھازىرغىچە ئاختۇرۇۋاتاتتى، ئۇششاق تىجارەتچى قىياپىتىدە ياسىنىۋېلىپ، ئۆيمۇ ئۆي، ھويلىمۇھويلا كىرىپ ئىزدەۋاتاتتى، ئۇلار ھەتتا ئىككى موللامنىڭ ھەمراھلىقىدا، مەزىنگە قارا چىراغ كۆتۈرتىپ، ئىزلىمىگەن مەسچىت ۋە يەر ئاستى يوللىرىنىمۇ ئالا قويماي ئاختۇرۇپ چىقتى.

بۇ ۋاقىتتا ھېرد سىرتقا چىقماي، بالكون رېشاتكىسىنىڭ ئالدىدا خارابىلىككە قاراپ ئولتۇردى. بوبو ئۇنىڭ يېنىدىكى خورۇم ئورۇندۇقتا چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە ئويناپ ئولتۇراتتى. فاتىخ بىر قېتىم كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دېدى، ئۇ ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بىر ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ، بېشىنى چايقاپ، ئۆزىنىڭ ھېرىپ كەتكەنلىكىدىن ئېنىق بىشارەت بەردى. فاتىخ تېزلا چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ ”ئۆي“ىگىمۇ ئۇممانىڭ بىرمۇنچە ئادەملىرى كەلدى. ئۇلار قىزلاردىن سوراپ، يەر ئاستى ئۆيلىرى ۋە ياتاقلارنى ئاختۇرۇپ، ئاندىن ھېردنىڭ بالكونى ئاستىغا كەلدى. فاتىخ بۇ ئالاھىدە ئۆيدە كىمنىڭ تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇلار باشلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بالكونغا قاراشتى، بۇلار ساپلا ياۋايى تەبىئەتلىك يىگىتلەر بولۇپ، قاپقارا بۇرۇت قويۇۋالغانىدى. جىگەر رەڭ، چاسا يۈزلىرىنى قورۇق بېسىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ قورۇقلار بەئەينى ھوجال تېغىنىڭ جىلغىلىرىغا ئوخشايتتى، ئۇلار يەنە باغنى ئاختۇرۇشقا كېتىشتى.

ھېرد رېشاتكىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئۇلارغا قارايتتى.

بوبو ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، تۇكلىرىنى ھۈرپەيتكىنىچە ھەرخىل قىلىقلارنى چىقىرىپ ئوينايتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار خارابىلىك يېنىغا كېلىپ، بىر ئايلىنىپ، كۆيۈپ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئەسكى تام ۋە قويۇق چاتقاللىقنى تەكشۈرۈپ چىقتى.

ھېرد يۈرىكىنىڭ ئاغزىغا قاپلىشىپ قېلىپ، نەپەس ئالالماي قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. جىددىيلىشىش ۋە ۋەھىمىدىن ئۇنىڭ گېلى بوغۇلۇپ قالغاندەك قىلاتتى.

ئۇ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى، قورققىنىدىن تىترەپ، كۆڭلىدە ”ئاھ خۇدا، ھەرگىز چاتاق چىقىپ قالمىسۇن“ دەپ تىلىدى. قاچقۇچى نېمىس تىلىدا سۆزلەپ، ئۇنى ھەيران قالدۇردى. ئۇدھامدا بىر گېرمانىيىلىكنى ئەرەبلەرنىڭ ئاختۇرۇپ يۈرگىنى نېمىسى؟ ئۇ، بۇ سىرنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى. بەلكىم ئۇ چەت ئەل ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرىدۇ؟ چەت ئەل ئارمىيىسىنىڭ ئىچىدىمۇ نۇرغۇن گېرمانىيىلىكلەر بار، بۇ ياشلار يۇرتىدا ئۈمىدسىزلىنىپ، تەۋەككۈلچىلىك ئىچىدىن تۇرمۇشنىڭ لەززىتىنى ئىزلەشكە ئۈمىد باغلىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى مەنىۋى تۈۋرۈك ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ، خۇددى قۇملۇققا ئوخشاش ئاپتاپقا قاقلىنىپ قۇرۇپ كەتكەن، ئۇلار بۇ يەردە ھەربىي ۋەزىپە ئۆتەپ، ئاخىر يەنە مۇشۇ يەردە ئۆلگەن.

ھېرد كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ جىددىيلەشكەنسىرى ئاۋازىنى شۇنچە قاتتىق چىقىرىپ، ۋارقىرىۋېتىشكە تاس-تاماس قالدى، ئۇ مۇشۇنداق قىلغاندا ئاندىن كۆڭلىدىكى غايەت زور بېسىمدىن قۇتۇلالايدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ كۆزىنى ئاچقاندا، ھېلىقى ئەرەبلەر فاتىخ بىلەن بىللە خارابىلىكتىن ئايرىلىپ، قۇرۇپ

كەتكەن دەرياغا يېقىن قاشا تامنىڭ يېنىغا كېلىپ بولغانىدى.

بېسىۋالغىلى بولمايدىغان بىر خىل غەلىبە شادلىقى ھېرد-نىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالدى، ئۇنىڭ تەنتەنە قىلغۇسى كې-لىپ كېتىپ، خۇشاللىقىدىن بوبونى كاپلا قىلىپ تۇتۇپ قۇچاق-لىۋالدى. مايمۇن چىرىلدىغىنىچە ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا بېرىۋالدى-دە، ئايال خوجايىنىغا تەشۋىشلىنىپ قارىدى.

فاتىخ ۋە ئۇمىمانىڭ ئادەملىرى باغدىن ئايرىلىپ، ئادەتتە توم تۆمۈر زەنجىر بىلەن ئېتىپ قويۇلىدىغان كىچىك ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار دەريا قىنىدىن ئاساسىي كوچىغا قاراپ مېڭىپ، كۆزدىن غايىب بولدى.

شۆھەت يەر ئاستى ئۆيىدە تۇرۇپ، قوغلىغۇچىلارنىڭ سۆزد-نى ۋە بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئېنىق ئاڭلىدى. فاتىخ ئۇلارغا كۆيۈپ كۆلگە ئايلانغان خارابىلىك توغ-رىسىدىكى ھېلىقى رىۋايەتنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ مەنمەنلىك بىلەن:

—بۇ يەردە يوشۇرۇنۇۋالغان ئادەم يوق، مېنىڭ بېغىمدا ئاق تەنلىكلەرنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، —دېدى.

شۆھەت سەل ئالدىغا ئېڭىشىپ، جاۋاب كۈتتى. لېكىن ھېچ-كىم جاۋاب بەرمىدى، ئۇ پەقەت بارغانسېرى يىراقلاپ، ئاخىر غايىب بولغان ئاياغ تىۋىشىنىلا ئاڭلىدى. ئۇ يېنىك تىن ئېلىپ، سېسىق بۇس چىقىپ تۇرغان بۇلۇڭغا كېلىپ ئولتۇرىۋىدى، يەردە ئۆمىلەپ يۈرگەن ئىككى پارقىراق قوڭغۇز قورقۇپ قېچىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

كەتتى.

مانا بۇ ئاخىرقى بىر كۆرۈنۈش. مەن شۇلارنى ئويلىغاچ پېشانەمدىكى سوغۇق، يېپىشقاق تەرلەرنى سۈرتتىم. باياتىن ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، لاغىلداپ تىترەپ، قورقۇپ كەتكەندىم، مانا ھازىر ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئارام ئېلىشىم، ياخشىراق ئارام ئېلىشىم كېرەك...

مەن ياخشىراق ئۇخلىۋېلىشىم، يېيىش-ئىچىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلماي، ئۇچ-تۆت كۈنگىچە ياخشى ئۇخلىۋېلىشىم كېرەك، مەن ھازىر ئۇزۇن يىللارغىچە قەپەزگە سولىنىپ، تۇيۇقسىز كەڭ زېمىنگە چىقىپ، ئەركىنلىككە ئېرىشكەن ھايۋاندەك، نېمە قىلىشىمنىمۇ بىلەلمەي قالدىم. ھەي شۈبھە، ئەمدى بىركىم سېنىڭ پېيىڭگە چۈشمەيدۇ، بىردەممۇ كۆزنى ئۈزمەي، ھەتتا تەرەت سۇندۇرۇشىڭدىن تارتىپ تاكى ھەربىر قىلمىش-ئەتمىشىڭگىچە كۆزىتىپ يۈرمەيدۇ. ھازىر بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ، نۇرغۇن ئەسلىمىلىرىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇپ قالدى.

ئاشۇ بىرنەچچە سائەت ئىچىدە ئۇ ھېلىقى سىرلىق ئىش ئۈستىدە قاتتىق ئويلاندى: نېمىسىچە ناخشا ئېيتقان، ئۇنىڭغا نېمىس تىلىدا سۆز قىلغان بۇ قىز كىم؟ ئۇ قانداق قىلىپ بۇ ئۆيگە كىرىپ قالدى؟ گەرچە ئۇ كېچىدە ئۇنى راستتىنلا كۆرۈپ قالغان بولسىمۇ پاش قىلىپ قويماي نېمىشقا يەنە يەر ئاستى ئۆيىگە مېۋە تۆكۈپ بېرىدۇ؟ ئۇنىڭ ئېيتقىنى بىر باللار ناخشىسى ئەمەسمۇ؟ بۇ قەدىمي باللار ناخشىسى ئۇنىڭ كاللىسىغىمۇ خېلى چوڭقۇر ئورنىشىپ قالغاندەك قىلاتتى.

ئانام بىزنىڭ ھويلىغا،
تېرىپ قويدى ماش-پۇرچاق...

كۆك پۇرچاق... بېرلىن... شەھەر چېتىدىكى بىر كىچىك ئۆي، ساكىروف ئەتراپىدىكى ئۇستى شاخ-شۇمبا بىلەن يېپىلغان، پەس لەمپىلىك ئۆي، ئۆينىڭ كەينىدە بىر چوڭ باغ بولۇپ، باغدا ئېگىز بويلۇق، كۇمۇش چاچلىق ئەر گۈللەرنى چاتاۋاتاتتى، ياش، چىرايلىق، ئالتۇن چاچلىق بىر ئايال چۆنەكلىكتە يەرنى تىرنىلاۋاتاتتى، ئىككى كىچىك بالا چىملىقتا ئويناۋاتاتتى. ئوغۇل بالا ئىنىدىئانچە كىيىنگەن بولۇپ، پارقىراق يوگىنى بار بىر ئويۇنچۇق ياغاچ ئاتقا مىنىۋالغانىدى، قىز بالا بولسا باللار ھارۋىسى ئىچىدە كولدۇرما ئويناپ، ۋىلىقلاپ كۈلەتتى.

شۇنداق، بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى مەنزىرە... ناھايىتى بۇرۇنقى ئىش! ھېلىقى قىزچاقنىڭ ئىسمى ھېرد بولۇپ، ئۇنىڭ سىڭلىسى ئىدى. كېيىن، دادىسى ئۆلۈپ كېتىپ، ئۇلار ئۆيىنى سېتىۋېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئوغۇل بالىنىڭ ئىسمى ھانس بولۇپ، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ۋە ئارام ئېلىش كۈنلىرى ئىشلەپ پۇل تېپىشقا تايىنىپ، ئالىي مەكتەپتىكى تۇرمۇشىنى قامدىدى، شۇنداقلا دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشتى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا بەزى كەشپىيات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن كۆچىنىپ ئىشلەپ پۇل تېپىشتىن قۇتۇلدى.

ئەمدىلىكتە ئۇ مانا بۇ يەردە، ئۇدھامدا، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدا، ئۆزىنى قوغلاۋاتقان دۈشمەنلەرنىڭ قورشاۋى ئىچىدە، كۆيۈپ خارابىلىككە ئايلانغان ئۆينىڭ يەر ئاستى ئۆيىدە يەنە شۇ بالىلار ناخشىسىنى ئاڭلىدى. ئەينى ۋاقىتتا، ھەر قېتىم ئۇلار ئۇخلىيالمىغاندا، ئانىسى كارىۋاتنىڭ يېنىدىكى كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، شوخ، سۈزۈك ئاۋازى بىلەن ھەمىشە بۇ ئەللەي ناخشىسىنى تاكى ئۇلار كۆزلىرىنى يۇمۇپ، خاتىرجەم ھالدا ئۇيقۇغا غەرق بولغانغا قەدەر ئېيتاتتى.

گېرمانىيە بالىلار ناخشىسىنى ئېيتالايدىغان بۇ قىز قۇملۇقتا قانداق كېلىپ قالغاندۇ؟

ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا تۈرلۈك خىياللار كەينى-كەينىدىن كەلسىمۇ، سىر يەنىلا يېشىلمەيۋاتاتتى.

شۆبېت ئېھتىيات بىلەن چىرىپ كەتكەن پەلەمپەيگە چىقىپ، چاتقاللىق ئالدىدا قەدىمىنى توختىتىپ، شەپىگە قۇلاق سالدى، باغدا ھېچكىم يوق ئىدى. ”ئۆي“ تەرەپتىن قاقاقلىغان كۈلكە ئاۋازى ئاڭلاندى، ئۇ يەردە سىرتقا چىقىشقا ئىجازەت ئالغان ئەسكەرلەر قىزلارنى مەست قىلىش بىلەن كۆڭلىنى ئېچىشىۋاتاتتى.

گەرچە بىرەر شەپە بولمىسىمۇ، ئۇ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان يېرىدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. مەلۇم بىر جايدىن بىر مايمۇننىڭ چىرىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بۇ ئاۋاز بەلكىم بالكوندىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدى. ئۇ ئېڭىشىپ، چاتقاللىققا كىرىپ، شاخلارنى قايرىپ، ھېلىقى ئۆيگە قارىدى.

رېشاتكىلار بەكمۇ زىچ بولغاچقا، ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى،

رىشاتكىلار قۇياش نۇرىدا چاقناپ، قىزىل رەڭدە تاۋلىنىپ تۇراتـ
تى، لېكىن رىشاتكىنىڭ كەينى قاپقاراڭغۇ ئىدى.

ئۇ كەينىگە يېنىپ، يەر ئاستى ئۆيىگە قايتىپ كىردى.

”كېچىدە قاچاي،—دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە،—لېكىن قېچىپ كېتىشتىن بۇرۇن، ھېلىقى قىز بىلەن يەنە بىر سۆزلـ
شىپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى سوراپ بىلىۋالاي.“

ئودھامدا تۇرغان گېرمانىيىلىك بۇ قىز ئانام ئېيتىدىغان
باللار ناخشىسىنى نەدىن ئۆگىنىۋالغاندۇ؟

ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، نۇرغۇن يىللار بۇرۇنقى مەنزىرىنى
چۈشىدى. ھارغىنلىق ئۇستۇن كەلگەنلىكتىن، ئۇ ئاستا-ئاستا
ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

ئۇ ناھايىتى شېرىن چۈشلەرنى كۆرگەنلىكتىنمىكىن، ئۇخـ
لاۋېتىپ كۈلۈمسىرەپ قويىدى.

ئۇنىڭ ياداڭغۇ، قوڭۇر چىرايى نۇرلاندى.

پاۋىل ھاندرىك، ئەرەبلەر چىرايلىق سۆز-ئىبارىلەر بىلەن
”بەخت ماكانى“ دەپ ئاتىۋالغان بوساددا بوستانلىقىدىكى ھەشەـ
مەتلىك سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئاتلانتىك ئوكيان مېھمانخانىسىغا
چۈشتى. بۇ مېھمانخانا بوستانلىقنىڭ چىقىش ئېغىزىغا جايلاشقان
سالقىن، چوڭ زالى بار غايەت زور ئاق رەڭلىك بىنا بولۇپ،
زالدىكى قىممەت باھالىق فارفور خىشلىق پول ئۈستىگە قولدا
توقۇلغان گىلەملەر سېلىنغانىدى. مورلارنىڭ ئۇسلۇبىدا ياسالـ
غان رىشاتكا چوڭ زال بىلەن كۆلىمى ئانچە كىچىك بولمىغان

پېشايۋاننى ئايرىپ تۇراتتى، پېشايۋاننىڭ كەينىدە بىر سەكرەش
پەشتىقى ۋە پروژېكتورلۇق سۇ ئۇزۇش كۆلچىكى بولۇپ، پرو-
ژېكتورنىڭ يورۇقىدا كىشىلەر كېچىدىمۇ سۇ ئۇزەلەيتتى. سۇ
ئۇزۇش كۆلچىكىنىڭ ئەتراپىدىكى رەڭدار كۇنلۇكلەرنىڭ ئاستى-
غا چىۋىقتىن توقۇلغان شىرە-ئورۇندۇقلار قويۇلغان بولۇپ، ئاق
كىيىم كىيگەن ئەرەب كۇتكۇچىلەر مېھمانلارنى كۇتۇپ، خۇددى
سېھىرگەرلەردەك چەبدەسلىك بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئارزۇسىنى
قاندۇراتتى. ھەر قېتىم كەچ كىرگەندە چىراغلار چاقناپ، پالما
دەرىخى، تەشتەك گۈللىرى، ئاگاۋا ۋە بۇك-باراقسان چاتقاللىق-
نى يورۇتۇپ، بۇ يەرنى خۇددى باللار چۆچەكلىرىدە تەسۋىرلەن-
گەن دۇنياغىلا ئوخشىتىپ قوياتتى. يىپەك تون كىيىشكەن
ئەرەب بەگزادىلىرى ئاپئاق داستىخان سېلىنغان يۇمىلاق جوزا
يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئىسپىرتسىز ئىلىپ ھارىقىنى ئىچىشەتتى.
بۇ يەرنى ھەقىقەتەنمۇ قۇملۇقتىكى ئوردا دېيىشكە بولاتتى، چۈن-
كى قۇملۇق، مېھمانخانىنىڭ قاشا تېمى كەينىدە، باغنىڭ چېتى-
دە، سۇ ئۇزۇش كۆلچىكىنىڭ ئارقىسىدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سو-
زۇلغان بولۇپ، ئىنتايىن تار كەلگەن پالما دەرىخى بەلۋېغى
قۇملۇق بىلەن بوستانلىقنى ئايرىپ تۇراتتى، سەھرايى كەبىر
قۇملۇقى ئەنە شۇ يەردىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەر
باغدىن چىقىسىلا ئىسسىق قايناپ تۇرغان قاقاسلىققا كىرىپ قالات-
تى. كۆز يەتكۇسىز سەھرايى كەبىر قۇملۇقى پەقەت بىر تام
بىلەنلا ئايرىلىپ تۇراتتى، كۆچمەن چارۋىچىلار تۆگىلىرىنى ھەي-
دەپ قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتەتتى، ئۇسسۇزلۇق، ئىسسىق، ئاپ-
رىقىغا خاس رەھىمسىزلىك مانا مۇشۇ يەردىن باشلىناتتى. كى-

شىلەر قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئاق تاش ۋە گۈللەر بىلەن خۇد-
دى باللار چۆچەكلىرىدە تەسۋىرلىنىدىغان مۇشۇنداق دۇنيانى
بەرپا قىلىپ، سۇنى ھەدەپ ئىسراپ قىلاتتى. مېھمانخانا ئۆيلى-
رىدىكى ھەر بىر سۇ تۇرۇبىسىدىن، ھەر بىر سۇ جۈمەكىدىن
مۇزدەك سوغۇق، سۈزۈك، پاكىز سۇ چۈشۈپ تۇراتتى! سۈپ-
سۈزۈك زۇمرەتتەك دولقۇنلىنىپ تۇرغان كەڭ سۇ ئۈزۈش كۆلى
كېچىسى پروژېكتورنىڭ يورۇقىدا قېنىق كۆك رەڭدە كۆرۈنەت-
تى، مېھمانخانىغا چۈشكەن مېھمانلار كەينى-كەينىدىن پەشتاق-
تىن سۇغا سەكرىشەتتى.

ھاندرىكمۇ مۇشۇ يەرگە چۈشكەنىدى. ئۇ چۈشكەن ئۆينىڭ
دېرىزىسى باغقا قارايتتى، بالكوننىڭ ئاستى چوڭ پېشايۋان بو-
لۇپ، بالكوندا تۇرۇپ پۈتكۈل بوستانلىقنى كۆرگىلى بولاتتى.
ئۇ يەتتە مەسچىتنىڭ گومبەزسىمان ئۆگزىسى ۋە قوببىسىنى،
پالمىزارلىقلىرىنى، ئەرەب پاسونىدا سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ تۈز
ئۆگزىلىرىنى، ئۈپۈققىچە سوزۇلغان قۇملۇقنى، ئاتلاس تېغى-
نىڭ گۈمبەزسىمان چوققىلىرىنى ۋە پەلەمپەي شەكىللىك قىيا-
لىرىنى كۆردى.

ئۇ يەرگە يېتىپ بارغان كۈنى، ھاندرىك فرانسىيىنىڭ
رايون ۋالىيسى فاتتو ئەپەندى بىلەن ئۇزاق سۆھبەتلەشتى. پا-
كار، سېمىز، بۆلجۈك گۆشلىرى تەرەققىي تاپقان بۇ ئادەم 55
ياش ئەتراپىدا بولۇپ، يان تەرەپتىن قارىسا خۇددى بۈركۈتكىلا
ئوخشايتتى، ئۇ ئۆزىگە ئىشىنەتتى، ئافرىقىدا يۈز بەرگەن بار-
لىق ئىشلار ئۇنىڭغا زادىلا ۋەھىمىلىك ۋە تاسادىپ-
ىي تۇيۇلمايتتى.

ئۇ ھاندرىكنى كۆتۈۋالغان چاغدا ئۈچىسىغا ئاق كاناپ كۆڭلەك ۋە كالتە ئىشتان، بېشىغا كەپكە كىيگەن بولۇپ، ئىنچىكە بامبۇك ھاسا تايىنىۋالغانىدى. ئۇ ھاندرىك بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇنى ئۆز ئۆيىگە باشلىدى. ئۆي ناھايىتى چوڭ بولۇپ، تورۇستا بىر چوڭ شامالدۇرغۇچ غۇيۇلداپ ئايلىنىۋاتاتتى.

— مەن سىزنىڭ كېلىدىغانلىقىڭىزنى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغانىدىم، — ئۇ سۆزلىگەچ مۇزلىتىلغان گاز سۇ بوتۇلكىسىدىن ئىككى ئىستاكان ماندارىن شەربىتى قۇيدى. ھاندرىك رەھمەت ئېيتىپ، ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ بىر كۆتۈرۈپلا يېرىمىنى ئىچىۋەتتى.

— بۇنى ئىچىپ خېلى راھەتلىنىپ قالدىم، — دېدى ئۇ، — ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتتى.

— سالقىن جايلارمۇ 35°C كېلىدۇ! — دېدى فاتتو بېشىنى لىڭشىتىپ، — سىز بۇ قېتىمقى ھېچقانداق ئەھمىيەتسىز سەپىرىڭىزنى تازا ياخشى ۋاقىتقا توغرىلاپسىز. ياز كۈنلىرى، ئەگەر چارۋىلارنى يۆتكەپ تۇرمىسىمۇ بولىدىغان ئىش بولسا، ئىسسىقتا ئەڭ چىدايدىغان كۆچمەن چارۋىچىلارمۇ ئۆيىدىن چىقمايتتى، — ئۇ ئولتۇرۇپ، ھاسىسىنى بىر قەۋەت توپا-چاڭ بېسىپ كەتكەن ئۈستەل ئۈستىگە قويدى، — بىز ئاساسلىق مەسىلە ئۈستىدە سۆزلىشىپ بولدۇق، دوختۇر. دېمەك، سىزنىڭ سەپىرىڭىز بىھۇدە ئاۋارىگەرچىلىك بولۇپتۇ.

— بىناد دوختۇرمۇ ئالجىردا ماڭا شۇنداق دېگەنىدى.

— ئۇ ناھايىتى ئەقىللىق ئادەم، — فاتتو، ماندارىن شەربە-

تىدىن بىر يۇتۇم ئوتلاپ، قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى، ئاندىن قولىنى كالتە ئىشتىنىغا سۈركىدى، — ئۇ ئەسلى سىزنى ماڭغۇزماسلىقى كېرەك ئىدى. سىز قۇملۇقتا زادى نېمە ئىش قىلماقچى؟ كېسەللەرنى تەكشۈرمەكچىمۇ؟ بۇ بىر خام خىيال.

هاندرىك كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇ ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ بۇ ئىشقا قارشى تۇرىدىغانلىقىغا ئاللىقاچان تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى، بىناد ئۇنىڭغا ئاتلاس ئەتراپىدىكى پائالىيىتىڭىزگە پۈتۈنلەي ئۆزىڭىز مەسئۇل، چۈنكى بۇ جايلار فرانسىيە مۇستەملىكىچى ھۆكۈمىتىنىڭ قوغداش دائىرىسىگە تەۋە ئەمەس، دەپ ئەسكەرتكەنىدى.

— پىكرىڭىزگە پۈتۈنلەي ھۆرمەت قىلىمەن فاتتو ئەپەندى، — دېدى ئۇ جاۋابەن، — لېكىن ئۆزىڭىزمۇ ئەرەبلەر قارشى تۇردى دەپ، شىمالىي ئافرىقىنى تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنىڭ مەنبەسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئۇچىغا چىققان يۇرەكسىزلىك دەپ ھېسابلاۋاتىسىزغۇ! بىز كىشىلەرنى تەدبىرىمىزنىڭ پايدىسى تېگىدىغانلىقىغا ئىشەندۈرۈپ قايىل قىلىشىمىز كېرەك.

— قايىل قىلىش دەمسىز؟ — فاتتو چۆچىگەن ھالدا ۋارقىرىۋەتتى، — سىز بىر تاغار بۇرگىنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنىڭ قىممىتىگە ئىشەندۈرۈپ قايىل قىلىشىڭىز مۇمكىنكى، لېكىن بىر توپ ئەرەبنى مۇداپىئە ئوكۇلىنىڭ ئەھمىيىتىگە ئىشەندۈرۈپ قايىل قىلىشىڭىز ئۇنداق ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كاپىر، مانا بۇ ئاساسىي سەۋەب. ئىسلام دىنى بارلىق دىنلار ئىچىدە باشقا دىننى ھەممى-

www.uyghurkitap.com

دىن بەك چەتكە قاقىدۇ! لېكىن. . . — ئۇ مۇرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قېنى سىناپ بېقىڭ! مەن قارشى ئەمەسمەن. سىز ئەسەبىي مۇسۇلمانلارنىڭ تېنىگىزنى ھۆتمە-تۆشۈك قىلىۋېتىشىگە تەييارلىق قىلىپ قويۇڭ! سىز مۇسۇلمانلارنىڭ نادان، قارا قورساقلىقىغا ئىشەنمەيۋاتىسىز. ئۇلارنىڭ ياۋروپادا تەربىيىلەنگەن ئۆز دوختۇرلىرى بار، لېكىن ئۇلارمۇ ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالمايۋاتىدۇ! بولمىسا ئاشۇ دوختۇرلارمۇ ئىسلام دىنىنىڭ مۇرىتلىرى، دوختۇر! سىز خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئادەم، سىز كېلىپ نېمىمۇ قىلالايتتى-ڭىز، تازىمۇ كۈلكىلىك ئىش-تە بۇ! — ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىگە ھەسرەت ئارىلاشقانىدى. — بىز ئۇلارنى مەج-بۇرلىشىمىز كېرەك، — ھاندرىك ماتېرىيال سومكىسىدىن سە-ھىيە تەرەپىنىڭ بىر پارچە دوكلاتىنى چىقىرىپ، ئۈستەلگە ياي-دى، — سانلىق مەلۇماتلار ئىسپاتلىدىكى، ئۈچ يىلدىن بۇيان جىددىي كېسەل، بولۇپمۇ بۇ خىل ئالاھىدە تولغاقنىڭ قوزغى-لىش نىسبىتى تېز ئېشىپ بارغان. بۇنى ھېسابلاشقا توغرا كەلسە، ھۆكۈم قىلىش ئوبيېكتى بولۇشى زۆرۈر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئېنىق دىئاگنوز قويۇلغان كېسەللەرنى ئايرىپ داۋالاش ھەمدە بۇنى كەڭ كۆلەمدە داۋالاش تەدبىرىنى يولغا قويۇشنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى قىلىش كېرەك.

— قورقۇق نەزەرىيىچىلەر! — فاتتو سەھىيە تەرەپىنىڭ بۇ قې-لىن دوكلاتىنى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا چۆرۈپ تاشلىدى، — بۇ دوكلات ئاشۇ يەردە تۇرۇشقىلا لايىق، دوختۇر. دەل مۇشۇ تەكشۈرگۈچى خادىملار تۈپەيلىدىن، مېنىڭ تەۋەلىكىمدىكى رايوندا، بۇسادا-

دىن تۇغۇرتقىچە بولغان جايدىلا 17 قېتىم فرانسىيە قوشۇنلىرىغا ياكى تەكشۈرۈش كومىتېتىغا ھۇجۇم قىلىش ۋەقەسى يۈز بەر-دى، بۇ كومىتېتتىكى كۆپ قىسىم كىشىلەر ئاق كۆڭۈل ئىنژې-نېرلار بولۇپ، ئۇلار ئاتلاس رايونىدا گېئولوگىيىلىك تەكشۈ-رۈش ئېلىپ بارغانىدى. مەن بۇ ئىشتىن تويۇپ كەتتىم! ئەگەر سىز ئۆز بېشىمچىلىك قىلىپ راستتىنلا قۇملۇققا بارماقچى بولسىڭىز بېرىۋېرىڭ، يانپىشىڭىزغا ئېسىلىۋالمايمەن! لېكىن مېنى قوللىمىدىكىن دەپ ئۈمىد كۈتمەڭ. مېنىڭ ھېچنەرسىدىن خەۋىرىم يوق، ھېچقانداق گەپنى ئاڭلىغىنىممۇ يوق، قولىقىم گاس!

—مۇشۇنىڭ ئۆزى يېتەرلىك،—دېدى ھاندرىك كۈلۈپ تۇ-رۇپ،—بۇنداق ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغاندىكىن، پېنسى-يىگە چىقسىڭىز بولغۇدەك.

فاتتو ئۆزىنى مەسخىرە قىلغان ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى،

—سىز بەك قىزىقچى ئىكەنسىز، يىگىت. مەن مۇشۇنداق ئادەم-نى ياخشى كۆرىمەن. شۇ سەۋەبتىن سىز سەھرايى كەبىر قۇملۇ-قىغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشىڭىز مۇمكىن، مەن تىنچلىققا موھتاج، سىز بۇنى چۈشىنەلەيسىز، بىلسىڭىز، قانداق قىلىپ ئەرەبلەر ۋە بەربەرلەرنى ئېغىز ئاچقۇزماسلىق ۋە فرانسىيىنى ئالجىرىيەدىن تېخىمۇ كۆپ بايلىقنى يۇلۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش بېشىمنى قاتۇرۇپ كەلگەن ئىش بولدى. بۇ مەسئۇ-لىيەتنى ئادا قىلىش جەريانىدا مەن ئۈچ قېتىم دالا دوختۇرخانى-سىدا يېتىپ قالدىم، چۈنكى قۇملۇق ئوغلانلىرى خېلى مەرگەن كېلىدىكەن،—ئۇ سوغۇق گازسۇ بوتۇلكىسىدىنى ئېچىپ،

www.uyghurkitap.com

ھاندرىكنىڭ ئىستاكاننى قايتىدىن توشقۇزۇپ قويدى. قېنى خوشە، يەنە بىر ئىستاكاندىن ئىچۋېتەيلى.

—ناھايىتى خۇرسەنمەن، فاتتو ئەپەندى، — ھاندرىك چوڭ-چوڭ ئۇتلاپ ئىچىشكە باشلىدى. مۇشۇنداق ئىسسىقتا سوغۇق ئىچىملىك ھارارەتنى تۆۋەنلىتىش بولۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. شامالدۇرغۇچ بولسا ئىسسىقنى تۈگىتەلمەيدۇ، پەقەت ئۇنى ۋاقتىنچە ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ،—سىز قىزلارنى ئېلىپ-سېتىشقا زادى قانداق قارايسىز؟

—ۋاي خۇدايىمەي، يەنە مۇشۇ مەسىلە ئۇستىدە ئېغىز ئېچىۋاتىسىزغۇ!—فاتتو رەنجىگەن ھالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ تورۇسقا قارىدى،—بىناد دوختۇر خېتىدە سىزنىڭ ئالجىردىكى ئادەم ئىزدەش پائالىيىتىڭىزنىمۇ يېزىپتۇ. ئەخمەقلىق بۇ! دوختۇر.

—شۆبىت خېنىم ئەلئېھرام مېھمانخانىسىدىن ماڭا قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ خەت چىقارتىپتىكەن، لېكىن بىز يېتىپ بارغان چاغدا ئۇنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ.

—بۇ پەقەت ھاراق ئىچىپ مەست بولغاندىن كېيىنكى ھەسرەت. ناتونۇش دۆلەت، ناتونۇش ئادەم، ئوخشاش بولمىغان تىل، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھەممىلا يەر خەتەرلىك، مانا مۇشۇنداق ئىش. بىرنەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن بۇنداق روھىي ھالەت ئاستا-ئاستا ئىزىغا چۈشۈپ قالىدۇ. كىشىلەر بۇ دۆلەتكە سىڭىپ كېتىدۇ، ھەتتا چىپىلداپ تەر ئېقىپ تۇرغان مىنۇتلارنىمۇ ئەسلەپ قالىدۇ. مەندە مۇشۇنداق تەسىرات بولغان، ئۇ چاغدا مەن گېردىئا ئېگىزلىكىدە ئارام ئېلىۋاتاتتىم، سەككىز

كۆندىن كېيىنلا بۇسادداغا قايتىپ كەلدىم، قارىسام، بۇ قارغىش تەگكۈر بوستانلىقنى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس تەر، چاڭ-توزان، قويي گۆشى ۋە قەھۋەلىرىنىڭ ئارىلاشما پۇرىقىنى سېغىنىپ قاپتىمەن. ئۆمەرگە ئوخشاش ئالدامچىلار دېگەن چوقۇم بار، لېكىن قىزلارنىڭ مۇشۇنداق يوقاپ كېتىشىنى ھېچكىم بىزگە دوكلات قىلىپ باقمىغان.

—چۈنكى ئۇ قىزلارنىڭ ئۇرۇق-تۇغقىنى يوق، شۇڭا ئۇلار-نىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىدىغان ئادەم چىقمىغان. بۇلارنىڭ ھەممىسىلا بويتاق قىزلار!

—شۇنداقمۇ؟—فاتتو بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاندىن نەزىرىنى ئۆزىنىڭ ھاسىسىغا يۆتكەپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، —13 —خەيرىسىز سان.

ئەمدى فاتتو بىلەن سۆزلەشكۈدەك ھېچ ئىش قالمىغانىدى.

ئىككى سائەتتىن كېيىن ھاندرىك ئۇنىڭ بىلەن خوشلاش-تى. گەرچە فاتتو قارشى تۇرسىمۇ، ئۇ يەنىلا قىسمەن مەقسىدى-گە يەتتى. ئۇ بارلىق قۇملۇق قورغانلىرىنىڭ نامى ۋە تېلېفون نومۇرلىرى بار جەدۋەلگە، گېردىئا رايونىنىڭ مۇكەممەل خەرى-تىسىگە، قورال ئېلىپ يۈرۈش ئىسپات قەغىزى ۋە جىددىي ئەھۋال ئاستىدا قىسمەن ياردەم تەلەپ قىلىش گۇۋاھنامىسىگە ئىگە بولدى.

ھاندرىك فاتتوغا ئوخشاش ئالاقىلىشىش تەس بولغان ئادەم-دىن بۇنچىۋالا كۆپ نەپكە ئېرىشكىنىدىن پەخىرلىنىشكە تامامەن ھەقلىق ئىدى.

ئاخىرقى بىر كۈنى، ھاندرىك ئاتلانتىك ئوكيان مېھمانخا-

www.uyghurkitap.com

نىسىدىكى ئۆيىدە، خەرىتە ئالدىدا ئولتۇرۇپ، قىزىل قەلەم بىلەن ئۆزىنىڭ ماڭماقچى بولغان يوللىرىنى سىزىپ چىقتى. ئودھام بوستانلىقى، مۇقەددەس شەھەر ھامىل، بىسكرا، بىلى ئەجبە، ئودبابا. . . ئۇنىڭ قولىدىكى قىزىل قەلەمنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ، بىرنەچچە ئادەمنىڭ تەقدىرى بىرلا ۋاقىتتا مۇشۇ سىزىق ئۈستىدە چەمبەرچەس باغلاندى. لېكىن ئۇلار مۇشۇ بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا بىر-بىرى بىلەن زىچ باغلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە، ھاندرىك بىسكراغا بارىدىغان ئاپتوبۇسقا چىققاندا، فاتتو ئاپتوبۇسنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، بېشىنى چايقىدى.

— راستىنلا بارامسىز!؟

— شۇنداق.

— ئۆمۈر ئىستراخوۋانىيىسىگە قاتناشقانمۇ سىز؟

— قاتناشقان، — دېدى ھاندرىك كۈلۈپ.

فاتتو ھاندرىك دوختۇرغا ئۇزاققىچە قارىدى، — لېكىن مېنىڭ كۈلۈشكە رايىم بارمايدۇ، دوختۇر. مانا بۇ مەن تۈنۈگۈن كېچە تاپشۇرۇۋالغان تېلېگرامما، — ئۇ ھاندرىككە بىر پارچە قەغەزنى سۇندى.

ئۈچىنچى قورغاندىن دوكلات، بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ملادشى لېيتېنانت ئېمىل گلانتۇسنى ئېغىر يارىلاندۇرغان ئەرەب مىللەتچىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى ئوممابىننى بىلقاسىم، تى-

لەمچى قىياپىتىدە ياسىنىپ قورغانغا سوقۇنۇپ كىرىپ، ئېغىر يارىلانغان بۇ ئوفىتسېرنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنغاندا توسۇپ قېلىن-دى ۋە قاچقاندا يارىلاندۇرۇلدى. ئۇنى كېچىدە تۇتۇشقا مۇمكىن بولمىدى. قورغاندىكى قىسىملار شۇ ۋاقىتتا كاپىتان پۇروشېن-نىڭ يېتەكچىلىكىدە چارلاش ئۈچۈن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىدى، شۇڭا تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلگىنىگە ئۇزۇن بولغان بۇ جىنايەت-چىنى تۇتۇش پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالدى. بارلىق قاراۋۇل-خانىلارغا: ئومىابىنىنى بىلقاسىم پەيدا بولغان هامان ئاگاھلاندۇ-رۇش بەرمەستىنلا ئېتىۋېتىلسۇن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. جەنۇبتا، ھوججال ئەتراپىدا بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان بېشارەتلەر توپىلاڭچى قىسىملارنىڭ بىر يەرگە توپلىنىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلى-دى. مەن بارلىق قىسىملارنى ئەڭ يۇقىرى تەييارلىق ھالىتىدە تۇرۇشقا بۇيرۇيمەن.

گېنېرال رات

ئالجىر

فاتتو ھاندرىكنىڭ تېلېگىسنى خاتىرجەم كۆرۈپ بولغانلى-قىغا قاراپ دېدى، — ئەھۋال تازا ياخشى ئەمەس، لېكىن سىز بۇ رايونلارغا بارماقچى بولۇۋاتىسىز. راستتىنلا ساراڭ بولۇپ قاپسىز!

— لېكىن ساراڭ بولۇشىمنىڭ سەۋەبى بار، — ھاندرىك ھې-لىقى قەغەزنى يەنە فاتتونىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى، — بەلكىم ئۇ يەردىكى كىشىلەر بىر دوختۇرغا جىددىي موھتاجدۇر. ئۇ يەرگە بېرىشىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىمەن،

لېكىن تۇرمۇشتا خەۋپ-خەتىرى يوق يەنە نېمە ئىش بار؟
—ئۇنداق بولسا مېڭىۋېرىڭ، تازىمۇ بىغەرەز ئادەم ئىكەنـ
سىز!—فاتتو بۇرۇلۇپ، ئېغىر قەدەم تاشلاپ، توپا-چاڭ ئۆرـ
لەپ تۇرغان كوچىدىن كېسىپ ئۆتتى. لېكىن يىراققا بارمايلا توختاپ، يەنە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ۋارقىرىدى،—ئەگەر سىز تىنچ-ئامان قايتىپ كەلسىڭىز، مەن سىزنى مارتىل هارىقى ئېچىشكە تەكلىپ قىلىمەن!

كاپىتان، پۇروشېنى گلانتۇسنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ئولتۇـ
رۇپ، كەينى-كەينىدىن ئۇلاپ كوكا-كولا ئىچەتتى. ئۇ هەربىيچە كىيىمنى سېلىۋېتىپ، كالتە ئىشتان ۋە قىسقا يەڭلىك ئىچ مايكا كىيىۋالغانىدى. ملادشى لېيتېنانت ياستۇققا يۆلىنىپ، قوغۇن يەۋاتاتتى. كاپىتان قولىغا چوڭ بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ، يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى، خەۋەرچى بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇنى ئالجىرغا يوللىماقچى ئىدى.
—ئۇنتۇپ قالغان يەرلىرىڭىز يوقتۇ، گلانتۇس؟—ئۇ بېـ
شىنى كۆتۈرۈپ سورىدى،—ئاشۇ ئەبلەخلەرگە قايتۇرما زەربە بېرىشنىڭ ئاساسى قىلىش ئۈچۈن هەممىنى تولۇق دوكلات قىلىـ
شىمىز كېرەك! يەنە ئويلىنىپ بېقىڭ.
گلانتۇس داكا بىلەن ئورالغان بېشىنى قاشلاپ، كەينىگە يۆلەندى. ئۇنىڭ ئاۋازى يەنىلا بەك ئاجىز بولۇپ، بىر جۈملىنى تولۇق سۆزلەپ بولۇش ئۈچۈن خېلى زور كۈچ سەرپ قىلغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ قوغۇننى بىر تەرەپكە قويۇپ قويدى.

— ھەممىنى تولۇق ئېيتتىم، — دېدى ئۇ،
— يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ باقسىڭىز قانداق، كاپىتان.
— بولىدۇ، — پۇروشېنى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

ئالجىرىيىنىڭ بىلئەجبە رايونى ئۈچىنچى قورغاندىكى ملادشى لېيتېنانت ئېمىل گلانتۇس، ئالجىر باش شتابىغا دوكلات قىلىدۇ:

ئىككى كۈن دەم ئېلىش ئۈچۈن، سىرتقا چىققىنىمدا ئودبابا بوستانلىقىدا ئەرەب مىللەتچىسى ئومابىننى بىلقاسىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ئۇ ئىككى يىل بۇرۇن يەر ئاستى قول بازىرىدىن ئاۋىستىرىيىلىك ياش بىر قىزنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى ئۆزىگە توقال قىلماقچى بولغانىدى. مەن ئاۋىستىرىيىلىك بۇ قىزنى قۇتقۇزۇپ، ئۇنى ئالجىرغا ئېلىپ كەلگەنىدىم، كېيىن بۇ قىز ئۆيەردە سىرلىق هالدا ئۆلۈپ كەتتى. رەقىبلەر ئۇچراشقاندا، ئادەمنىڭ كۆزىگە قان تولىدىكەن. ئومابىننى بىلقاسىم مېنى ئۇرۇپ، گېلىمنى بوغۇپ، سۇدا تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن مېنى بىر قۇدۇققا تاشلىۋەتتى. بۇ پەسىلدە يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى ناهايىتى تۆۋەن بولغاچقا، قۇدۇق سۈيى پەقەت كۆكرىكىمگىچىلا كەلدى. ئۇ تۆگىسىنى مىنىپ كەتكەنگە قەدەر ئۇن چىقارماي تۇرۇۋالدىم، ئاندىن قۇدۇق تېمىغا ياماشتىم. مەن يېنىمدىكى قەلەمتىراچ بىلەن قۇدۇقنىڭ خىش تېمىنىڭ ئاراچىلىرىنى چوڭقۇر كولاپ، كولىغان يەرگە دەسسەپ، بىر يېرىم كۈندىن كېيىن، ئاخىر قۇدۇقتىن چىقىۋالدىم. مېنىڭ تۆگەمنى ئومابىننى بىلقاسىم ئالىلقاچان ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. . . .

—ھۆ توڭگۇز! —پۇروشېنى ئاچچىقىغا چىدىماي ئوقۇشتىن توختىدى، —ھازىردىن باشلاپ بىز ئالتە ھەپتىلىك ئېتىش مەشقى ئېلىپ بارىمىز، يىگىتلىرىمىز ئىككىنچى قېتىم ھەرگىزمۇ خاتا ئېتىپ سالمايدۇ! —ئۇ قەغەزنى ئېلىپ، يەنە ئوقۇشقا باشلىدى:

تۆگەمدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن، قورغانغا پىيادە قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئەيىنسايرا بوستانلىقىدا بىر ئامال قىلىپ، ئەرەبلەرنىڭ بىر يۇرۇش كىيىمىنى تېپىپ كىيىپ، قۇملۇقتا تۆت كۈن ماڭدىم. بەشىنچى كۈنى مەن بىراۋنىڭ كەينىمدىن ئەگىشىپ ماڭغانلىقىنى سېزىپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن كۈندۈزلىرى ئاتلاس تېغىنىڭ غارلىرىغا يوشۇرۇنۇۋېلىپ، كېچىسى ماڭدىم، سەككىزىنچى كۈنىگە كەلگەندىلا ئاندىن قورغانغا قايتىپ كەلدىم ۋە دالا دوختۇرخانىسىدا يېتىپ قالدىم.

مەن قايتىپ كېلىپ، ئىككىنچى كۈنى ئاخشىمىلا، تىلەمچى قىياپىتىدە ياسىنىپ، قورغانغا سوقۇنۇپ كىرىۋالغان ئوممابىننى بىلقاسىم دوختۇرخانىدا مېنى خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرمەكچى بولدى. بىر سانىتار دېرىزە تۈۋىدىكى قارا كۆلەڭگىنى كۆرۈپ، تىرېۋوگا سىگنالى بەردى. ئومما قېچىش جەريانىدا يارىلاندۇرۇلۇپتۇ، كىشىلەر يول بويىدىكى تۆگە توختىتىلغان يەردە قان ئىزىنى بايقاپتۇ. يەردە تۇياق ئىزىلا بولۇپ، مۇشۇ يەردىن باشلاپ ئوممانىڭ ئىزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. كېيىنكى بىر قېتىملىق ئاختۇرۇشنىڭمۇ نەتىجىسى بولماپتۇ. كىشىلەر ئۇنى خەرىتىدىكى 3a7C دەپ بەلگە قويۇلغان رايوندا تۇرمىغان بولسا، ئۇزىنى



www.uyghurkitap.com

ساقلاپ تۇرغان شېرىكلىرى بىلەن ھوجىالغا كەتكەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشتى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، توپىلاڭچى قىسىملار ئۇ يەردە توپلىنىۋېتىپتىمىش، شۇنداقلا نۇرغۇن زاما- نىۋى قوراللارنى تەييارلاپتىمىش.

ئۈچىنچى قورغاندىن:
مىلادشى لېيتېنانت ئىمىل گلانتۇس

گلانتۇس بېشىنى لىڭشىتتى، — ئەھۋال ئاشۇنداق، — دېدى ئۇ كۈچەپ سۆزلەپ، — ئالجىرغا دوكلات قىلىسىڭىز بولىدۇ، كاپىتان، — ئۇ سوئال نەزىرى بىلەن پۇروشىنىغا قاراپ، — ساقايغاندىن كېيىن مەن دەم ئېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەرمەن- مۇ؟

— سىز تېخى جاپانى يەتكۈچە تارتمىغان ئوخشىمامسىز! — پۇروشىنى بېشىنى چايقىدى، — مەن نېمە بولۇشىدىن قەتئىينە- زەر سىزنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىشىڭىزغا قوشۇلمايمەن! ھەتتا قۇملۇقتا يالغۇز بېرىشنىمۇ خىيال قىلماڭ! بۇ ئىشلارنىڭ ھەم- مىسى ئۆتمۈشكە ئايلانسۇن، گلانتۇس.

— مەن ئۇ قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم، — دېدى ئۇ خاتىرجەم ھالدا، — لېكىن ئۇ ھېلىقى قىزنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

— سىز ئۇنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئىسپاتلىيالمايسىز! بۇ پەقەت سىزنىڭ پەرىزىڭىز.

گلانتۇس بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقى كۆ- رۈنۈپلا تۇراتتى، چىرايىمۇ ئۆزگىرىپلا كەتتى، — ياق، ئۇنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى بىلىمەن. ياپىاش، تېنى ساغلام بىر ئادەم

ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئۆلۈپ كەتمەيدۇ، — ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئاق سىر بىلەن سىرلانغان تورۇستا ئەكس ئەتكەن دېرىزىنىڭ شولىسىغا قارىدى. ئۇنىڭ يۈزلىرى ئۆلۈپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان ئادەمنىڭكىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى، — مەن ئافرىقىغا زادىلا قەدەم بېسىپ باقمىغان بولسام نەقەدەر ياخشى بولاتتى دەيمەن، كاپىتان.

— مەنمۇ شۇنداق، — پۇروشېنى ئورنىدىن تۇرۇپ، دوكلاتنى يانچۇقىغا سالدى، — چەت ئەل ئارمىيىسىگە قاتناشقان ئادەم يەنە نېمىدىن ئۈمىد كۈتەلەيدۇ دەيسىز؟

قاراڭغۇ چۈشۈش ھېرد ئۈمىد قىلغاندىنمۇ تېز بولدى. ئۇ فاتىخ بىلەن كەچلىك تاماقنى بىللە يېگەندىن كېيىن، قول ئىشارىسى بىلەن ئۇنىڭدىن باغقا يەنە بىر قېتىم كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. فاتىخ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ئۇنى يىراقتىن كۆزىتىشكە بىرلا كۆزەتچىنى قويدى.

پالما دەرىخىنىڭ يۇمران يەلپۈگۈچسىمان يوپۇرمىقى ئاي نۇرىدا خۇددى كۆركەم ئالتۇن رەڭ مەشۇت توقۇلمىلارغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ھېرد ئۆزىنىڭ پىلانلىرىنى تەپسىلىي ئويلاپ باقتى. ئۇ دەرھاللا خارابىلىككە بارماستىن بەلكى ئايدىڭدا تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان تەبىئەت مەنزىرىسىگە نەزەر سالدى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئۇ كۆيۈپ كەتكەن ئۆي تەرەپكە مېڭىپ، يەر ئاستى ئۆيىنىڭ كىرىش ئېغىزى ئالدىدىكى تاش ئۈستىدە ئولتۇردى.

”ئۆي“نىڭ يېنىدا تۇرغان ئەرەب كۆزەتچى بۇ تەرەپكە قاراپ كەلدى. ھېرد ئۇنىڭ پالما دەرىخى ئارىسىدىن غىل-پال ئۆتكەن سايىسىنى كۆرۈپ، جىددىيلىشىپ نەپىسى قىسىلدى.

—ئاستىدا تۇرۇڭ، كۆزەتچى كەلدى، —دېدى ئۇ يەر ئاستى ئۆيىدىكى ئاۋازنى ئاڭلاپ تېزلىك بىلەن. ئۇ يېرىلىپ كەتكەن تامغا يۆلىنىپ، يۇلتۇزلارنى ساناۋاتقاندەك ئاسمانغا قاراپ تۇر-دى.

كۆزەتچى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى، ئاندىن بىرنېمىلەرنى دەپ كەتتى، لېكىن ئۇ ھېچنېمى-نى چۈشەنمىدى. ئۇ كۆزەتچىنىڭ تىكىلىپ قارىشىدىن قور-قۇپ، يۈرىكى ئاغقان ھالدا تىترەپ كەتتى، شۇ تاپتا ئۇ كۆزەت-چىنىڭ يەر ئاستى ئۆيى تەرەپكە بۇرۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يوغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، لەۋلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە قىمىرلىماي ئولتۇردى.

كۆزەتچى ئۈنچىقمىدى. ئۇ ھېردنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ باق-ماقچى بولغاندەك، ئالدىغا سەل-پەل ئېگىلدى. تۇيۇقسىز، ئۇ خۇددى بىر يىرتقۇچ ھايۋاندەك ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ قول-دىن تۇتۇپ، تاش ئۇستىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى. ئۇ بوغۇق ئاۋازدا بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى، ئۇ ئاچچىق تەر ۋە ياۋا چىلان پۇراپ تۇرغان قولى بىلەن بىردىنلا ھېردنىڭ قورقىنىدىن ئې-چىلىپ قالغان ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، ئۇنى چىملىقىقا بېسىشقا ئۇرۇندى.

ھېرد بارلىق كۈچى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، پۇت ئېتىپ جېنىنىڭ بارىچە تېپىرلىدى، مۇشتىنى تۈگۈپ كۆزەتچى-

www.uyghurkitap.com

ـنىڭ بېشىغا مۇشتلىدى. لېكىن بۇ ئەبلەخ خۇددى قانلىق ئاغرى
چوڭ ئېچىلغان شىردەك، ھېردىنىڭ كۆز ئالدىدا ئاپئاق چىشلىـ
ـرىنى پارقىرىتىپ كۈلەتتى. ھېرد ئىككى پۇتىنىڭ يەردىن ئۈـ
زۈلگەنلىكىنى، يىقىلىپ چۈشەيلا دەپ قالغانلىقىنى ھېس قىلـ
ـدى، شۇ ئەسنادا ئۇ چاتقاللىقتىن بىر كۆلەڭگىنىڭ سەكرەپ
چىققانلىقىنى كۆردى. كۆزەتچى ئىككى مۇرىسىنى يۇقىرىغا بىر
كۆتۈرۈپ، ئۆز تەڭپۇڭلىقىنى يوقىتىپ سەنتۈرۈلدى. قۇلاقنى
يارغۇدەك ۋارقىرىغان ئاۋاز جىمجىت كېچە ئاسمىنىنى يېرىپ
ئۆتۈپ، پۈتۈن باغنى بىر ئالدى. كۆزەتچى ئالدىغا دۈم چۈشتى،
ئاندىن دەسسەپ چەيلەنگەن گۈللەرنىڭ ئۈستىدە دۈمىلاپ ئىڭـ
ـراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئىككى تاغىقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇن
بىر خەنجەر سانجىقلىق تۇراتتى.

شۆيت ئېغىر نەپەس ئالغان ھالدا، چىرايىدا قان دىدارى
قالمىغان، تامغا يۆلىنىپ تۇرغان ھېردىنىڭ ئالدىغا كەلدى.
ھېردىنىڭ كۆزلىرى ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان كۆزەتچىگە تىكىلگەـ
ـنىدى، ئارقىدىن ئۇ نەزىرىنى بۇ ناتونۇش ئاق تەنلىك كىشىگە
ئاغدۇردى، ئۇ تېزلىك بىلەن جان تالاشقۇچى ئۈستىگە ئېگىـ
ـلىپ، يەنە قەددىنى رۇسلىدى.

— نېمىلەرنى قىلىپ قويدىڭىز؟ — ھېرد ئالاقزادە بولغان
ھالدا تۆۋەن ئاۋازدا دېدى.

— دۇنيانى مۇتتەھەملەر چاڭگىلىدىن قۇتقۇزماقچىمەن، —
دېدى شۆيت ئەتراپقا كۆز يۈگۈرۈتكەچ، — مەن بۇ يەردىن كېتىـ
ـشىم كېرەك. تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ قالسا، ئەڭ يېقىن بىر
قاراۋۇلخانىغا يېتىپ بېرىۋالارمەن. ناۋادا غەلىبە قىلىپ قالـ

سام، ئەتىلا سىزنى بۇ يەردىن قۇتقۇزۇپ چىقىمەن! بەلكىم
بۈگۈن كېچە بولۇشىمۇ مۇمكىن! مېنى كۈتۈڭ.

”ئۆي“دە چىراغ ياندۇرۇلدى. داچىدىن فاتىخنىڭ قاراۋۇل-
لارغا ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. تۇيۇقسىز ياندۇرۇلغان چى-
راغ نۇرى قاراڭغۇلۇقنى يېرىپ ئۆتتى.

— ئۇلار كەلدى، — دېدى ئۇ كېكەچلەپ، — تېز قېچىڭ!
تېز يۈگۈرۈڭ!

شۆپت يېقىن كېلىپ، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇنىڭغا
تىكىلدى.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا، — سىز مېنى
قۇتقۇزدىڭىز، ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلدىڭىز، بۇنى مەڭ-
گۈ ئۇنتۇمايمەن.

ئۇ پۈتۈن بەدىنى تىترەپ تۇرغان ھېردىنىڭ مۈرىسىدىن
تۇتۇپ، ئۆزىگە تارتىپ، ئۇنىڭ قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىگە سۆ-
يۈپ قويدى. ئاندىن، ئۇ يۈگۈرگىنىچە باغنى كېسىپ ئۆتتى،
ئۇنىڭ جۇل-جۇل بولۇپ كەتكەن پەرىجىسى پۇلاڭلايتتى. ئۇ
يۈگۈرۈپ تام تۈۋىگە بېرىپ، بىر سەكرەپلا تامدىن ئۆتۈپ كەت-
تى. بىرىنچى تۇركۇم كۆزەتچىلەر خارابىلىككە كەلگەندە، ئۇ-
نىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاللىقاچان قۇرۇق دەريا قىنىدا يوقالغانىدى.

ئەرەبلەر تۈگۈلۈپ ياتقان جەسەتنى ئورىۋېلىپ ۋارقىرىشات-
تى. ئۇلار قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، گۈلخان ۋە پانۇسلارنى كۆ-
تۈرۈشۈپ قاتار تىزىلىپ باغ ئىچىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

يىپەك تون كىيگەن، ئېگىز، ئورۇق كەلگەن فاتىخ ھېرد-
نىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئۆلگۈچىگە قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ-

غا قارىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن گۇمان ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

—ئۇنى مەن ئۆلتۇردۇم، مەن!—دېدى ھېرد قولى بىلەن ئۆزىنى ئىشارە قىلىپ پەس ئاۋازدا، ئۇ سۆزلەۋېتىپ پۈتۈن بەدىنىنىڭ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۇ ھوشسىزلىنىپ يىقىلاي دېگەندە فاتىخ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. فاتىخ ئۇندىمەستىن ئۇنى ئاستا كۆتۈرۈپ، باغدىن ئۆيگە ئەكىرىپ دىۋانغا ياتقۇزدى. دىۋاندا ئولتۇرغان بوبو كۆز يېشى قىلغاچ قىز خوجايىنىنىڭ يۈزىنى سىلىدى. فاتىخ مايمۇننى تېپىپ نېرى كەتكۈزۈۋېتىپ، ئۆزى ھېردنىڭ يېنىدىكى كىچىك خورۇم ئورۇندۇقتا ئۇنىڭ ھوشىغا كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

كۆزەتچىلەر باغدىكى ھەربىر چاتقالنى، ھەربىر تام تۈۋىنى ئاختۇرۇپ چىقتى. ئۇلار يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىپ، ئۇ يەردىن پەقەت قۇرت-قوڭغۇز، ئۆمۈچۈكتىن باشقا بىرەرتال مېۋە ئۇرۇقىنىمۇ تاپالمىدى.

ھېردنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان فاتىخ ئۇنىڭ تاتارغان، مەيۈسلىنىك ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان چىرايىغا قارايتتى. ئۇ كۆڭلىدە، "بۇ قىز مۇشۇنداق ئىشنى قىلالامدىغاندۇ؟ راستىنىلا شۇ قىلغانمىدۇ؟ خەنجەرنى نەدىن تاپقاندۇ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدۇ؟" دەپ ئويلىدى.

ئۇ ئۆمەرنىڭ سۆزىنى ئېسىگە ئالدى: "ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەت، فاتىخ! سەن ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىسەڭ، ئۇ سېنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ!" ئۇ كۆزىنى يۇمدى، قوللىرىنىڭ پەيلىرى تارتىشىپ يىغىلىپ قالدى. قۇملۇق قانۇنى بويىچە قانغا قان ئېلىش كې-

رەك. بۇ قانۇن: پەقەت پۇت-قولۇڭ پۈتۈنلەي كېسىپ تاشلانمى-
سىلا، ئىنتىقام ئېلىشىڭ لازىم دېگەندىن ئىبارەت.

ئۇ كۆزلىرىنى ئېچىپ، نەزىرىنى يەنە ئۇنىڭ تاتارغان چى-
رايىغا ئاغدۇردى.

خۇددى كۈچلۈك يىغىسىنى بېسىپ تۇرۇۋاتقاندەك، فاتىخ-
نىڭ جاۋغايلىرى تارتىشىپ كەتتى.

شۈبىت ئانچە يىراققا كېتەلمىدى.

ئۇ ئۇزۇن ۋە تار دالاندىن ئۆتۈپ، بىر مەسچىتكە يۈگۈرۈپ كىردى. ئېھتىيات بىلەن بىرنەچچە ئايلانمىدىن ئۆتۈپ، بورا سېلىنغان ۋە مېھرابى قىبلىغا يۈزلەنگەن نامازخانىغا كىردى، بۇ يەردە ئەينەك شارچىلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئاسما چىراغ ۋە گۈمبەزسىمان تورۇسنى تىرەپ تۇرغان يوغان تۈۋرۈكلەر بار ئىدى. ئۇ ئىستىنجاخانىدىن ئۆتتى، نامازخانىلار بۇ يەردە تەرەت ئالغاندىن كېيىن يالاڭ ئاياغ مېڭىپ، كۆڭلىدە خۇدانى ياد ئې-تىپ، پېشانىسىنى جايىنامازغا تەگكۈزۈپ ناماز ئوقۇيتتى. مەس-چىتنىڭ ئىچى جىمجىت بولۇپ، ئاخۇنۇم ۋە كۆزەتچىلەر ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ لەخمىگە ئوخشاش ئاچا يولنى بويلاپ، ئاخۇنۇملار ھۇجرىسىنىڭ ئالدىدىن تېزلىك بىلەن ئۆتتى، ئاندىن جىنازا توختىتىپ قويۇلغان مېيىت يۇيۇش ئۆيىدىن كېسىپ ئۆتتى. دەپنە قىلىش ۋاقتىدا، بۇ جىنازىلار قەبرىستانلىققا ئېلىپ بېرى-لاتتى، ئاندىن ئاق كېپەنگە ئورالغان مېيىتلار جىنازىدىن چۈ-شۈرۈلۈپ يەرلىككە قويۇلاتتى.

ئۇ تىك بىر پەلەمپەيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يۇلتۇزلار بىلەن قاپلانغان ئاسماننىڭ بىر پارچىسىنى كۆرگىنىدە، ئاندىن يېنىك-تىن ئالدى. ئۇ پەلەمپەيگە ئىتتىك يامىشىپ چىقىپ، ئۇچلۇق تۆمۈر قوببىلار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مەسچىتنىڭ سېغىز لايلىق ئۆگزىسىدە يېتىپ، كۆزىنى يۇمدى. ئۇ ئېغىر نەپەس ئالاتتى. بىر خىل سوغۇق تىترەك ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارالدى، ئۇ بىر توپ ئېگىز پالما دەرىخى دالدا بولۇپ تۇرغان ئۆگزە چېتىگە ئۆمىلەپ بېرىپ، پەرىجىسىگە چىڭ ئورۇنۇۋالدى.

ئۇ بىر سائەتكىچە مۇشۇنداق يېتىپ، بىرەر شەپە بار-يوقلى-قىغا قۇلاق سالدى.

تۆۋەندىكى يول جىمجىت ئىدى. يىراقتىن ئاسىيا بۆرىسى-نىڭ ھۇۋلاشلىرى، ئاندا-ساندا ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى ۋە كۈيلى-گەن مۇشۇكلەرنىڭ مىياڭلاشلىرىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ئەتراپ جىمجىت ئىدى.

پالما دەرەخلىرى شىلدىرلايتتى.

مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىدە تۇرۇپ، بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەت-كەن تۈپمۇ تۈز ئۆگزىلەرنى كۆرگىلى بولاتتى، بۇ ئۆگزىلەرنى قارىماققا جىلغىغا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان كوچىلار ئۇ يەر-بۇيەر-دىن ئايرىپ تۇراتتى. كىچىك ھويلىلارغا شوتىلار قويۇلغان بولۇپ، كۈندۈزى ئاياللار ئاشۇ شوتىلار بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشىنى قىلىشاتتى، بۇ يەردە تۇرمۇشنىڭ لەززىتى-نى ئالاتتى، چۈنكى ئۆگزە ئۇلارنىڭ يۈزىدىكى چۈمبىلىنى ئېلى-ۋەتسە بولىدىغان بىردىنبىر يېرى ئىدى. ئۆگزە ئەرەب ئائىلىلى-رىدىكى ئەڭ سىرلىق جايغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

شۆھتىنىڭ ماغدۇرى ناھايىتى تەستە ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ئۆگزە چېتىدە ياتقىنىچە ئېغىر نەپەس ئالغان ھالدا كۆزلىرىنى ئاشۇ ئۆگزىلەرگە تىكەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئەركىنلىككە ئېرىشىشىدىكى بىردىنبىر يول ئىدى. تاڭ سۇزۇلۇشى بىلەنلا مەزىن قۇببە ئۈستىدە پەيدا بولۇپ، ئەزان ئېيتىپ، نامازخانلارنى بامدات نامىزىغا چاقىراتتى. ئۇلار ئاللانىڭ ئۆيى ئۆگزىسىگە يوشۇرۇنۇۋالغان بۇ ئاق تەنلىكنى چوقۇم كۆرۈپ قالاتتى. بۇ — ئۆلۈمدىن دېرەك بېرەتتى، ھېچكىممۇ ئۇنى بۇ بالايى-قازادىن ساقلاپ قالالمايتتى.

ئۈچ سائەتتىن كېيىن شۆھت يەنە ئاستا يولغا چىقتى. ئۇ مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىدىن ئەڭ يېقىن يەنە بىر ئۆگزىگە چىقىپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ توسۇق تامدىن ئۆتتى. ئۇ مۇشۇنداق قىلىپ، بىرمۇنچە ئۆگزىدىن ئۆمىلەپ ئۆتۈپ چوڭ كوچا بويىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە يېتىپ كەلدى. ئاندىن ئۇ پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ، كوچىدا جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. تار كوچىدىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇممانىڭ ئادەملىرى! ئۇلار مېنى كۆرۈپ قاپتۇ-دە! شۆھت يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، بىرنەرسىگە پۈتلىشىپ سەنتۈرۈلۈپ كەتتى-دە، ئىككىنچى پاي ئوقتىن ساقلىنىپ قالدى، ئوق ئۇنىڭ بېشى ئۈستىدىن ۋىژىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. تۇيۇقسىز ئۇ ۋارقىراشقا باشلىدى، قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋاز كېچە ئاسمىنىدا جاراڭلىدى:

— ۋاي قۇتقۇزۇڭلار! قۇتقۇزۇڭلار! مېنى قۇتقۇزۇڭلار!

ژاندارما ئەترىتىنىڭ بىناسى ئوپۇر-توپۇر بولۇپ كەتتى،

www.uyghurkitap.com

رەتسىز كېيىنگەن بىرنەچچە ئادەم ئېتىلىپ چىقتى، ئۇلار جىنىد-نىڭ بارچە يۇگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئەرنىڭ كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارغا ئوق ئۈزدى. قاچقۇچى سەنتۈرۈلۈپ، بىرقانچە قەدەم يۇگۈرۈپلا يىقىلىپ چۈشتى. ئىككى ژاندارما ئۇنى كۆتۈرۈپ، ژاندارما ئەترىتى بىناسىغا ئېلىپ كىردى.

—بىز بۇنداق ئىشقا ئەسلا يولۇقۇپ باقمىغان! —دېدى ملادشى لېيتېنانت دەرىجىلىك قاراۋۇلخانا باشلىقى، —ئاق تەنلىك ئادەمغۇ بۇ! ئاغىنىلەر، ئىشنىڭ قىزىقى ئەمدى چىقىدىغان بولدى.

ئەتىگەندە فاتىخنىڭ ئۆيى ژاندارما قوشۇن تەرىپىدىن قورشىۋېلىندى. قورۇق دەريا قىنى، كوچا، باغ ئەتراپى، ھېلىقى ”ئۆي“نىڭ ئالدى ئەسكەرلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئۇلار قورشاۋنىڭ ئىچىدىكى ھەربىر شەپىگە دىققەت قىلاتتى. يولدا بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان ئەرەبلەر ئۈنچىقماستىن، زىتلىشىش، دۈشمەنلىك، ئۆچمەنلىك كەيپىياتىدا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ سۈكۈتى ئىچىگە قۇملۇقنىڭ سىرلىق ۋەھىمىسى شۇنداقلا تونۇردەك ئىسسىق تۇپراققا خاس قەيسەرلىك ۋە رەھىمسىزلىك يوشۇرۇنغانىدى.

شۆيت بىلەن ملادشى لېيتېنانت دەرىجىلىك قاراۋۇلخانا باشلىقى فاتىخنىڭ ئالدىغا كەلدى. فاتىخ ئۆزۈن دىۋاندا، قەن كۆپ سېلىنغان قويۇق قەھۋەنى ئىچىپ ئولتۇراتتى.

—ئەپەندىلەر نېمە قىلماقچىسىلەر؟ —ئۇ ساپ فرانسۇز تى-

لىدا سۆزلىدى، كىشىلەر بۇنىڭ پارىژ تەلەپپۇزى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيتتى،—بۇ يەر پۈتۈنلەي تىنچلىققۇ!

—ھېلىقى ئاق تەنلىك قىز قەيەردە؟—شۆھبەت بىرنى ئۇ-رۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى ئەينەك ئىستاكاننى چۇشۇرۇۋەتتى. ئىستاكان قېلىن گىلەم ئۈستىدە جاراڭ قىلىپ سۇندى، جىگەر رەڭلىك سۇيۇقلۇق گىلەمگە سىڭىپ كىرىپ، بىر پارچە سەت داغ پەيدا قىلدى. فاتىخ چۆچىگەن ھالدا قاشلىرىنى يىمىرىپ، سۇنۇپ كەتكەن ئىستاكانغا قارىدى. ئۇ ھېچقانچە ھاقارەتكە ئۇچ-رىمىغاندەك ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، ئۇنچىقماستىن ئاستا بۇرۇ-لۇپ شۆھبەتقا قارىدى،—قايسى ئاق تەنلىك قىز؟—ئۇ بېشىنى چايقاپ دېدى،—مەن دېگەن ئەرەب، مېنىڭ ئاق تەنلىك ئايالىم يوق!

—ئۇ قىز سېنىڭ ئۆيىڭدە! ھېلىقى بالكونى باغقا قارايدى-غان ئۆيدە. يەنە ھېلىقى ئۆلتۈرۈلگەن كۆزەتچىچۇ؟

—ئۆلتۈرۈلگەن كۆزەتچى دەمسىزا؟—فاتىخ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى، شۆھبەت ئەرەبلەرنىڭ بۇنداق كۈلكىسىگە ئىنتايىن ئۆچلىكى كېلەتتى ۋە ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنەتتى.

—مەن كۆزەتچىنى نېمە قىلىمەن؟ يەنە نېمىشقا ئۇلارنى ئۆلتۈرىمەن؟

شۆھبەت فاتىخقا قاراپمۇ قويماي، تېز-تېز قەدەم تاشلاپ ھېردىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. بالكونى بار بۇ ئۆي ئاللىقاچان يىغىشتۇرۇۋېتىلگەن بولۇپ، يەرنى قېلىن بىر قەۋەت توپا-چاڭ باسقان، ئۇزۇن يىللارغىچە ئادەم ئولتۇرمىغاندەك ھالەتكە كەل-تۈرۈپ قويۇلغانىدى، ئۆينىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق بولۇپ، ھېچقان-

www.uyghurkitap.com

داق ئۆي سەرەمجانلىرى كۆرۈنمەيتتى، ھەتتا قىزىل رەڭلىك رىشاتكىمۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدا يانتاقاندەك قىلاتتى.

باغدىكى قان ئىزلىرى تازىلانغان، چىملار قايتىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇلغان، ھەتتا گۇللەرمۇ سوغۇرۇپ قويۇلغانىدى.

شۆھرەت غەزەپلىنىپ ئۆيگە قايتىپ كىردى، فاتىخ يەنىلا شۇ يەردە قايتىدىن تەييارلانغان قەھۋەنى ئىچىپ ئولتۇراتتى.

—سەن ئۇ قىزنى نەگە ئاپىرىۋەتتىڭ؟—شۆھرەت غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى، —سىلەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپسىلەر-دە! —ئۇ فاتىخقا ئېتىلغانىدى، لېكىن ملادشى لېيتېنانت ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

—تىنچلىنىڭ، —دېدى ئۇ، —ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ، دوكتور ئەپەندى، بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن سىز ئەرەبلەردىن ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەيسىز. قۇملۇقتىكى ئەھۋالنى چۈشىنىشىڭىز، ئۇ ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرىنى قانداق قىيىن-قىستاققا ئېلىپ سوراق قىلغان بولسا، بىزمۇ شۇنداق قىلىمىز.

فاتىخنىڭ كۆزىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرسىمۇ، چىرايىنى قىلچىلىك ئۆزگەرتمەي، ملادشى لېيتېنانتنىڭ قولىغا كويزا سېلىشىغا قاراپ تۇردى.

—سىلەر ماڭا ئۇۋال قىلىۋاتىسىلەر، —دېدى فاتىخ مەغرۇر ھالدا، —ئادالەتسىزلىك ئۆچمەنلىكنىڭ ئانىسى.

ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ، ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان جىپ ماشىنىغا چىقتى. ئۇ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇردى. ماشىنا تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ئەرەبلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ئۈنچىقماستىن تەزىم قىلد-

شىپ، قىسىم ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، تارقىلىپ كېتىشتى.

شۇبىت، ملادشى لىيتېنانت بىلەن ھېلىقى چاڭ-توزان باس-قان قۇپقۇرۇق ئۆيگە كىردى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ بالكونغا چىقىپ، باغقا ۋە قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن خارابىلىككە قارىدى.

— ھېلىقى كېچىسى ئۇ مۇشۇ يەردە ئولتۇرغاندا، مېنى كۆرۈپتىكەن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — ئۇ مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدى، ملادشى لىيتېنانت. مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى، ئۇنىڭ كىملىكىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. پە-قەت ئۇنىڭ گېرمانىيىلىك ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن. ئۇمۇ بىزگە ئوخشاشلا ئاق تەنلىك. بىز چوقۇم ئۇنى ئىزدەپ تاپايلى، ملادشى لىيتېنانت.

— قۇملۇق بەكمۇ چوڭ، دوكتور ئەپەندى.

شۇبىت بېشىنى چايقىدى.

— ئەگەر بىر ئادەمنى ئىزدىمەكچى بولساق، يەر-جاھان ھەرقانچە كەڭ بولسىمۇ ئۇنىڭ كارايىتى چاغلىق! بۇنى مەن مۇشۇ 15 يىل ئىچىدە ئۆگىنىۋالغان، — ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئۇنچىقماي ئۆيدىن چىقىپ باغقا كىرگەندىن كېيىن ئاندىن ئېغىز ئاچتى. ئۇ قۇرۇق دەريا قىنى تەرەپتىكى تام يېنىدا تۇرغىنىچە قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بوستانلىققا قارىدى.

— سىز بىر ئادەمنىڭ بىر كېچىدىلا يەنە بىر ئادەم بىلەن، بىر ناتونۇش ئادەم بىلەن چوڭقۇر باغلىنىپ، خۇددى ئۆزىنى ئىككىگە بۆلگىلى بولمىغاندەك يېقىن بولۇپ قېلىشىنى بىلەم-سىز؟

— شۇنداق، دوكتور ئەپەندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# ئۈچىنچى قىسىم

بىسكرانىڭ بازىرىدا بىر تىلەمچى ياتاتتى.

ئۇ ئەما بولۇپ، يېمەكلىكلەرنى پارچە سېتىش دۇكىنىنىڭ سايىسىدا تۈگۈلۈپ ياتاتتى.

شىمالىي ئافرىقىدا ئۇنىڭغا ئوخشاش تىلەمچىلەر سانسىز بولۇپ، ئۇلار قورقۇنچلۇق چېكەتكىلەردەك توپ-توپ بولۇشۇپ شەھەرگە ياكى بوستانلىقلارغا كېلەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، ئۇنى گويا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن خارابە ئۆي، ھېلىقى تىلەمچى بېشىغا قويۇپ ياتقان كېسەك، ياكى ئۆيىنىڭ يېرىق تېمىدىن جىمجىت يەرگە چۈشكەن ئاقۇچ رەڭلىك خوراپ كەتكەن بىر پارچە تاش قاتارىدا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا نەزىرىنى سېلىپمۇ قويمايتتى. سانسىزلىغان يالتىراق لېنتا سودىگەرلىرى، كان رودىسى سېتىقچىلىرى، گاز سۇ ساتقۇچىلار، ئايال سېتىقچى-لار، بېلىق سودىگەرلىرى، موزدۇزلار، خالۋاپلار، دېھقانلار، سېرىكچىلەر، مۇزىكانتلار، ئوغرىلار، باي قەبىلە باشلىقلىرى، ياۋروپا ساياھەتچىلىرى، رەڭلىك ئىرقلاردىن بولغان ساقچىلار ۋە چەت ئەل ئارمىيىسى ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتەتتى،

ئۇلار ئۇنىڭ بىر خىللا ئاھاڭدا غىڭشىپ بىر نەرسە تىلىشىگە پەرۋامۇ قىلمايتتى. ئۇ كۈن بويى شۇ يەردە ئىچىگە بىرنەچچە فرانكلا سىلىنغان ياغاچ چۆچەكنى تۇتقىنىچە ئولتۇراتتى. ئۇ رەھىمدىل ئاللانىڭ كەچتە يەنە ئۆزىگە بىر توغرام نان نېسىپ قىلىشىنى تىلەپ، ئۇنى ھەر كۈندىكىگە ئوخشاش ئۆزىنىڭ بىر ۋاقلىق تامىقى قىلماقچى بولۇشاتتى.

ھاندرىك ئۇنىڭ يېنىدىن بىرقانچە قېتىم ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغانىدى. بۇ دوختۇرنىڭ بىسكراغا كەلگىنىگىمۇ بىرەر ھەپتە بولۇپ قالدى، ئۇ بۇ يەردىن بىر قىسىم ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇپ، بىرقاتار تەجرىبىلەرنى ئىشلىمەكچى ئىدى. فاتتو بۇساددادا ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەن ئەھۋاللار بىسكرادا ھەقىقەتەنمۇ سان ساناقسىز ئىدى. ئۇ ئەرەبلەرنىڭ دۈشمىنى، خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئادەم تۇرۇپ، خۇدانىڭ ھىماتىدىكى نەرسىگە چېقىلىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئوكۇل ساندۇقىنى كۆتۈرگىنىچە كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئائىلىلىرىگە كىرىۋىدى، لېكىن بارغانلا يېرىدە، كىشىلەر ئۆيلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى، بىر-بىرىگە تۇتاش ئۆگزىلەرگە قېچىپ چىقىپ، ئىچى قالايمىقان، ئاسان تاپقىلى بولمايدىغان كەپىلەرگە ياكى قاراڭغۇ يەر ئاستى سۇ يوللىرىغا يوشۇرۇنىۋېلىشتى. ھاندرىك ئامال قىلالماي، ئاخىر ئىككى سانېتارنى ياردەمگە چاقىرىپ، تولغاق كېسىلىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان ئائىلىلەرنىڭ ئۆيلىرىنى تولۇق دېزىنفېكسىيە قىلدى. لېكىن بۇنداق قىلغانىنىڭ نېمە پايدىسى بار دەيسىز؟ ئىككى كۈندىن كېيىن، ھېلىقى كىشىلەر يۇقۇملۇق كېسەل دېگەن نېمىنى پەرۋايىغىمۇ ئېلىپ قويماي يەنە

ئوغرىلىقچە ئۆيلىرىگە قايتىپ كېلىشتى، ئۇلار يەنىلا ئۆزلىرىنىڭ كىيىملىرىنى ھەرتەرەپكە قالايمىقان تاشلاشتى، بۇ كىيىملەرنى كوچىنىڭ بويىدىكى بۇلاق سۈيىدە يۇيۇشنى ياكى ئاپتاپقا سېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمىدى.

شۇ كۈنى دىققەت قىلىشقا ئەرزىگۈدەك بىر ئىش يۈز بەردى. ھېلىقى تىلەمچى پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، تام تۈۋىگە بېرىپ جىمجىت ئولتۇردى. ئۇنىڭ قولىدىكى ياغاچ چۆچەك تىترەيتتى، بېشى ھەرتەرەپكە ئىغاڭلايتتى، ئۇ خۇددى قاراڭغۇلۇقتا ئولتۇرۇپ مۇزىكا ئاڭلاۋاتقاندەك، بېشىنى مۇزىكىغا ماسلاشتۇرۇپ ئىغاڭلىتىۋاتقاندەك قىلاتتى. بىر سائەتتىن كېيىن، ئۇ خۇددى تاشلىۋېتىلگەن بىر ئورام ئەسكى لاتىدەك، تويپا يولغا بىراقلا يىقىلىپ چۈشتى. ئەگەر ئۇنىڭ يۈزى تويپىغا پېتىپ قالمىغان بولسا، بەلكىم كىشىلەر ئۇنىڭغا يەنىلا دىققەت قىلمىغان بولاتتى، چۈنكى نۇرغۇنلىغان تىلەمچىلەر ھېرىپ كەتكەندىن كېيىن چاڭ-توزاندا ياكى سايە جايدا يېتىپ ئۇخلايتتى. رەڭلىك ئىرقتىن بولغان بىر ساقچى بازارنى تەكشۈرۈۋېتىپ ئۇنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ يەردە ياتقان تىلەمچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، تەپتى.

— ھەي، ئىتنىڭ كۈچىكى، — ئۇ قوپاللىق بىلەن ۋارقىرىدى، — تېزراق ئورنۇڭدىن تۇر! سەن ماشىنا يولىدا يېتىۋاپسەن. ئاڭلىدىڭمۇ؟ تېزراق ئورنىڭدىن تۇر دەيمەن، سېسىق ئۆمۈچۈك، بولمىسا قامچا بىلەن ساۋايمەن!

تىلەمچى قىمىرمۇ قىلماي، تۈگۈلۈپ ياتاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى چىڭ يۇمۇلغان، چىرايى تاتارغان، لەۋلىرى جۈپلەنگەن

بولۇپ، سەزگۈسىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى. خۇددى مەلۇم بىر خىل ئازاب ئۇنىڭ تېنى ئىچىدىن سىرتىغا ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بەدىنى توختىماي تارتىشاتتى.

ھېلىقى رەڭلىك ئىرقتىن بولغان ساقچى بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تۇرغىنىچە ئويلىنىپ قالدى؛ ئۇ مۇشۇ يەردە يېتىشۋەرسۇنمۇ ياكى ئۇنى تېپىپ تام تۈۋىگە ئاپىرىۋېتەيمۇ؟ بۇ تىلەمچىلەرنىڭ ئۆزى بىر خىل ئاپەت، كىشىلەر بۇ خىل ئاپەتنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز، چۈنكى بۇ دۆلەت ئىنتايىن رەھىمسىز، كىشىلەر نامراتلىق بىلەن باياشاتلىقتىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ.

رەڭلىك ئىرقتىن بولغان ساقچى يەنىلا تىلەمچىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. بۇ چاغدا، ھاندرىك بازار تەرەپتىن كەلدى. ئۇ يەردە ياتقان تىلەمچىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئېڭىشىپ سورىدى:

— ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

— بۇ لالما ئىت ھوشىدىن كېتىپتۇ، — دېدى ساقچى جاۋابەن، — بىز بۇ مەينەت چوشقىنى بۇلۇڭغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتەيلى.

ھاندرىك زوڭزايغىنىچە ئېھتىيات بىلەن يەردە ياتقان ھېلىقى ئادەمنىڭ بەدىنىنى سىلىدى. تۇيۇقسىز، دوختۇرمۇ تىترەپ كەتتى. ساقچى ئەجەبلەنگەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— نېمە بولدى؟ — سورىدى ئۇ، — سىزگە ياردەم كېرەكمۇ، ئەپەندىم؟

ھاندرىك ئورنىدىن دەس تۇردى، ئۇنىڭ يۈزلىرى قىزىرىپ، تەرلىرى كۆزىگىچە ئېقىپ چۈشكەنىدى. — دەرھال بىر

www.uyghurkitap.com

ماشىنا چاقىرىڭ،—دېدى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا،—بۇ ئادەمنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش كېرەك!

—مۇشۇ قاسماق تىلەمچىنىمۇ؟—ساقچى چۆچىگەن هالدا سورىدى ۋە قىمىرلاپمۇ قويمىدى.

—بولدى سورىماڭ، تېز مېڭىڭ! ئىش ناهايىتى جىددىي! سىز پەقەت تېزلىكتە بىر ماشىنا چاقىرىپ كەلسىڭىزلا، بىر مېدالغا ئېرىشەلەيسىز. تېز بولۇڭ، تېز بولۇڭ!—هاندرىك يەنە ئېڭىشىپ، هېلىقى هوشىدىن كەتكەن تىلەمچىنىڭ ئاشقازىنىنى بېسىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئاندىن يەنە ئۇنىڭ قاپىقىنى تەتۈر ئۆرۈپ، كۆز قارىچۇقىنى تەكشۈردى،—خۇداغا شۈكۈر، —دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا،—بەلكىم مەن ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالالىشىم مۇمكىن...

هېلىقى ساقچى كۆڭلىدە، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئىچىدە بىرمۇ ساق ئادەم يوق دەپ ئويلىدى، شۇڭا ئۇ ماشىنا تېپىشقا ئانچە كۆچىمىدى. ئۇ پەقەت شەرقلىقلەرگە خاس بەخارامانلىق بىلەن يول تۆپىسىدە تۇرۇپ، بازار تەرەپكە كېلىۋاتقان بىرىنچى پىكاپنى توستى. ئۇ پىكاپ ئىشىكىنى ئېچىپ، كېيىنكىدە ۋارقىراپ-جارقىراپ، قولىنى پۇلاڭلىتىۋاتقان شوپۇرنى تارتىپ چۈشۈرۈپ، تازا كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق ئۇردى، ئاندىن ئۆزى رولنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، پىكاپنى هەيدەپ هاندرىكنىڭ يېنىغا كەلدى.

—مانا بىر ماشىنا تېپىپ كەلدىم، ئەپەندىم،—دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.

هېلىقى شوپۇر يولدا تۇرغىنىچە ھۆركىرەپ، مۇشتلىرىنى

پۇلاڭلىتىپ، قۇملۇقتا ئىشلىتىلىدىغان بارلىق يامان تىللار بى-
لەن ھېلىقى ساقچىنى تىللاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىلەن ھېچكىم-
نىڭ كارى بولمىدى ۋە بىرەرى توختاپ بۇياققا قاراپمۇ قويمى-
دى. ئاھ خۇدا، بىر ساقچى بىر ماشىنىنى بۇلاپ كەتتى! ئاللا
بۇ ئىت كۆچۈكىنىڭ جاجىسىنى بېرىدۇ. ئاللا دېگەن ئۇلۇغ!

ھاندرىك ئېھتىيات بىلەن تىلەمچىنىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ،
ئۇنى يۆلىدى، ئاندىن ئاچلىقتىن بىر تېرە، بىر سۆڭەك بولۇپ
قالايلا دەپ قالغان بۇ ئەرنى پىكاپقا چىقىرىپ، كەينى ئورۇندۇققا
ياتقۇزدى، ئۆزىمۇ پىكاپقا چىقىپ، ساقچىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى.

— پىكاپنى ھەيدەڭ، تېزراق ھەيدەڭ، — دېدى ئۇ ئېغىر
نەپەس ئېلىپ.

بىسكرادىكى ئاق رەڭلىك بىنا ھەربىي دوختۇرخانا بولۇپ،
نۇرغۇنلىغان ئۈستى ئوچۇق بالكون ۋە چوڭ دېرىزىلىك ئۆيلىرى
بار ئىدى. بۇ بىنانىڭ ھەممىلا يېرىدە شىر-شىر ئاۋاز چىقىرىپ
ئايلىنىۋاتقان شامالدۇرغۇچلار بولۇپ، كارىدور ۋە دالانلار پاكىز
ھەم يورۇق ئىدى. ھېلىقى كونا پىكاپتا ھوشىدىن كەتكەن،
مەينەت تىلەمچى كۆتۈرۈۋېلىش ئورنىغا ئېلىپ كېلىنگەندە، بۇ
يەردىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چۆچۈپ كەتتى.

ھاندرىك بىلەن ساقچى تىلەمچىنى كۆتۈرۈپ كۆتۈۋېلىش
ئۆيىگە كىرگەندە مەسئۇل ۋراچ، مايور فۇئىل مۇشۇ يەردە
بولۇپ، ئىككى سانىتار بىلەن يېڭىدىن دوختۇرخانىغا قوبۇل
قىلىنغان كېسەللەرنىڭ تىزىملىكىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، — دېدى فۇئىل كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز
يولدىكى چۈسىلارنى يىغىۋاتامسىز نېمە؟! سۆيۈملۈك ھاندرىك

دوختۇر، سىز بۇنى نەدىن تېپىپ كەلدىڭىز؟

—بازاردىن، —دېدى ساقچى ئەلەم بىلەن. ئۇنىڭغا بىر تىل-لەمچىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىش ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىل-غاندەك تۇيۇلدى، —ئۇ يولدا يېتىپتىكەن، مەن بۇ بەتبەختنى بىر تەرەپكە تېپىۋېتەي دەپ تۇرسام، بۇ ئەپەندى كېلىپ قالدى. مەن قانداق قىلىمەن؟

—بولدى، بولدى، —فۇئېل هاندرىك ئاللىقاچان زەمبىلگە سېلىپ بولغان تىلەمچىنىڭ يېنىغا كېلىپ سورىدى، — تەكشۈرەمدۇق؟

هاندرىك قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتىۋېتىپ، ساقچىغا 500 فرانك بەردى. ساقچى هەيرانلىق بىلەن بۇ ئاز بولمىغان بايلىققا قاراپ، هەربىيچە سالام بەرگەن-دىن كېيىن دوختۇرخانىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ كۆڭ-لىدە، ئەگەر هېلىقى ئاق تەنلىك ماڭا نېمە بەرگىنىنى ئېسىگە ئېلىپ قالسا، بەلكىم ئۇ پۇلنى قايتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن، بىر تىلەمچى ئۈچۈن 500 فرانك تاپسام، ئەزبىرايى، بولدى مەن ئۇنىڭغا هەر كۈنى 100 تىلەمچى يىغىپ بېرەي، دەپ ئويلىدى.

فۇئېل هاندرىكتىن سورىدى، —قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ، كەسىپدىشىم؟

—ئاچمىدى! تەلەي ئۆڭدىن كەلدى. مانا بۇ بىز تەتقىق قىلماقچى بولۇۋاتقان ۋىرۇسلۇق تولغاق. مەن ئاخىر قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان بىر كېسەللىك مىسالىغا ئىگە بولدۇم.

فۇئېل هاڭ-تاڭ قالغان هالدا تىلەمچىگە قاراپ، ئاندىن كارىدور تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى. بىرنەچچە سانىتار يۈگۈرۈپ

كەلدى.

— ھەممىڭلار ئۆز ئورنىڭلاردا تۇرۇڭلار، — دېدى فۇئىل جېكىلەپ، — ئايرىم بىر ئۆينى بوشىتىڭلار! ئۈچىنچى نومۇرلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىنى تەييارلاڭلار! بىز ئىككىمىز 20 مىنۇتتىن كېيىن ئوپېراتسىيىگە كىرىشىمىز.

پۈتۈن دوختۇرخانىدا بىر خىل جىددىيلىك پەيدا بولدى. ئۈچىنچى نومۇرلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيى ئەسلىدە يارىسى يىرىڭداپ كەتكەن يارىدارلار ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىدىغان ئۆي بولۇپ، بىردەمدىلا تەييارلاپ تەق قىلىندى. گېرمانىيىلىك دوختۇر بىر ۋىرۇسلۇق تولغاق كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىر ئادەمنى ئېلىپ كەپتۇ دېگەن خەۋەر پۈتۈن دوختۇرخانىغا شامال-دەك تېز تارقالدى، بۇ بىسكرا بويىچە ياتاققا ئېلىنىپ داۋالىنىدىغان تۇنجى كېسەل ئىدى.

ھاندرىك بىلەن فۇئىل دېزىنفېكسىيە قىلىش سۇيۇقلۇقىدا قوللىرىنى يۇيغاندىن كېيىن، ئىككى سېستىرا ئۇلارنىڭ قولىغا ھەم نېپىز ھەم چىڭ رېزىنكە پەلەينى كىيدۈرۈپ قويدى. ئۈ-چىنچى نومۇرلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىنىڭ ئوپېراتسىيە ئۈستىلىگە كىيىملىرى ئالدىقاچان سېلىنىپ، بەدىنى يۇيۇلغان ھېلىقى تىلەمچى ياتقۇزۇلدى. گەرچە يوپ-يورۇق كۈندۈز بول-سىمۇ، ئۆيگە يەنىلا چوڭ چىراغ يېقىلدى، كېسەل كىشىنىڭ ئورۇق بەدىنى چىراغ نۇرىدا سۇس كۆكۈچ كۆرۈنەتتى، شامال-دۇرغۇچ شىرىلداپ ئايلىناتتى، ئۆينى فېنول ۋە تەر پۇرىقى قاپلىغانىدى، تىلەمچىنىڭ كىيىملىرى ئوپېراتسىيە ئۈستىلىنىڭ يېنىدىكى ئەخلەت ساندۇقىدا تاشلاقلىق تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

هاندرىك بىلەن فۇئىل ئېغىشىپ كىيىملەرگە قاراپ، قىسقۇچ بىلەن ئۇنى يايدى. هاندرىك يېقىن كېلىپ قاراپ بېقىپ، ئاندىن بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇچەي يېپىشقاق سۇيۇقلۇقى بىلەن قان ئارىلىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ ئاستا، — سىز دەرھال ئۇلارنى تەجرىبىخانىدا هۇجەيرە تەجرىبىسى ئىشلەپ، ئاجراتمىلارنى تەهلىل قىلىشقا بۇيرۇڭ. ئىشىنىمەنكى، بۇ كېسەللىكتىن بىز ئويلىمىغان نەرسىلەرنى بايقايمىز.

ئىككى سانىتار ئەخلەت ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. هاندرىك بىلەن فۇئىل تىلەمچىنىڭ بەدىنىنى ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈشكە باشلىدى. بۇرۇن ئۇلار نەچچە مىڭ تولغاق كېسەلنى تەكشۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ چاغدىكى بۇ خىزمەت ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا پۈتۈنلەي رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئىدى، لېكىن هازىر ئۇلار هالىدىن كەتكەن، پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەۋاتقان بۇ تىلەمچىنىڭ تېنىنى سىيپاشتۇرۇۋاتقاندا، ناهايىتى جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلار ئۇچەينى هەممەل قىلىش ئارقىلىق يېپىشقاق سۇيۇقلۇقنى چىقىرىپ، ئۇنى دەرهال تەجرىبىخانىغا ئاپىرىپ بەردى. ئارقىدىن، تىلەمچى هېلىلا بوشىتىلغان ئايرىم ئۆيگە ئېلىپ چىقىلدى ۋە يالتىراق يېپىلغان كېسەل كارىۋىتىغا ياتقۇزۇلدى، هاندرىك ئۆز قولى بىلەن ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

ئۇلار تەجرىبىخانىغا كېلىپ، كېسەل سەۋەبىنى ئانالىز قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار يۇقىرى هەسسىلىك مىكروسكوپ بىلەن

ئۇچەي يېپىشقاق سۇيۇقلۇقى ۋە قاننىڭ ھالىتىنى ئايرىم-ئايرىم تەكشۈرۈپ چىقتى. فۇئىل كۆزەينىكىنىڭ ئارىلىقىنى توختىماي تەڭشەپ، ئاخىر ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا بېلىنى رۇسلىدى.

—ئاناڭنى، —دېدى ئۇ قوپاللىق بىلەن، —يەنىلا شۇ تېپىك تولغاق. لېكىن بۇ بېشىنى يەيدىغان ۋىرۇس قاننىڭ ئىچىدە ئىكەن! ئۇ ساپ قاننى شۇنداق ئوڭايلا بۇزۇپتۇ! ئۇ خۇددى قان راكىغا ئوخشاشلا قورقۇنچلۇق. سىز بۇ تىلەمچىنى ھېسابتىن چىقىرىۋەتسىڭىز بولغۇدەك، ھاندرىك دوختۇر.

ھاندرىك بېشىنى لىڭشىتتى.

—شۇنداق، —دېدى ئۇ ئاۋازىنى سوزۇپ، —ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ جەسىتىنى—ئۇنىڭ كېسەللىك تارقاتقۇچى قېنىنى ساقلاپ قالماقچىمەن! ئۇ مېنىڭ بىر قاتار سىناقلىرىمغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىدۇ. بىز ھازىر بۇ خىل قاننى مايمۇن ۋە ئىتلارنىڭ تومۇرىغا ئۇرۇپ، بۇ خىل كېسەلنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى تەپسىلىي تەتقىق قىلساق بولىدۇ.

فۇئىل بېشىنى چايقاپ قويدى، ئاندىن ئەتىر سوپۇن بىلەن قولىنى يۇيۇپ، قويۇق سوپۇن ماغزىپىنى بىلەكلىرىگىچە سۈردى. ئۇ خۇددى ماخاۋ كېسىلىنىڭ ۋىرۇسلىرىنى چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك، بىر قاتتىق چوتكا بىلەن بىلەكلىرىنى چوتكىلىدى.

—ئەگەر بۇ ئىشنى باشقىلار ئۇقۇپ قالسا، سۆيۈملۈك كەسپىدىشىم، ئۇ چاغدا سىز كۈپكۈندۈزدە ۋە كۆپچىلىكنىڭ كۆز ئالدىدىلا رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلۈپ، يول بويىغا چۆ-

روُپ تاشلىۋېتەلمىسىز. بۇ ئادەم گەرچە كىشىلەر ھۆرمەت قىلـ‌مايدىغان تىلەمچى بولسىمۇ، لېكىن مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بۇ ئۇممىتى ئاللانىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغان بىزدەك ئاق تەنلىكلەرـ‌نىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا، ئەسەبىي مۇسۇلمانلارنىڭ نەزىرىدە بۇ بىچارە تىلەمچىمۇ دىن ئۈچۈن شېھىت بولغۇچىغا ئايلىنىدۇ،

— ئۇ قولىدىكى چوتكىنى ئەينەك پەتنۇسقا سېلىپ، ئاندىن قولىـ‌دىكى ماغزاپ يۇقىنى يۇيۇۋەتتى، — سىزگە ئەسكەرتىپ قوياي، ھاندرىك دوختۇر، سىز تۇرۇۋاتقان بۇ دوختۇرخانا بىخەتەر، لېكىن سىز يەنە قولۇڭىزنى ئىچكىرىلەپ كىرمەكچى بولۇۋاتىسىز، ناۋادا بۇ تىلەمچىنىڭ ئىشى قولاقتىن قولاققا ئاڭلىنىپ قالسا، ئۇنداقتا بىز سىزنىڭ دىدارىڭىزنى مەڭگۈ كۆرەلمەيمىز.

ھاندرىك بېشىنى چايقاپ، ئاق بوغما چاپىنىنى كىيدى.

— بىزنىڭ تەجرىبىمىزنى باشقىلار قانداق ئۇقۇپ قالسۇن، كەسىپدىشىم؟ سىزنىڭ سانىتارلىرىڭىز ئېغىزىنى چىڭ تۇتىدۇ.

— ئۇنتۇپ قالماڭكى، بىزنىڭ ھەربىر كېسەل بۆلۈمىمىزدە ئەرەب چاكارلار بار، ئۇلار ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار يەنە يوق يەردىن پۇتاق چىقىرىشقىمۇ بەك ئۇستا.

— ئۇنداقتا بىز تەجرىبىمىزنى ئايرىم كېسەل بۆلۈمىدە ئېـ‌لىپ بېرىپ، بۇ يەردە ھەربىي قامال يۈرگۈزۈپ، بۇ يەرگە پەقەت گۇۋاھنامىسى بار كىشىلەرنىلا كىرگۈزەيلى، — ھاندرىكنىڭ نەزىرى يۇيۇنۇش ئۆيىنىڭ دېرىزىسىدىن ئۆتتەك قىزىغان يوللارغا تاشلاندى. تومۇز ئىسسىقى قايناپ تۇرغان چۈشتە ئۇ يەر خۇددى مازاردەك جىمجىت بولۇپ، پەقەت ئۇستىـ‌گە يوغان تاشلار ئارتىلغان بىرنەچچە تۆگە تىنجىق ھاۋادا نەپەس

ئېلىپ، ھارغىن ھالدا ئېغىر قەدەملىرىنى يۆتكەپ كېلىۋاتاتتى. ئۈستۈبېشىنى چاڭ-توزان باسقان، پۈتۈن ئەزايى قارا تەرگە چۆمگەن، يەلكىسىنى يالىڭاچلىۋالغان بىر نېگىر ئۆزۈن تاياق بىلەن تۆگىلەرنى ھەيدەۋاتاتتى، — بىز باشقىلارغا، بۇ يەردە كۈچلۈك زەھەرلىك بىر تەجرىبە ئىشلەۋاتىمىز دەپ قويساق بولىدۇ، — ھاندىرىك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، سىز ياردەمچى دوختۇرلارنىڭ ئالدىدىمۇ ئېغىز ئاچماڭ.

— ئۇنداقتا سىزنىڭ دېگىنىڭىز بويىچە بولسۇن، — دېدى فۇئىل ئەلەم بىلەن، — بۇ تىلەمچىنىڭ جەسىتىنى قانداق قىلىمىز؟ بۇ ئىشنى يەنىلا ئەرەبلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلغىنى تۈزۈك.

— ئۇلار جەسەتنى ئېلىپ كەتسە بولىدۇ. ماڭا پەقەت ئۇنىڭ قېنىلا لازىم. بەلكىم مەن يەنە ئۇنىڭ ئۇچېيىنىمۇ چىقىرىۋېلىپ، ئۇنىڭدا يەنە باشقا كېسەل ئۆزگىرىشىنىڭ بار-يوقلۇقىنى ئىسپاتلىشىم مۇمكىن.

— ئۇلار ئوپېراتسىيە ئىزىنى كۆرۈپ قالىدۇ، — دېدى فۇئىل بېشىنى چايقاپ، — يېڭى پىچاق ئىزى بەك خەتەرلىك، ئۇلار بىزنى ئوپېراتسىيە قىلىش پىچىقى بىلەن بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ دېيىشىدۇ.

— ئاغزىڭغا كەلگىنىچە جۆيلىگەنلىك-تە، بۇ! — ھاندرىك ھاياجانلانغان ھالدا دېرىزىنىڭ يېنىغا يۈلۈنۈپ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى، — ئۇنداقتا ئۇلار بىرخىل دىنىي ئەسەبىيلىككە تايىنىپلا، ئۆز ئادەملىرىنىڭ ھايۋانلاردەك ئۆلۈپ كەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلالامدىكەن؟

— ئۇلار شۇنداق قىلالايمىز دەپ قارايدۇ، سۆيۈملۈك كە-

سىپدىشىم، ھەتتا ئۇلار دەل ئاشۇنداق قىلىۋاتىدۇ! قۇمۇلۇقتىكى
بۇ مىللەتنىڭ روھىي خىسلىتى بىزگە پۈتۈنلەي ناتونۇش، بۇنى
چۈشىنىپ بولمايدۇ. ئۇلار ئەڭ ئېغىر ئازابقا چىداپ ئۆلۈپ
كېتىشكە رازىكى، خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرنىڭ ئۆز بەدد-
ىنگە قول تەگكۈزۈشىنى خالىمايدۇ. ئاق تەنلىك دوختۇرنىڭ
قولى تەگكەن بولسا، شۇ ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن
قورقىدۇ، ئۇنىڭ كېسىلى ساقايتىلغان تەقدىردىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ
بەدىنىنى نەچچە يۈز قېتىم يۇيۇپ، ئاللانىڭ كەچۈرىشىنى تىلەي-
دۇ، ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈكىنى كۆزلەپ، جېنىنى قۇتقۇ-
زۇپ قالغان شەپقەتچىسىنىمۇ قارغايدۇ، — فۇئىل قوللىرىنى
كۆتۈرۈپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — تەڭرىنىڭ نامى بىلەن قىلماق-
چى بولغان ئىشلىرىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، كەسىپدىشىم، مەن ئاي-
رىم تەييارلانغان ئۆينى قامال قىلىپ، بىر ھەپتىگىچە مۇھاپى-
زەتچىلەر ئەترىتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ مۇھاپىزەت قىلغۇزۇپ بې-
رەي، باشقىسىغا مېنىڭ ئامالىم يوق. كېيىنكى بىر قاتار
تەجرىبىلەردە، مەن بەلكىم سىزگە ئانچە ياردەم بېرەلمەسلىكىم
مۇمكىن. مېنىڭ خىزمىتىم بەك كۆپ.

ھاندرىك كۈلۈمسىرەپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەلۋەتتە، كەسىپدىشىم. ئۇنىڭدىن باشقا سىزمۇ يەنە
ياشاشنى ئويلايسىز، شۇنداقمۇ؟

— ئەگەر شۇ مۇمكىن بولسا، — دېدى فۇئىل ھاندرىك بى-
لەن قول ئېلىشىۋېتىپ، — ئىككىمىز بىر-بىرىمىزنى ناھايىتى
چۈشىنىشىدىكەنمىز. سىز قالتىس ئادەمكەنسىز جۇمۇ، ھاندرىك
دوختۇر، ئىشلىرىڭىز ئوڭۇشلۇق بولغاي.

فۇئىل بۇرۇلۇپ سىرتقا ماڭدى، لېكىن ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ يەنە توختىدى.

—سىزگە يەنە نېمە كېرەك؟—سورىدى ئۇ.

—قىرىق مايمۇن، ئون ئىت ۋە يۈز چاشقان.

—ئەتە ئەكىلىپ بېرەي. ئۇنىڭدىن باشقىچۇ؟

—ئەمدى بولار. يا بولمىسا يۇقىرى ھەسسىلىك مىكروس-كوپتىن بىرنى تېپىپ بېرەلەمسىزكىن.

—گېرمانىيە ئەينىكىدىن ياسالغىنىنى، شۇنداقمۇ؟

—تاپتىڭىز.

فۇئىل كۈلۈپ كەتتى.

—سىلەر گېرمانىيىكلەر شۇنداق ھاكاۋۇر كېلىسىلەركى، ئادەم چىداپ تۇرالماي قالىدۇ،—دېدى ئۇ،—بىرنى تاپالايمەنمۇ—يوق، سىناپ باقاي. گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن نەرسىلەرگۇ ھەقىقەتەنمۇ يامان ئەمەس.

ئون مىنۇتتىن كېيىن، ھاندرىك ھېلىقى ھوشىدىن كەت-كەن تىلەمچىنىڭ كارىۋىتى يېنىدا ئولتۇردى. بۇ كېسەل رايونى قامال قىلىنىپ، تىلەمچىنىڭ كىيىملىرىمۇ كۆيدۈرىۋېتىلدى. ھاندرىك ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتتى. تومۇرىنىڭ سوقۇشى ئاجىز بولۇپ، مىنۇتىغا پەقەت 53نىلا سوقاتتى. ھاندرىك تىڭشىغۇچنى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە قويۇپ، يۈرەك سوقۇشىنىڭمۇ تەكشى ئەمەس-لىكىنى سەزدى. كېسەل كىشىنىڭ ئۆپكىسىنىڭ سول قانىتىدى-كى ئاۋاز ئۆزگىرىشىنى ئىنچىكىلەپ ئاڭلاپ، ئاندىن ئۇنىڭ كۆكرىكى بىلەن دۈمبىسىنى چېكىپ تەكشۈردى. ئۆپكە سىلى! ئاچلىق ۋە قۇۋۋەت يېتىشمەسلىك ئۆپكىدە كېسەل ئۆزگىرىشىنى

كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ. ئۇنىڭ تولغىنىپ تۇختىغان تەقدىرىدىمۇ (بۇ ئەمەلىيەتتە مۇمكىن بولمىغان ئىشقۇ) ئۆپكە سىلىدىن ئۆ- لۈپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ.

هاندرىك نىپىز يالتىراق ئۈستىدە يالىڭاچ ياتقان كېسەلنى ئۇزاققىچە كۆزەتتى. ئۇنىڭ بەدىنى بىر تېرە بىر سۆڭەك بولۇپ قالغان، قېنى قېچىپ، قۇرغاقلىشىپ كەتكەن تېرىسى قوڭۇر كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ياڭاق سۆڭىكى ۋە تاڭلاي سۆڭىكى پولتىيىپ چىققان، چىرايى خۇددى ئۆلۈك ئا- دەمگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئورۇق پۇتلىرىدا بىرنەچچە چوڭ تاتۇق بولۇپ، بۇ چىقان چىققاندىن كېيىن قېپقالغان ئىز ئىدى.

ئۇ قانچە ياشلاردا باردۇ؟ هاندرىك شۇنى ئويلىغاچ ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدى. ئۇنىڭ يېشى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىش تەس بولۇپ، قارىماققا بىر بوۋايغىلا ئوخشايتتى، بىراق ئۇ مەندىن ياش بولۇشىمۇ مۇمكىن. كىممۇ ئۇنىڭ يېشىنى سوراپ يۈر- سۇن-هە! ئۇ هەر كۈنى بىسكرا بوستانلىقىنىڭ بازىرىدىكى تام تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، ياغاچ چۆچەكنى تەڭلەپ، هەر بىر ئۆتكەن يولۇچىدىن بىرنەرسە تىلەيدۇ. ناۋادا ئاق تەنلىك ساياهەتچىلەر بىسكراغا كەلسە، ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ بىرەر هەپتە- لىك تۇرمۇشىغا يېتەرلىك سەدىقىگە ئىگە بولالىشى مۇمكىن. لېكىن، ئاق تەنلىكلەر بۇنىڭ پەقەت مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن تى- لەمچىلەرنىڭ ئىچىدىكى بىرى ئىكەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن؟ ئاف- رىقىنىڭ هەممىلا يېرىدە ياغاچ چۆچەكلىرىنى كۆتۈرۈپ تىلە- چىلىك قىلىۋاتقان تىلەمچىلەر دېگەن هەددى-هېسابسىز. ئۇ

بەزىدە ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيمۇ قالىدۇ، بۇنداق چاغلاردا ئاخ-شاملىرى ئاچ قورساقلا بىر بۇلۇڭدا خۇددى ئىتقا ئوخشاپ تۈگۈ-لۈپ ئۇخلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئارىدىن ئىككى-ئۈچ كۈن ئۆت-كەندە بىرەر دېھقان ئۇنىڭغا بىرەر تال سېپىشقا باشلىغان ئالما ياكى زەيتۇن بېرىشىمۇ مۇمكىن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خۇدانىڭ ھىممىتىگە شۈكۈر-سانا ئېيتىپ، ھەممىنى بىراقلا يەۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ كۈننىڭ كەينىدىن ئاي، ئاينىڭ كەينىدىن يىل ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. . . تۇرمۇشىدا قىلچىمۇ ئۆزگىرىش بولمايدۇ، ئۇ مەڭگۈ دەپسەندە قىلىنغان تىلەمچى، ئىنسانلار كىيىمىنى كىيىۋالغان، لېكىن مىليونلىغان نامراتلار قوشۇنى ئىچىدىكى ئاللا تەرىپىدىن ئۇنتۇپ قېلىنغان ھايۋان سۈپىتىدە ياشاۋېرىدۇ.

ھازىر ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا تۇرماقتا. . . تولغاقتىن، ئۆپكە سىلى كاساپىتىدىن ئۆلىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ جېنىغا زامىن بولىۋاتقىنى ئاشۇنداق تۇرمۇش، بىسكرادىكى چاڭ-توزان بىلەن تولغان نامرات تۇرمۇش. تىلەمچى ئىگراپ يەنە قان ۋە يېپىشقاق سۇيۇقلۇق قۇسۇشقا باشلىدى. ھاندرىك ئۇنىڭغا كىروبىل ئوكۇلىنى ئوردى ۋە ئۇنىڭ قۇسۇقىنى بىر ئەينەك پەتنۇسقا يىغىشتۇردى.

كۆپ يىللىق دوختۇرلۇق ھاياتى ئۇنىڭغا كۆڭلى ئاينىشنى تىزگىنلەشنى ئۆگەتكەنىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ بىر ئىلىم-پەن، بىر ناتونۇش دۆلەتكە سىڭىپ كىرىپ، رەھىمسىز، قەبىھ دۈشمەنگە جەڭ ئېلان قىلىش. ئۇنىڭ كۆرۈۋاتقىنى پەقەت ۋىرۇس—مىكروسكوپتىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان بىر خىل كې-

سەللىك سەۋەبچىسى، بىر توپ ۋىرۇسلار قەبىلىسى، بىرخىل زەھەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆلۈم ئىدى.

فۇئىل ئۆيگە كىرىپ، ھاندرىكنىڭ تىلەمچىنىڭ يېنىدا ئېغىشىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— ئۆلدىمۇ؟ — سورىدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— ياق تېخى، بىراق ئۇزاققا بارمايدۇ. ئۇنىڭ بەدىنىدە ئازراقمۇ قارشى تۇرۇش كۈچى قالماپتۇ، — ھاندرىك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، — سىزنىڭچە ئۇنىڭغا بىر قېتىم قان بېرىپ باقساق پائداق بولار؟

— ئۇنۇمى يوق دېيەرلىك! — فۇئىل رەت قىلىش نەزىرى بىلەن كەسىپدىشىگە قارىدى، — ئۇنىڭ قېنىدا ۋىرۇس بار. — دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا، مەن يېڭى قان بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يېڭى ھاياتقا ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بار-يوقلۇقىنى كۆرۈپ باقماقچى ئىدىم!

فۇئىل چۆچىگەن ھالدا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ھاندرىككە قارىدى.

— لېكىن كىممۇ بۇ پاسكىنا تىلەمچىگە قان بەرسۇن؟ مۇداپىئە ئەترىتىدىكى ياشلارمۇ؟ ھەرگىز بولمايدۇ!

— ئىشنى ئىرق مەسىلىسىگە ئاپىرىپ تاقىماسلىق كېرەك، بۇ بىر ئادەمنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، كەسىپدىشىم! — دېدى ھاندرىك قاتتىق ئاۋازدا.

— بۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ! سىز ئاق تەنلىكلەرنىڭ رەڭلىك ئىرقلارغا بولغان پوزىتسىيىسىنى، شۇنداقلا رەڭلىك ئىرقلارنىڭ ئاق تەنلىكلەرگە تۇتىدىغان پوزىتسىيىسىنى چۈشەن-

مەيسىز. سىز بىزنىڭ دۆلىتىمىزگە يەنىلا يېڭى... — سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار... —ھاندرىك نەزىرىنى ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان ئىلەمچىدىن فۇئىلغا يۆتكىدى، — ئەگەر سىلەر بۇ يۇقۇملۇق كېسەلگە قارشى كۈرەش قىلمىساڭلار، ئۇنداقتا ئۇ مەڭگۇ سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلارغا ئايلىنالمايدۇ! سىلەرنىڭ قوشۇنىڭلار بۇ يەردە پۇقرالارنى ئۆلتۈرمەي، ئەكسىچە بىر ئالىيجاناب ئىش قىلىپ، ئۇلارنى قۇتقۇزۇۋېلىشى كېرەك! بۇمۇ بىر خىل مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتى! سىياسەت بولغاندىمۇ ئەڭ ياخشى سىياسەت! — ئۇ يەنە ئىلەمچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، دېزىنفېكسىيە قۇتىسىدىن ئوكۇل يىڭنىسىنى ئېلىپ، تومۇرىغا شپىرىستا سالدى، — مەن ھازىر ئۇنىڭ قېنىنىڭ قايسى قان تىپىغا كىرىدىغانلىقىنى تەكشۈرتۈپ كۆرەي. 20 مىنۇتتىن كېيىن، قان بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى تەييارلىنىسۇن. قان تىپى ئېنىقلانغان ھامان سىزگە خەۋەر قىلىمەن. 20 مىنۇتتىن كېيىن، قان بېرىدىغان بىرەرسىنىڭ ئىشىك ئالدىدا پەيدا بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

— سىز ئالجىر باش شتابىدىن كېلىدىغان قىيىنچىلىقنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ! — دېدى فۇئىل قاتتىق ئاۋازدا، — مەن ئۇلارنىڭ باشقىچە پىكىردە بولۇشىنىمۇ نەزەرگە ئالمىسام بولمايدۇ.

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرىڭ، كەسىپدىشىم! خەت-ئالاقە ئارقىلىق ۋىرۇسلارنى يوقىتىش غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈۋېرىڭ! بۇ مەزگىلدە مەن سەكراتقا چۈشۈپ قالغان كىشىلەرنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيمەن. سىز ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ لېكىن 20 مىنۇتتىن كېيىن، قان بېرىدىغان بىرسى

www.uyghurkitap.com

بۇ يەرگە كەلسۇن!

بۇ گەپ فۇئىلنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەچكە، ئۇ يۇزلىرى قىزارغان هالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ دەرهال بىسكرادا تۇرۇشلۇق ھەربىي قوماندانغا تېلېفون بېرىپ، گېرمانىيىلىك دوختۇرنىڭ بۇ ساراڭلارچە خىيالىنى دوكلات قىلدى. قوشۇن قوماندانى، مايور بولت بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ۋارقىراپ كەتتى:

—بولمايدۇ! بولمايدۇ! بىر پاسكىنا ئەرەب تىلەمچىگە قانداقمۇ قان بەرگىلى بولسۇن؟ ئۇ ئاداش ساراڭ بولۇپ قاپتۇ! مەن قوشۇلمايمەن! ئاڭلىدىڭىزمۇ، قوشۇلمايمەن!

تۆت مىنۇتتىن كېيىن، قاننىڭ O تىپلىق قان ئىكەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر كەلدى. فۇئىل دوختۇر يەنە تېلېفوننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، مايور بولت بىلەن سۆزلەشتى:

—ئۇنىڭ ئالجىردىكى بىر گېنېرال ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن خېتى بار ئىكەن! ئۇ ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە نەرسىگە ئېرىشسە بولىدىكەن! ئەسكەرلەرنىڭ قېنىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە! شۇنداق، ئۇنىڭ بۇلارغا ئېرىشىش ھوقۇقى بار ئىكەن، مايور ئەپەندى. مەن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن، ماڭا O قان تىپىدىكى بىر ئادەم كېرەك. مەن ئالجىر تەرەپكە ئۆز پىكرىمنى بېرىمەن، لېكىن ھازىر ئالدى بىلەن مۇشۇ خىل قان تىپىدىكى ئادەمنى تاپمىسام بولمايدۇ.

20 مىنۇتتىن كېيىن، چەت ئەل ئارمىيىسىنىڭ ياش بىر ئەسكىرى—بېلگىيىلىك كىشى تىلەمچىنىڭ يېنىدىكى قاتلانما كارىۋاتتا ياتتى. تىلەمچى نەپەستىن قىينالغانلىقتىن گېلى خى-

رىلدايتتى. فۇئىل ئۇنچىقماستىن، چىرايى غەزەپلىك تۇس ئال-
غان هالدا هاندرىككە ياردەملىشىپ ئىككى رېزىنكە شىلانكىنى
كېسەل كىشى بىلەن قان بەرگۈچىنىڭ ۋېناسىغا ئۇلىدى.
هاندرىك بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئاچچىقلىنىۋاتقان كەسپدىشىگە قا-
راپ قويدى.

—ئاۋۋال 300 گرام ئالايلى، —دېدى هاندرىك تۆۋەن ئا-
ۋازدا.

—بولىدۇ، —دېدى فۇئىل قورسىقى كۆپكەن هالدا، —ئۇ
زادى قانچىلىك قانغا موهتاجكەن؟

—مەن ئۇنىڭ بارلىق قېنىنى پەيدىنپەي ئالماشتۇرۇۋەت-
مەكچىمەن.

—بەش كىلولىتىر قاننىڭ هەممىسىنى ئالماشتۇرماقچىمۇ
سىز؟

—توغرا ئېيتتىڭىز.

فۇئىل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

—ۋاي خۇدايىمەي، هاندرىك دوختۇر، —دېدى ئۇ زەردە
بىلەن، —بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز، بىر نېگىرنى ساپ گېرمانىيە-
لىككە ئايلاندۇرۇپ قويغۇدەكسىز...

چەت ئەل ئارمىيىسىنىڭ ياش ئەسكىرىنىڭ ساپ قېنى
ئەرەب تىلەمچىنىڭ قان تومۇرىغا ئاستا-ئاستا ئېقىپ كىرىشكە
باشلىدى...

جېككۇرىن دۇمبىلا، بىسكرانىڭ تۇرمۇشىغا كۆنۈپ كەتتى.

ئۇ تەڭداشسىز كۈچ ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ھاندرىكنىڭ تەجرىبە-
خانا قىلىشى ئۈچۈن فۇيىلدىن بىر ئېغىز چوڭ ئۆينى قولغا
كەلتۈردى. فۇئىل بۇ گېرمانىيىلىك دوختۇرنى باشلاپ ئۆيگە
كىرگەندە، ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا ئولتۇراتتى.

— سىزنىڭ مۇشۇنداق بىر ئاسلاننى يول ئاچقۇچى ئاۋانگارت
قىلىپ ئەۋەتكىنىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالمايمەن، — دېدى فۇئىل
ھاندرىككە قاراپ، — سىزنىڭ تەجرىبىخانىڭىز ئۈچۈن، ئۇ پۈتۈن
ھەربىي دوختۇرخانىنى قالايمىقان قىلىۋەتتى! ئۇ مەقسىتىگە
يەتتى، ئۇ ئالۋاستىنىڭ يېنىدىمۇ مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ! كىممۇ
مۇشۇنداق بىر خانىمنىڭ تەلىپىنى رەت قىلالىسۇن؟

ئۇ ئاق خالات كىيىپ پروبىركىلار بىلەن تولغان ئۈستەل-
نىڭ يېنىدا ئولتۇرغان جېككۈرىننى قولى بىلەن ئىما قىلىپ
كۆرسەتتى. ئۇ قىز پۈتۈن كۈچى بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىۋاتقان
بولسىمۇ، يۈزلىرى يەنىلا قىزىرىپ كەتتى، ھاندرىكنىڭ كۆز
نۇرى ئۇنىڭ تىنچ كۆڭلىنى داۋالغۇتۇۋەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇ-
رۇپ گېرمانىيىلىك بۇ دوختۇر بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— مېنىڭچە، مەن سىزنىڭ ئارزۇيىڭىز بويىچە ھەممىنى
بېجىرىپ بولدۇم، — دېدى ئۇ تۆۋەن ئاۋازدا، — مەن ھەممىنى
قولغا كەلتۈردۈم، پەقەت كېسەللىك باكتېرىيىسى بار قاننىلا
تاپالمىدىم. چۈنكى بۇنداق ئادەم قېنى يوق ئىكەن، بۇنى ئەپۇ
قىلىشقا بولار دەيمەن. ھايۋانلارنىڭ قېنى بولسا ئېشىپ-تېشىپ
تۇرۇپتۇ.

فۇئىل بېشىنى چايقىدى.

— بۇ گەپلەر بىر گۈزەل خانىمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتىدۇ!

بۇ ئادەمنى تولىمۇ ھاياجانلاندۇردۇ جۇمۇ، خانىم! — ئۇ ئەدەپ بىلەن تەزىم قىلدى، — سىزنىڭ لەۋلىرىڭىز ھايۋانلارنىڭ قېنى ئۈستىدە سۆھبەتلەشىشكە ئەمەس، سۆيۈشۈشكىلا يارالغانىكەن...

بۇ، ھاندرىك بىسكراغا يېتىپ بارغاندىن كېيىنكى بىر ئىش ئىدى. ئۇ چاغدا جېككۇرىن ئۇنى ئۇنىڭ ياتىقىنى كۆرۈشكە باشلاپ كەلگەنىدى. بۇ، قۇياش نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان چوڭ ئۆي بولۇپ، چۈشتىكى قاتتىق ئىسسىقنى توسۇپ تۇرىدىغان پەنجىرىسى بار ئىدى، ئويۇق يېنىغا مۇنچا ئورنىتىلغان، ئۆينىڭ ئىچىگە فرانسىيە ئۇسلۇبىدىكى چوڭ بىر كارىۋات قويۇلغانىدى. بالكوننىڭ رېشاتكىسى شەرق قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ئۇسلۇبىنى بۇزۇپ تاشلىغان بولۇپ، خۇددى ئوردىنىڭكىدەك ھەشەمەتلىك نەقىشلەنگەنىدى.

— تاماقنى باشقا دوختۇرلار بىلەن بىللە ھەربىي ئەمەلدارلار ئاشخانىسىدا يەيسىز، — دېدى جېككۇرىن كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇۋېتىپ، — بىسكرا تولىمۇ نامرات جاي ئىكەن! ياۋروپالىقلارنىڭ نېمە ئۈچۈن نەچچە مىڭ مارك خەجلەپ بۇ يەرگە كېلىپ، سېغىز لايدىن ياسالغان كەپە ۋە مەسچىتلەرنى تاماشا قىلىدىغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. قۇملۇققۇ ناھايىتى سېھىرلىككەن، دەسلەپكى ئۈچ كۈندە خېلى بولىدىكەن، كېيىنكى كۈنلەردە ئادەم ئۆلگۈدەك ھېرىپ كېتىدىكەن... — ئۇ پېشانىسىدىكى چاچلىرىنى قايرىۋېتىپ، كۈلۈمسىرىگەن ھالدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كەچۈرۈڭ دوختۇر، مەن بەزىدە سۆزنى تازا جايىدا قىلالمايمەن. ئاچچىقىم كېلىپ كەتكەن بەزى ۋاقىتلاردا،

خۇددى پارىژنىڭ بېلىق بازىرىدىكى ئايال سېتىقچىلارغا ئوخشاش ئادەم تىللاپمۇ سالىمەن، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە كىشىنى مەپتۇن قىلغۇدەك ئوماق ھالىتىگە قايتتى، — ئۆيىڭىزنى جايلاشتۇرۇشۇپ بېرەيمۇ؟ — سورىدى ئۇ، — مەن ئەزەلدىن ئەرلەرنىڭ نەرسىلىرىنى رەتلەپ باقمىغان، — ئۇ ئاپئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ھاندرىك بالكوننىڭ يېنىدىكى پەنجىرىنى قايرىۋېتىۋىدى، ئۆتكۈر قۇياش نۇرى ئۆيگە چۈشتى. ئۇ خېلى بىر ھازادىن كېيىنلا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان قۇياش نۇرىغا كۆنەلىدى. شۇنداقلا ئۇ بالكونغا چىقىپ پالما دەرىخى، تۈگمىگۈل، زەيتۇن دەرىخى ۋە ئۇياتچان ئوتلار ئۆسۈپ كەتكەن باغقا نەزەر تاشلىدى. ئۆينىڭ يان تەرىپىدە دوختۇرخانىنىڭ ئامبولاتورىيىسى بولۇپ، ئوچۇق دېرىزىدىن قاتار تىزىلىپ تۇرغان يارىدار ئەرەبلەر بىلەن بەربەرلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى، رەڭلىك ئىرقتىن بولغان بىرنەچچە ياش دوختۇر يەلكىسىنى يالىڭاچلىغان ھالدا تېڭىش ئۈستىلىنىڭ يېنىدا قاتار سەپ بولۇپ قىستىلىپ كىرىۋاتقان بىمارلارنىڭ يارىسىنى تەكشۈرۈۋاتاتتى. بالىلىرى بار بىرمۇنچە ئانىلار چۈمبەللىرىنى تارتىشىپ، ئىنتايىن ئۇيالغان ھالدا تام تۈۋىدىكى ياغاچ ئورۇندۇقتا تۈگۈلگىنىچە ياشىنىپ قالغان بىر ئەرەب دوختۇرنىڭ ئۆزلىرىنى رەت بويىچە ئىشىكى يېپىقلىق، دېرىزىسىگە پەردە تارتىلغان بىر ئۆيگە چاقىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى. بۇ ئادەم، مۇسۇلمان ئاياللىرىنىڭ چۈمبىلىنى تارتمىغاندا چىرايىغا قارىسا بولىدىغان بىردىنبىر دوختۇر ئىدى.

ئۇ دانىشمەن ئىدى.

هاندرىك ئارقىسىغا بۇرۇلغاندىلا، ئاندىن يېنىدا جېككۇرىن-
نىڭ تۇرغانلىقىنى سەزدى-دە، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۇ-
نىڭ تىنىق كۆزلىرىگە قارىدى.

— يېنىمدا بولغىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بولدى، جېككۇ-
رىن. سىزنىڭ ماڭا بەرگەن ياردىمىڭىز ئويلىغانلىرىڭىزدىنمۇ
كۆپ بولدى. . . يالغۇز تەجرىبىخانىنى ھەل قىلىشتىلا ئەمەس،
شەخسىي ئىشلار جەھەتتىمۇ بار-دە! بىز دوست بولۇپ قالايلى،
قانداق دېدىم؟

جېككۇرىنىنىڭ پۈتۈن ئەزايىغا تىترەك ئولاشقاندەك بولۇپ،
بېشىنى بىلىنەر-بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويدى.

— ئېچىم پۇشقاندا سىزگە كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى ئېيتىپ
بېرىمەن! سىز سۆزۈمگە توۋا-ئىستىغپار ئاڭلاۋاتقان پوپقا ئوخ-
شاش قۇلاق سالارسىز. . .

— بولىدۇ، دوختۇر، — ئۇ بۇ سۆزنى قىلغاندا گېلىغا بىر
نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، خىيالغا چۆكتى: دوست،
پوپ. . . مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. . . ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان-
لىقىمنى ئەمدىلا ھەقىقىي چۈشىنىۋاتىمەن! مەن ئۇنىڭ يادىڭ-
غۇ، چىرايلىق چىرايىغا مەڭگۈ قارايمەن. مەن ئۇنىڭ قۇچاقلى-
شىغا ۋە سىلىشىغا، ئۇنىڭ سۆيۈشىگە تەشنا. مەن بۇرۇنلا
مۇشۇنى خىيال قىلغانىدىم. ئۇ مېنىڭ قەلبىمنى ئاللىقاچان
ئىگەللەپ بولدى. ئۇ مېنى ھەمراھى قاتارىدا كۆرگەن تەقدىردى-
مۇ، پەقەت ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنى مەڭگۈ كۆرۈپ تۇرسام،
ئۆزۈمنى يەنىلا بەختلىك ھېس قىلىمەن. . .

مەسچىتتە مەزىن ئەزان توۋلاشقا باشلىدى. ئەرەبلەر ئامبو-

لاتورىيىنىڭ ھەر بىر ئىشىكىدىن يۇگۇرۇپ چىقىپ، قىلۋىغا
قاراپ، رۇكۇغا ئېگىلدى. ئاۋازى بوستانلىقنىڭ ئاسمىنىدا ياڭ-
راپ، يىراقلارغا تارالدى.

ھاندرىك، مەزىننىڭ ئۇچلۇق قۇببە ئۇستىدە ئالىقانلىرىنى
كاناي قىلىپ ياڭراق ئاۋازى بىلەن ئەزان ئېيتىۋاتقانلىقىنى
كۆردى، ئۇنىڭ ئاۋازى ھەممە ئائىلىلەرگە ئاڭلىناتتى. گەۋدىسى
رىتىم بويىچە توختىماي ئىغاڭلايتتى.

—تاماق ۋاقتى بولدى،—دېدى ئۇنىڭ كەينىدە تۇرغان
جېككۇرىن،—سىز ھازىر باشقا دوختۇرلار بىلەن تونۇشۇپ قوي-
سىڭىز بولارمىكىن.

بۇ، ھاندرىكنىڭ چەكسىز كەتكەن سەھرايى كەبىر قۇملۇ-
قىدىكى ھالقىلىق جاي—بىسكراغا كەلگەن تۇنجى كۈنى ئىدى.
بۇ بوستانلىق يالغۇنجاپ تۇرغان دوزاختا بارىدىغان دەرۋازا، شۇن-
داقلا قاقلىنىپ قۇرۇپ كەتكەن ئاي شارىنىڭ يېنىدىكى بىر
جەننەت ئىدى.

ھاندرىك بۇرۇلۇپ، جېككۇرىننىڭ كەينىدىن ماڭدى.

بۇ بىمارلارنى قوبۇل قىلغان تۇنجى كۈن ئىدى. ھېلىقى
تىلەمچى ھەربىي دوختۇرخانىدا ھوشسىز ياتتى، ئۇنىڭ تومۇرىدا
بىلگىلىك كىشىنىڭ قېنى ئايلىنىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا بېرىلگەن
قان ئازراقمۇ كار قىلمىدى، ھاندرىك مۇشۇنداق بولۇشىنى بۇ-
رۇنلا ئويلاپ يەتكەنىدى، چۈنكى ۋىرۇسنىڭ بەدەنگە تارقىلىشى
قاننىڭ قايتا يېتىلىشىدىن كۆپ تېز ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا جېككۇرىن كېسەلخانىدا تىلەمچىنىڭ يېنىدا ئول-
تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارىغاچ، پارىژدىن كەلگەن گېزىتنى كۆرۈۋا-
تاتتى. بۇ، يېمەكلىكلەر بىلەن بىرگە ئالجىردىن بىسكراغا ئې-
لىپ كېلىنگەن ئىككى كۈن بۇرۇنقى گېزىت ئىدى. فرانسىيە
ئاۋىئاتسىيە شىركىتىنىڭ نۆۋەتچى ئايروپىلانى ھەر كۈنى بۇ
گېزىتلەرنى، پوچتىدىن ئەۋەتىلگەن نەرسىلەرنى ۋە باشقا بۇيۇم-
لارنى قاچىلاپ، مارسېلدىن يولغا چىقىپ، ئوتتۇرا يەر دېڭىزى-
دىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ ئالجىرغا يېتىپ كېلەتتى. ئۇنىڭغا گېزىتتى-
كى خەۋەرلەر تىلغا ئالغۇچىلىكىمۇ يوقتەك ۋە مۇھىممۇ ئەمەس-
تەك، پەقەت قۇملۇقلا مەردانىدەك، بۇ كەڭ تۇپراق ئىنسانىيەت-
نىڭ ئەمەلىيەتتە نەقەدەر ئاجىزلىقىنى روشەن ئىسپاتلاۋاتقاندەك
تۇيۇلدى. ئۇ قۇملۇققا قاتنايدىغان ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ بىسكرا-
غا يېتىپ كەلگەن چاغدىلا بۇنى ھېس قىلغانىدى. ئۇ ئاتلاس
تاغلىرىدىن ۋە چۆل-باياۋانلاردىن، كەڭ كەتكەن قاقاس دالىلار-
دىن، تۇزلۇق سۇ كۆلىدىن ھاسىل بولغان تۇز ساھىللىرىدىن
شۇنداقلا تۇزلۇق سۇ كۆلىنىڭ بويىدىكى قۇم بارخانلىرىدىن
ئۆتۈپ، ئەڭ دەسلەپتە بىرنەچچە تۆگىنى كۆرگەن، تۆگىلەرنىڭ
سالماق، سۇرلۇك كۆرۈنۈشى ئۇنىڭ قەلبىنى ئەسىر قىلىۋالغا-
نىدى، ئۇ داڭ قاتقان ھالدا قاراپ، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن قۇم-
لۇقنىڭ جىمجىت ۋە ئەبەدىيلىكىنى كۆرگەنىدى. گېزىتتە خە-
ۋەر قىلىنغان، پارىژدا مەلۇم مىنىستىرلىكنىڭ مىنىستىرى
سۆزىدە گېرمانىيىگە ھۇجۇم قىلدى، ۋېرسال ئەتراپىدا بىر سۇت
ماشىنىسى ئاغدۇرۇۋېتىلدى دېگەندەك خەۋەرلەر بۇ يەردە نېمىدې-
گەن ئەرزىمەس ئىشلار-ھە. . . مىنىستىر تەختتىن چۈشۈرۈۋې-

www.uyghurkitap.com

تىلسە بولىدۇغۇ، سۈت ماشىنىسىمۇ داتلىشىدىغۇ. . بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنە مەۋجۇت بولۇپ تۇرمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، پەقەت بىرلا نەرسە مەڭگۇ ساقلىنىپ قالىدۇ. . . ئۇ بولسىمۇ قۇملۇق! مەڭگۈلۈك قۇملۇق! ئۇ ئۇلۇغۋار سۈكۈتچى، ئۇنىڭ ئىسمى خۇددى ئەرەبلەر ئېيتقاندەك. . . سەھرايى كەبىر. . .

تىلەمچى قىمىرلىۋىدى، گېزىتنى قويۇپ، ئۇنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇ تېخىچە ھوشسىز ياتاتتى، ئۆلۈم ئالدىدىكى جان تالىشىش يەنىلا داۋام قىلىۋاتاتتى. جېككورىن ئۇنىڭغا يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى ئوكۇل ئۇرۇۋىدى، ئۇ سەل تىنچلانغاندەك بولدى. قاتتىق ئاغرىقنى سەزگەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ تېرىلىرى تېخىچە تارتىشىۋاتاتتى.

— ھەممە ئىش نورمالمۇ، جېككورىن؟

— شۇنداق، دوختۇر، ھەممە ئىش نورمال. ئۇنىڭ تومۇرى بەك ئاجىزكەن، قارىغاندا ئوڭشىلالمايدىغان ئوخشايدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، جېككورىن. لېكىن بىز ئۇنىڭ قېنىغا ئىگە بولدۇق! بۇ ئەڭ قىممەتلىك! مەن ئېلىپ بېرىۋاتقان بىرقاتار مۇھىم تەجرىبىلەر ئوتتۇرا باسقۇچقا قەدەم قويىدى. ۋىرۇسنى كۆرۈش ئاسان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ھېچقانداق دورا كار قىلمايۋاتىدۇ. بۇ ۋىرۇسلار بەكمۇ مەمنۇن بولغاندەك، قاندا لەيلەپ يۈرۈشىدۇ، — ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ ئەپۇ سورىغاندەك كۈلۈپ قويۇپ، ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى.

جېككورىن ئىشىككە قاراپ، خىيالغا پاتتى. . . .

ئۇ بەلكىم ھېلىقى گېرمانىيىلىك قىزنى ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇلار ئىمغا كۆچۈپ بېرىپ، ئۇ يەردە دادىسىنىڭ

شىپاخانىسىدىكى قايتا ئاچسا بولىدۇ. . . ئۇلار پۇرووانىس قۇ-
ياشى نۇر چېچىپ تۇرغان ئۈزۈمزارلىقتا ياتقاندا كۆڭلى قانائەت
هاسىل قىلىپ، ئۆزلىرىنى چەكسىز بەختلىك هېس قىلىشىدۇ.
ئۇلارنىڭ نۇرغۇن بالىلىرى بولىدۇ. . . نۇرغۇنلىغان ئوماق،
سېرىق ياكى قارا چاچلىق بالىلىرى بولىدۇ. . . ئۇلارغا پۈتۈن
دۇنيا شادلىققا چۆمگەن چوڭ گۈلزارلىقتەك تۇيۇلىدۇ. . . ئۇ
نىمدىكى دوختۇرخانىدا ئوپېراتسىيە قىلىدۇ، تەجرىبىخانىدا دا-
ۋاملىق تەتقىق قىلىدۇ، بىردىنلا داڭ چىقىرىپ، بىر ئۇلۇغ
دوختۇرغا ئايلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولى-
دۇ. . . مانا شۇ كىشى ئۇنىڭ ئېرى!

هېلىقى گېرمانىيىلىك قىز—نازىنىن ئۇسسۇلچى هېرد
شۆپتلا بىر توسالغۇ، بەلكىم هاندرىك ئۇنى قايتا كۆرەلمەسلىكى
مۇمكىن، بەلكىم بۇ قىز ئاللىقاچان قومۇلۇقنىڭ قارنىغا غەرق
بولغان بولۇشىمۇ، باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن بولۇشى-
مۇ، سەھرايى كەبىرنىڭ قۇم-بورانلىرى مەلۇم بوستانلىقلارغا
ئۇچۇرۇپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ هايات قالغان تەقدىر-
دىمۇ، بارلىق ئاق تەنلىكلەردىن يىراق تۇرىدۇ. . . ۋاقىتنىڭ
ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئۇنىڭ هېردنى سېغىنىشى بارغانسېرى
سۇسلىشىدۇ، چۈنكى تۇرمۇش هامان تەرەققىي قىلىدۇ. . .
شۇنىڭ بىلەن هېلىقى گېرمانىيىلىك قىزنىڭ ئوبرازى ئۇنىڭ
كۆڭلىدىن بارا-بارا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ، ئاخىرىدا بىر خىيالىي
مەنزىرىلا قالىدۇ، ئەكسىچە جېككورىن ئۇنىڭ يېنىدىن زادىلا
ئايرىلمايدۇ، بۇ قىزنىڭ ئۆزى بىر تۇرمۇش، ئۇ مەڭگۈ قۇرۇ-
ماس بىر بۇلاق. . . هاندرىك باشتىن-ئاخىر ئۇنىڭ دىدارىنى كۆ-

روپ تۇرالايدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى، ئۇنىڭ لەۋلىرىنى، ئۇنىڭ نازۇك تەنلىرىنى كۆرۈپ تۇرالايدۇ. . .

ئېھتىمال. . . بەلكىم. . .

ئۇ بەختلىك ھالدا كۈلۈمسىرەپ، بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى.

ھېلىقى گېرمانىيىلىك قىز ئۇنىڭ ئىشقى-مۇھەببەت تۇر-مۇشىدىكى بىر رەھىمسىز رېئاللىق بولغاچقا، ئۇ شۇتاپتا ئۇنىڭ مەڭگۇ قايتا پەيدا بولماسلىقىنى، ئۇنىڭ قۇملۇقتا ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى.

جېككۈرىن كۆزىنى يۇمۇپ، قوللىرىنى جۈپلەپ، چىڭ سىقتى. مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن دەپ ئويلىدى ئۇ. ئاھ خۇدا، مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم بەئەينى چاڭقاپ كەتكەن ئادەمنىڭ سۇغا تەشنا بولغىنىغا ئوخشايدۇ. كۆڭلۈمدىن كەچكەن بارلىق خىياللىرىمنى كەچۈرگەيسەن. . . مەن ئۇنى سۆيىمەن. . .

كارىۋاتتا ياتقان تىلەمچى ئىڭرىدى.

مانا ئاخىر ئەركىنلىككە ئېرىشتىم! لېكىم مەن بەختلىك-مۇ؟

ھەر كۈنى ئاخشىمى دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرۇپ پالما دەرەخ-لىرىگە قارىغىنىمدا، ئەزەلدىن تونۇش بولمىغان ھېلىقى قىزنىڭ خارابە ئالدىدا ئېيتقان قىسقىغىنا، ئوماق باللار ناخشىسى قۇلاق تۈۋىمدە ياڭرايدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى ئانامنىڭ ئاۋازىغا تولىمۇ ئوخ-

شىغاچقا، مەن ئۇلارنى پەقەتلا پەرق ئېتەلمىدىم. بۇ قىزنى قايتا كۆرۈشكە ۋە ئۇنى ئىزلەپ تېپىشقا ئامالسىز قالدىم. بۇ ئىش مېنى قاتتىق ئازابلاۋاتىدۇ.

ھېلىقى ھاكاۋۇر ئەرەب فاتىخ زۇۋان سۇرمەيۋاتىدۇ. گەرچە ئۇلار سوراق جەريانىدا ئۇنى قامچا بىلەن ساۋاپ، يارىسىغا تۇز سېپىپ، يېلىنجاۋاتقان قوقاسقا دەسسىتىپ دېگەندەك بەزى يول قويۇلمايدىغان ۋاستىلەرنى ئىشقا سالغان بولسىمۇ ئۇ يەنىلا زۇۋان سۇرمىدى. شۇ يەرلىك ساقچىلار بۇ خىل قەدىمىي "سوراق قىلىش ئۇسۇلى"نى قوللىنىپ، ئۆز قېرىندىشىنى سوراق قىلغاندا، مەن ئىختىيارسىز ھالدا تەتۈر قارىۋالدىم. لېكىن ئۇ يەنىلا زۇۋان سۇرمىدى. بىرەر قېتىممۇ ۋارقىرىمىدى، پەقەت كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە قاراپ تۇردى. بۇ خىل قاراشنى مەن بۇرۇنلا ئومۇمىيىنى بىلقاسىمنىڭ كۆزلىرىدىن كۆرگەنىدىم، ئۇ ماڭا ئەرەبلەرنىڭ ئىچكى سىرىنىڭ نەقەدەر چوڭقۇرلىقىنى ھېس قىلدۇرغانىدى.

بىز ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى ۋە كېلىپ چىقىشىنى ئېگەللىيەلمىدۇق، قەيەرگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنىمۇ ئۇقالمىدۇق. مېنىڭ بىردىنبىر بىلىدىغىنىم ئۇنىڭ نېمىس تىلىدا سۆزلىشەلا ئىدى. بۇ ئىش مېنى ھەيران قالدۇرۇپ، ئۇنى ئىزدەشكە ھەيدەكچىلىك قىلاتتى.

بۇسادادا تۇرۇۋاتقىنىمغىمۇ ئۈچ كۈن بولۇپ قالدى. مەن ئاتلانتىك ئوكيان مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدۇم، بۇ يەر خۇددى "مىڭ بىر كېچە"دىكى چۆچەكلەردە تەسۋىرلەنگەن سارايغىلا ئوخشايتتى. مەن كۈن بويى بالكوندا ياتاتتىم ياكى بوك-با-

راقسان چاتقاللىق ئاستىدا چىغ ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتىم. ھاۋا بەك ئىسسىپ كەتكەن چاغلاردا سۇ ئۈزۈش كۆلىگە چۈشۈپ سۇ ئۈزۈپ، ئاندىن پالما دەرىخىنىڭ ئاستىدا ياتاتتىم. رەڭلىك كۆنلۈكلەر ئاستىغا ھەمىشە سوغۇق ئىچىملىك قاچىلانغان بوتۇلكىلار قويۇلغان بولاتتى.

مېنىڭ ئەرەب كۈتكۈچىلەردىن ھەقىقەتەنمۇ قورقۇۋاتقىنىمغا ئىقرار بولغۇم كەلمەيدۇ. ئوممانىڭ قوغلاشلىرىدىن ھېلىغىچە يۈرىكىم ئېغىپ تۇرىدۇ. ھەر قېتىم ئاق چاپان ۋە ئاق بوغماق شاراۋار كىيگەن، بۇدۇر چاچلىق بېشىغا قىزىل بۆك قوندۇرۇۋالغان كۈتكۈچىلەر مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغاندا، ھامان ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە بىرەر يامان غەرەز يوشۇرۇنغاندەك ھېس قىلاتتىم. بەلكىم مەن خاتالاشقاندىمەن، چوقۇم مەن خاتالاشتىم... بۇ پېيىمگە چۈشكۈچىلەرنىڭ كاساپىتىدىن پەيدا بولغان روھىي ئاجىزلىق بولۇپ، ئۇ مېنى ئازابلايتتى. فاتتومۇ: "سىز ئاتلانتىك ئوكيان مېھمانخانىسىدا خۇددى قورغان ئىچىدە تۇرغاندەك بىخەتەر تۇرىسىز" دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشىنىمەن... بىراق، ھەر قېتىم سۇ ئۈزۈش كۆلىدىن چىقىپ، ئاپتاپقا قاقلىنىپ ياتقىنىمدا، يوشۇرۇنىۋالغان قاتىل بولۇپ قالمىسۇن يەنە دەپ ئەتراپىمغا قارايمەن.

ئەگەر بىر ئادەم دۈشمىنىنىڭ نەزىرىدە ئۆزىنىڭ قانچىلىك قىممىتى بارلىقىنى ئۇقۇپ قالسا، ئۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇق بولىدىكەن...

بىر نەچچە كۈندىن بۇيان، روھىي كەيپىياتىم تۇراقلىق بولمىدى. بۇسادداغا كەلگىنىمدىن بۇيان، نۇرغۇنلىغان دۆلەت-

لەرنىڭ سودا ۋەكىللىرى پائالىيىتىنى جىددىيلەشتۈردى، مۇتە-
خەسسىسلەر ئۆز ئارا ئالاقىلاشتى، ئۇلار قۇملۇقتا ئۆتكۈزگەن
15 يىللىق ھاياتىمدا قانداق ماتېرىيال توپلىغىنىمنىمۇ ئىگەللەپ
بولغانىدى، ھەرخىل ۋاستىلەر ئارقىلىق مېنى ھېلىقى يەر
ئاستى سۇيى توغرىسىدىكى مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاشقا قايىل
قىلماقچى بولاتتى.

بۇ خىل تەقەززالىق ھېسسىياتى مېنى ھوشيارلاشتۇردى
ھەم چوڭقۇر خىياللارغا غەرق قىلدى. ئۇمۇمانىڭ: "سىلەر قۇم-
لۇقنى گۈللەندۈرۈشنى باھانە قىلىپ، ئافرىقىلىقلارنى ھالاكەتكە
يۈزلەندۈرۈۋاتىسىلەر!" دېگەن سۆزى يوللۇقمۇ-قانداق؟ ھازىر
مانا بۇلار ئۈستىدە ئويلىنىشقا ۋاقىت چىقىرالىدىم.

تۈنۈگۈن مەن دەل شۇ خىيالنى قىلىۋاتقىنىمدا فاتتو ياتى-
قىمغا كىرىپ، تەكەللۇپسىزلا كېلىپ يېنىمدىكى چىغ ئورۇن-
دۇققا ئولتۇردى. ئۇ ئۇزۇن ئاق يىپەك ئىشتان، ئاق كوزىركى-
لىق شەپكە كىيىۋالغانىدى. ئۇ ماڭا شەرقلىكلەرگە خاس تاماكى-
دىن بىرنى سۇندى، ئاندىن ماڭا ئوخشاشلا پالما دەرەخلىرى
ئارىسىدىن سانسىزلىغان ئاق رەڭلىك ئۆگزىلەرگە ۋە قۇملۇققا
نەزەر تاشلىدى.

—يېقىندىلا، سىزنىڭ بىر قېرىندىشىڭىزنىڭ سەھرايى كە-
بىرگە كەلگىنىدىن خەۋىرىڭىز بارمۇ؟ ئۇمۇ بىر ئالىم، بۇ كىشى
ھامبۇرگتىن كەلگەن ھاندرىك دوختۇر بولىدۇ.

— تونۇمايدىكەنمەن، —دېدىم مەن قىزىقمىغان ھالدا. ھام-
بۇرگتىن كەلگەن ھاندرىك دوختۇر بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىم
بولسۇن، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ئافرىقىدىكى چەت ئەل ئارمى-

يىسىدە ھەتتا ئەرەبلەرنىڭ قەبىلىلىرى ئارىسىدا گېرمانىيىلىك دوختۇرلار ناھايىتى كۆپ، ئۇلار ھۆرمەتكە سازاۋەر، كىشىلەر، ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئۇلىما دەپ ئاتالغان بۇ دوختۇرلارغا ئىشىنىشىدۇ. لېكىن فاتتونىڭ كېيىنكى بىرنەچچە ئېغىز سۆزىنى ئاڭلاپ ئورۇندۇقتىن دەس تۇرۇپ كەتتىم:

— بۇ دوختۇر بىر قىزنى ئىزلەۋاتىدۇ! ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇ قوملۇقتا ئالداپ ئېلىپ كېلىنگەن گېرمانىيىلىك قىز ئىكەن. نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش بۇ!

— نېمە؟! — دەپ ۋارقىرىۋەتتىم مەن، — مەنمۇ شۇ قىزنى ئىزدەۋاتىمەن؟! مەن ئۇنى كۆرگەن، ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن.

فاتتو چۆچىگەن ھالدا ماڭا قارىدى ۋە قولى بىلەن ئىشارە قىلدى.

— سىز ئاپتاپتا بەك ئۇزاق يېتىپسىز، دوكتور ئەپەندى، — دېدى ئۇ قوپال ئاۋازدا، — ئوبدانراق دەم ئالسىڭىز بولغۇدەك.

— ھە، ياق! ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئودھامىدىكى فاتىخ مەجەل خارتۇشى ئىسىملىك باي بىر ئەرەبنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى! مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ باققان! مەن قېچىپ چىققان كۈنى ئۇ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى!

فاتتو بېشىنى سىقىمدىغىنىچە ماڭا قارىدى.

— بىمەنە ئىش، — دېدى ئۇ ئاستا سۆزلەپ، — بۇ ئىش ئالجىرنى زىلزىلىگە سالىدۇ! مېنىڭ رايونىمدا بەزىلەر ئادەم ئېلىپ-سېتىشتەك يامان قىلمىشلار بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ! سىز ئۇنىڭ ئاشۇ قىز ئىكەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلالامسىز؟

— ھەئە! ئۇ تېخى بىر گېرمانىيە باللار ناخشىسىنى ئېيت-
قاندى! — مەن بۇرۇلۇپ يالۋۇرغان قىياپەتتە فاتتوغا قارىدىم ۋە
تەقەززالىق بىلەن، — بۇ قىز توغرىسىدا يەنە نېمىلەرنى بىلە-
سىز؟ — دېدىم.

— بىلىدىغانلىرىم ناھايىتى ئاز. ئۇ قىز ئۇسسۇلچى ئى-
كەن، ئۇسسۇل ئۆمىكىگە ئەگىشىپ گېرمانىيىدىن ئافرىقىغا
ئويۇن قويغىلى كەلگەن ئىكەن. روشەنكى، ئۇ كېلىشىم ۋە
ۋەدىلەر تەشكىللىك ھالدا ئادەم سېتىشنىڭ بىر قېتىملىق نىقابى
قىلىنغان، خالاس! بۇ گۇرۇھنىڭ كاتتىۋېشىنىڭ ئىسمى ئۆمەر
ئوخشايدۇ! ۋاي خۇدايىمەي، ئالجىر دېگەندە ئۆمەر ئىسىملىك
ئادەمدىن يۈز مىڭى باردۇ دەيمەن! — فاتتو قولىدىكى تاماكىغا
قاراپ قويۇپ، كۈلىنى چۈشۈرۈۋەتتى، — ھاندرىك دوختۇر ئال-
جىرغا كېلىش سەپىرىدە پاراخوتتا ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپتۇ ۋە
ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ! ھازىر ئۇ قۇملۇقتا يېقىندىن تارقال-
غان بىر خىل تولغاق كېسىلىنى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بىر قاتار
تەجرىبىلەرنى ئىشلەۋاتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھېلىقى قىزنىڭ-
مۇ ئىزلەۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ھېلىقى قىزغا بولغان مۇھەببىتى ھەقى-
قىي مۇھەببەتتەك قىلىدۇ.

مەن سۆز قىستۇرمىدىم. يۈرىكىمنى بىر نەرسە غاجىلايت-
تى. نېمە دېگەن بىمەنىلىك بۇ... مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزغان
ھېلىقى ناتونۇش شەپقەتچىمنى باشقا بىر ئەرنىڭ ياخشى كۆرۈپ
قالغىنى نېمىسى، بۇ ئىش مېنىڭ يۈرىكىمنى ئەزمەكتە ئىدى.

— ھاندرىك دوختۇر ھازىر قەيەردە؟ — سورىدىم مەن كۆڭ-
لۈمدە ئۇنى زىيارەت قىلىش ئىستىكى تۈيۈقسىز تەبىئىي ھالدا

www.uyghurkitap.com

قوزغالغانلىقىنى ھېس قىلىپ. بۇ خىل تەبىئىي تۇيغۇ ماڭا باشتىن-ئاياغ زىيانلىق ئىدى، ئۇ مېنى ئەرەب مىللەتچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈرۈپ قويغان ۋە ئۇمما قاتارلىقلارنىڭ ئەھلىسەلىپنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى. بىراق ئۇنىڭ مېنى سىرلىق نىشانغا يېقىنلاشتۇرىدىغان پايدىلىق تەرىپىمۇ بار ئىدى.

فاتتو قولىدىكى تاماكىنىڭ قالدۇقىنى سۇپىغا تاشلىۋىدى، پاكار بىر ئەرەب بالا ھجايغىنىچە كېلىپ تېرىۋالدى.

—مەن نەدىن بىلەي. مەن بىراۋنىڭ مەلۇم بىر بوستانلىقتا ئۆلتۈرۈلۈپتۇ دەپ خەۋەر قىلىشىنى كۈتۈۋاتىمەن! ئويلاپ باقماپسىز، ئۇ ئاداش تولغاق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارغا يەنى ئەرەبلەرگە باكتېرىيىگە قارشى ۋاكسىنا ئۇرماقچى! بۇ نېمىدېگەن ساراڭلىق-ھە! مېنىڭچە ئۇ بۇسادادىن بىسكراغا بېرىپ بولىدى. ئۇ يەردىن سەھرايى كەبىر قۇملۇقىغا يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، گېرىدئا ۋە راگوئېتلارغىچە بارىدۇ. ئۇ ھەتتا گېلىيە ۋە يىڭىسارارغىمۇ بارماقچى! خۇدا ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي! مەن كۆزلىرىمنى يۇمۇۋېلىپ، ھېچنەرسىنى كۆرۈشنى خالىمايمەن، ئۇنىڭ ھازىر قەيەردىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن،

—ئۇ ماڭا قىيا قاراپ سورىدى، —سىز ئۇنى ئىزلەپ بارمايدىغانسىز، دوكتور ئەپەندى؟

—دەل ئەكسىچە، ئۇنى ئىزلەپ بارماقچى بولۇۋاتىمەن.

—نېمىدېگەن بىمەنىلىك بۇ! ئەجەبا، سىزمۇ ئاشۇ قىزنى دەپمۇ؟ ۋاي خۇدايىمەي، قىز قوغلىشىدىغان بۇ ئاداشلار ئەقلىدىن ئېزىپ نېمە بولۇپ كەتكەن-ھە! —ئۇ ئاچچىقىدا يەرنى تەپكىنىچە ماڭا قارىدى، —بولدى ئەمدى، ئۇ ئىشنى ئويلاۋەرمەڭ!

سىز ئاتلانتىك ئوكيان مېھمانخانىسىدا تۇرىۋېرىڭ، سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىگە بېرىپ سۇ ئۈزۈڭ، ئاپتاپقا قاقلىنىڭ! ھاردۇقىڭىز چىققاندىن كېيىن ئالجىر ۋە پارىژلارغا بارىسىز، ئۇ يەردە ئۆزدە-گىزنىڭ، زىلزىلە قوزغىيالايدىغان يەر تەۋرىنىشى خەرىتىسىنى نامايان قىلالايسىز! ناۋادا سىز قۇملۇقنى مۇنبەت ئېتىزغا ئايلاندۇرالىسىڭىز، ئۇنداقتا چوقۇم پىدائىيلار ئارمىيىسىنىڭ پەخرىي چەۋەندازىغا ئايلىنالايسىز! تېخى نوبېل مۇكاپاتىغىمۇ ئېرىشىسىز! ھېلىقى قىزنى بولسا ئۇنتۇپلا كېتىسىز.

—مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن، —مەن بۇ ئىش ئۈستىدە فاتتو بىلەن داۋاملىق سۆزلىشىۋېرىشنى خالىمىدىم. ئۇ فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ تەرسا، مۇتەئەسسىپ ئەمەلدارى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر ھەممىلا يەردە تېپىلىدۇ. ئۇلارنىڭ تېنى ئاپتاپتا قاقلىنىپ خورىغان، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەرەبلەرنىڭ تەقدىرچىلىك كەيپىياتى يۇققان، ئۇلار كۆڭۈللىرىگە غايەت زور ئارزۇ-ئارمانلارنى پۈكۈپ مۇستەملىكىدە ئولتۇراقلاشقان يىللاردا ئىمكانقەدەر خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈپ، ئاندىن ساق-سالامەت ۋە رازى بولۇشقان ھالدا ۋەتىنىگە قايتىشنى ئۈمىد قىلىشىدۇ.

بۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە مەن مېھمانخانىدىن ئايرىلمىدىم، ھەمىشە مېھمانخانىنىڭ گۈلزارلىقى بىلەن پالمىزارلىقىنى ئايرىپ تۇرغان قورشاۋ تامنىڭ يېنىدا ئولتۇردۇم. پالما دەرەخلىرىنىڭ كەينىدىكى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىن ئادەمنىڭ تېنى شۈركەنگۈدەك سېرىق نۇر چاقناپ تۇراتتى.

ئەرەبلەر ھېچ ئىش قىلماي، ئاۋۋالقىدەكلا تاشيولدا ئولتۇ-

www.uyghurkitap.com

روۋپ ياكى يېتىپ تاماكا چەككەچ پاراڭلىشاتتى. مەن ئۇلارنىڭ مۇلايىم چىرايىنىڭ كەينىگە ئۆزلىرىنىڭ بۇ خىل ئەركىنلىكىگە بولغان چەكسىز ئىپتىخارلىقى، ئۆزلىرىگە ئېلېكتىر چىراغ، ماشىنا، كوكا-كولا، زامانىۋى قورال ۋە شىپالىق ئېلىپ كەلگەن، بىراق دۆلىتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالغان ياۋروپالىقلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلىمەن. مەن بۇ تىپتىنچ ئۆتكەن بىرقانچە كۈندە ۋاقىت چىقىرىپ، ھېلىقى يەر تۈزۈلۈشى خەرىتىسىنى رەتلەپ چىقتىم. مەن باش شتابنىڭ خەرىتىسىگە قاراپ، كولىسا بۇلاق سۈيى چىقىش ئېھتىمالى بولغان جايلارغا بەلگە سالدىم. كىشىلەر ئاق بورلۇق تاش قاتلاملىرى ئارقىلىق پۈتكۈل قۇملۇق تېگىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان يەر ئاستى سۈيىنى تېپىش ئۈچۈن 20—70 مېتىرغىچە چوڭقۇرلۇقتا بۇرغىلىشى كېرەك. لېكىن بەزى جايلاردا 300 مېتىر چوڭقۇرلۇقتا بۇرغىلاشقا توغرا كېلىدۇ، ئۇ يەرلەردە نۇرغۇن يەر ئاستى جىلغىلىرى، چوڭ-چوڭ يەر ئاستى كۆللىرى بار، ئۇلار قۇرىماس بۇلاق، بۇ سۇ بىلەن سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنى ئۆستەڭ سۈيى بىلەن سۇغارغاندەك سۇغارغىلى بولىدۇ. ئەگەر سۇ چىقىرىش پونكىتلىرى ئارقىلىق يەر ئاستى سۈيىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا يەر يۈزىگە باشلاپ چىققىلى بولسا، بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا ئىمتاس قۇملۇقنى مۇنبەت ئېتىزلىققا، دۇنيا تەمىناتىنىڭ بىر بازىسىغا ئايلاندۇرۇپ، بىر گۈزەل، مەمۇرچىلىق دەۋر ئۈچۈن ئاساس سالغىلى بولىدۇ.

مەن بۇ بىرقانچە كۈن ئىچىدە ھېلىقى قىز توغرىسىدىكى خىيال مېڭەمدە قايتا ئەكس ئەتكەنگە قەدەر بېرىلىپ ئىشلىدىم.

مەن شۇ قىز ئۈچۈن، شۇنداقلا مەن ئۇمما بىلەن بىللە تەكشۇ-رۇش ساياھىتى قىلغان چاغدا مەلۇم جايغا قالدۇرۇپ قويغان خاتىرەمنى قايتۇرۇپ كېلىش، قوشۇننىڭ مۇھاپىزەت قىلىشى ئارقىسىدا ئۆزۈمنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەل-لەشتۈرۈش ئۈچۈن قۇملۇققا قايتا بېرىشقا تەييارلاندىم.

بۇ ئوي زادىلا كاللامدىن كەتمەيتتى.

مەن تاقەتسىزلىنىپ تىت-تىت بولىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ ئوي خۇددى قىزىتمىغا ئوخشاش پۈتۈن بەدىنىمنى قىزدۇرات-تى. راست، مەن ئەزەلدىنلا، دەرۋەقە يەنە بىر خىل قۇملۇق قىزىتمىسىنىڭ، قۇملۇققا بولغان بىرخىل ئىنتىلىشنىڭ بارلى-قىغا ئىشىنىپ باقمىغانىدىم، لېكىن، بىرنەچچە كۆنلۈك خاتىر-جەملىكتىن كېيىن، مەن ھازىر بۇنى ھەقىقەتەنمۇ ھېس قىلىپ يەتتىم. مەن گۈللىنىشكە يۈزلەنگەن باياۋانغا، قۇملار يېيىلىپ ياتقان ئىسسىق جايغا، يالتىراپ چاقناپ تۇرغان تۇز كېنى ۋە شېغىللار يېيىلىپ ياتقان چۆل-جەزىرىگە قايتا بېرىشنىم كېرەك. مېنىڭ زىددىيەتكە تولغان يۈرىكىم. . . باشقا يولنى تاللىمايدۇ. مەن تۆگىگە تەشنا، يۇلتۇزلار جىمىرلىغان قۇملۇق كېچىسىگە تەشنا، مۇشۇنداق كېچىدە ئاسىيا بۆرىسى ھۇۋلايدۇ، تۆگە پۇ-شۇلداپ ئۇخلايدۇ. كىمكى قۇملۇق ھاياتىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باقمىغان بولسا، ئۇ بۇ خىل مۇتلەق ئەركىنلىك بولغان، كىشى-نىڭ يۈرىكىنى چۆلغۆۋالىدىغان، ئادەمنى مەپتۇن قىلىدىغان بىپايان دۇنيادا ياشاپ باقمىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇ بۇلارنى چۈشىنەلمەيدۇ.

مەن گەرچە قۇملۇقتا 15 يىلنى ئۆتكۈزگەن بولسامۇ،

روھىي ـ كەيپىياتىمنىڭ نەقەدەر تاقەتسىزلىنىۋاتقانلىقىنى، ئۇلا زۇمدىن نەقەدەر رازى بولمايۋاتقانلىقىمنى ئەمدىلا ھېس قىلىۋاتىمەن. بۇساددانىڭ ماڭا بىرەر نەرسە بېرىشى ناتايىن، پارىژ ياكى بېرلىندىكى پىششىق خىشتا سېلىنغان ئىمارەتلەر ئىچىدە، ئۇ خىل قايناق مۇھىتتا ئۆزۈمنى بەختلىك ھېس قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس، راستىنىلا مۇمكىن ئەمەس. مەن سەھرايى كەبىرگە قايتىپ بېرىپ بوستانلىقلارنى ئارىلاپ، قۇملۇق ئاستىدىكى سىرنى ئىزلىشىم كېرەك.

مەن بۇرۇن: مەن قۇياشقا ئۆچ بولۇپ قالدىم، قۇملۇققا ئۆچ بولۇپ قالدىم، بۇ زېمىنغا ئۆچ بولۇپ قالدىم، ئافرىقىنىڭ ھەممە نەرسىلىرىگە ئۆچ بولۇپ قالدىم دەپ يازغانىدىم. لېكىن ھازىر مۇشۇنداق ئۆچلۈك ـ نەپرەت ئىچىدىمۇ مۇھەببەت بولىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىر خىل يۇكسەك، ئەڭ كۈچلۈك مۇھەببەتنىڭ شەكلى ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا چۈشىنىۋاتىمەن.

ئەتە ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولىدۇ.

مەن قۇملۇققا قايتىپ بارىمەن.

بىر پىيادە ئەسكەرلەر شۆبە ئەترىتى مېنى ئۇچىنچى قورغانغا ئاپىرىپ قويىدۇ، ئاندىن يەنە باشقا چەت ئەل ئارمىيىسى ئەسكەرلىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا داۋاملىق ئىلگىرىلەيمەن. مەن ئالجىردىن تېگىشلىك بولغان بارلىق ياردەمگە ئېرىشتىم، ئۇلار ماڭا لازىم بولغان ھەممە نەرسىنى بەردى. ئۇلار مېنىڭ يەر تۈزۈلۈشى خەرىتەمنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى بىلىدۇ. بىرنەچچە كۈنگىچە ئايىغى ئۈزۈلمەي مېنى زىيارەت قىلغان ھېلىقى مۇتەخەسسىسلەر، ئەھۋالدىن قارىغاندا يۇقىرىغا بىر پارچە باھالاش



www.uyghurkitap.com

دوكلاتى سۇنغان ئوخشايدۇ. مەن بۈگۈن مېھمانخانىنىڭ سۇ ئۈزۈش كۆلىدە ئاخىرقى قېتىم سۇ ئۈزۈۋالاي، مەن يەنە بىر ئاخشام سۇپىدا ئولتۇرۇپ، ئاق كىيىملىك ئەرەب كۈتكۈچىلىرى-نىڭ مۇلازىمىتىگە مۇيەسسەر بولالايمەن.

ئەتە يەنە تۆگىگە مىنىمەن.

مەن هاندرىك دوختۇر بىلەن ئۇچرىشالايمەنمۇ؟ ئۇ توغرى-سىدا ناهايىتى كۆپ ئويلىنىشقا، يالغۇز ئۇنىلا ئەمەس، بەلكى ھېلىقى مەن بىلەن ئەزەلدىن تونۇش بولمىغان، چىرايلىق، گېرمانىيىلىك قىزنىمۇ ئويلاشقا مەجبۇرمەن. ئۇ، مېنى قۇتقۇ-زۇپ قالغان قىزنى ياخشى كۆرىدىكەن. بەلكىم بىز مەلۇم تۆت كوچا ئېغىزىدا ئۇچرىشىپ قېلىشىمىزمۇ مۇمكىن، بۇ ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشمۇ ئەمەس، چۈنكى، بۇ دۆلەتنىڭ زې-مىنى گېرمانىيىدىن ئۈچ ھەسسە كەلگۈدەك چوڭ بولسىمۇ، لېكىن، قۇملۇق مەركىزىدە پەقەت سانىغۇاغۇدەك بىرنەچچىلا شە-هەر ۋە بوستانلىقى بار. بۇ جايلاردا ھەرقانداق ئادەمنى ئۇچراتقى-لى بولىدۇ.

ناۋادا ئۇممانى كۆرۈپ قالسام قانداق قىلارمەن؟

ئۇ چوقۇم مېنى داۋاملىق ئىزلەۋاتىدۇ، ئۇنىڭ تەن بەرمەي-دىغانلىقىنى ئوبدان بىلىمەن. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالسام قانداق قىلىشىمنى راستىنلا بىلەلمەيۋاتىمەن.

ئافرىقا ئەمدى ئېغىر ئۇيقۇدا ياتقان ساھىبجامال ئەمەس. ئۇ چوقۇم ئويغىنىدۇ، چوقۇم گۈللىنىدۇ. دۇنيانىڭ تەرەققىيا-تىنى توسۇپ قالغىلى بولمايدۇ. ئۇمما بۇلارنى چۈشەنمەيدۇ، ئۇ پەقەت ئۆزىنىڭ دۆلىتى ۋە خەلقىنىلا كۆرۈپ، بۇ خىل بىرتەرەپ-

ـلىمە قارىشىنى ھەمىشە توغرا دەپ ھېسابلايدۇ.
مەن قۇملۇقتا قايتىپ بىرىشقا تەقەززا بولماقتىمەن.
بۇ 15 يىللىق جەرياننى بېشىمدىن كەچۈرگەندىن كېيىن،
مەن بىرنەرسىنى يەنە بىر كۆرۈشنى — بىردەم بولسىمۇ كۆرۈۋېـ
ـلىشنىلا ئويلايتتىم. ئۇ مېنىڭ 15 يىللىق ھاياتىمدىكى بىردىنـ
بىر ئارزۇيۇم...
يامغۇر!
بىر سائەتلىك شارقىراپ ياغقان يامغۇر ئۇچۇن ھازىرلا
ياۋروپاغا بارغۇم بار! بۇ پۈتۈنلەي بىر خام خىيال، ئەمەلگە
ئاشمايدىغان بىر ئارزۇ.
مەن ئۆزۈمنىڭ ھېچقانداق يەرگە مەنسۇپ بولماستىن بەلكى
قۇملۇقلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىمنى ئەمدىلا ھېس قىلىۋاتىمەن.

گېلىيىنىڭ ئەتراپىدىكى قۇملۇق قاقاس جاي ئىدى.
بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىدە قۇمدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە
كۆرۈنمەيتتى.
بۇ يەردە ھېچقانداق ئوت-چۆپ، دەل-دەرەخ، يېشىللىق
دېگەنلەردىن ئەسەرمۇ يوق. بىرەر قېتىم يامغۇر ياغقان تەقدىردىـ
مۇ، نەملەشكەن قۇملۇق ناھايىتى تېزلا قۇرغاق سېرىق قۇم
دانچىلىرىغا ئايلىنىدۇ. گېلىيىدە يامغۇر ياغمىغىلىمۇ ئۈچ يىل
بولۇپ قالدى.
كىمكى گېلىيىدىن ئىبارەت گېردىئانىڭ جەنۇبىغا جايلاشـ

قان بۇ چەت بوستانلىقتىن ئايرىلىدىكەن، ئۇ دۇنيادا ھەممىدىن بەك ئارماندا قالغان ئادەمگە ئايلىنىدۇ. ئادەم مەيلى شەرققە، جەنۇبقا، غەربكە، شىمالغا بارسۇن، ھەممىلا يەر ئوخشاشلا قۇم-لۇق، ھەممىلا يەر ئوخشاشلا ئىسسىق، ھەممىلا يەر ئوخشاشلا قاقاسلىق ۋە سۇسىز.

بۇ بۇلاق بىلەن ئۇ بۇلاقنىڭ ئارىلىقى ئىككى-ئۈچ كۈنلۈك يول، بۇ بۇلاقلار ھەمىشە 30 مېتىر قېلىنلىقتىكى قۇم ئاستىدا بېسىلىپ قالىدۇ، كىشىلەر ناھايىتى چوڭقۇر كولىغاندىلا ئاندىن سۇ چىقىرالايدۇ. قۇدۇق كولىغاندىن كېيىن دۆۋىلەنگەن نۇر-غۇنلىغان قۇم دۆۋىلىرىنىڭ ئەتراپى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلگەن تۆ-گە ۋە ئېشەكلەرنىڭ ئۇستىخانلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن. بۇ يول ئەرەبلەر تەرىپىدىن ”ئاچلىق-ئۇسسۇزلۇق يولى“ دەپ ئاتال-غان بولۇپ، ئۇ سەھرايى كەبىر ۋە گېردىئانىڭ جەنۇبىدىكى چۆللۈكتىن ئۆتىدىغان چېكى يوق قۇملۇق يول.

شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، بىر تۆگە كارۋىنى تومۇز ئىسسىقىدا چۆللۈككە كىرىپ كەلدى. بۇ كارۋاندا ئادەم مىنگەن يەتتە تۆگە ۋە يۈك ئارتىلغان 10 تۆگە بولۇپ، بۇ 10 تۆگىنىڭ دۈمبىسىدە قاتلانغان چېدىر، تۇلۇم ۋە تۆگىنىڭ قۇرۇق مايا قلى-رى (بۇ مايا قلار كېچىدە ئوت يېقىشقا يېقىلغۇ قىلىناتتى) قاچىلانغان تاغارلار پۇلاڭشىيتتى. قاتتىق چارچىغان ئورۇق تۆ-گىلەر ئاستا-ئاستا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇلارنىڭ نىشانى سەھرايى كەبىرنىڭ مەركىزىگىرەك جايلاشقان مۇنبەت بوستانلىق — يىڭسارا ئىدى.

نەچچە كۈندىن بېرى، ھاۋا تۇتۇلۇپ، زادىلا ئېچىلمىدى،

ئاسمان خۇددى بىر قەۋەت نېپىز تور بىلەن يېپىپ قويغاندەك سۇس كۆك كۆرۈنەتتى.

كارۋان ئالدىدا تۆگە مىنگەن پاكار، سېمىز كەلگەن بىر ئەرەب مەيۇسلەنگەن هالدا ئاسمانغا قاراپ بېشىنى چايقىدى، ئاندىن نەزىرىنى ئۈستىگە پەردىلىك تەختىراۋان ئارتىلغان بىر تۆگىگە يۆتكىدى، تەختىراۋان خۇددى بىر ئېغىز كىچىك ئۆيگە ئوخشاش بولۇپ، تۆگىنىڭ قەدىمىگە ماسلىشىپ ئوڭ-سولغا چايقىلاتتى. ئېگىز ۋە بېجىرىم كەلگەن بۇ تۆگە بوينىنى سوزغىنىچە قومۇلۇقتا ئاستا قەدەم تاشلاپ ماڭماقتا ئىدى.

هېرد شۆېت تەختىراۋاننىڭ ئىچىدىكى بىر ياغاچ ئورۇندۇقتا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، يوپۇقنىڭ كىچىككىنە يوچۇق قالدۇرۇلغان كۆزنىكىدىن چەكسىز كەتكەن قومۇلۇقـقا نەزەر سالاتتى.

هېلىقى كېچىسى ناتونۇش قاچقۇن باغدا كۆزەتچىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى. ئۇ هوشىغا كەلگەن چاغدا ئۆزىنىڭ ئۆيدە ياتماستىن، بەلكى كۆزنەكلىرىگە پەردە تارتىلغان، قاراڭغۇدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان چوڭ تېپتىكى بىر ئاپتوبۇس ئىچىدە ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ قىمىرلىغاندا يېنىدا ئولتۇرغان ئەرەبكە كۆزى چۈشتى، ئۇ هېردنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ بەلۋېغىغا ئېسىلغان ئۇزۇن كالىبىرلىق بىر تاپانچىنى كۆرسىتىپ قويدى. هېرد سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردى، چۈنكى ئەمدى ۋارقىراش ياكى قارشىلىق كۆرسىتىشنىڭ هېچقانداق پايدىسى يوق ئىدى.

ئۇ شوپۇرنىڭ يېنىدىكى ئالدىنقى ئورۇندۇقتا ئۆزىنىڭ چا-

مادانىنىڭ قويۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئودهامدىن مەڭگۈلۈك ئاي-رىلغانلىقىنى بىلدى. ئۇ بۇنى ھېس قىلىپ يەتكەندە يىغلىماس-تىن، پەقەت لەۋلىرىنى چىڭ يىمىرىپ، ھاڭۋاققان ھالدا نەزد-رىنى ئالدىدىكى بوش ئورۇندۇقتىن ماشىنىنىڭ چىرىغى يورۇت-قان يولغا يۆتكىدى. توپتوز كەتكەن يول بويىدا شىغىللىق ساھىللار، يېگانە قورام تاشلار، پالما دەرەخلىرى ۋە زەيتۇنزار-لىقلار كۆزگە تاشلىناتتى، ئارقىدىنلا يەنە قۇملۇق كۆزگە چېلى-قاتتى، ماشىنىنىڭ چاقى ئاستىدىن قۇم-توپا كۆتۈرۈلەتتى. ھېرد شۇ چاغدىلا ماشىنىنىڭ جەنۇبقا—چېكى يوق دۇنياغا قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

ئۇلار كېچىچە ئالدىراپ يول يۈرۈشتى. سەھەر مەزگىلىدە، ئۇلارنىڭ ئاپتوبۇسى ئادەم ئولتۇراقلاشمىغان بىر بوستانلىققا كېلىپ توختىدى. بۇ يەر ئودبابا بۇلىقى بولۇپ، ملادىشى لېيتې-نانت گلانتۇس مۇشۇ يەردە ئومابىننى بىلقاسىم بىلەن ئېلىشقا-نىدى. شوپۇر ئاپتوبۇسنى بۇ يەردە توختىتىپ، بۇلاق سۈيىدىن رادىئاتورغا لىق قاچىلىدى. ھېردنىڭ ئاپتوبۇستىن چۈشۈشىگە رۇخسەت قىلىندى. ئۇ بۇلاق بويىدا ئولتۇرۇپ، كېچىنىڭ سو-غۇقلىقىنى ھېس قىلدى. ھېلىقى گەپ قىلمايدىغان ئەرەبمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇزۇن پەرىجىسىنى سېلىپ، ھېردنىڭ مۈرىسىگە يېپىنچاقلىتىپ قويدى. ھېرد ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى ۋە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئەمما ھېلىقى ئادەم نەزەرىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ، ھېچنېمىنى كۆرمىگەن بولۇۋالدى. بۇ چاغدا، ئاسىيا بۆرىسىنىڭ ھوۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، باشتا ئۇ سوزۇپ

www.uyghurkitap.com

بىر ھوۋلىدى، ئارقىدىنلا ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇزۇن-ئۇزۇن ھوۋلىغىلى تۇردى، بۇ ئاۋازدىن ئادەمنىڭ تېنى شۇركىنىپ كېتەتتى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۇلار يولىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇدۇل جەنۇبقا قاراپ ماڭدى. تەخمىنەن چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئونلاردا، ئۇلار قاتتىق ئىسسىققا پەرۋا قىلماي سايىۋەنلاققا يېتىپ كەلدى. بۇ پەقەت بىرلا تېيىز بۇلاق بار كىچىك بوستانلىق ئىدى. ھېلىقى تۆگە كارۋىنى بۇ يەردە ھېردنى كۈتۈپ تۇراتتى، ئۇلار ئۇنى چەت ۋە نامەلۇم دۇنياغا ئېلىپ كېتەتتى.

تۆگە كارۋىنى سەپەرگە چىققان ئىككىنچى كۈنى، ھېرد ئۈچ جىپ ماشىنىلىق بىر چارلاش ئەترىتىنى يىراقتىن كۆردى. ملادشى لېيتېنانت گلانتۇس شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدى. بىراق ئۇ دۇربۇن بىلەن كۆزىتىپ، بۇ تۆگە كارۋىنىنىڭ ئومماغا تەۋە ئەمەسلىكىگە ھۆكۈم قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچ جىپ ماشىنىسى بۇ كىچىككىنە كارۋان يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بۇ كارۋانغا قىزىقمىدى، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپمۇ قويمىدى.

ھېرد تەشنا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، ئۈچ جىپ ماشىنىسىنىڭ يۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ-توزانلار ئىچىدە غايىب بولغانلىقىغا ھاڭۋاققان ھالدا قاراپ قالدى. چارلاش ئەترىتى ئۇپۇق سىزىقىدا غايىب بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئاق تۆگىگە مىنگەن ئەرەب ئۇنىڭغا قاراپ مۇغەمبەرلەرچە ھىجايدى ۋە خىرقىراق ئاۋازدا:

— ئارمىيىمۇ سىنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ، — دېدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن، تۆت كۈن، بەش كۈن، ئالتە كۈنمۇ

ئۆتۈپ كەتتى، قۇملۇقنىڭ چېتى كۆرۈنمەيتتى. ئوتتەك ئىس-سىق هاۋا ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ قۇرۇتىۋەتتى. يولدا بىرمۇ بۇلاق ئۇچرىمىدى، ئۇلار ئامالسىز تۇلۇمدىكى قى-زىپ كەتكەن سۇنى ئىچىشتى. بۇ سۇ دۇغ-لاي، قىرتاق، تەم-سىز ئىدى، لېكىن ئۇ يەنىلا سۇ-دە، بۇ سۇدىن هەر كۈنى يېرىم لىتىر ئىچىلەتتى. ئۇلارنىڭ يۈز يۈيۈشقا سۈيى يوق ئىدى، تەر ۋە توپا-چاڭ ئارىلىشىپ كەتكەنلىكتىن، تېرىسىگە بىر قەۋەت قېلىن ئۇيا سۇرتۇلگەندەك كۆرۈنەتتى.

ئۇزۇنغا سوزۇلغان سەپەرنىڭ 7-كۈنى، ئاسمان كۈل رەڭگە ئۆزگىرىپ، قاراڭغۇلىشىشقا باشلىدى. شامالمۇ توختاپ قالدى، تۇيۇقسىز ئاسمان-زېمىننى تۇمان قاپلاپ كەتتى، يەر-جاهان قا-راڭغۇلىشىپ، هېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولماي قالدى، شۇ تاپتا ئۇ گويا هور بىلەن تولغان مۇنچىغا ئوخشايتتى.

ئەرەبلەر قورقۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار تۆگىلەرنى چەمبەر شەكلىدە ئايلاندۇرۇپ چۆكتۈردى، ئاندىن هېردىنمۇ چۈشۈردى. قۇملۇقنىڭ مەركىزىدە، قۇياشنىڭ هىمايىلىسىمۇ يوق ئى-دى. . . ئۇلار چېدىر تىكىدىغان برېزېنت بىلەن ئۆزىنى ۋە تۆ-گىلەرنى يېپىشتى، هېردنى تەختىراۋاندىن تارتىپ چۈشۈرۈپ، چوكتۇرۇلگەن بىر توگىنىڭ يېنىغا ئەكېلىپ، قېلىن برېزېنت-نىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇردى.

— ئاھ، خۇدا! — ئەرەبلەر قاتتىق ۋارقىراپ ئىلتىجا قى-لىشقىنىچە تىزلىنىپ، يۈزىنى مەككىگە توغرىلىدى. ئۇلارنىڭ خۇداغا ئىلتىجا قىلغان ئاۋازى قۇملۇقنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇ-ۋەتتى. ئاسمان سېرىق رەڭگە ئۆزگەردى. . . هېرد تەبىئەتنىڭ

قورقۇنچلۇق بۇ مەنزىرىسىگە قاراپ قېتىپلا قالدى. . ئۇ قۇم-
چاڭنىڭ ئۇپۇق سىزىقىدىن يوگىلىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ئۇ-
لارغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. قۇم-بوران سۈرئىتىنىڭ
تېزلىكى كىشىنى قورقۇنچقا سالاتتى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ
يىراقتىن يېقىنلىشىۋاتقان، بارغانچە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان بو-
راننىڭ ھۆركىرىگەن ئاۋازىنىمۇ بىللە ئېلىپ كېلىۋاتاتتى.
قۇم-بوران ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەندە، ھاۋا شالاڭلىشىپ
كەتتى. . . ھېرد برېزېنتىنىڭ ئاستىدا بېشىنى قۇملۇق يەرگە
تۈپتۈز قىلىپ قويۇۋالغان تۆگىگە چاپلىشىپ ياتاتتى ۋە ھاسىراپ
نەپەس ئالاتتى. ئۇ گويا تۇيۇقسىزلا ھاۋاسى شالاڭ بىر ئۆيگە
چۈرۈپ تاشلىۋېتىلگەندەك، ھازىرلا تۇنجۇقۇپ قالىدىغاندەك ئى-
دى. . . قۇم-بوران باستۇرۇپ كەلدى. . . ھوشقىرىغان، غۇرقى-
رىغان، ھوۋۇلدىغان ئاۋازلار بىلەن تەڭ قۇم باش-كۆزلەرگە
تۆكۈلۈپ، ھېردنى كۆمۈپ قويدى؛ قۇمنىڭ كىرمەيدىغان تۆشۈ-
كى يوق ئىدى، ھېردنىڭ ئاغزى، كۆز ۋە قۇلاقلىرى قۇم بىلەن
ئېتىلىپ قالدى. ئۇ ھېلىقى تۆگىنىڭ يېنىغا ئۆملەپ باردى-
دە، بىر تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، سۇنى كىيىملىرىگە تۆكتى،
ئاندىن ھۆل كىيىم بىلەن يۈز-كۆزىنى چۈمكىدى. ھول كىيىم
گويا سۈزگۈچكە ئوخشاش ئۇنىڭ نەپەسلىنىشىنى خېلى يېنىك-
لەشتۈردى. ئۇنىڭ ئەتراپى قورقۇنچلۇق تۈسكە كىردى. گويا
ئاسمان يېرىلىپ، يۇلتۇزلار گۈمۈرۈلۈپ كەتكەن زېمىنغا چۈ-
شۈپ، بۇ بالايى-ئاپەت ئىچىدە چاڭ-توزان ۋە قۇمغا ئايلىنىپ
كەتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. ئاسمان بىلەن زېمىن ۋە پۈتۈن
دۇنيا غايىب بولغاندەك ئىدى. قۇم-بوران ھوۋۇلىغىنىچە ئادەم

ۋە هايۋانلارنى قاپساپ، يەرگە چاپلاپلا قويدى، ئۇلار شۇ تاپتا ئۆزلىرىنى قوغداشقا ئاجىز ئىدى.

قۇم بوران تەخمىنەن تۆت مىنۇت داۋام قىلدى. تۆگىلەر، ئەرەبلەر، ئۇلار يېنىغا ئېلىۋالغان نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسى كۆرۈنمەيتتى. بىرنەچچە مىنۇت ئىچىدە دۆۋىلىنىپ كەتكەن قۇم دۆڭلىرى ئادەم ۋە ھايۋانلارنى كۆمۈۋەتكەنىدى. قۇم دۆڭىنىڭ تۆت ئەتراپىدا بوران شىددەت بىلەن ھوۋلاپ بۇياققا دۆۋە-دۆۋە قۇملارنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ، يەنە ئۇنى تېزلىك بىلەن ئەسلىدىكى قۇملۇققا ئۇچۇرۇپ ئەپكېتىۋاتاتتى. نەچچە مىڭ توننا قۇم قۇيۇندىلۇق بوراندا پىرقىراپ ئايلىنىپ، يولنى توسقان ھەرقانداق نەرسىنى يالماپ يۇتۇۋېتىۋاتاتتى ۋە كۆمۈۋېتىۋاتاتتى.

ھېرد بىرېزىنت رەختنىڭ ئاستىدا، تىترەپ تۇرغان ھېلىقى تۆگىگە چىڭ يېپىشىپ ياتاتتى. ئۇ ھۆل كىيىمى بىلەن يۈز-كۆزىنى ئېتىۋالغان بولۇپ، نەپەس ئېلىشى بارغانچە قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى... ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ھاياتىنى قوغداپ قالىدىغان ئوكسىگېننى سۈمۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىنى بېسىپ تۇرغان قۇم بارغانچە ئېغىرلىشىپ، بارغانچە چىدىغىلى بولماي قېلىۋاتاتتى. مەن كۆمۈلۈپ كېتىۋاتىمەن، مەڭگۈ چىقالمايدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىدى ئۇ. بوران تېخىچە ھۆركىرەۋاتاتتى، دۆۋە-دۆۋە قۇم يەنە بىر قېتىم كىچىك قۇم بارخانلىرىغا ئۇچۇپ كەلدى، بىچارە ئادەملەر ۋە ئات-ئۇلاغلار قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالدى.

ئۇ مىدىرلىماقچى بولىۋىدى، لېكىن ھەرقانچە قىلىپمۇ مىدىرلىيالمىدى، بىرېزىنت ئۈستىدىكى ئېغىر قۇم ئۇنى بېسىپ

تۇراتتى. ئۇنى قاتتىق ۋەھىمە باستى، بىرىزىنت ئاستىنىدا تېپىرلاپ، داد-پەرياد كۆتۈردى. . . ۋارقىرىدى. . . ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىنى قۇم-بورانىنىڭ ھۆركىرىشى بېسىپ كەتتى، ئاغزىغا قۇم تولۇپ كەتتى. ئۇ يۆلىنىپ تۇرغان تۆگە لاغىلداپ تىترەيتتى. ھېرد ئەقلىنى يوقىتىپ، ئورنىدىن قوپۇپ قاچماقچى بولىدى. . . پەقەت بۇ يەردىن قېچىپلا كەتسە. . . مەيلى قەيەرگە بارسىمۇ ئوخشاش. . . ئىشقىلىپ ھەممىلا يەر قۇملۇق، ھەممىلا يەردە بوران، ھەممىلا يەرنى ۋەھىمە ۋە ئۆلۈم دەھشىتى قاپلىغان. . . قېچىش كېرەك. . . قېچىش. . . پەقەت بۇ يەردە پۈت-قولىنى چۈشەپ قويغاندەك يېتىپ، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالمىسىلا بولغىنى. يەنە تېخى. . . يەنە تېخى قۇم ئۆزىنى كۆمۈپ تاشلاشتىن بۇرۇن ئەزرائىلىنىڭ ئەپتىنى بىر كۆرۈپ بېقىش كېرەك.

ئۇ قاتتىق ۋەھىمە ئىچىدە ئاخىر قۇم دۆۋىلىنىپ كەتكەن بىرىزىنتنى كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ھاسىرىغىنىچە ئىڭرايتتى. دەل شۇ چاغدا، ئۇ يېنىدىلا بىر نەرسىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئارقىدىنلا يۇڭلۇق، پاسكىنا بىر باش كۆرۈندى. ئۇنىڭ كەڭ ئېغىزى ئالدىغا بۆرتۈپ چىققان بولۇپ چىشلىرى پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ھېردنىڭ پاناھىغا ئېرىشمەكچى بولۇپ، قاتتىق ۋە ئۇزۇن تىرناقلىق قولىنى سوزۇپ، ھېردنى تۇتىۋالدى. ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان كىچىككىنە گەۋدىسى ئالدىغا سوزۇلۇپ كېلىپ، ھېردقا چىڭ چاپلاشتى. ھېرد بوش يىغا ئاۋازىنى، ئازابلىق ئېسەدەشنى ئاڭلىدى.

—بوبو! —ھېرد بىرياقتىن مايمۇننىڭ ئىسمىنى چاقىرغاچ، ئۇنى ئۆز يېنىغا تارتتى، —مەن سېنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ

كېتىپتىمەن ئەمەسمۇ. سەن قەيەردىن ئۇنۇپ چىقتىڭ؟ تەختىدىن
ـراۋاندىن قېچىپ چىقتىڭمۇ؟ ۋاي ئوبدان بوبورۇم، ئوماق بوبو-
رۇم!

مايمۇن ئۇنىڭ يۈزىنى يالىدى. ئۇ بۇنىڭدىن قىلچىمۇ بى-
ـزارلىق ھېس قىلمىدى. ئۇمۇ بىر جان ئىدى، ئۇنىڭغا چىڭ
چاپلىشىپ تۇرغان ھايات بىر جان ئىدى؛ ئۇ جۇغى كىچىككىنە
مايمۇننىڭ ئۆزىگە قايتا شىجائەت بەخش ئەتكەنلىكىنى ۋە ئە-
قىل-پاراسەت ئاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلدى. ھېلىقى تۆگە
تېخىچىلا جىمجىت ياتاتتى. ئۇ تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالغانمىدۇ؟
قورقۇنچلۇق ھۆركىرىگەن ئاۋاز ئاللىقاچان يوقاپ كەتكەن بو-
لۇپ، قۇم خۇددى چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىگەندىن
كېيىن زېمىنغا تۆكۈلىدىغان يامغۇرغا ئوخشاش تاراسلاپ چۈش-
ـمەكتە ئىدى.

ھېرد تۆگىگە يۆلەنگەن ھالدا برېزېنت ئاستىدا يەنە بىر
سائەتتەك تۇردى. ئاندىن ئالدى-كەينىدىكى قۇملارنى كۈچەپ
كولاپ، ئالتۇن رەڭلىك دانچىلاردىن پەيدا بولغان كىچىككىنە
تاغ ئاستىدىن ئۆمىلەپ چىقتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يەككە-يېگانە ھالدا
قۇملۇقتا تۇرغانلىقىنى كۆردى. باشقا تۆگىلەر چۆكتۈرۈلگەن ۋە
ئەرەبلەر شامالدىن پاناھلانغان جايلار قۇم دۆۋىسىگە ئايلانغانىدى.
تەختىراۋان كۆرۈنمەيتتى، باشقا ھەممە نەرسىمۇ كۆرۈنمەيتتى،
بىر ئادەمنىڭ قارىسىمۇ يوق ئىدى. . . پەقەت قۇملۇقلا، قۇم
دۆۋىلىرىلا قۇياشنىڭ قاتتىق قىزدۇرۇشىغا چىداپ، ئۈن-تىنـ-
ـسىز سوزۇلۇپ ياتاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بوبونى يېنىغا تارتىپ،
ھېلىقى تۆگىنى بېسىپ تۇرغان قۇمنى كولاشقا باشلىدى. يەرگە

چۆكتۈرۈلگەن تۆگىنىڭ بېشى بىرىزېنت ئاستىدا بولۇپ، ئېغىر قۇم ئۇنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى بېسىۋالغانىدى. ھېرد ئۇنىڭ بېشىنى تېپىۋېلىشتىن بۇرۇن، ئۇ ناھايىتى سەۋرچانلىق بىلەن ياۋاش تۇرۇپ بەردى. ھېرد تۆگە ئۈستىدىكى قۇملارنى قوش قوللاپ بىر ياققا سىيرىپ چۈشۈرەتتى، بوبومۇ ئىككى پۇتى ۋە ئەپچىل قوللىرى بىلەن قۇملارنى تاتىلايتتى. تۆگە ئاخىر بېشىنى كۆتۈرۈپ، غەمكىن كۆزلىرى بىلەن بوبوغا تىكىلىپ، مىنىنەتدارلىقىنى بىلدۈرگەندە، بوبو خۇشاللىقتىن خىرقىراپ كەتتى. ھېردمۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قولى بىلەن تۆگىنىڭ بېشىنى قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ قېلىن كالپۇكلىرى دوردىيىپ تۇرغان ئېغىزىنى ۋە بۇرنىنى سىلاپ كەتتى. تۆگىنىڭ ئېغىزىدىن سېرىق ھەم قىڭغىر-قىيسىق چىشلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھېرد بىرىزېنتنىڭ ئاستىدىن بىر تۇلۇمنى تارتىپ چىقىرىپ، تۆگىنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرى ۋە ئاغزىغا سۇ قۇيدى. تۆگە قورۇپ كەتكەن تىلى بىلەن سۇنى ئاچكۆزلەرچە يالايتتى.

ھېرد ئەرەبلەر تېخى بايىلا بوراندىن پاناھلانغان جايغا كەلدى. بۇ يەر جىمجىتچىلىقتا چۆككەنىدى. ئېگىز دۆۋىلەنگەن قۇم ئاستىدا باشقا تۆگىلەر ھەم ھېلىقى ئەرەبلەر كۆمۈلۈپ قالغانىدى. ئۇلار چوقۇم تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالدى، ئۇلارنىڭ قۇم ئاستىدا جان تەسلىم قىلغانلىقىغا پەقەت بىرنەچچە مىنۇتلا بولدى. بىر تۆگىنىڭ ئالدى تۇياقلىرى ئېگىز قۇم دۆۋىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ قالغانىدى، يەنە بىر قۇم دۆۋىسىدىن ئۇزۇن ئاق پەرىجىنىڭ پېشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قۇياش كۆيدۈرمەكتە. گويا بۇنىڭدىن تېخى بىرنەچچە مىنۇت ئىلگىرى قورقۇنچلۇق

قوم-بوران يەر-زېمىننى سىيرىپ-سۈپۈرۈپ ئۆتمىگەندەكلا، ئاسمان يەنە سۈس زەڭگەر رەڭگە ئۆزگەردى.

ھېرد ئۆلۈم دەھشىتى قاپلىغان زېمىنغا نەزەر تاشلاپ ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى. ئۇ ھېلىقى تۆگىنىڭ يېنىدىن ئېگەر چومنى كولاپ چىقاردى. ئېگەر ۋە بىرنەچچە تۇلۇم ئۇستىدىكى قۇم-توپىلارنى قېقىۋېتىپ، ياغاچ ئېگەرنى تۆگىنىڭ ئۇستىگە تاشلىدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئاجىز كۈچىگە تايىنىپ، كەندىر ئارغامچىنى تۆگىنىڭ قورسىقى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئېگەرنى تازا چىڭىتىپ تاڭدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، سىلىقۇەتكەن ھول كىيىمنى بېشىغا ئوراپ، بوبونى قۇچىقىغا ئېلىپ، تۆگىگە مىندى. تۆگە ھاسىرىغان ھالدا ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئالدى گەۋدىسىنى كۆتۈردى، ئاندىن ئارقا پۇتىنى تۈزلىدى، ئاخىرىدا ئالدى پۇتى بىلەن يەرگە مەزمۇت دەسسەپ، سوزۇپ بوزلاپ گەۋدىسىنى رۇسلىدى، ئەگرى، ئۇزۇن بويىنىنى ئوڭ-سولغا تولغاپ، ئاغزىنى ئېچىۋىدى، چىشلىرى پارقىراپ كەتتى.

ھېرد تۆت ئەتراپقا ئارىسالدىلىق بىلەن نەزەر تاشلىدى. يەنە بىر بوستانلىق قەيەردىدۇ؟ ئۇ قاياققا قاراپ مېڭىشى كېرەك؟ قايسى تەرەپ جەنۇب؟ قايسى تەرەپ شىمال؟ قۇياش ئۇنىڭ بېشىدا تىكلىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆلۈم دەھشىتى قاپلىغان زېمىنغا يەنە بىر قېتىم نەزەر تاشلىدى-دە، بېشىنى تۆۋەن سالدى. يەككە-يېگانىلىق، پاناھسىزلىق غايەت زور ۋەھىمە پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلاتتى، ئەتراپتىكى شەيئىلەرنى چۈشەنمەسلىكتىن كېيىن چىققان قورقۇنچمۇ ئۇنىڭ قەلبىنى مۇجۇيتتى.

ھېرد ھەيدىمىگەن بولسىمۇ، تۆگە ئاستا-ئاستا قەدەملىرىنى يۆتكەپ ئېرەنسىزلىك بىلەن مېڭىپ، قۇملۇققا كىردى. چۇلۇۋۇر ئۇنىڭ بويىنىدا بوش ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ نامەلۇم بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە بىر خىل سىرلىق، ئاجايىپ تەبىئىي تۇيغۇسىغا تايىنىپ يول ئىزدەپ، چەكسىز قاقاس قۇملۇققا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئېگىز ھەم كۈچلۈك كەلگەن، قالايمىقانلاشقان تۈكلىرىگە قۇم دانچىلىرى يېپىشىپ قالغان بۇ سېرىق رەڭلىك تۆگە بەخىرامان ماڭماقتا ئىدى. ئۇ ئاغزىنى يېرىم ئاچقان ھالدا، قەدەمدە بىر ھاسىرايتتى... لېكىن ئۇ يەنىلا مېڭىۋاتاتتى... ھېچكىم ئۇنى يېتىلىمىسىمۇ، ھېچكىم چۇلۇۋۇرىدىن تارتمىسىمۇ مېڭىۋاتاتتى، ئۇنىڭ قۇملۇققا ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ياكى قۇملۇقتىن چىقىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى... مۇشۇ سائەت، مۇشۇ مىنۇتتا، بۇنى كىممۇ بىلەلەيتتى دەيسىز؟ ھېرد ياغاچ ئېگەر ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغىنىچە ئۆزىنى ئېلىپ قاياققا مېڭىشنى تۆگىنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇردى، بوبو ھېردنىڭ ئالدىدىكى ئېگەرنىڭ تۇتقۇچىغا چاپلىشىپ ئولتۇراتتى. ھېردنىڭ تۆگە كېتىۋاتقان نىشاننى ئۆزگەرتكۈسى يوق ئىدى، ئۇ بۇ ھايۋاننىڭ ساغلام تۇيغۇسىغا تايىنىپ مېڭىشىغا پۈتۈنلەي يول قويدى.

ھېرد پېژ-پېژ ئاپتاپتا خېلى ئۇزۇن ۋاقىت چايقىلىپ ماڭدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى ھۆل كىيىمى ئاللىقاچان قۇرۇپ، تاراقشىپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ تۆگىنىڭ ئېگىرىدىكى تۇلۇمنى يېشىۋېلىپ، كىيىمىنى يەنە ھۆللىدى، يالىڭاچ مورىسىگە ۋە ھېچ نەرسە يېپىلمىغان كۆكرىكىگە ئازراق سۇ چاچتى، ئاندىن ئېھتى-

يات بىلەن بىرنەچچە ئوتلام سۇ ئىچتى، بوبوغىمۇ ئازراق ئىچ-كۈزدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئالىقىنىغا ئازراق سۇ قۇيۇپ، تۆگى-نىڭ بېشىنى قايرىپ، ئۇنىڭغىمۇ بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئىچكۈز-دى.

گۆگۈم بولغاندا، ھېرد غەربكە پېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ ھەيران بولغان ھالدا تۆگىنىڭ شىمالغا ئەمەس، بەلكى غەربىي جەنۇبقا قاراپ ماڭغانلىقىنى بايقىدى بۇ چاغدا، تۆگە تۇيۇقسىز قەدىمىنى توختىتىپ، تىزلىنىپ، ھېردقا قاراپ بوزلىدى. ھېرد سىلكىنگىنىچە تۆگىنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ يەرگە چۈ-شۈۋالدى. ئۇ كېيىمىنى كىيىپ، ئوزۇق خالتىسىدىن يەيدىغان نەرسە ئىزدىدى. ئۇ بىرنەچچە پارچە قېتىپ كەتكەن سۇلۇ نېنى-نى تاپتى-دە، ئۇنى ئۇشتۇپ، بوبو بىلەن تۆگىگە بۆلۈپ بەردى. ئۆزى يەنە بىرنەچچە يۇتۇم سۇ ئىچتى، ئاندىن كېيىن تېخىملىغان كۆدە-كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇردى.

ئۇ ئۈنچىقماي، مىدىر-سىدىر قىلماي، غەربكە پېتىۋاتقان قۇياشقا تىكىلدى. قۇياش ئۇپۇقتا غايىب بولدى، ئاسمان قىپقى-زىل قان رەڭگىگە كىردى. ھېرد بېشىنى چاڭگاللىغان پېتى يىغلىۋەتتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ نېمىشقا يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. پەقەت ئىچكى ھېسسىياتىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئۆزىنى توختىتىۋالال-ماي يىغلىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى توپا-چاڭ باسقان مەڭزىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىغان چاغدا ئۇ بىر خىل ئازادىلىك ھېس قىلدى، بۇ، ئۇ ئۇزۇندىن بۇيان ئىنتىزار بولۇپ كېلىۋات-قان چوڭ بىر ئازادىلىك ئىدى.

ئۇ يۈزىدىكى ياشنى قولى بىلەن ئېرتىۋېتىپ، بوبوغا قاراپ ئېگىشتى. بوبو ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنىچە نانىنى غاجاۋاتاتتى. جىمجىت ياتقان تۆگە ھەيرانلىق بىلەن ھېردقا قاراۋاتاتتى.

— ھازىر، پەقەت يالغۇز ئۈچىمىزلا قالدۇق — ھېرد پەس ئاۋازدا سۆزلىگەچ، بارماقلىرى بىلەن بوبونىڭ پاسكىنا تۈكلۈك بەدىنىنى ئاۋايلاپ قاشلاشقا باشلىدى، — بۇ يەردە، بىزدىن باشقا ھېچنېمە يوق. بىراق بىز ئۆلۈپ قالمايمىز، شۇنداقمۇ، بوبو؟ بىز بەرداشلىق بېرىمىز، ئۈچىمىز چوقۇم بىر-بىرىمىزگە زىچ تايىنىمىز...

بوبو ئىنكاس قايتۇرمىدى، ئۇ قېتىپ كەتكەن نانىنى ھو-زۇرلىنىپ يەۋاتاتتى ھەم كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا تولۇمغا قاراۋاتات-تى. تۆگە كۆزلىرىنى يۇمۇۋالغان بولۇپ، كۆرۈمسىز بېشىنى ئۇيان-بۇيان لىڭشىتىۋاتاتتى.

ھېرد ئۇھ تارتقىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، تۆگىنىڭ يېنىغا كۆدە-كۆرپىسىنى سالدى. ئاسماندا بالدۇر پەيدا بولغان بىرنەچچە يۇلتۇز جىمىرلايتتى، سوغۇق قۇملۇق كېچىسى باشلىنىش ئال-دىدا تۇراتتى.

ھېردنىڭ ئەتراپى جىمجىتچىلىققا چۆككەنىدى. ئاسمىيا بۆ-رىسىنىڭ ھوۋلىشىمۇ، سارنىڭ باش ئۈستىدە قانات قېقىشلىرى-مۇ ئاڭلانمايتتى. بۇ يەردە ھاياتلىق — ھايۋانلارمۇ، ئادەم ۋە ئۆسۈملۈكمۇ يوق ئىدى. پەقەت قۇم، پىژغىرىم ئىسسىق بىلەن قەھرىتان سوغۇق، سۈكۈنات بىلەن تىمتاسلىقلا بار ئىدى.

ئەتراپتا ئېغىر سۈكۈنات، گۆرىستان جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرەتتى.

هېرد بىلەن بوبو يوتقاننى يېپىنىپ، قۇملۇقتا ياتقان تۆكىگە چىڭ چاپلىشىپ ياتتى. هېرد كۆزىنى يۇمدى ۋە تېزلا ئۇخلاپ قالدى؛ ئۇ چوڭقۇر نەپەس ئالغىنىچە ياتاتتى، يۇزى يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قارىتىلغانىدى.

تۆگە بېشىنى ئالدى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ ياتقىنىچە پۇشۇلدايتتى. ئۇ يېنىدىكى هېردقا سىڭايان قارىغىنىچە، تۇمشۇقىنى سەل-پەل كۆتۇردى.

تۇن يېرىملاشتى. ئاي نۇرى ئاستىدىكى قۇملۇق گويا ئۆركەشلەۋاتقان كۇمۇش رەڭ دېڭىزغا ئوخشايتتى. ئۇ شۇنچە جەزىبدار ئىدى، ئۇ جىمجىتلىقتا، چېقىلغىلى بولمايدىغان سەلتەنەتكە چۆمۇلگەنىدى.

بوبو بېشىنى هېردنىڭ مۇرىسىگە قويۇپ، سول قولى بىلەن ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالغانىدى. . .

ئەسلىدە يىرىڭلىق كېسەللەرنى ئوپېراتسىيە قىلىشتا ئىشلىتىدىغان، 3-نومۇرلۇق جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۇمىدىكى ئوپېراتسىيە ئۇستىلىدە هېلىقى تىلەمچى ياتاتتى.

ئۇ تاكى جان ئۇزگىچە هوشىغا كېلەلمەي، بۇنىڭدىن تۆت سائەت ئىلگىرى ئۆلۇپ كەتكەنىدى. هاندرىك بىلەن فۇئىل ئۇنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ قېتىپ قالغان، ئۆلگەندىن كېيىن غەم قايغۇدىن خالاس بولغان، هەتتا رازىمەنلىك ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ تۇراتتى.

— ئۇ راستىنلا ئۆلۇپ قالغان ئوخشايدۇ، — فۇئىل سۆز-

لىگەچ يانچۇقىدىن تاماكىسىنى چىقاردى. گەرچە جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدە تاماكا چېكىش چەكلەنسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆزىگە بىرنى تۇتاشتۇرۇپ، بىر قاپ تاماكىنى ھاندرىككە ئۇزىتىۋىدى، ھاندرىك رەت قىلدى. ھاندرىك ئىككى قولىنى ئوپېراتسىيە ئۇستىلىنىڭ قىرىغا قويدى، ئۇنىڭ بارماقلىرى خۇرۇم يالىتىلغان سوغۇق ئۇستەل قىرىغا تەگدى.

— ئۇنى قۇتقۇزۇپ قالالمىدۇق، — ئۇ ئاستا ئېغىز ئاچتى،

— مەن ئۇنىڭغا ئەڭ يېڭى دورىلارنى ئىشلەتتىم، بۈگۈنكى كۈندىكى ئەڭ ئېغىر تولغاققا تاقابىل تۇرالايدىغان ئوكۇلنىمۇ ئۇردۇم، لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كار قىلمىدى!

— بەك كېچىككەن، سىز ئېلىپ كەلگەن بۇ ئاداشنىڭ ئەھۋالىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭغا پەقەت ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرىكى ماي سۈركەش مۇراسىمىدىن باشقىسى كار قىلماس بولۇپ قالغان ئىكەن.

ھاندرىك بۇ خىل مەسخىرىگە پىسەنت قىلماي، بېشىنى چايقاپ قويدى.

— ئۇ يالغۇز تولغاق سەۋەبىدىنلا ئۆلگىنى يوق. گەرچە ئۇنىڭغا تۈز سۈيى ۋە كىلاۋدىي ئۇرغان بولساممۇ ئۇنىڭ ئۈچەي يولىدىن چىققان قاننى توختىتالمىدى. يۈرەكنى كۈچلەندۈرۈش ئوكۇلى ۋە كامفورامۇ قان ئايلىنىشتىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىشكە ئاجىز كېلىپ قالدى. قان بەرگەننىڭمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىدى. . .

— مەن بۇرۇنلا دېگەنتىمغۇ، — فۇئىل كۆرەڭلىگەن ھالدا بېشىنى لىڭشىتتى، — سۆيۈملۈك كەسىپدىشىم، بۇ ئىش مۇنا-



www.uyghurkitap.com

سۋتى بىلەن ئالجىر تەرەپ بىزگە تەنبىھ بېرىشىمۇ مۇمكىن!
چەت ئەل ئارمىيىسىنىڭ بىر ئەسكىرىنىڭ قىزىل قېنى ھەقسىز ھالدىلا بىر تىلەمچىنىڭ قان تومۇرىغا ئېقىپ كىرگەن تۇرسا.

—قان بېرىشنىڭ ئۇنۇمسىز بولۇشى ھەرگىز تولغاق سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ھازىرغىچە ئېنىق بولمىغان قان قۇرۇلمىسىنىڭ غەيرىي ئۆزگىرىشىدىن! بىزنىڭ يولۇققىنىمىز ئالاھىدە بىر خىل قان كېسەللىكى، قىزىل قان ھۈجەيرىلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن بولغان كېسەللىك، بۇنداق ئەھۋالدا، ۋىرۇس تۇپەيلىدىن ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ!—ھاندرىك پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى،—ئالدى بىلەن شۇنداق بىر نۇقتىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ خىل غەلىتە ھەم سىرلىق قوشۇمچە كېسەللىك ئالامەتلىرىنى بىللە ئېلىپ كېلىدىغان تولغاق بەلكىم تىپىك ئامبالىق تولغاق بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل تولغاققا ھازىر پەقەت بايىر 205-نومۇرلۇق دورىلا يەنى ياترېنلا تاقابىل تۇرالايدۇ.

—ھۇ نجىس تولغاق!—فۇئىل ئەستايىدىللىق بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى.

بۇ ئادەمنى ھاندرىك دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلمىگەن بولسا، ئاللىقاچان بىسكرادىكى بازارنىڭ بۇلۇڭىدا ئۆلۈپ قالغان بولاتتى، بىرسى ئۇنى كۆتۈرۈپ نامەلۇم بىر جايغا ئاپىراتتى-دە، ئۇپۇل-توپۇل كۆمۈۋەتكەن بولاتتى. فۇئىلغا تۇيۇقسىز، ئوپېراتسىيە ئۈستىلىدە ياتقان بۇ جەسەت بىر تىلەمچى ۋە قىلچە قەدىر-قىممىتى يوق ئادەم بولۇپلا قالماي، بەلكى كۆز ئالدىدىكى بۇ پاسكىنا، ئاللىقاچان ئۆلۈپ قالغان ئادەم ئەمەلىيەتتە نەچچە

مىليونلىغان باشقا كېسەللەرنىڭ تەقدىرىگە ۋەكىللىك قىلىۋاتقانـ
دەك، ئۇنىڭ يېنىدىكى بۇ مەشھۇر گېرمانىيىلىك دوختۇر بولـ
سا، گويا مېدىتسىنا تارىخىدىكى تارىخىي خاراكتېرلىك مىنۇتـ
لارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

فۇئىل ھاندرىككە شۇبھە بىلەن قاراپ قويدى.

—ئافرىقىدا، بىزنىڭ بۇ يەردە، ئەزەلدىن ياترىن ئىشلىـ
تىپ باقمىدۇققۇ. بىز ئىشلىتىدىغان دورىلار پەقەت باكتېرىيىگە
قارشى دورىلار، بولۇپمۇ ئاۋرېئومېتسىن بىلەنلا چەكلىنىدۇ.
مەن ئۇنىڭ پايدىسىنىڭ ناھايىتى ئاز بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ
قىلىمەن. ئەگەر ئامبالىق تولغاقتا گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئۆلـ
لۈش نىسبىتى 28 پىرسەنت دەيدىغان بولساق، ئۇ چاغدا بۇ خىل
يېڭى تىپتىكى تولغاقتا گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى
چوقۇم 90 پىرسەنت ئەتراپىدا بولىدۇ! بىزنىڭمۇ باير ياترېنىنى
سىناپ باققۇمىز بار، بىراق، بىز قايسى ئامال بىلەن ھېلىقى
قان كېسەللىكىگە تاقابىل تۇرالايمىز؟

—ئامال يوق، —ھاندرىك جىددىي تۇردە جاۋاب بەردى.

—ئازراقمۇ ئامال يوقمۇ؟

—شۇنداق، بىز ئىشنى قەيەردىن باشلاشنى بىلمەيمىز،
چۈنكى بىز بۇ خىل تولغاقتا قانداق يېقىنلىشىش، ئۇنى قانداق
چۈشىنىشنىمۇ بىلمەيمىز. ئادەتتىكى مىكروسكوپ بىلەن كېـ
سەللىك باكتېرىيىلىرىنى كۆرەلمەيمىز. ئېلېكترونلۇق مىكـ
روسكوپ ئاستىدا، ئۇلارنىڭ يۇملاق، تۆت بۇرجەكلىك، كۆـ
رۈش تور پەردىسىگە ئوخشايدىغان ھالىتىنى كۆرەلەيمىز. پەقەت
مۇشۇلا! بۇنىڭدىن باشقا بىز يەنە نېمىنى بىلەلەيمىز؟ ھېچنېمىنى

بىلمەيمىز. ئۇلار 300 مىڭدىن 23 مىليون مولېكۇلا ئېغىرلى-
قىغا ئىگە بولغان يادرو يروتېئىننى بولۇپ، مۇشۇنداق هايات
هۇجەيرىلەرنىڭ ئىچىدە كۆپىيىدۇ، بۇ هۇجەيرىلەر كېسەللىك
بار ئورگانىزملاردا كېسەللىككە ئەگىشىپ پەيدا بولغان، مەلۇم
يېڭى ئاتومنىڭ ئالاھىدە ماددىسى ئىچىگە سوقۇنۇپ توپلىنىدۇ.
ئۇنى يۇقتۇرۇپلىۋالدىمۇ، ئادەم تۇگىشىدۇ! بىز ھەممە تۇردىكى
تولغاقلارنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيمىز، لېكىن مۇشۇ خىل تول-
غاقنى ئىگەللەشكە ئامالسىزمىز. بىزنىڭ ئىگەللىيەلىگىنىمىز
پەقەت قان زەردابى يەنى كېسەل ئەسلىگە كېلىش مەزگىلىدىكى
قان زەردابى. بىزنىڭ ئىچكى كېسەللىكلەر ئىلمىمىز تەرەققىيات
باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، كەسىپدىشىم. تاشقى كېسەللىك دوخ-
تۇرلىرىغا كۆپ ئاسان، ئىشقىلىپ ئۇلار مۇۋاپىق بولمىدى دەپ
قارىغانلىرىنى كېسىپ ئېلىۋەتسىلا بولدى! ئۇلارنىڭ ماھارىتى
پەقەت ئاناتومىيىنى ئىگەللەپ، ئەڭ ئۇششاق نېرۋا ئۇچلىرىنى
چۈشىنىۋېلىشتا ئىپادىلىنىدۇ، بۇنىڭغا يەنە جاسارىتىنى قوشسىلا
كۇپايە. بىراق بىزنىڭ ئالدىمىزدىكىسى بېكىنمە هالەتتىكى تەن
ھەم سىرلىق ئەزالار، ھورمون ۋە بەز ھۇجەيرىلىرى! — ئۇ كۆ-
زىنى يوغان ئېچىپ فۇئىلغا قارىدى، كۆزىدىن قەتئىيلىك چى-
قىپ تۇراتتى، — ئەمما بىز ھەرگىز تىز پۈكمەيمىز،
ئىلىشىمىز...

— بىر ناتونۇش رەقىب بىلەن ئېلىشىش-تە بۇ!

— توغرا، تېببىي ئىلىمدىكى ھەربىر يېڭى رەقىب ناھايىتى
يوشۇرۇن بولىدۇ. لېكىن، ناھايىتى ئاز ساندىكىلەرنى ھېسابقا
ئالمىغاندا، دوختۇر ھامان غەلىبە قىلغۇچىدۇر!

فۇئىل تاماكا قالدۇقىنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاپ، تىلىمە-چىنىڭ جەستىگە قارىدى ۋە ئوپېراتسىيە ئۈستىلى تەرەپكە بۇ-رۇلۇپ، بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئەمىسە، ھازىر ئۇنى قانداق بىرتەرەپ قىلىمىز؟

— ئۇنى كۆمدۈرۈۋېتىمىز. مەن ئالىلىقاچان ئۇنىڭ بەدىنى-دىن ئۈچ لىتىر قان ئېلىۋالدىم، كېسەللىك قوزغاتقۇچى ۋى-رۇسنى تەكشۈرۈپ چىقىشقا كەڭتاشا يېتىدۇ. ئەگەر يەتمەي قالسا، بىز، يېڭى بىمارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇرمىز.

فۇئىلنىڭ چىرايىدا ئىستىھزالىق كۈلكە جىلۋىلەندى.

— مېنىڭچە بۇنىڭغا بەك ئۇزۇن كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ. سىزنىڭ چوڭ يولدىن بىر كېسەل تىلەمچىنى ئېلىپ كەتكەنلى-كىڭىز توغرىسىدىكى بۇ خەۋەرنىڭ بىسكرادا قانچىلىك تېز سۈر-ئەتتە تارقىلىپ كېتىدىغانلىقىغا چوقۇم ئىشەنمەيسىز. ھازىر بارلىق كېسەلمەنلەر سىزنى كۆرسىلا خۇددى جىنىنى ئېلىپ قاچقاندەك يېنىڭىزدىن غايىب بولۇشى مۇمكىن. قورال كۈچى ئىشلىتىش ئاقمايدۇ. ئالجىر تەرەپنىڭ: تىنچلىقنى ساقلاش، ئىغۋاگەرلىك قىلماسلىق، ماراكەش بىلەن تۇنىس ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قاراش، دېگەن كۆرسەتمىسىنىمۇ بىلىسىزغۇ.

ھاندرىك جەسەتنى تەكشۈرگەندە كىيىۋالغان رېزىنكە پەلەي-نى سېلىپ، ھازىرلا پېچەتلىنىدىغان ساندۇققا تاشلىدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئىشىككە قاراپ ماڭغان چاغدا، چىرايى ناھا-يىتى جىددىي تۈس ئالغانىدى.

— ئۇنداقتا مەن ئۆلۈكلەرنى يىغارمەن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— ئۆلۈكلەرنىمۇ يوشۇرۇپ قويۇشىدۇ!
هاندرىك مۇرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ دېدى:
— قېنى قاراپ باقارمىز. ئەگەر ئەرەبلەر بىزنىڭ خىزمىتى-
مىزنىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزۇش ئۇچۇن، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ئۇ-
چۇن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتسە، بەلكىم كۆز قارىشىنى ئۆز-
گەرتىشى مۇمكىن. مەن مەدەنىيەتسىزلەرگە ئويغىتىش تەربىيە-
سى ئېلىپ بېرىشنى زادىلا سىناپ كۆرمىگەن. بۇ يەرگە كې-
لىپ، ئاق-قارىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، ئۇلارغا ۋاكسىنا ئۇردۇم،
نەتىجىدە مەغلۇب بولدۇم. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدى بىلەن
قەبىلە باشلىقىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئادەملىرىگە مې-
نىڭ ۋاكسىنامنى چۈشەندۈرمىگەنلىكىمدىن بولدى. بۇ يەردىكى
كىشىلەر يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ زادى نېمە ئۈچۈنلىكىنى ئەزەل-
دىن بىلمەيدۇ، تۇيۇقسىز پەيدا بولغان بىر ئاق تەنلىكنىڭ نېمە
ئۈچۈن كىچىككىنە بىر پىچاق بىلەن كىشىلەرنىڭ بىلىكىنى تۆت
يەردىن جىجىپ قويىدىغانلىقىنى، كۆكرىكىگە ئۈچلۈق يىڭنىنى
سانجىيدىغانلىقىنى چۈشەنمەيدۇ. ئەجەبا، سىز ئۇلارنىڭ بىزگە
ئۆچمەنلىك قىلىدىغانلىقىدىن، بىزدىن ئۆزلىرىنى ئېلىپ قاچى-
دىغانلىقىدىن غەلىتىلىك ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟
فۇئىل قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— سىز راستتىنلا تىپىك گېرمانىيە غايە پەرەسچىسى ئىكەن-
سىز، كەسىپدىشىم! سىز قۇملۇقتا سىستېمىلىق ئاممىباب
تېبابەتچىلىك ئىلمى توغرىلىق لېكسىيە ئۇيۇشتۇرماقچى بولۇۋا-
تامسىز؟ سىز ئاشۇ تىلەمچى، ئوغرى، پادىچى، ھورۇن، سو-
لامچى، ئالدامچى ۋە باشقا بىر قىسىم لۈكچەكلەر ئۈچۈن كۇرس

ئاچماقچىمۇ؟ يۇقۇملۇق كېسەللەر شۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن تارقىلىدۇ. لېكىن باي ئەرەبلەر، ئۆزلىرىنى ناھايىتى ياخشى ئاسرىغان سودىگەرلەر، خەلىپىلەر، دۇكاندارلار، ئامېرىكا پاسونىدىكى ئۈچ پىكاپى، يەتتە خوتۇنى بار ئېكسپورت سودىگەرلىرى، چوڭ پومېشچىكلار — مانا بۇلارنىڭ ناھايىتى ياخشى شەخسىي دوختۇرلىرى بار، ئۇلار دوختۇرلارغا ئىش ھەققى بېرەلەيدۇ، ياۋروپادىن ئايروپىلان بىلەن دورا ئېلىپ كېلەلەيدۇ. ئۇلارنىڭ سۇ ئۈزۈش كۆللىرى بار، تازىلىقنىڭ قىممىتىنى بىلىدۇ، بەدىنىنى ئىنتايىن پاكىز تۇتىدۇ. لېكىن، بۇلار ئاز سانلىق كىشىلەر، سۆيۈملۈك كەسىپدىشىم. ئۇلار پىشۇرۇلغان سۈتنىڭ ئۈستىدىكى بىر قەۋەت نېپىز قايماق. ۋەھالەنكى، زور كۆپ ساندىكى كىشىلەر، نەچچە يۈز مىليون شىمالىي ئافرىقا پۇقرالىرى بەكمۇ نامرات، پاسكىنا، ئىپتىدائىي . . . ئۇ كولاپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بىر پاتقاقلىق، چۈنكى يېڭى پاتقاق توختىماي ئۆرلەپ تۇرىدۇ!

ھاندرىك لەۋلىرىنى سەل پۈرۈشتۈرۈپ، ئىشىك يېنىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ گويا ئويلىنىۋاتقاندەك ئۆز كەسىپدىشىغا قارىدى، ئۇنىڭ كاللىسىدا بىر يېڭى، ئۇلۇغ پىكىر شەكىللەنگەندەك، پەقەت ئۇنى چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىشتە دەرھال مۇۋاپىق بىر سۆز تاپالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

— فۇئىل دوختۇر، — ئۇ ئاستا سۆزلەشكە باشلىدى، — مېنىڭچە، مەن بىسكرادا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگۈدەك مەن. بىر نۇقتىنى سىز ناھايىتى توغرا ئېيتتىڭىز. يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ مەنبەسى پۇقرالار ئارىسىدا، تۆۋەن قاتلامدىكى

خەلق ئارىسىدا، شۇڭا بىسكرا ماڭا نىسبەتەن بەكمۇ شەھەر
پۇرىقىغا ئىگە جاي، مەن تېخىمۇ جەنۇبقا مېڭىشىم كېرەك.
فۇئىل ھەيرانلىق بىلەن ھاندرىككە تىكىلدى.
—سەھرايى كەبىرگە كىرمەكچىمۇ سىز؟ . . . —ئۇ سۆزد-
ىنى دۇدۇقلىغان ھالدا داۋاملاشتۇردى، —ئاشۇ قارغىش تەگ-
كۈر، ئوتتەك قىزىق، زەھەرلىكشىلىك قۇملۇققا باراي دەمسىز؟
بۇ راستتىنلا ساراڭلىق!
—بۇساددادىكى فاتتو ئەپەندىمۇ ماڭا مۇشۇنداق دېگەن. لې-
كىن، بىزنىڭ كۆزقارىشىمىز بىردەك ئىدى. فۇئىل دوختۇر،
يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ مەنبەسى ئەڭ كەمبەغەل ئادەملەر ياشا-
ۋاتقان جايدىدۇر، —ئۇ ئىككى قولىنى يۇقىرى كۆتۈردى، —
مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە ئامالىم بولسۇن؟ مەن جەنۇبقا
بارمىسام بولمايدۇ!
—تەجرىبىخانىدىكى ھەممە نەرسىنى ئېلىپ بارامسىز؟
—ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنىلا ئالىمەن. بىرنەچچە ساد-
دۇققا ياترېن، تېررامىتسىن، ئاۋرېئومىتسىن، كېلاۋجى، قان
توختىتىش دورىسى، پىلاستىر، يۇرەكنى كۈچەيتكۈچى دورا،
كورامىن، لوبېلىن، ئاددىي شپىرىس قاچىلىغۇالىمەن، ۋېنا تو-
مۇرىغا ئوكۇل ئۇرىدىغان شپىرىس ھەمدە بىر قىسىم قان تېپلد-
ىرى تولۇق بولغان زاپاس قانلاردىنمۇ ئېلىۋالاي دەيمەن، ھەممد-
سى—مانا مۇشۇلار! بەلكىم ئىككى تۆگىگە ئارتىشقا توغرا كې-
لەر!
فۇئىل فارفور خىش ياتقۇزۇلغان يەرگە تىكىلدى، يەر
ئوتتۇرىغا قاراپ ئازراق پەسلەپ بارغان بولۇپ، ئوتتۇرى سۇز-

گۆچ سېتكىسى ئورنىتىلغان سۇ چىقىرىش ئېغىزى ئىدى. ئۇ ھاندرىكنىڭ تېزلا ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى ۋە تۇيۇقسىز بۇ ياش نېمىس دوختۇرنىڭ بىسكراغا، ئالجىرىيىگە، پۈتكۈل تېببىي ساھەسىگە نىسبەتەن زور، ھەتتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە كىشى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋىرۇس تەتقىقاتى ئارقىلىق تېببىي ساھەنى بىر يېڭى قىياپەتكە ئىگە قىلىشى مۇمكىنلىكىنى ھېس قىلىپ قالدى.

— ھاندرىك دوختۇر، مېنىڭ سىزنى كەتكۈزگۈم يوق، — فۇئىل سەممىيلىك بىلەن دېدى، — بىز دائىم كۆپ تالىشىپ قالىمىز، ھەركۇنى شۇنداق. لېكىن بىزنىڭ مۇنازىرىمىز مەلۇم پرىنسىپ ئاساسىدا بولىدۇ، بەلكىم بىر خىل خاتىرجەملىك ئىدىيىسى ئاساسىدا بولىدىغاندۇر، مەن تونۇش نەرسىلەرنى بەراقلا قالايمىقان قىلىۋېتىپ، ئاندىن يەنە باشقىدىن يېڭى تەرتىپ ئورناتمىسا بولمايدىغان بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن. سىز جەنۇبنى چۈشەنمەكچى بولۇۋاتىسىز، مۇشۇنداق يالغۇز، ياردەمچىسىزلا ئۇ يەرگە بارماقچى بولۇۋاتىسىز، بۇ خىيالىڭىزدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، چۈنكى جەنۇبتا سىزگە ياردەم بېرىدىغان ئادەم يوق، سىز يەككە جەڭ قىلىشقا مەجبۇر بولىسىز، ئاخىر ھېچقانداق ئامالىڭىز قالمىغان چاغدا، پاجىئەلىك ھالدا ئۆلۈپ كېتىسىز. ھاندرىك دوختۇر، سىز قۇملۇقنى بوش چاغلاپ قاپسىز!

— ھەرگىزمۇ بوش چاغلىغىنىم يوق! مەن ئالجىرىيىگە كۆپ قېتىم كەلگەنمەن.

— پەقەت ئالجىرغىلا! — فۇئىل كۆزگە ئىلمىغاندەك بىر

ئىشارە قىلدى، —مەيلى خاقان كوچىسى، برودۋېي كوچىسى، مۇقەددەس ئايال جېند كوچىسى، لوندون شەھىرى، ياكى ئالجىرنىڭ جۇمھۇرىيەت كوچىسى بولسۇن، ھەممىسى ئوخشاش! ھەممىسىدىلا ئېگىز بىنالار، سارايلار، ئاسفالت يوللار، ئېسىل پىكاپلار، ترامۋاي، ئاپتوبۇس، چىرايلىق ئاياللار، كاستۇم-بۇرۇلكا كىيگەن ئەرلەرنى كۆرىسىز—ئالجىر بىلەن باشقا جاينىڭ نېمە پەرقى بار؟ ئوخشىمايدىغان يېرى بەلكىم بۇ يەردە چۇمبەل ئارتىۋالغان ئاياللار بىلەن بۆك كىيىۋالغان ياكى سەللە ئورىۋالغان مۇسۇلمانلارنىڭ بولغانلىقىدۇر؟ سۆيۈملۈك كەسىپدىشىم، سىز دۇساردوفتىمۇ موناخلارنىڭ پەرەنجە ئارتىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرەلەيسىز. سىزنىڭ تونۇشقىنىڭىز پەقەت ئافرىقىنىڭ يالغان تۈرقى، بۇنداق تونۇش خۇددى كىشىلەرنىڭ نېگىرلارنى كۆرگىنىگىلا ئوخشايدۇ، كىشىلەر دائىم ئۇلارنى ياردەمگە موھتاج، ناھايىتى ئەخمەق دەپ قارايدۇ. سىز پەقەت ياۋروپا شەكلىدىكى ھەر خىل مەدەنىيەتتىن ئاز دېگەندە 1000 كىلومېتىر نېرىدىكى جايدىلا ئاندىن ئافرىقىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرەلەيسىز.

—بىراق ئۇ يەرلەر ۋىرۇسلۇق تولغاقنىڭ تارقىلىش مەنبەسى تۇرسا!

—بۇ توغرا گەپ، —فۇئىل ئىككىلىنىپرەك جاۋاب بەردى.

—شۇڭا مەن ئۇ يەرگە بارىمەن.

—ئەگەر سىز ئۇ يەردە ئۆلۈپ كەتسىڭىز قانداق قىلىسىز؟ سىزنىڭچە ئىلىم-پەن دېگەن زادى نېمە؟ ئۇ چاغقا كەلگەندە، كىشىلەر سىزنى ئىزدەپ تاپقاندا، پەقەت بىرنەچچە پارچە ئۇستىخىنىڭىزلا قالغان بولىدۇ، —فۇئىل بۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا

ناھايىتى ئەستايىدىل كۆرۈنەتتى، ھېچ بولمىغاندا باشقىلارغا مۇ-
شۇنداق تۇيۇلاتتى، — سىز ئاۋۋال بىسكرادا قېلىپ، بۇ مۇتتە-
ھەمنىڭ بەدىنىدىن ئېلىنۋالغان ئۈچ لىتىر قاننى تەتقىق قىلىپ
كۆرۈڭ، — ئۇ نەزىرىنى يەنە ئۆلۈپ كەتكەن تىلەمچىگە ئاغدۇر-
دى. ئۆلگۈچىنىڭ ئورۇق، ئۇزۇن گەۋدىسى تۈپتۈز ياتاتتى،
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاق رەخت يېپىلغان بولۇپ ئۇنى ھاندرىك يېپىپ
قويغانىدى، — بەلكىم سىز ياترېننى ئىشلەتكەندىن كېيىن، ياخ-
شى ئۈنۈمگە ئېرىشىشىڭىز مۇمكىن. بەزى چاغدا ئەڭ ياخشى
نەتىجە ئاددىيلىقىدىن كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. . .

— ئۇ پەقەتلا تاسادىپىيلىق! — ھاندرىك بېشىنى چايقىدى.
— فۇئىل دوختۇر، سىزنىڭ ئەنسىرىشىڭىز مېنى تەسىرلەندۇر-
دى، سىزنىڭ تىرىشچانلىقىڭىزنى تەرىپلەشكە ئەرزىيدۇ. بىراق
مەن بارىمەن! مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم. سىز بۇنىڭ
نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيسىز! مەن كىچىكىمدىن
باشلاپلا ناھايىتى جاھىل ئىدىم. بىر ئىشنى قىلىمەن دېسەم
چوقۇم مەقسىتىمگە يەتمەي قويمايتتىم! ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋات-
قان چېغىمدىمۇ شۇنداق ئىدىم. ئەينى چاغدا ماربورىگدا ھۆجەيرە
پاتولوگىيىسى دەرسىنى بېرىدىغان بىر پروفېسسور بار ئىدى.
ئۇ ئەزەلدىنلا قىرشاق قانۇنى بويىچە دەرس سۆزلەيتتى، بىز —
ياپياش يىگىتلەردىن ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىشكە پېتى-
نالمايتتۇق. مەنمۇ جۈرئەت قىلالمايتتىم. لېكىن، كېيىن مەن
ھەر خىل ھورمونلار ئورتاق رول ئويناش تەتقىقاتى بىلەن شۇ-
غۇللىنالماتتىم، نەچچە قېتىم ھەتتا ھوشۇمدىن كېتىپمۇ قالغان.
ئاخىر، مەۋسۇم ئاخىرىدا، مەن مۇكەممەل ۋە مۇنازىرە تەلەپ

قىلمايدىغان بىر پارچە دوكلاتنى ئېلان قىلدىم، شۇنىڭ بىلەن
ھېلىقى ياشانغان پروفېسسورنىڭ مىڭ مۇشەققەتتە بىزگە بەرپا
قىلىپ بەرگەن بارلىق نەزەرىيىسى ئاغدۇرۇلدى، باشقا ساۋاق-
داشلار ئەندىكىپ كېتىشتى. ئۇ چاغدا مەن ناھايىتى پەخىرلەن-
گەن ئىدىم، چۈنكى پروفېسسور ماڭا رەددىيىمۇ بەرمىدى، بەل-
كى مېنىڭ بىرمەزگىللىك غەلىبەمگە سەۋر-تاقەت قىلدى. ئۇ-
نىڭ بۇنداق قىلغىنى ناھايىتى ئاقىلانىلىق بولغانىكەن، مەن بۇ
نۇقتىنى ئەمدى چۈشىنىپ يەتتىم. كىشىلەر ياش ۋاقتىدا ھەمى-
شە رەھىمسىز بولىدۇ. بۇ ئىش توغرىلىق دېمەكچى بولغىنىم
شۇكى، ئەينى چاغدا ئاشۇ دوكلاتىمنى تاماملىيالىشىم بىر قارار-
غا كەلگەنلىكىمدىن بولغان، شۇڭا نۇرغۇن كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز
ئۆتكۈزگەنىدىم. قەدىرلىكفۇئىل دوختۇر، ھازىرمۇ ئەھۋالدا
ھېچقانداق ئوخشىماسلىق يوق، سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدا
مەن تەتقىق قىلىدىغان كېسەللىكنىڭ مەنبەسى بارلىقىنى بىلى-
مەن، شۇڭا مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۇ يەرگە
بارىمەن.

بۇ كۈنى، ئۇلار بۇ ئىش توغرىلىق يەنە مۇنازىرىلەشمىدى.
فۇئىل ھاندرىكنى ئۆز تۇرالغۇسىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ
تۇرالغۇسى بىر ئاق رەڭلىك داچا بولۇپ، نۇرغۇن تەكشى ئۆگزى-
لىرى، بوك-بأراقسان ئۆسۈملۈكلىرى يەنە بىرنەچچە بالكون ۋە
چىملىقلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ بىر باغ ئىچىدە
ئىدى. داچا چاققانغىنە، خىيالىي تۇس ئالغان بولۇپ، ئۆيلىرى
ئازادە ھەم سالقىن، راھەت ھەم ئاددىي ئىدى. گۈگۈم پەردىسى
يېپىلغان چىملىقتا، ئۇلار چىۋىقتىن توقۇلغان ئورۇندۇقتا ئول-

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپ شىدبورا هارىقى ئېچىشتى. بىر نېگىر بالا بىر چەتتە تۇرۇپ ئۇلارغا مۇلازىملىق قىلىۋاتاتتى. ئۇ يوغان ئېغىزىنى كالچايتىپ كۈلۈمسىرەيتتى. فۇئىل كۈلۈپ تۇرۇپ باشمالتىقىنى چىقىرىپ، بۇ كىچىك ئوغۇل بالىنى ماختاپ قويدى.

— مېنىڭ بۇ نېگىر شۇمتەككە ئىگە بولۇپ قالغىنىم، سىزنىڭ هېلىقى تىلەمچىگە ئېرىشكىنىڭىزدىن پەرقلەنمەيدۇ، بىر كۈنى بىر ئەرەب كېلىپ، بۇ بالىنى ئوپېراتسىيە ئۈستىلىگە قويدى. مەن بالىغا قاراپ، دەرهاللا ئۇنىڭ بەزگەك بولۇپ قالغانلىقىغا هۆكۈم قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى تەكشۈرۈشكە باشلىدىم، بىراق، مەن تەكشۈرۈشۈمنى ئاياغلاشتۇرۇپ قايرىلىپ قارىسام هېلىقى ئەرەب يوق، ئۇ شۇ قاچقانچە ئىككىنچى كۆرۈنمىدى. شۇنىڭدىن تارتىپ، بۇ بالا مېنىڭ يېنىمدا تۇرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، قەيەردىن كەلگەنلىكىنى هېچكىم بىلمەيدۇ. بەلكىم ئاتا-ئانىسى ياكى ئاكا-هەدىلىرىمۇ يوق ئوخشايدۇ. مەن ئۇنى ئېلىپ قېلىپ خىزمەتكار قىلىۋالدىم.

هاندرىك هېلىقى بالىنىڭ ئارقىسىدىن قارىدى. ئۇ نوبىيلاردىن ئىدى، هاندرىك ”ئەرەبلەر بىلەن هېچقانداق قانداشلىقى بولمىغان بىر نوبىي ئادىمى-هە، قىزىق، ئۇ ئالجىرىيىگە قانداق كېلىپ قالدىكىنە؟“ دەپ ئويلىدى.

— ئەمىسە، سىز ئۇنى نېمە دەپ چاقىرىسىز؟ — دەپ سورىدى. هاندرىك.

فۇيىل كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:

— كاسپا خاش[1] دەپ چاقىرىمەن.

هاندرىك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە قىزىل ئۈزۈم هارىقى قۇيۇلغان رومكىنى قولىغا ئالدى.

— ئىسمىنى ئاجايىپ جايىدا قويۇپسىز كەسپىدىشىم، بىز نېمە ئۈچۈن هاراق ئىچمۋاتاتتۇق؟

— سىزنىڭ جەنۇبقا قىلىدىغان ئەخمىقانە سەپىرىڭىز ئۈ-چۈن! شۇنداقلا سىزنىڭ ئەرەبلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشىڭىز ئۈچۈن!

— بۇ مۇنداقلا دەپ قويغان گەپتۇ!؟

مەسچىت پەشتىقىدىن نامازخانلارنى نامازغا چاقىرغان ئەزان ئاۋازى بىسكرا ئاسمىنىدا ياڭرىدى. بەكمۇ مۇڭلۇق ۋە ناخشىدەك يېقىملىق بۇ ئەزان ئاۋازى بوستانلىقنىڭ ئەڭ چەت ياقىلىرىغىچە ئاڭلىناتتى.

فۇئىل ئۇستەل چىرىغىنى يېقىنراق ئېلىپ كېلىپ، يانچۇ-قىدىن چاققانغىنە بىر خەرىتىنى ئېلىپ، جوزىغا يايدى. ئۇ ئېڭىشىپ تۇرۇپ، گېردىئاغا يېقىن بىر جاينى كۆرسىتىپ تۇ-رۇپ دېدى:

— ئالتىنچى نومۇرلۇق بۇلاقلار توپى چوڭ بىر كېسەللىك مەنبەسى. ئاتالمىش ئالتىنچى نومۇرلۇق بۇلاقلار توپى گېردىئا-دىن گېلىيەگىچە بولغان ئارىلىقتىكى بىر بۆلەك يول. بۇ يەردە هەر ئىككى كۈن ماڭغاندا، ئەينى ۋاقىتتا قۇملۇققا قېزىلغان بىر قۇدۇق ئۇچرايدۇ، بۇ سۇلار خېلىلا قىرتاق، ئىچكىلى

---

[1] كاسپا — قىزىقچى، هەزىلكەش دېگەن مەنىدە. خاش — غوجىدار دېگەن مەنى-دە.

بولمايدۇ. تۆگە كارۋانلىرى كېسەللىكنى بۇ يەردىن ھەرقايسى بوستانلىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك سەككىز-ئون كۈنلۈك يوشۇرۇن دەۋردىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن داۋالاپ ساقايتىش تەس بولغان كېسەللىككە ئايلىنىپ كېتىدۇ، — فۇئىل چۇچۇمەل ئۇزۇم ھارىقىدىن تېزلا بىر ئوتلىۋالدى، — ئۇ مەلۇم بىر بوستانلىقتا بارغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا يامراپ كېتىدۇ. سىز بىلىسىز، بۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئەمما، ئۆلگەنلەرنىڭ زادى قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، چۈنكى ھېچكىممۇ ئەخمەقلەرچە كۈچ سەرپ قىلىپ، قۇملۇقتىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەقىقىي سانىنى ستاتىستىكا قىلىپ، توغرا ئومۇمىي سانغا ئېرىشىشنى خىيال قىلمايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنىڭغىمۇ مۇمكىنچىلىك يوق. چۈنكى سەھرايى كەبىر — كۆلمىسىڭىزچۇ، كەسپىدىشىم، توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بىر زېمىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ زېمىندىكى كىشىلەرمۇ توختىماي يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر قەبىلە ئۆزلىرى ئولتۇرۇۋاتقان جايىنى ئۇزلۇكسىز ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. تۆت ئەتراپتا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن ئادەملەر بىردىنلا ھوججالدىن شىمالغا كۆچۈپ كېلىدۇ، شىمالدىكى قەبىلىلەر بولسا جەنۇبنى بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھەمىشە يول ئۈستىدە چېپىپ يۈرۈشىدۇ، سان-ساناقسىز كىشىلەر يىل بويى مۇشۇنداق چېپىپ يۈرىشىدۇ! ئۇلار، ئۆزلىرىنىڭ ئارامگاھىنىڭ ئىككى خىل ئامىلدىن تەشكىل تاپىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ بىرىنىڭ، قۇملۇقتىكى بۇلاقلاردىن ئېلىپ ماڭغان كېسەللىك مىكروبلىرى، يەنە بىرىنىڭ ئىسسىق بەلۋاغ-

دىكى ئافرىقىنىڭ ئامبالىق تولغىقى ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيدۇ. شىمالىي ئافرىقىدا، بىز نۇرغۇن مىللەتلەرنى ئۇچرىتىمىز، ئۇلار ئوتتۇرا ئافرىقىدىن، مىسىردىن، تۇنىستىن، ماراكەشتىن، ئابىسسىنىيەدىن، نىل دەرياسى ۋادىلىرىدىن، كونگودىن ۋە نىگىرىيەدىن كەلگەن. كىم بىلىدۇ، بۇ كۆچمەنلەر ئىسسىق بەلۋاغنىڭ ئامبالىق تولغىقىنى بىزنىڭ سۇبتروپىك بەلۋاغ رايونلىرىمىزغىمۇ ئېلىپ بارامدۇ تېخى؟ بۇلارنى پەقەت بۇ خىل كېسەللىكنى ئىنقىلاپ چىققاندىن كېيىنلا چۈشەندۇرۇپ بېرەلەيمىز، — فۇئىل گويا ھالىدىن كەتكەندەك توختىۋالدى، ئاندىن ئۇمىدسىزلەنگەن ھالدا خەرتىمنى بىر يانغا قويدى، — ھاندرىك دوختۇر، سىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بۇ ۋەزىپە ھەرگىزمۇ بىر ئادەم يەككە-يېگانە ھالدا ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغان ۋەزىپە ئەمەس!

ھاندرىك نەزەرىنى سىرتتىكى باغقا ئاغدۇردى. باغ ئىچى جىمجىت بولۇپ، ئېگىز ئۆسكەن خورما دەرەخلىرى بىلەن قاپلانغانىدى.

— فۇئىل دوختۇر، سىزنىڭ بۇ يەردىكى مۇھىتىڭىز بەك گۈزەل ئىكەن، — ھاندرىك سۆزنى باشقا تەرەپكە يۆتكىدى، — بۇ مەن كۆرگەن تۇرالغۇلار ئىچىدە ياۋروپالىقلارنىڭ ئەڭ چىرايلىق تۇرالغۇ جايلىرىنىڭ بىرى ئىكەن.

— بەلكىم شۇنداقتۇ، — فۇئىل ھاندرىككە يەنە تولدۇرۇپ ھاراق قۇيدى، ئاندىن كاسپاخاشنى چاقىردى. بالا ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىرىپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ كۈلدى.

— مۇز پارچىسى قەيەردە، ھوي زەڭگى شۇمتەك؟ — دەپ ۋارقىرىدى فۇئىل، — دەرھال بېرىپ، مۇز پارچىسىنى ئەكىلىپ

جوزىغا قويمىساڭ، يۈرىكىڭنى سۇغۇرۇۋالىمەن!

ھېلىقى نوبىي بالا گۈللۈك ساپما كەشنى سۆرىگەن پېتى بۇرۇلۇپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. فۇئىل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى، ئاندىن ھاندىرىككە قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ دېدى:

— بۇ ناھايىتى ياخشى بالا. توغرا، سىزمۇ بىر خىزمەتكار ياللىۋېلىڭ. ئافرىقىدا، ئەگەر خىزمەتكارى بولمىسا ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانغا تەڭ! كاسپا خاشىنىڭ چوقۇم نۇرغۇن دوستلىرى بار، ئۇلار چوقۇم خۇشاللىق بىلەن سىزگە ئەگىشىدۇ. پەقەت كۈندە ئۇلارغا بىرنەچچە تال ياۋا چىلان، يېرىم لىتىر سۈت ياكى سۇ، يەنە ئىككى نېپىز قوتۇرماچ قوشۇپ بەرسىڭىزلا، ئۇلار رازى بولىۋېرىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت، سىز ھەر يېرىم سائەتتە بىرەر قېتىم ئۇلارنىڭ كۆتىگە ئۇچنى تېپىپ تۇرسىڭىزمۇ ھېچۋەقەسى يوق.

ھاندرىك كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالجىرىيىگە دەسلەپ كەلگەن چاغدىكى ئەھۋالىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ ئۇرۇش ئەمدىلا ئاياغلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمىگەن چاغ ئىدى، ئۇ بىر ياش دوختۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن فرانسىيىلىكلەرنىڭ گومانىسىرىغان، ئۆتكۈر كۆزلىرىنىڭ نازارىتىگە ئۇچرىغانىدى. ماي ئېيىنىڭ قۇياشى ئاپئاق نۇر چېچىپ تۇرغان ئالجىر ئايرودرومىدا ئۇ يەككە-يېگانە قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چامادانىغا قارىغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە تامۇژنىدىن ئۆتكەندە سىزىپ قويغان ھال قەلەم سىزىقلىرى ئۆچمىگەنىدى. ئۇنىڭ ئالدىغا ھېچكىم چىقمىغان، ھەتتا داۋالاش ۋە دورىگەرلىك ئاكادېمىيىسىدىكى كەسىپ-



www.uyghurkitap.com

داشلىرىدىن بىرىمۇ ئۇنى قارشى ئېلىشقا كەلمىگەنىدى. ئۇ
ئۆزىنىڭ بىر سەرگەردانغا، ئۇنتۇلغان بىر ئادەمگە ئوخشاپ
قالغانلىقىنى ھېس قىلغان، ھېچكىمنىڭ ئۇنى تۇتۇپ كەتمىگەن-
لىكىدىن ۋە ماخاۋ كېسەللىرى تۇرىدىغان ئارالغا سۆرەپ ماڭمىد-
غانلىقىدىن ئەجەبلەنگەنىدى. ئۇ بىر تاكسىنى چاقىرىپ، شوپۇر-
غا ئۆزىنى ئالجىر شەھىرىگە ئاپىرىپ قويۇشنى ئېيتقانىدى. بۇ
دەل قۇياش پارلاپ تۇرغان بىر چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى.
دېڭىز سۈيى توق زەڭگەر رەڭدە بولۇپ، دېڭىز قولتۇقى كەڭ-
رى، ھاۋا دىمىق ئىدى، ئاق رەڭلىك شەھەر گويا دېڭىزدىن
كۆتۈرۈلۈپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ھېچقانداق نىشانسىز ھال-
دا چوڭ يولدا ئاستا ماڭغان، بۇ شەھەر بىلەن تونۇشۇشنى
ئويلىغانىدى. ئۇ يەككە-يېگانە ھالدا كەلگەنىدى، ئۇنىڭ-
غا قىلچىمۇ قورقۇنچ يوق ئىدى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قەيەردە
تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قىزىل
قىيا ئۈستىدىكى قەدىمىي تۈرك قەلئەسىگە كېلىپ، يوغان ياغاچ
چاق بېكىتىلگەن قەدىمىي مىس زەمبىرەككە يۆلەنگەن ھالدا،
سەلتەنەتلىك، گۈزەل شەھەرگە نەزەر تاشلىغانىدى. مۇشۇ تاغ
ئۈستىدە، ئاشۇ قەدىمكى زاماندىكى بەلگە قويۇلغان ۋە خاتىرىلەر
ئويۇلغان زەمبىرەك يېنىدا تۇرۇپ، ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى ئافرى-
قىنى، پالما دەرەخلىرىنى ۋە شەرقنىڭ گۈزەللىكىنى خىيال
قىلغانىدى. ئافرىقىنىڭ تارىخى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر-بىر-
لەپ ئۆتكەن — سۇلتان بىلەن ئەرەب پادىشاھلىرى، ئارقا-ئارقى-
دىن يۈز بەرگەن تۈركىيە ئۇرۇشى، ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى رىملىق-
لارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، پادىشاھ كەيراكرا ۋە ئاپرۇس، ئاۋگۇس-

تۇ ۋە دېموكراتىيىنىڭ قاتارلىقلارنى ئويلىدى. بۇ يەردە، بۇرۇن ئافرىقىدىكى بىرىنچى باش روھانىي، مۇقەددەس ئاۋگۇستىنۇس ئولتۇراقلاشقانىدى؛ بۇ يەردە، خرىستىئان مۇخلىسلىرى خۇددى رىم، تىبلىس ۋە شىناكۇلاردىكىگە ئوخشاشلا، بەربەرلەر ئارىسىلانلىرىنىڭ ۋەيران قىلىشىغا ئۇچرىغان. كېيىن ئۇ نەچچە ئەسىرلىك سېھرىي ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، تاغدىن چۈشۈپ شەھەرگە — بۇ قىزىل رەڭ بېزەپ تۇرغان، كۈمۈش ھىلال ئايغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئاستانىغا قايتىپ كېلىپ، ئۈچ ئايغا سوزۇلغان تەجرىبىخانا ھاياتىنى باشلىغانىدى. بۇ تەجرىبىخانىلار ئېگىز ئەينەك تاملاردىن قۇراشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى بىر قورۇغا تۇتاشتۇرۇلغانىدى، ئۇ يەرگە ئامېرىكىنىڭ بۇلۇتسىمان كاۋچۇك كۆرپىچەكلىرى سېلىنغان نۇرغۇن ئورۇندۇقلار قويۇلغانىدى! مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاندىرلىك دوختۇر ئافرىقىغا، ئۇ تەشنا بولغان بۇ زېمىنغا تۇنجى قەدەم قويغاندا ئېرىشكەن تەسىراتلار ئىدى. بۇ تەسىراتلار ئۇنى تەمكىنلەشتۇرگەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ تەسىراتلار شۇنچىلىك چوڭقۇر ئىدىكى، شۇنىڭ تۇپەيلىدىن بۇگۈنمۇ ئۇ فۇئىلنىڭ قۇملۇقنىڭ خەتەرلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرىغا كۆلۈپلا قويىدى. ئۇ ئافرىقا دەل مېنىڭ چۈشىنىپ يەتكىنىمگە ئوخشاش، مەڭگۈ مېنىڭ ئارزۇلىرىم بىلەن قارىمۇ قارشى، دەپ ئويلايتتى.

— سىز قاچان يولغا چىقماقچى بولۇۋاتىسىز؟ — فۇئىل ئۇنىڭ خىيالىنى ئۈزۈۋەتتى.

— قاچان ماڭىدىغانلىقىمنى دەمسىز؟ ئەڭ ياخشىسى ئەتە بولسا بولاتتى. لېكىن بىز بىر تۈركۈم يېتەرلىك ياترېنىنى

كۆتۈشمىز كېرەك. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بەلكىم بىر ھەپتىدىن كېيىن مېڭىشىم مۇمكىن. مەن ئاۋۋال ماشىنا بىلەن تۇغۇرتقا بېرىپ، ئاندىن ئۇ يەردىن بىر تۆگە كارۋىنى بىلەن گېردىئاغا بارارمەن.

—تۆگىگە مىنىپ بارامسىز؟

—ھەئە.

—بۇ بەك چاتاق بوپتۇ!—فۇئىل رومىكىدىكى ھاراقنى كۆتۈرۈۋەتتى،—ياغاچتىن ياسالغان ئېگەردە ئولتۇرىسىز، تېمپېراتۇرا سېلسىيە 60 گرادۇستىن يۇقىرى، ئۇ يەردە سۇ يوق، پەقەت تۆشۈكلا بولسا كىرىۋېرىدىغان قۇم ۋە باشقۇرۇش تەس بولغان، بەزىدە ھەتتا ئادەمنى چىشلىۋالىدىغان تۆگىلا بار، قەدىرلىك كەسىپدىشىم، سىز ئۈچ قاداق پېنسىلىن ئېلىۋېلىپ ساغىيىڭىزنى داۋالاپ تۇرارسىز...

قۇملۇققا سەپەر قىلىشقا تەييارلىق قىلىنىۋاتقان بۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە، ھاندرىك بىلەن جېككۈرىن دۇمبىلا بىر قېتىم تەگىشىپ قالدى. ئەمما تەگىشىش ئانچە قاتتىق بولمىدى، چۈنكى مەيلى ھاندرىك بولسۇن ياكى جېككۈرىن بولسۇن، ھەر ئىككىسى ئۆز كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دەۋېلىشنى ئويلاۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىشقانىدى. تەقدىر ئۇلارنى بىر يەرگە جەم قىلغان، ئەمما يەنە ۋاقىتلىق ئايرىلىپ تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى.

جېككۈرىن، ھاندرىك بىسكراغا كەلگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئۆ-

يىنىڭ بالكوندا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ھەمراھ قىلىۋېلىشىنى ئۆتۈنگەن ئاشۇ كۈندىن باشلاپ، بۇ گېرمانىيىلىك دوختۇرنىڭ غەم-قايغۇسىز، خۇشال-خۇرام ياشىشى ئۈچۈن ئىمكانىيىتى يار بەرگەن بارلىق ئىشلارنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قىلدى. دىمىق ئىسسىق تەجرىبىخانىدا ئۇرغۇن ئىشلارنى قىلىشقا توغرا كەلسەمۇ، ئۇ يەردە پۈتۈن ئەزايى چىلىققىدە تەرگە چۆمۈلۈپ كەتسەمۇ، دوختۇرخانىدا ھېرىپ ھالى قالمىسىمۇ، بۇنى ئاز دېگەندەك يەنە ھېلىقى ھايۋانلارنى بولۇپمۇ مايمۇنىنى كېچىدە كۆزەتسىمۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە جېككورىن رازى ئىدى، جىمغور مۇھەببەتى بىلەن ھاندرىككە ھەر تەرەپلىمە غەمخورلۇق قىلىپ، يوشۇرۇن ھالدا ئۇنىڭغا تەلپۈنەتتى.

بىر قېتىم ئۇ ئۆز ئارزۇسىنى بەكمۇ جايىدا ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇ ھاندرىككە كاربون ئىككى ئوكسىدىنىڭ بىسىمىدىن پايدىلىنىپ مېۋە سۈيى سىقىپ چىقىرىدىغان بىسىملىق بوتۇلكا سوۋغا قىلدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، جېككورىن ئۇنى ھاندرىكنىڭ جوزىسىغا قويۇپ قويدى. ئۇ بۇ نەرسىنى قەيەردىن تېپىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتمىدى. ھاندرىك ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈپ مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرگەن چاغدا، ئۆزىنى ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلدى. يەنە بىر قېتىم، بىر ئەرەب ياردەمچى تەجرىبىخانىنى تازىلاۋېتىپ، پالاكەتلىك قىلىپ، بىر تىزىق پروبىركىنى يەرگە چۈشۈرۈۋېتىپ چېقىۋەتتى. كېيىن، جېككورىن يېڭى پروبىركىلاردىن ئېلىپ كېلىپ، ھاندرىكنىڭ تەجرىبە ئېلىپ بېرىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. ھاندرىك بىسكرا بىلەن تۇغۇرت ئارىلىقىدىكى قۇملۇقتا سەرسان بولۇپ يۈرگەنلەرنى تېپىپ،

ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۇلارنىڭ بەدىنىنى تەكشۈرگەن ئۈچ كۈن ئىچىدىمۇ، يەنىلا شۇ جېككۈرىن ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر تۈگە كارۋىنى يىغىپ بەردى. جېككۈرىن بىلەن ھاندرىكنىڭ چېدىرلىرى ياندىش قىلىپ تىكىلگەنىدى. جېككۈرىن قومۇلۇقتا بېنزىن ئوچىقىدا ھاندرىككە تاماق قىلىپ بېرەتتى. تۇزلانغان قوي گۆشىگە زەيتۇن قوشۇپ قورۇيتتى، زەنجىۋىل شەربىتى بىلەن پۇرچاق پىشۇراتتى، تاتلىق ياڭيۇدا تەملىك چىپىس قىلاتتى، قوغۇنغا شېكەر قوشۇپ، ئۇششاق توغرالغان كالا گۆشى، توخۇ ۋە ھايۋان مېيى قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ كىچىككىنە يۇمىلاق تورت ياسايتتى. ئۇ باشتىن-ئاخىر ھاندرىكنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي، ئۇنىڭ غېمىنى يەيتتى، زادىلا ھارغىنلىق ھېس قىلمايتتى. ھاندرىك ئۇنىڭغا موھتاج بولغان ھامان ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولاتتى.

جېككۈرىن ھاندرىكنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلانغانىدى.

جېككۈرىن بۇ نۇقتىنى ھېس قىلىپ يەتكەنىدى. ئۇ كۆڭلىدە قاتتىق خۇشال ئىدى. ئۇ يەنە تەبىئىي ھالدىلا ھاندرىكنىڭ يېنىدا پەيدا بولىدىغانلىقتىن، ئىككىسىنىڭ رىشتىسىنىڭ ئاللىقاچان باغلانغانلىقىنىمۇ ھېس قىلاتتى. شۇڭا، ئەگەر جېككۈرىن تۇيۇقسىز ئايرىلىپ كېتىدىغان بولسا، ھاندرىك باشقا ھەرقانداق كىشىگە قارىغاندا ئۇنى بەكرەك سېغىنغان بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن جېككۈرىن ئۆزىنىڭ بارلىق مۇھەببىتىنى ھەرىكىتىگە مۇجەسسەملىگەنىدى.

جېككۈرىن كۆڭلىدە، ھېلىقى گېرمانىيىلىك قىز بۇ يەر-

دىن يىراققا كەتتى، باشقىلار تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلدى، ئافرىقىدا تۇغەشتى، قوملۇقتىكى تويىماس كېسەللىك ئۇنى يۇتۇۋەتتى دەپ ئويلايتتى. ئۇ ئەمدى قايتىپ كېلەلمەيدۇ، ئۇ كۆپ بولسا ھاندرىكنىڭ ھايات ئاسمىنىدىكى ۋاللىدە چاقنىغان بىر نۇر، ئۇ ئاللىقاچان يوقالدى، مەڭگۇ قايتا نۇر چاچالمايدۇ، بۇ ئۇسسۇلچى ئارتىسنىڭ ھازىر قەيەردە ئىكەنلىكىنى كىم بىلىدۇ؟ بۇ دۆلەتتە يەنە كىم ئۇنى تاپالايتتى؟

ئۇنىڭ ئىسمى نېمىتتى؟ ھېرد شۇېت. . . ھېرد شۇېت دېگەن كىم؟ ئۇنىڭ بىلەن جېككورىن دۇمبلا قىلچە مۇناسىۋەتسىز. . .

شۇ كۈنى كەچتە، ھاندرىك شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي دوختۇرخانىدىكى تۇرالغۇسىغا قايتىپ كېلىپ جېككورىن بىلەن بالكوندىكى چۇۋىق جوزا يېنىدا بىللە ئولتۇردى. ئۇ بېسىملىق بوتۇلكا بىلەن بىر ئىستاكان ماندارىن سۈيى سىقىپ چىقىرىپ ئىچتى.

ھاندرىك نەزىرىنى دوختۇرخانا باغچىسىغا تاشلاپ، چوڭقۇر خۇرسىندى.

— مەن ئەتە قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈپ، گېردىئاغا بارىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەردىن يەنە راگۇئېتقا قايتىمەن.

— گېردىئا سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا، ئايلانمىسى 700 نەچچە كىلومېتىر كېلىدىغان تۇرسا.

— بىلىمەن! ئۇ يەردە چوقۇم يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ مەنبەسى بار! يېتەرلىك ياترېننى يىغىپ بولسامىلا يولغا چىقىمەن. راگۇئېتتىن باشلاپ تۆگىگە مىنىپ ماڭىمەن.

جېككورىن بېشىنى لىڭشىتتى. ئارقىسىدىكى جوزىدىن بىر پارچە قەغەز ۋە بىر قېرىنداشنى ئالدى-دە، سورىدى:

— بىز نېمىلەرنى ئېلىۋالساق بولار؟

— بىز دەمسىز؟ — هاندرىك ئەمدىلا ئېغىر خىيالدىن ئويغانغاندەك ئىدى، — ئۆزۈم يالغۇز بارىمەن جېككورىن.

جېككورىن كۆزىنى يوغان ئاچقان هالدا تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

— ئۆزىڭىز يالغۇزلىمۇ؟

— بۇ قېتىمقى سەپەر، سىزگە نىسبەتەن بەك خەتەرلىك. هازىر قۇملۇقنىڭ تېمپېراتۇرىسى سىلسىيە 60 گرادۇس، بۇنىڭغا چىدىيالمايسىز. سىز بۇسادادىن مېڭىڭ، ئۇ يەردىن ماشىنىغا چىقىپ ئارقىڭىزغا قايتىپ راگۇئېتقا بېرىڭ، شۇ يەردە مېنى ساقلاڭ، — ئۇ چاقچاق قىلماقچى بولۇپ سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — سىز مەڭگۈ مېنىڭ ئالدىنقى قاراۋۇلۇم. ئەگەر مەن هەر قېتىم بىر جايغا بېرىپلا قورغاننىڭ يېرىمىنىڭ ئاللىقاچان ئىگىلىنىپ بولغانلىقىنى بىلسەم، نېمىدېگەن پەيزى بولاتتى-هە!

— مېنىڭ بۇ يەردە قالغۇم يوق، ئارقامغا قايتىپ ماڭغۇممۇ يوق، — جېككورىن جاهىللىق بىلەن سۆزلىگەچ، پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرىنى ئارقىغا سىلىكىدى، — مەن سىز بىلەن بىللە تۆگىگە مىنىپ، قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىمەن! بولمىسا كىم سىزگە تاماق ئېتىپ بېرىدۇ؟

هاندرىك كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، دېدى:

— مەن ئەرەبلەر بىلەن بىللە تاماق يەيمەن.

—كۆكىرىپ كەتكەن سېرىق ماي، زەيتۇن يېغى، سېسىپ كەتكەن قوي گۆشى يېمەكچىمۇ؟ بۇنىڭغا سىز چىدىمايسىز.

—بىر ئادەمنىڭ چىداش ئىقتىدارى ئىنتايىن زور بولىدۇ. سىز ئۇنىڭغا بەلكىم چىدىيالماسسىز.

—مەن ئاجىز لاتا قورچاق ئەمەس. —جېككۇرىن هاياجانلىنىپ كەتتى.

—بۇنى سىز ئاللىقاچان ماڭا يېتەرلىك ئىسپاتلاپ بەردىڭىز، جېككۇرىن، —هاندرىك بىر قولىنى قىزنىڭ قولىنىڭ ئۈستىگە قويدى ۋە ئۇنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى، —سىز ئەرلەرنىڭ ئالقىشىغا هەممىدىن بەك ئېرىشىدىغان قىز هەمراهسىز. بارلىق ماختاشلار سىزنىڭ قىممىتىڭىزنى ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. دەل مۇشۇنداق بولغاچقا مېنىڭ سىزنى يوقۇتۇپ قويغۇم، سىزنى قۇملۇققا كۆمۈپ قويغۇم كەلمەيدۇ. مېنىڭ راكۇئىتتا سىزگە هاجىتىم چۈشىدۇ! قۇملۇقتا سىزنى سېغىنىدىغانلىقىمغىمۇ ئىقرارمەن.

—ئەمىسە، مەن سىز بىلەن بىللە بارىمەن...

—ياق! سىز قايتىپ كېتىشىڭىز كېرەك! —هاندرىك كۆزىنى يەرگە تىكىپ دېدى، —مەن سىزدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، جېككۇرىن.

قىزنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى، شۇتاپتا ئۇنىڭ قەلبى بەخت تۇيغۇسىغا چۆمگەنىدى.

—سىز مەندىن ئەندىشە قىلامسىز؟ —قىز پەس ئاۋازدا سورىدى.

هاندرىك بېشىنى لىڭشىتتى.

— ھەئە، ئەگەر سىز بولمىسىڭىز، بۇ يەردىكى خىزمىتىمىنى قانداق قىلىشىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن.

قىز نەپسىنىڭ جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ دېدى:

— ئەگەر سىز بولمىسىڭىز، مەنمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. . . سىز بىلەن بېرىشىمغا ماقۇل دەڭ، سىزدىن ئۆتۈنىمەن، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي. . .

ھاندرىك قورققىنىدىن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قىزنىڭ كۆزىدىن مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. ھاندرىك بۇ خىل ھېسسىيات ئۇچقۇنىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىنى قىستاپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ھاندرىكنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىمۇ داۋالغۇش پەيدا بولدى، بۇ خىل داۋالغۇش ئىدراك توغىنىنى ۋەيران قىلىشقا باشلىدى. ھاندرىك تۇيۇقسىز جېككورىنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ، ئۆزىگە تارتتى.

— مەن سىزنى ئېلىپ بارالمايمەن، سىز قۇملۇقنى چۈشەنمەيسىز. قۇملۇق ھەم گۈزەل، ھەم قورقۇنچلۇق. سوغۇققانراق بولۇڭ، قىزچاق! بىزنىڭ ھاياتىمىز گىرداۋادا ئاياغلاشماسلىقى كېرەك. . .

— بىزنىڭ ھاياتىمىز؟ — جېككورىن كۆزىنى يۇمدى، ئاندىن ئالدىغا ئىنتىلىپ، لېۋىنى يۇقىرىغا قاراتتى. ھاندرىك بۇ لەۋلەرگە قارىدى، قوڭۇر رەڭلىك ياداڭغۇ يۈزگە ۋە چىرايلىق گىلاس لەۋلەرگە قارىدى. ئەمما، ئۇ قىزنىڭ لېۋىگە سۆيمىدى، پەقەت قىزنىڭ چېچىنى سىلاپ قويۇپ، ئاندىن قەددىنى رۇسلىدى.

—مەن يەنە تەجرىبىخانىغا بىر بېرىپ كېلەي، سىز بېرىپ ئۇخلاڭ، جېككۇرىن، —دېدى ئۇ دۈدۈقلاپ.

ئۇ چىقىپ كېتىپ، ئۆي ئىشىكىنى ياپقان چاغدا، جېككۇرىن مۈشتۈمىنى تۈگۈپ، جوزىغا قاتتىق ئۇردى ۋە بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇ قولياغلىقىنى چىشلەپ يىرتىۋەتتى، چۈنكى ئۇ ۋارقىراپ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، قولياغلىقىنى چىڭ چىشلىۋالغانىدى. كېيىن ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى هاندرىكنىڭ كارىۋىتىغا ئېتىپ، ياستۇقنى ئىككى قوللاپ مۈشتلاشقا باشلىدى. ئۇ مېنى سۆيمىدى، دەپ نالە قىلاتتى ئۇ ئىچىدە، ئۇ مېنىڭ لەۋلىرىمنى ياراتمىدى! ئاھ، مەن ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىمەن، ئەگەر مەن ئۇنى بۇنچە ياخشى كۆرۈپ قالمىغان بولسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! ئۇ چاغدا مەن ئۇنى ئەرەبلەرگە تاپشۇرۇپ بەرگەن بولاتتىم! بەلكىم مىڭ فرانك خەجلەپ بىرنەچچە قاتىلنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى قومۇلۇقتا ئۆلتۈرۈۋېتىپلا كۆمۈپ تاشلايتتىم! مەن بەلكىم ئۇنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتىم! تەجرىبىخانىدىكى ئىشكاپتا نەچچە يۈز خىل زەھەر بارغۇ! لېكىن، مەن ئۇنى سۆيىمەن، مەن ئۇنى سۆيىمەن...

يېرىم كېچە بولغاندىلا، ئۇ ئاستا-ئاستا تىنچلاندى ۋە هاندرىكنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، دوختۇرخانىنىڭ باغچىسىغا كىردى. ئۇ كىشىنى مەست قىلىدىغان خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇرغان بوككىدە چاتقاللىق يېنىدا ئاستا ماڭدى. ئۇ ئالاھازەل بىرەر سائەتچە مېڭىپ يۈردى. كېچىلىك ئىسمېنىدىكى ياش بىر يارىدەمچى دوختۇر ئۇنى ئۇچرىتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن سالاملاشتى. بۇ ياش بىر ئەرەب ئىدى. جېككۇرىن ئۇنى توختىتىپ

بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى، ئاندىن يەنە باغچىدا مەقسەتسىز مىڭىشقا باشلىدى.

مەن راگوئېتتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىمەن، دەپ ئويلايتتى ئۇ. راگوئېتتا، مەن ئۇنى بىر قارارغا كېلىشكە قىستايمەن! ئۇ مېنى سۆيىدۇ، بۇنى مەن ھېس قىلىپ بولدۇم. . . ئۇ مەندىن ئەندىشە قىلىۋاتىدۇ. . . ئۇ مېنىڭ ئۇنىڭ يېنىدا بولۇشۇمغا ئىنتىزار، لېكىن، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىۋاتىدۇ، چۈنكى ئۇ تېخىچىلا ھېلىقى نېمىس قىزنى ئويلاۋاتىدۇ، ھېلىقى نەس باسقۇر بېرلىنلىقنى، ھېلىقى ئادەمنىڭ جېنىغا تېگىدىغان گېرمانىيىلىك قىزنى ئويلاۋاتىدۇ. . .

تۇيۇقسىز ئۇ بىرسىنىڭ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى، ھاندرىك ئۆز ھۇجرىسىنىڭ بالكونىدا تۇراتتى.

—جېككۇرىن! تېخىچە باغچىدا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟— دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

—مەن مۇھەببەتلىشىۋاتىمەن! —جېككۇرىن زەھەرخەندىلىك بىلەن جاۋاب بەردى،—سىزگە مالاللىق يەتكۈزۈپ قويمىغاندىمەن، دوختۇر؟

بالكوننىڭ يېنىدىكى ئىشىك يېپىلدى. ھېچكىم جاۋاب بەرمىدى. جېككۇرىن ئاغزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئەجەبمۇ ئەخمەقلىق قىپتىمىنا دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ تۇيۇقسىز، راستتىنلا تازىمۇ ئەخمەقلىق قىلىپ قويۇپتىمەن!

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىدىن نەپرەتلىنىشكە باشلىدى. . .

ئارىدىن تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، فۇئىل بىر جىپ ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ هاندرىك بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

—تۇغۇرتقا بارغاندىن كېيىن، بات دوختۇرنى ئىزدەڭ،— دېدى فۇئىل،—ئۇمۇ شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى. ئۇ سىزگە ياردەم قىلىدۇ. قۇملۇققا كىرگەندىن كېيىن ماشا خەت يېزىڭ. قۇملۇقتا دائىم تۆگە كارۋىنى ۋە چارلىغۇچى ئەترەتلەرنى ئۇچرىتالايسىز، شۇلار ئالغاچ كېلىدۇ. ئەگەر سىز بىرەر يېڭىلىق بايقىسىڭىز، چوقۇم ماڭا خەت يېزىپ ئۇقتۇرۇڭ! بىز بىسكرادىكى دوختۇرخانىدا سىزنىڭ تەجرىبە خىزمەتلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئۈستىمىزگە ئالايلى. سىز جەنۇبتىن قايتىپ كەلگەن چېغىڭىزدا، بىزمۇ چوقۇم ھېلىقى بىرقاتار تەجرىبىلەرنى ئىشلەپ بولغان بولىمىز.

—بۇ بەك ياخشى بولدى، فۇئىل دوختۇر.

هاندرىك بۇ كەسىپدىشى بىلەن قول سىقىشتى. بۇ دۆلەتتە، ھەممە نەرسە ۋەيرانە، بېكىنمە ھالەتتە ئىدى، ھەممە نەرسە تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگەرمەكتە ئىدى، ئادەملەرمۇ شۇنداق. ئۇلار ئۆزلىرىنى مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئافرىقا بىلەن بىرجان-بىر تەن بولۇپ كەتكەنىدى.

ماشىنا ئاستا-ئاستا قوزغالدى، ئۇ بىسكرا بازىرىدىن ئۆتتى. بىر نەچچە سازەندىنى بىر توپ باللار ۋە ئۇزۇن پەرىجىگە ئورۇنۇۋالغان ئەرلەر ئورىۋېلىشقانىدى، ئۇلار زېرىكەرلىك بىر كۈيگە چېلىشۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى داپ، يەنە بىرسى ئىككى تارلىق بىر چالغۇنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، قالايمىقان

هالدا بىر مۇڭلۇق مۇزىكىنى ئورۇنلاۋاتاتتى. چالغۇنىڭ كاماند-
چىسى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئەگرى بىر دەرەخ شېخى بىلەن
ئاتنىڭ قۇيرۇق قىلىدا ياسالغانىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كەشلە-
رىنى سېلىپ، ئالدىغا قويۇپ قويغانىدى، بۇ كەشلەرگە بىر
نەچچە يارماقلا تاشلىناتتى.

ماشىنا باي خەلپىلەرنىڭ قەبرىستانلىقىدىن ئۆتتى. بۇ
قەبرىلەرنىڭ ھەممىسىلا قورشاۋ تام بىلەن ئورالغان بولۇپ،
كىشىلەر يىراقتىنلا ئاپئاق قەبرە گۈمبەزلىرىنىڭ چاقناپ تۇر-
غانلىقىنى كۆرەلەيتتى. ماشىنا يەنە چۆمۈلۈش مەيدانى ئەتراپىدى-
كى ئېگىز ئۆسكەن پالما دەرەخلىرى، بۈك-باراقسان چاتقاللىق-
لار، تار ھەم ئۇزۇن، مۇنبەت مېۋىلىك باغلار يېنىدىن ئۆتتى.
ناھايىتى تېزلا ئۇ بىسكرا شەھىرىدىن چىقىپ، تاشيولغا چۈش-
تى. بۇ تاشيول كىشىلەرنى ئۆزلىرى سەزمىگەن ھالدا قۇملۇققا
يېقىنلاشتۇرۇپ، تارىختىن بۇرۇنقى چوڭ دېڭىز بولغان دەريا
قىنىغا تۇتاشتۇراتتى...

ئوچۇق دېرىزىدىن ئۇچۇپ كىرگەن قۇملار ئادەمنىڭ يۈز-
لىرىدىن ئاققان تەرلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. ھاندرىك بۇ-
نىڭغا ئاللىقاچان كۆنۈپ قالغانىدى. ئۇ ھازىر پېشانىسىدىكى
تەرنى سۈرتمەن دەپ قۇم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئوماچتەك قى-
لىپ قويمايدىغان بولغانىدى. ئۇ سەل كۆتۈرۈلۈپ، قاتتىق
خۇرۇم يۆلەنچۈككە يۆلەنگەن ھالدا، ئۆزىنىڭ ھېلىقى تىلەمچى
بەدىنىدىن ئېلىۋالغان قاننى دەسلەپكى قەدەمدە تەجرىبە قىلغاندا
يازغان بىر قىسىم خاتىرىلەرنى كۆرۈپ ئولتۇراتتى. بۇ خاتىرى-
نى ئۆزىنىڭ قانچە قېتىملاپ ئوقۇغانلىقىنى بىلمەيتتى.

بۇ كىشىنى ئازابلايدىغان ۋە ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان قايتا كۆرۈش ئىدى.

ئۇ ھەر بىر ئابزاسنى كۆرۈپ بولغاندا، تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئويلايتتى، بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ كاللىسىغا مۇستەھكەم ئورناپ كەتكەنىدى.

خىزمىتىم نەتىجىسىز بولدى!
تەجرىبەم مەغلۇپ بولدى!
ئەزرائىل يەنىلا مەندىن قۇدرەتلىك ئىكەن...

قۇملۇق ئاسمىنىدىكى يۇلتۇزلارمۇ سوغۇق.

ئاسمان، بۇلۇت، ھاۋا، شامال، بۇلارنىڭ ھەممىسىلا سوغۇق. پەقەت قۇملا ئىسسىق، ناھايەت ئازراقلا ئىسسىق، چۈنكى پارچىلىنىپ كەتكەن قۇم دانچىلىرى ئىسسىقلىقنى ساقلىيالمايدۇ. قۇملۇق، بەئەينى داستىخان ئېلىپ تاشلانغان زىياپەت جوزىسىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدە پۇرلىشىپ كەتكەن رەخت پارچىلىرىدىن باشقا تاماق ئېشىندىلىرىلا بولىدۇ. كىشىلەر مۇشۇنداق قۇملۇقتا ئۆزلىرىمۇ سەزمىگەن ھالدا كۆمۈلۈپ قېلىپ، ئۈن-تىنسىزلا ئۆلۈپ قالىدۇ. كىشىلەر قۇم بارخانلىرىغا يۆلىنىپ يېتىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، قۇرىغان بەدەنلىرىنىڭ قانداق رۇسلىنىۋاتقانلىقىنى، خاتىرجەملىككە — ئاشۇ بۈيۈك ۋە مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىككە قانداق تەشنا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. كىشىلەر يەنە خۇددى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بوتۇلكا ئىچىدىن ئېقىپ چىققان بىرنەچچە تامچە سۇ قۇم بارخانلىرىغا سىڭىپ

كەتكەنگە ئوخشاشلا پۈتۈن بەدىنىدىكى كۈچىنىڭ قۇم قاتلاملىرىغا قانداق سىڭىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. ئاسماننىڭ چېكىگە كۆز يەتمەيدۇ، ئۇپۇق سىزىقى، قۇملۇق ۋە سەھرايى كەبىرنىڭ ئىچكىرىسىدىكى ھەممە نەرسە شۇنچە زور، بىپايان ۋە ئۇنى مۆلچەرلەش شۇنداق قىيىن...

تۆگە مىدىر-سىدىر قىلماي، يېنىچە جىمجىت ياتاتتى، ئۇ ئۇزۇن گەۋدىسىنى سوزۇپ، بۆرتۈپ چىققان قېلىن كالپۇكلىرىنى قۇمغا تىقىپ، ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ياتاتتى. كىشىلەر ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ يۈزىنىڭ تارتىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەلەيتتى. ھېرد تۆگىنىڭ يېنىغا سېلىنغان ئەدىيال ئۈستىدە بوبونى قۇچاقلىغان ھالدا ياتاتتى. ئۇ يوتقان بىلەن ئۆزىنى چۈمكىۋالغان، ئىككى قولىنى گىرەلەشتۈرۈۋالغان بولۇپ، بوبونىڭ بېشى ئۇنىڭ بوينىغا قويۇقلۇق ئىدى. بوبو ئۇنىڭغا چىڭ چاپلىشىۋالغان بولۇپ، تېڭىرقىغان ۋە غەمگە چۆككەن كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراۋاتاتتى.

تۆت كۈن ئۆتتى... ھېرد شۇنى ئويلىغاچ، سوغۇق چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قارىدى، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يۇلتۇزلار ئۇنى ئەندىشىگە سالدى. ئەجەبا، مەن ئاسمانغا شۇنچە يېقىنمۇ، چاقناۋاتقان يۇلتۇزلارنى بۇنچە ئېنىق كۆرۈۋاتقىنىم نېمىسى؟ ئۇلار ماڭا قاراپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇلار مېنى يەر شارىدىن ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ... ئاھ، بۇ مۇدھىش كېچە! ئۆتكەن تۆت كۈن نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ھەم ئىسسىق-ھە! تۆت كۈن... بىر تېمىم سۇمۇ قالمىدى، پەقەت بىرنەچچە تال ياۋا

چىلان، تۆت تال نېپىز توقاچلا قالدى. كۈندۈزى، بوبو ئاچلىقـ
تىن، ئۇسسۇزلۇقتىن چىرقىراپ، ئاستا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتـ
قان تۆگىنى ساراڭلارچە ئۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ گويا: ئېلىشىپ
قالدىڭمۇ؟ ئىقتىدارىڭنى يوقىتىپ قويدۇڭمۇ-يا؟ مېنى نەگە ئېـ
لىپ كېتىۋاتىسەن؟ دەپ سوراۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەتراپ قاتتىق جىمجىتلىققا چۆككەنىدى.

ئالدىنقى نەچچە كۈندە ھېرد تۆگىگە مىنىپ توختىماي ماڭـ
دى. ئۇ قورقۇنچ ئىچىدە شۇنى ھېس قىلدىكى، بۇ قۇملۇقنىڭ
چېكى كۆرۈنمەيتتى، ئىككى تۇلۇمدىكى سۇ كۈنسېرى ئازلاۋاتاتـ
تى، ھامان بىر كۈنى ئۇ ئۇسسۇزلۇق ئازابىغا چىدىماي تۆگە
ئۈستىدىن سىيرىلىپ قۇملۇققا يىقىلىدۇ. كېچىدە، ئۇ سوغۇق
كېچە شامىلىدا تۇرۇپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، بەدىنىنىڭ
ئۈستىنى يالىڭاچلاپ، سوغۇق ھاۋانى سۈمۈرۈش ئارقىلىق ئۇسـ
سۇزلۇقىنى قاندۇرماقچى بولاتتى. لېكىن ھەر كۈنى كۈندۈز
بولغاندا، ھەر قېتىم قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلگەن چاغدا (قۇـ
ياش شۇنداق تېز كۆتۈرۈلەتتىكى، ھەتتا ئۇنىڭ تۇتۇقراق چاغلىـ
رىمۇ بولمايتتى) قاتتىق ئىسسىق ئۇنى ئازابلاشقا باشلايتتى،
ئۇنى 16 سائەتلەپ توختىماي ئالغا مېڭىشقا مەجبۇر قىلاتتى.
ئۇنىڭ تىلى قېلىنلىشىپ، كالپۇكلىرى دوردىيىپ كەتكەنىدى،
تۆگە ئۈستىدە ئىككى يېقىغا ئىغاڭلىغان ھالدا ئولتۇرۇپ، قېـ
تىپ قالغان كۆزلىرى بىلەن كۆز ئالدىدىكى دولقۇنغا ئوخشاش
ئېگىز-پەس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قۇم دېڭىزىغا سەپسالاتتى.

بۇ ئازابلىق كۈنلەردە، ئۇ كۆپىنچە ۋاقتىنى مەسىلىلەر
ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا سەرپ قىلدى. ئۇ، بۇ قاقاس قۇملۇقـ

تىن چىقىپ كېتىشىنى ئويلايتتى. لېكىن ئۇمىد بەكمۇ غۇۋا كۆرۈنەتتى! ئۇ، بۇ نۇقتىنى ئاللىقاچان تونۇپ يەتكەنىدى. لېكىن ئۇ ئۆلۈمنى كېچىكتۈرۈۋاتاتتى، ئۆلۈم بىلەن جاپالىق ھەم قەيسىرانە جەڭ قىلىۋاتاتتى، ئۇ قول قوشتۇرۇپ كۈتۈپ تۇرۇشنى خالىمايتتى.

تۆتىنچى كۈنى، ئۇ ئاخىر تۆگە ئۈستىدىن قۇملۇققا دوملاپ چۈشتى. ئۇ يىغلىماقچى بولدى، ئەمما كۆزىدىن ياش چىقىرالمىدى. كۆز يېشىمۇ سۇ-دە! . . .

شۇ كۈنى كېچىدە، ئۇ بارلىق ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى تەييارلاپ قويدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمى ۋە ئادرېسىنى بىر پارچە قەغەزگە يازدى— ئۇ بىر چىلاننى يالاپ ھۆللىگەندىن كېيىن، شىلىمشىق شۆلگىيى بىلەن ئۇ خەتنى يازدى. ئاندىن كېيىن ئەدىيال ئۈستىدە يېتىپ يوتقاننى ئۈستىگە ياپقاندىن كېيىن ئىبادەت قىلدى. . . پەس ئاۋازدا قىلغان ئىبادىتى قەلبىنى تىترەتتى، ئۇ بۇنىڭ ئۆلۈش ئالدىدىكى سۆزى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى.

تاڭ ئاتتى. ئۇ يەنىلا تۆگىنىڭ يېنىدا، يۈزىنى ئاسمانغا قارىتىپ، ئىككى كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ياتتى. قۇياش قىزدۇرۇشقا باشلىدى، ئۇ بۇنى توسۇشقا ئامالسىز ئىدى. ئۇنىڭ ئۆرە تۇرۇشقا ماجالى قالمىغانىدى. قۇم. . . بەدىنى ئاستىدىكى قۇم ئۇنىڭ يېنىدىكى قۇملارغا ئوخشاش قولنى كۆيدۈرگۈدەك دەرجىدە قىزىق بولمىسىمۇ، يەنىلا ئىسسىق ئىدى. بوبو پەس ئاۋازدا ئىڭشىدى، ھېرد ئۇنى يەنە قۇچاقلىۋالدى ۋە كۆزىنى يۇمغان ھالدا ئۇنى سىلىدى.

— جىم تۇرغىنا، جىگىرىم، — ئۇ ئاستا سۆزلىدى. ئۇ گەپ

قىلىشىنىڭ مۇشكۇل بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، تىلى گويا ئىسسىق ئوماچقا ئوخشاش ئېغىزىغا پاتماي قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ گەپ قىلىشىغا توسالغۇ بولۇۋاتاتتى، — پەقەت يەنە بىرنەچچە سائەتتىن كېيىنلا، ھەممە نەرسە ئاياغلىشىدۇ. . .

ئالاھازەل چۈش بولغان مەزگىلدە، تۆگە تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدى. ئۇ ھېردقا كۆز ئۈزمەي تىكىلدى، ئاندىن بىر كېرىلىۋالدى-دە، ئارقا پۇتلىرىنى كۈچەپ تىرەپ، ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك زور، گويا تارىختىن بۇرۇنقى ھايۋانلارغا ئوخشايدىغان گەۋدىسى ھېردنىڭ يېنىدا تىك تۇراتتى، قۇياش نۇرى ئۇنىڭ بېشىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ خۇددى سىمۋول خاراكتېرلىك بىر بەلگىدەك، بۇ غېرىبانە قاقاس چۆلدە ئۆرە تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكچىلىرى پۇشۇلدايتتى، ھەم ئۇزۇن ھەم سەت، سېرىق چىشلىرى پارقىرايتتى. ئۇ مانا مۇشۇنداق بىرەر سائەتچە تۇرغاندىن كېيىن، ئاستا-ئاستا ئالغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى، گويا قۇملۇقتا ئۆلۈمنى كۈتۈپ ياتقان قىزنىڭ چاقىرىشىنى، بۇيرۇقىنى كۈتۈۋاتقاندەك، ناھايىتى ئاستا كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاۋاز يەتكۈدەك جايدا يەنە بىر قېتىم توختاپ، تۆت ئەتراپقا قاراپ چىقتى، كېيىن مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى، ئۇنىڭ قەدىمى بارغانچە ئىتتىكلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تاپىنىدىن قۇم-توپا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. باشتا ئۇنى كۆرگىلى بولاتتى، ئۇ خۇددى سېرىق قۇم ئارىسىدىكى بىر قارا چېكىتتەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، لېكىن كېيىن قۇملۇق بىلەن ئاسمان تۇتىشىپ كەتكەن جايدا كۆزدىن غايىب بولدى.

ئارقىدا تاشلاپ قويۇلغان قىزنىڭ ئەتراپى گۆرىستان جىم-



www.uyghurkitap.com

جىتلىقىغا چۆككەندى.

گۆرىستان جىمجىتلىقى شۇنچە سۈرلۈك بولسىمۇ، ھېرد تۆگىنىڭ كىشنى ئازابلايدىغان ئاۋازىنى ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىدى، ئۇ ئىككى قولى بىلەن قۇلىقىنى ئېتىۋېلىپ، ۋارقىرىدى.

—توختا دەيمەن! توختا!

خۇددى يۇمشاق بىر پارچە رەخت ئاغزىغا كەپلەنگەندەك، ئۇنىڭ ئاۋازى ئۈزۈلۈپ قالدى.

چۈشتىن كېيىن، جەنۇبتىن ھەم ئىسسىق ھەم قۇرغاق شامال ئۇرۇشقا باشلىدى. شامال ھېردنىڭ ئالدىدىكى ئۇششاق قۇملارنى ئۇچۇرۇپ ئۈزۈن بىر قۇم بەلۋېغى ھاسىل قىلىپ قويدى. ھېردنىڭ توپتوز ياتقان بەدىنى ئاستا-ئاستا بىر قۇم دۆۋىسى بولۇپ شەكىللەندى ۋە ناھايىتى تېزلا ئۈزۈلمەي ئۇچۇپ كېلىۋاتقان قۇملار بىلەن كۆمۈلدى. ھېرد قارشىلىق قىلمىدى، تىترەپ تۇرغان بوبونى قۇچاقلىغان پېتى جىمجىت يېتىۋەردى، بوبو ئۇسساپ كەتكەنلىكتىن ئۆز بۇرنىنى يالاۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئاللىقاچان ئاۋازى چىقماس بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئاغزىدىنلا ھاسىرىغان ئاۋاز كېلەتتى.

شامال توختىدى، ھېرد ھازىرلا ئارام ئالغان جاي توپتوز بولۇپ قالغانىدى. قۇم يەردىكى بارلىق نەرسىلەرنى مەسىلەن، تۆگىنىڭ ئېگىرى، ھېچقانچە سۇ قالمىغان تۇلۇم، سومكا، يوتقان، يوگەن ۋە باشقا يۈكلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇۋەتكەنىدى. بۇنىڭغا ئۇلىنىپلا يەنە بىر كېچە، يەنىلا شۇ سوغۇق ۋە يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان كېچە يېتىپ كەلدى.

ھېرد لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا يىغلىۋەتتى، كېيىن ئۇخ-

www.uyghurkitap.com

لاپ قالدى. ئۇ بۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر كېچە ئىكەنلىكىنى، بۇنداق كېچىدىن ئەمدى ئىككىنچىسى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ئۇ تەقدىرگە تەن بېرىپ، ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا نۇرغۇن يورۇق نۇرلارنىڭ يۆتكىلىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدى. ئۇلار يۇلتۇزلار ئەمەس، بەلكى قومۇلۇقتىكى يورۇقلۇق ئىدى. ئۇ، بۇ يورۇقلۇقلارنىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ناھايىتى تېزلا ئادەم قارىسى پەيدا بولغانلىقىنى، بۇ سايىلارنىڭ ئارقىدىنلا بىر كىچىك تۆگە كارۋىنىغا ئايلانغانلىقىنىمۇ كۆرمىدى. بۇ تۆگە كارۋىنى قاپقاراڭغۇ كېچىدە ئاستا ئىلگىرىلەيتتى، ئاۋاز چىقارمايتتى، ئالدىدىكى تۆگە ئۈستىدە ئولتۇرغان ئادەم بىر مەشئەل كۆتۈرۈۋالغانىدى.

بەربەرلەردىن كەيناف سايىت قومۇلۇق ئۈستىدە ئۇخلاپ ياتقان ئايال ئالدىدا چۆچۈپ توختىدى، ئۇ تۆگە ئۈستىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا سەپسالدى. بوبو چۆچۈپ كەتكىنىدىن ھېردقا چىڭ چاپلىشىۋالدى، ئۇ لاۋۇلداپ تۇرغان مەشئەلگە قاراپ قورقۇپ كەتكەنىدى.

كەيناف چۇلۇۋۇرنى تارتىپ، تۆگىسىنى چۆكتۈردى. ئاندىن يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ، تېز-تېز چامداپ ئۇخلاپ ياتقۇچىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ يوتقان ئۈستىدىكى قوملارنى ئىتتىرىپ، ئېگىشىپ ھېردىنىڭ يۈزىگە قارىدى؛ ئۇ شۇنچىلىك پەس ئېگىشكەن ئىدىكى، ھېردىنىڭ ئاجىز نەپىسىنى ھېس قىلدى. ئېگىز بويلۇق، ساغلام بىر نېگىر خىزمەتكار بىر تۇلۇم سۇ كۆتۈرۈپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ، ھېردىنىڭ يېنىغا تىزلاندى. ئۇ ھېردىنىڭ

بېشىنى كۆتۈرۈپ، سوغۇق سۇنى ئۇنىڭ يۈزىگە ۋە دوردىيىپ كەتكەن لەۋلىرى ئارىسىغا تېمىتتى. ھېرد سۇنى ئاڭسىز ھالدا سۈمۈرەتتى، ئۇ تېخىچىلا ئۇيقۇ ھالىتىدە بولۇپ، ھېچقانداق ئىنكاس بىلدۈرمەيتتى. سوغۇق سۇ ئۇنىڭ بەدىنىگە تاراپ، ئۇنىڭغا ھاياتلىق ۋە كۈچ ئاتا قىلىۋاتاتتى.

كەيناف ھېردنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ئۇ ئېگىز ۋە ئورۇق ئادەم بولۇپ، چىرايى سۇرلۇك، كۆزلىرى قاپقارا ئىدى. قوڭۇر ساقىلى بىلەن بۇرۇتى بىرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن پەرىجىسى ئاق رەڭلىك بولۇپ، تىكىلىشى سىپتا ئىدى، ئۈستى ئالتۇن-كۈمۈش يىپلار ۋەكىمخاب بەلۋاغ بىلەن نەقىشلەنگەنىدى. بويىنىغا ئىنچىكە بىر زەنجىر ئېسىۋالغان بولۇپ، زەنجىردە مۇقا-ۋىسىغا ئالتۇن يالىتىلغان كىچىككىنە بىر قۇرئان ساڭگىلاپ تۇراتتى، بۇ مەككىگە بارغان ھاجىلارنىڭ بەلگىسى ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى چوڭ بىر تاتۇق ئىزىدىن ئازراق بۇزۇلغاندەك ئىدى، چۈنكى بۇ تاتۇق ئۇنىڭ سول كۆزىدىن باشلىنىپ، پېشانىسىغىچە سوزۇلغانىدى، ئەمما بۇ تاتۇق بۇ ئەرنىڭ كىشىگە بېرىدىغان ئومۇمىي تەسىرىگە، يەنى كۈچ-قۇۋۋەتلىك ۋە ئەقىللىق ئىكەن دېگەن ئوبرازىغا قىلچە زەرەر يەتكۈزمەيتتى.

ھېلىقى نېگىر بوبونى ھېردنىڭ يېنىدىن ئېلىپ ماڭغان چاغدا، بوبو جان-جەھلى بىلەن ئۇنى تاتىلىدى، چىشلىدى، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، شالىنى چاچتى، ئۇ قولىنى بوشى-تىپ، ئۇنى ھېردنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغۇچە ئەپتىنى بۇزۇپ تۇردى. كېيىن ئۇلار بوبونى قوچاقلىۋالغان ھېردنى ھېلىقى ئېگىز تۆگىنىڭ دۈمبىسىگە قويدى. كەيناف ئۇنى ئالدىدىكى

www.uyghurkitap.com

ئورۇنغا يۆلەپ، يوتقاننى مەھكەم يېپىپ قويدى، ئاندىن هېرد-
نىڭ بېشىنى ئۆز مەيدىسىگە قويۇپ، ئۇنى ئارام ئالغۇزدى.
كېيىن ئۇ يولغا چىقىشقا قول ئىشارىسى قىلدى ھەم مەشئەلنى
هېلىقى ئېگىز بويلۇق نېگىرغا بېرىپ، ئۇنى ئالدىدا مېڭىشقا
بۇيرىدى.

هېرد چۈشەكەپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ تەۋرىنىۋاتقانلىقىنى
هېس قىلدى. مەن لەيلەپ يۈرگەن ئوخشايمەن دەپ ئويلىدى ئۇ.
مەن راستتىنلا يۇلتۇزلارغا قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئوخشاي-
مەن، شامال مېنى ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ. مەن بىر تال پەيگە
ئوخشاپ قالدىم. مەن كائىناتتا سەيلە قىلىۋاتىمەن، شۇن-
چە لەرزان. . . مەن ئۆرلەۋاتىمەن، ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتى-
مەن. . . مانا مۇشۇنداق قىلىپ، تەڭرىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى،
گۈزەللىكىنى ئويلىغاچ كاللىسى ئاللىقاچان يوقىتىپ قويغان
سەزگۈلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالدى.

ئۇ ئاخىر تۆگىنىڭ چايقىلىشى ئىچىدە ھوشىغا كەلدى.

قۇياش ئەمدىلا كۆتۈرۈلىۋىدى، قۇملۇق كۆزىنى چېقىپ
چاقناشقا باشلىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كەينافىنىڭ قارا كۆزلى-
رىنى، ساقىلىنى ۋە پەرىجىسىگە كەشتىلەنگەن ئالتۇن-كۈمۈش
يىپلارنى كۆردى. ئۇ قايتا كۆزلىرىنى يۇمدى ۋە ئۆزىنى ئالغا
ئېلىپ كېتىۋاتقان تۆگىگە تاپشۇردى. ئۇ ھەم تەڭرىنىڭ ئۆزىگە
يەنە ھايات ئاتا قىلغانلىق شاپائىتىگە مىننەتدارلىق بىلدۈردى،
ھەم ئويغانغاندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان، بىلگىلى بولمايدىغان
ئىشلاردىن قورقۇپ قالدى.

هېلىقى نېگىر ناخشا ئېيتىقاچ داۋاملىق ئالدى-

دا كېتىۋاتاتتى.

بوغۇق ناخشا ئاۋازى ئۇنىڭ كەڭ كۆكسىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتاتتى، ئۇ ناخشىنى سوزۇپ-سوزۇپ توۋلايتتى. بۇ بىر مۇڭلۇق ناخشا بولۇپ، ئۇ يەر-زېمىنى پايانسىز كونگونىڭ چەكسىز ئورمانلىقلىرىدا تارقالغانىدى. بۇ ناخشا ئەڭ ئاۋۋال ئىپتىدائىي ئورمانلىقلاردا ئېيتىلغان بولۇپ، كېيىن قاشالانغان ھالقىسىمان يېزا-مەھەللىلەرگە، ۋە چىگىدالغان يېزا مەيدانلىرىغا تارقالغانىدى.

ھازىر ھېلىقى بەستلىك نېگىر قۇملۇقتا بۇ ناخشىنى ئېيتىۋاتاتتى. ئۇ بىر ياقتىن ناخشا ئېيتقاندا، بەدىنىدىن شورقىراپ تەر قۇيۇلاتتى، ئۇنىڭ تېرىسى ئاتنىڭ تېرىسىگە ئوخشايتتى، ئۇنىڭ ناخشىسى تۆگە كارۋىنىنى ئالغا ئۈندەيتتى:

ئەي ئۇلۇغ ئىلاھ، دولقۇنلۇق دەريا،
سۇر باسار تەننى قارا ئورماندا.
ياتار ئوۋبول غەپلەت ئۇيقۇدا،
ئويغىنار چىقسا پايىكتىن سادا.
ئەي پايىك، سېنى شۇ چىشى مۇشۇك،
ئېلىپ كىرگەنغۇ چەكسىز ئورمانغا.
ئېھ، بۈيۈك ئىلاھ، كۆرسەت يول ماڭا،
ئەتە، يا ئېلىپ ئاتلىناي ئالغا.
ناخشا ئېيتىمەن، ئېيتىمەن ناخشا،
چۈنكى ئوۋبول قورقۇنچاق تازا،

مۇگدەيدۇ، شۇنچە ئامراق ئۇيقۇغا.
بىلمەيدىكەن ئۇ، شۇ چىشى مۇشۇك،
كۆزنى يۇمۇپ باقمايدۇ ئەسلا.

كەيناف قول ئىشارىسى قىلىۋىدى، نېگىر جىم بولۇپ قال-
دى. ھېرد ئويغاندى.
—رەھمەت سىزگە،—ھېرد پەس ئاۋازدا سۆزلىگەچ كەي-
نافنىڭ كۆزلىرىگە قارىدى.
بۇ بەربەر ھېردقا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ، ئۇنى يۆلىۋال-
دى، بۇ چاغدا تۆگە چۆككەن، كۆيدۈرگۈدەك قىزىق قۇملۇققا
ياتقانىدى. . .
نېمىدېگەن بىمەززىلىك بۇ!

كاپىتان پۇروشىننىڭ ئۇمابىننى بىلقاسىم بىلەن ملادشى
لېيتېنانت گلانتۇس توغرىسىدا سۆزلىگەن ئاجايىپ ھېكايىسىنى
مەن ئالتە قېتىم ئاڭلاپ بولدۇم، يەتتىنچى قېتىم سۆزلىمەكچى
بولغاندا، مەن بىر بوتۇلكا ۋىسكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئاغزىنى
تۇۋاقلاپ قويدۇم. ئۇ ۋىسكىغا شەك-شۇبھىسىز ئىشىنەتتى، شۇ-
ڭا ئۇنىڭ سۆزى ئازلاپ، پەقەت ھەربىي گەزەرمىدە ئۆتكۈزگەن
ھاياتىدىكى قىزىقارلىق ئىش-ئىزلىرىنىلا سۆزلىدى، ئەمما بۇ-
لارنىڭ ھەممىسىلا ئاددىي ۋە مەنىسىز ئىشلار ئىدى.
مېنىڭ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچىنچى نومۇرلۇق
قورغاندا تۇرۇۋاتقىنىمغا 10 كۈن بولدى. 17 نەپەر چەت ئەللىك

ئەسكەردىن تەشكىل تاپقان مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىش ئەترىتى-
مۇ مۇشۇ يەردە ئىدى. ئۇلار ماڭا ھەمراھ بولۇپ بۇساددادىن
يولغا چىقىپ، جىرىف ۋە راگوئېتتىن ئۆتۈپ، ئۈچىنچى قورغان-
غا كەلگەنلەر بولۇپ، ئۇلار ئەسلى رابات ۋە ماراكەشكە بېرىپ
دەم ئالىدىغانلار ۋە ئالمىشىدىغانلار ئىدى. ئۈچىنچى قورغاندا،
كاپىتان پۇروشېنى مېنى كۈتۈۋالدى ھەم ماڭا "قۇملۇق ئەرۋا-
ھى"نى كۆرگەنلىكىدىن شەرەپ ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.
بۇ ئەرۋاھ توغرىسىدا، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى تۆت نەپەر كاپىتان
بىھۇدە ئاۋارە بولۇپ، تەتقىق قىلىپ باققانىدى. دېمەكچىمەنكى،
ئۇلار بۇرۇن ماڭا دىققەت قىلغان ۋە مېنى ئىزدىگەن ئىكەن.
بۇ ئوممانىڭ غايەت زور شىجائىتىنى، ئۇنىڭ تەمكىن، خاتىرجەم
ۋە ئەسەبىي روھىنى چۈشەندۈرەتتى، چۈنكى ئۇ ئەڭ خەتەرلىك
بولغان رايونلارغا دائىم مېنى بىللە ئېلىپ باراتتى. ئۇنىڭ
نېمىشقا مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. بۇ بەلكىم
سىرلىق تۇس ئالغان، زەڭگەر كۆزلۈك سەئىد مۇھەممەد بىننى
شاكىر ئۇنى مېنى بىللە ئېلىپ مىللەتچىلەرنىڭ مەخپىي لاگىرى-
غا يېقىنلىشىشىنى چەكلىگەنلىكىدىن بولسا كېرەك. شۇ سەۋەب-
تىن، ئومما مېنى ئېلىپ، قۇملۇقتا توختىماي ئايلىنىپ يۈرەت-
تى، ئۇ ھەمىشە ھەرخىل باندىتلارنىڭ سېزىپ قېلىش خەۋپىگە
ئۇچراپ تۇراتتى.

ئۈچىنچى نومۇرلۇق قورغان، كىشىنى بىزار قىلىدىغان
قورغان بولۇپ، ئوممىا بۇ يەردىكى دالا ئۇرۇشى دوختۇرخانىسىدا
ملادشى لېيتېنانت گلانتۇسقا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلمىغان بولسا،
بەلكىم بۇ قاقاس، پاسكىنا، سېغىز تۇپىلىق قورغاننى ھېچكىم-

مۇ تىلغا ئالمىغان بولاتتى. چەت ئەل قوشۇنلىرىدىكى ئەسكەر-لەرمۇ شۇنداق قارايتتى. بۇ ئەسكەرلەرنىڭ چىرايىمۇ قۇملۇققا ئوخشاش سېرىقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار شۇنداق بوشاڭ ۋە روھسىز ئىدى، بىراق ھاياتقا تولۇپ تاشقان ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارايتتى. 17 نەپەر تەلەيلىك ئەسكەر بىز بىلەن خوشلىشىپ، ھەربىيلەر ئىشلىتىدىغان قارا ماشىنا بىلەن راگۇئېتقا قايتقان چاغدا، مەن بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈپ يەتتىم. شۇ چاغدا، پۇتكۇل قورغاندىكى ئەسكەرلەر سىرتتىكى مەيدانغا يىغى-لىپ، ئۇلار بىلەن قول پۇلاڭلىتىپ خوشلىشىۋاتاتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ستوجاتتىن كەلگەن بىر گېرمانىيىلىك ئەسكەر پەس ئاۋازدا ماڭا: ”ئىست، ئەگەر مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرى بولۇپ قالغان بولسام قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، بەلكىم يەنە ئۈچ ھەپتىدىن كېيىن گېرمانىيىگە قايتىپ بارغان بولاتتىم...“دېدى.

گېرمانىيە! مەن 15 يىلدىن كېيىن يەنە شۇ ئىسىمنى ئاڭلىدىم. ئاجايىپ ئىسىم-دە بۇ... گېرمانىيە! بۇ ئىسىم قۇ-لىقىمغا نىسبەتەن ئاللىقاچان ناتونۇش بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا ئاڭلىنىشقا بىرئاز غەيرىي تۇيۇلدى. ئۇ نىمە دېگەن قىسقا سۆز، خۇددى باتالىئوندىكى بۇيرۇققىلا ئوخشايدۇ. گېرمانىيە! بۇ ئى-سىمدا يەنە ئىنتىزارلىق سادالىرى ئەگىپ يۈرىدۇ. مەن 15 يىلدىن كېيىن تۇيۇقسىز بىر گېرمانىيىلىكنىڭ ئاغزىدىن بۇ ئىسىمنى ئاڭلىغان ۋاقتىمدا، يۈرىكىم بىردىنلا قىسىلدى. مەن مۇشتۇمنى چىڭ تۈگىۋالدىم، سەۋەبى، بۇنداق چوڭ زەربىگە تۇيۇقسىز ئۇچرىغاندا بەرداشلىق بېرەلمەي ”گېرمانىيە“ دېگەن

بۇ ئىسىمنى ۋارقىراپ تاشلاشتىن ساقلىنىشىم ئۇچۇن ئىدى. مەن ھەم ياڭراق ھەم توغرا ھالدا ئۆز ئاغزىم بىلەن ئېيتقان بۇ ئىسىمنى كىشىلەرگە قايتا ئاڭلاتماقچى ئىدىم.

مەن بۇ ئويۇمنى كاپىتان پۇروشېنغا ئېيتقان چاغدا، ئۇ پەقەت بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

شۇنداق، بۇرادەر، ھەر قېتىم مەن ئولىئوننى، پارىژنى ياكى لىئوننى ئويلىغان چېغىمدا، ۋارقىرىغۇم كېلىدۇ، — دېدى ئۇ ماڭا گەپ قىلغاچ، كۈچلۈك بەدىيان ھارىقىنى ئىچىۋېتىپ. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ خىل لىمون ئارىلاشقان كۈچلۈك ھاراق ئوسسۇزلۇقنى قاندۇرىدىغان ياخشى دورا ئىمىش. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مەنمۇ بۇ ھاراقنىڭ ھەقىقەتەن زېرىكىشنى يوقىتىشتا بىردىنبىر تەسەللى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئۇ-چىنچى نومۇرلۇق قورغاندىكى زېرىكىشلىك تۇرمۇش كىشىنىڭ جىسمىنى ئازابلاپ، ئادەمنىڭ نېرۋىلىرىنى كاردىن چىقىرىش دەرىجىسىگە ئېرىپ يەتكەندى.

يەنە بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئالجىر تەرەپتىن ئاخىر خەۋەر كەلدى، مېنىڭ 25 ئادەملىك بىر ئەترەتنى ئېلىپ، ئىككى جىپ بىلەن، گېلىيە ئەتراپىدىكى بىر قىسىم رايونلاردا گېئولوگىيە-لىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمغا روخسەت قىلىنغانىدى. ھەم-دە ئەرەبلەرنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي، بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى سىناق قىلىپ بېقىشقا قول سالساممۇ بولاتتى، چۈنكى ئۇ مېنىڭ سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ ئۈستى قاتلىمى بىلەن سۇ سىڭمەيدىغان تاش قاتلىمى ئارىسىدا نۇرغۇن مىقدارد-كى تاتلىق سۇلۇق كۆللەر بار دېگەن پەرىزىمنى ئىسپاتلايتتى.

ملادشى لېيتېنانت گلانتۇس بۇرۇن بىر تەكشۈرۈش ئەترىتىگە رەھبەرلىك قىلغانىكەن. مېنىڭچە ماڭا ھەمراھ بولۇشقا ئۇنىڭدىن باشقا لايىق ئادەم يوق ئىدى، ئۇ، بۇ رايوننى خۇددى ئۆز يۇرتىنى چۈشەنگەندەك چۈشىنەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇزلۇكسىز كۆچۈپ كېتىۋاتقان قىساس يالقۇنى ئۇنى قەتئىي تەۋرەنمەس قىلىۋەتكەنىدى، بىز دائىم تىزپۈكۈپ قالىدىغان شەيئىلەرنىڭ نۇرغۇن تاشقى تەسىرلىرىگە نىسبەتەن ئۇ پەرۋا قىلمايتتى.

بىز ئوخشاش بەش پارچە خەرىتە ئۈستىگە ماڭىدىغان يۆنۈلۈشىمىزنى ئىنچىكىلىك بىلەن سىزىۋالدۇق. بىز قىلچىلىكمۇ چەتنەپ كەتمەسلىكىمىز كېرەك ئىدى، چۈنكى، بۇسادا، راگوئېت، ئالجىر ۋە گېردىئالاردا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ قوماندانلىرىدا مۇشۇ خىل خەرىتە بار بولۇپ، بىزنىڭ سىمسىز رادىئو خەۋەرلىشىش بەلگىمىز يۈتكەن ھامان، ئۇلار دەرھال تەشكىللىنىپ ئىزدەيتتى.

بىز يولغا چىقماقچى بولغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى كۈنى، كىچىك بىر ئوغۇل بالا ئالدىمغا كېلىپ سەدىقە سورىدى. ئۇ ئوماق بىر شاكىچىك بولۇپ، ئوتتۇرا بوي، ساغلام، كۈچلۈك كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭدا بەربەرلەر بىلەن تۇئارېگلارنىڭ خىسلىتى ئورتاق گەۋدىلەنگەنىدى. ئۇ قورغاننىڭ ئاستى قەۋىتىدىكى ئۆيۈمگە كىرىپ كەلدى ۋە ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن ماڭا قاراپ، ئىنچىكە ھەم پاسكىنا قولىنى ئالدىمغا سوزدى.

— ئەپەندىم، ماڭا بىر پېنىس بېرىڭ، — دېدى ئۇ ئىنگلىزچە.

باشتا مەن كۆلگەنىدىم، كېيىن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم ۋە ئۇنى تارتىپ ئالدىمغا ئەكەلدىم.

— سەن نەدىن كەلدىڭ؟ — دەپ ئەرەبچە سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ئۇ ھاڭۋاققان ھالدا ماڭا قارىدى، مېنىڭ قولۇمدىن سىلىكىنىپ چىقىپ، بىر بارمىقىنى ئاغزىغا تەگكۈزدى.

— سىزمۇ بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلەمسىز؟ — دېدى ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — مەن تېخى سىزنى ئامېرىكىلىقمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن.

— نېمىگە قاراپ شۇنداق دېگەنىدىڭ؟

ئۇ ئاغزىنى كالچايتىپ كۈلگەن ھالدا، ئۈستىدىكى ئۇزۇن پەرىجىسى ئىچىدىن كىچىككىنە بىر تۇمارنى چىقاردى. بۇ نيۇيوركتىكى ”ئالتە پېنىس“ دېگەن دۇكاندىن سېتىۋېلىنغان تۇمار بولۇپ، ئەرزان باھالىق، ھەتتا يالاتقان ئالتۇن رەڭگىمۇ ئۆچۈپ كەتكەن تەقلىدىي نەرسە ئىدى. بۇ تۇمار ئەتىرگۈل شەكلىدە بولۇپ، ئىنچىكە مېتال زەنجىرگە بېكىتىلگەنىدى. كىشىلەر بۇ تۇمار ئىچىگە كىچىك سۈرەت ياكى خۇراپىي كىشىلەر بالا-قازادىن ساقلايدۇ دەپ قارىغان نەرسىلەرنى سېلىۋالاتتى. مەن بۇ ئۆسمۈرنىڭ بويىنىدىن بۇ ئەرزان ئەتىرگۈلنى ئېلىپ ئاچتىم. ئۇنىڭ ئىچىگە كىچىككىنە بىر پارچە سۈرەت سېلىنغان ئىكەن. قوم-توپىلار كىرىۋەرگەنلىكتىن، بۇ رەسىم ئاللىقاچان سارغىيىپ، پاسكىنا بولۇپ تۇتۇقلىشىپ كەتكەنىدى. سۈرەتتىكى چوكان ماڭا قاراپ تۇراتتى، ئۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان بالا چىراي بولۇپ، ئۇنىڭ چىرايى ناھايىتى ئالقىشقا ئېرىشكەن بىر ھۆسۈن تۈزەش ئۆيىدە نەچچە مىڭ ئوخشاشلا

چىقىدىغان شەكىل بىلەن گىرىم قىلىنغانىدى. ئۇ لەۋلىرىگە لەۋسۇرۇخ سۈركىگەن، يۈزىدە تەبەسسۇم جىلۋە قىلغان ھالدا تۇراتتى. ئەمما، ئۇنىڭ تەبەسسۇمى مۇشۇ تۇماردەك ياسالما ئىدى.

— سەن بۇنى قەيەردىن ئېلىۋالدىڭ؟ — مەن قاتتىق تەلەپ-پۈزدا سورىدىم.

بالا قورققىنىدىن تۈگۈلۈپ، ئىككى قولىنى كۆتۈردى.

— ئۇ ئايال سەزمىدى... — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— ئوغرىلىغانمىدىڭ؟

— مەن ئۇنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئۇ قوياش نۇرىدا پارقى-راپدۇ تېخى، مەن ئۇنى كۆتۈرۈۋالسام خۇددى قولۇمدا ئىككىن-چى قوياشنى تۇتۇپ تۇرغاندەكلا بولۇپ قالىمەن. شۇڭا مەن كېچىدە ئۇ ئايالنىڭ يېنىدىن ئۇنى ئوغرىلىۋالغانىدىم.

— ئۇ ئايال بۇنى زادىلا ئىزدەپ باقمىدىمۇ؟

— ئىزدىدى، — بالا يەنە ئاغزىنى كالچايتىپ كۈلدى، — مەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ئىزدىشىپ بەردىم، لېكىن بىز ئۇنى تاپال-مىدۇق...

مەن بۇ شوخ بالىنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭدا بىر-خىل بەختىياشلىق بارئىدى، كىشىلەر مانا مۇشۇنىڭغا تايىنىپلا قۇملۇقتا ئەركىن-ئازادە، تۇسالغۇسىز يۈرەلەيتتى. شۇڭا، مەن ئۇنىڭغا 100 فرانكلىق پۇلدىن بىرنى بەردىم ھەم ئۇنىڭ كۆڭلى-كىنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇۋېلىپ سورىدىم:

ئېتىڭ نېمە؟

— بىلال، — ئەپەندىم.

— بىلال؟ بۇ مىسىرلىقلارنىڭ ئىسمىغا ئوخشايدىكەنغۇ؟

— مېنىڭ ئانام ئەسلى نىللىقلاردىن ئىدى، دادام بىلئاندا ۋاپات بولغان.

— ئەمىسە سەن ھازىر نېمىگە تايىنىپ جان بېقىۋاتىسەن؟ ئوغرىلىق قىلىپمۇ؟

— يالغۇز بۇنىڭغىلا تايىنىپ ئەمەس، ئەپەندىم، — ئۇ يوغان ھەم دۈگىلەك كۆزلىرىنى ئالايتىپ، ماڭا تىكىلدى، ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بىر جانىۋارغا ئوخشايتتى، — مەن تىلەمچىلىككە كۆپرەك تايىنىمەن، بۇنىڭدىن باشقا ئىشنىمۇ قىلالايمەن. . . پەقەت مەن خالىساملا.

— پەقەت سەن خالىساڭلا. ئەمىسە، بىلال، ھازىر شۇنداق قىلىشنى خالامسەن؟

— بەلكىم، ئەپەندىم.

— ئەمىسە، مەن بىلەن بىللە قوملۇققا كىرگىن.

— سىزنىڭ مالىيىڭىز بولۇپمۇ؟

مەن ھەيرانلىق ئىچىدە بېشىمنى چايقىدىم.

— مالاي دېگەن نېمە؟ بۇنى سەن قەيەردىن بىلىۋالدىڭ؟

— لېكىن، ئەپەندىم، — بىلال رەت قىلىش نەزىرى بىلەن ماڭا قارىدى، — مەن بۇرۇن تۇمارىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغان ھېلىقى ئايالنىڭ مالىيى ئىدىم. . .

ھە، ئەسلى مۇنداقكەندە. . . ئەمما ئىشىم يەنىلا ئوڭغا تارتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. . .

مۇشۇ ۋاقىتتىن تارتىپ بىلال مەندىن قاچمايدىغان بولدى. ئۇ مېنىڭ يېنىمدا ئۇخلايتتى، مېنىڭ ئالدىمدا تاماق يەيتتى،

www.uyghurkitap.com

ئۇ خۇددى ئىنتقا ئوخشاش ماڭا ئەگىشەتتى. . . ئۇ ئۆزى ئىرشىدـ مەكچى بولغان ۋە ماڭا ئەسقىتىپ قالار دەپ قارىغان بارلىق نەرسىلەرنى ئوغرىلايتتى، ئۇ ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى ھەمىشە زادىلا سىلىپ باقمىغان، پاسكىنا، ئۈزۈن پەرىجىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇراتتى، كەچتە، مېنىڭ چېدىرىمدا، ئۇ بۇلارنىڭ ھەممىسىـ نى كارىۋىتىمغا ياياتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە چىلان، سۇرلەنگەن كالا گۆشى كونسېرۋاسى، قاتتىق قارا ئارچا مېغىزىدىن ئىشلەنـ گەن ھاراق ۋە ئۈچ قۇتا شاكىلات. . . قاتارلىق نەرسىلەر بولاتـ تى. ئارىدىن 10 مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەيلا مېنى قوغداپ كېلىۋاتقان ھېلىقى كىچىك شۆبە ئەترەت تەرەپتىن كەلگەن چۇقان-سۈرەن ئاۋازىنى ئاڭلايتتىم. . . بىرسى قارا ئارچا مېغىزىدىن ئىشلەنگەن ھارىقىنى ئىزدىسە، بىرسى چىلىنىنى ئىزدەيتتى، يەنە بىرسى سۇرلەنگەن كالا گۆشى كونسېرۋاسى بىلەن شاكىلاتنى سۈرۈشتۈـ رەتتى. . . بۇ چاغدا، بىلال كۈلەتتى، قولىنى لەۋلىرى ئۈستىگە قويۇپ:

—ئەپەندىم، تېز يەڭ، ئەتە مەن يەنە سىزگە تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئەپكېلىپ بېرىمەن، —دەيتتى.

كىشىلەر بەلكىم مېنى كەچۈرۈۋېتەر. . . بولۇپمۇ مىلادشى لېيتېنانت گلانتۇس مۇشۇ ئابزاسنى ئوقۇغاندا مېنى كەچۈرـ گەي، مەن بىلالنى زادىلا توسمايتتىم. بۇ ھەرگىزمۇ مېنىڭ بىلالنىڭ زېرەكلىكىنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن ئەمەس، بەلـ كى، مېنىڭچە، ئۇنىڭغا ئوغرى-يالغانلىق قىلىشنىڭ ئىنتايىن نومۇسسىزلىق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوقلۇقىدىن ئىدى. ئۇ بەكمۇ ساددىلىق بىلەن ”مەن

ئۆزۈمنىڭ خوجايىنى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ياخشىراق ياشىشى ئۈچۈن ئوغرىلىدىم“ دەپ ئويلايتتى. باشقا ھەرقانداق نەرسىگە قىلچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خوجايىنى ئۈچۈن ئوغرىلىغانلىقتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ قىلمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلۇق دەپ قارايتتى. مەن ئۇنى تىللىشىم، ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىشىم، ئۇنى ئۇرۇشۇم مۇمكىن. . . لېكىن بىر سائەتتىن كېيىن، ئۇ يەنە مېنىڭ ئالدىمدا پەيدا بولاتتى-دە، بىر نەرسىنى قولۇمغا تۇتقۇزاتتى، يەنە كېلىپ بۇ نەرسە ماڭا چوقۇم بەك كېرەكلىك نەرسە بولۇپ چىقاتتى. مانا شۇ چاغدا، 20 مېتىر يىراقلىقتىكى كىشىلەر يەنە غوتۇلدىشىپ، قارغىشىپ شۇ نەرسىنى ئىزدەۋاتقان بولاتتى. ملادشى لېيتېنانت گلانتۇسنىڭ يۈك-تاقىسى بىلالنىڭ خەزىنىسى ئىدى، قارا ئارچا مېغىزى ھارىقى، سورلەنگەن كالا گۆشى كونسېرۋاسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردىن چىقاتتى. بىر كۈنى، بىلال ماڭا بىر كۈمۈش ياپراقچىسى ئەكىلىپ بەردى، مەن مۇشۇنداق بىرنەرسە تېپىپ، ئۇنىڭ بىلەن سەزگۈرلۈك دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بىر ئەسۋاب ياساشنى ئويلىغانىدىم. ئۇ كۈمۈش ياپراقچىسىنى ئالدىمغا قويغان چاغدا سەل-پەل كۈلۈمسىرىدى.

— سەن بۇنى زادى قەيەردىن تېپىپ كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدىم مەن بۇ ئىشتىن بەكمۇ ھەيران بولغان ھالدا.

— ملادشى لېيتېنانتنىڭ يېنىدىن! ئۇنىڭ يۈك-تاقىسى ئارىسىدا بىر كۈمۈش ئۈزۈك بار ئىكەن. مەن ئۇنى ئېلىپ ئوت ئىچىدە ئېرىتكەندىن كېيىن، بىر پارچە تاش بىلەن ئۇرۇپ ياپىلاق قىلدىم. . .

سۆيۈملۈك ملادشى لېيتېنانت گلانتۇس، مەن، سىزنىڭ بۇگۇنكى كۇندىمۇ ئاشۇ تامغا بېسىلغان كۇمۇش ئۇزۇكنى ئىزدەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىمەن، ئۇ سىزنىڭ ھەربىي مەكتەپتىكى تۇنجى مۇھەببىتىڭىزنىڭ يادىكارى، سىز بۇرۇن بۇ ئىشنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەنىدىڭىز. كەچۈرۈڭ، مەن شۇ چاغدا كۇمۇش ياپراقچىغا بەك موھتاج ئىدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىلال... ماڭا ئىشىنىڭكى، ئۇ ئالۋاستىنىڭ بالىسى ئىكەن.

بىز بۇرغىلاپ تەكشۈرۈش خىزمىتى بىلەن پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ تۆتىنچى كۈنى، بىلال بىر پەس قۇم دۆۋىسىنى بايقىدى. ئۇ سەھرايى كەبىردىكى نۇرغۇن قۇم بارخانلىرىغا ئوخشاش، يولدىكى كىچىككىنە بىر توساق ئىدى. ئۇ شامالدىن كېيىن شەكىللەنگەن بىر قۇم دۆۋىسى بولۇپ، قىزلارنىڭ ئالتۇن چېچىغا ئوخشايتتى. بىز ئۇنىڭغا يېقىن جايدا قۇدۇق قېزىش سىنىقىنى باشلىدۇق. بىز ناھايىتى تېزلا قۇملۇق ئۈستىدە بىر قۇدۇق بۇرغىلاش جازىسىنى تىكلەپ، نوكەش بۇرغىنى يەر ئاستىغا كىرگۈزدۇق... بۇرغىلاپ 40 مېتىرغا يەتكۈزگەن چاغدا يەر ئاستى سۈيىنى بايقىدۇق. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۆزۈم سىزغان خەرىتە ئۈستىگە قىزىل چەمبىرەك سىزىپ بەلگە قويدۇم. بۇ چاغدا، بىلال مېنىڭ يېنىمغا كەلدى ۋە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، مېنى تارتىپ قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ بىر تېپىز ئويمانلىق ئالدىدا توختىدى ۋە قولى بىلەن بىر قۇم دۆۋىسىنى كۆرسەتتى، بۇ قارىماققا يايى شەكلىگە ئوخشايدىغان قۇم دۆۋىسى ئىدى.

—بىچارە ئادەملەر، —بىلال شۇنداق دەپ، بېشىنى تۆۋەن

سالدى.

مەن قۇم دۆۋىسىنىڭ ئالدىنى تەكشۈرۈپ، قۇم ئۈستىدىن رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن بىر قىسىم نەرسىلەرنى تاپتىم، بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆگىنىڭ بىر ئېگىرى، قامچىنىڭ دەستىسى ۋە يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قىزىپ، غەلىتە شەكىللەرگە كىرىپ قالغان بىر قىسىم تېرە پارچىلىرى بار ئىدى.

بىر قەبرىستانلىق!

بىر تەبىئىي قەبرىستانلىق.

مەن قولۇمنى گۈرجەك قىلىپ، ئېھتىيات بىلەن ئورا كو-لاشقا باشلىدىم. بوش قۇملار توختىماي سىيرىلىپ چۈشۈپ تۇراتتى، مەن ئاخىر بىر كىچىك ئورەكچە كولاپ، ھېلىقى نەرسىلەرنى كۆمۈپ قويدۇم. بىلال بىر چەتتە ئۈن-تىنسىز تۇ-راتتى، ئۇ ھاياجانلانمىدى، ئۆلگۈچىلەرنىڭ روھىدىن قورقۇۋا-تامدۇ ياكى باشقىلارنىڭ ئۆلگەنلەرنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇۋەتكەن-لىكىگە نارازى بولۇۋاتامدۇ، بۇنى بىلىپ يېتەلمىدىم. مېنىڭ قولۇم بىر پەرىجىگە تېگىپ كەتكەن چاغدا، ئۇ قىلۋىغا قاراپ، پىچىرلاپ سۈرە ئوقۇغۇنچە ئاللاغا ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى.

مەن قۇملارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان چاغدا، بىر تال بىلەزۈككە كۆزۈم چۈشتى. مەن تەئەججۇپلەنگەن ھالدا ئېگىشىپ ئۇنى يەردىن ئالدىم. بۇ ئاياللارنىڭ ناھايىتى نەپىس ئالتۇن بىلەزۈكى بولۇپ، ئۈستىدە 585 دېگەن مال نومۇرى بار ئىدى. ئۇ ھېلىمۇ پارقىراپ تۇراتتى، ئەمما شەكلى ئازراق ئۆزگەرگەنىدى. بۇ بىلەزۈك ئۈستىدە يەنە ”K. B. بېرلىن“ دېگەن خەتلەر ئويۇلغا-نىدى.

www.uyghurkitap.com

بېرلىن!

بۇ خەت گويا چاقماقتا ئوخشاش پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سالدى.

ئەگەر بىلەزۈك بۇ يەرگە چۈشۈپ قالغان بولسا، ئۇنى سالغان قىزنىڭ ئۆزى قەيەردە؟ بېرلىن... ئۇ چوقۇم گېرمانىيىلىك... بىر نېمىس قىز... بىر قورقۇنچلۇق خىيال مېنى قامال قىلىۋالدى. مەن ئودھامدىكى ھېلىقى مېنى قۇتقۇزغان شەپقەتچىمنى يادىمغا ئالدىم. ئۇ تۇيۇقسىز فاتىخنىڭ ئۆيىدە يوقاپ كەتكەن، ئۇنىڭ نەگە ئېلىپ كېتىلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ... ئۇ مەن بىلەن نېمىسچە پاراڭلاشقان. مانا ئەمدى بۇ يەردە—گېلىيە ئەتراپىدىكى قۇملۇقتا، مەن بېرلىندا ئىشلەنگەن بىلەزۈكنى تېپىۋالدىم...

—بىلال!—مەن قاتتىق ۋارقىرىدىم،—بېرىپ بارلىق ئەسكەرلەرنى بۇ يەرگە باشلاپ كەل! تېز بول! ھەممىسى گۈرجەك ئالغاچ كەلسۇن! ئۆلۈپ كەتكەن ناھايىتى قىممەتلىك بىر ئادەم بۇ قۇم دۆۋىسى ئاستىدا ياتىدۇ!

بالا مىدىرلىماي قويىدى. ئۇ ھاڭۋاقىقان ھالدا قۇم دۆۋىسىگە قاراپ تۇراتتى، كېيىن ماڭا قارىدى-دە سورىدى:

—ئۇ ئاق تەنلىكمۇ؟

—ھەئە، چاپسان بول!

—ياق، ئاللا ئۇنى ئاللىقاچان جازالاپتۇ.

مەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى كېيىنچە چۈشەندىم، ئەمما، شۇ چاغدا، مەن بىلالنىڭ گەجگىسىدىن قاماللاپ تۇتۇپ، ئۇنى ئالدىمغا تارتقانىدىم.

— ئۇ بىر ئاق تەنلىك ئايال! مەنمۇ ئاق تەنلىك. . .

— شۇنداق ئەپەندىم، سىزمۇ ئاق تەنلىك، لېكىن سىز بىزگە ياخشى مۇئامىلە قىلمىسىز. . .

بۇ گەپ مېنى هاڭ-تاڭ قالدۇردى. مەن ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپتىمىشمەن. . . مېنىڭ قولۇمغا كىرىشىم، ئۇلارنىڭ زېمىنىغا كىرىشىم، پورتۇگالىيە ياۋروپا كۆچمەنلىرىنىڭ باي بولۇشى ئۈچۈنغۇ. . .

مەن بىلالنى جازالىيالمايمەن. ئۇمۇ ماڭا ياردەم قىلمايدۇ.

كېيىن، بۇ بىرنەچچە كىچىك قۇم دۆۋىچىلىرى گۈرجەك ۋە ۋاقىتلىق ياسالغان تىرنىلار بىلەن كولاپ ئېچىلدى.

بىز ھەممىنى كولاپ ئاچتۇق. بىز ۋەھىمىدىن تىترەپ كەتتۇق. . .

قۇم-بوران تۆگىلەرنى كۆمۈپ تاشلىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ باشلىرى قوملۇق يەرگە چوڭقۇر پېتىپ كەتكەندى.

تۆگىگە يانداش ياتقانلار ئۇزۇن پەرىجىگە ئورالغان ئەرەبلەر بولۇپ، ئۇ پەرىجىلەر ئۇلارنىڭ كېپەنلىكى بولۇپ قالغانىدى.

ئۇلار قۇم-بوراننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنىدى.

ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاياللار ئولتۇرىدىغان بىر تەختىراۋان بار ئىدى.

ئىشىنىمەنكى، مېنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ھەرىكىتىم جەزمەن ئەسەبىي ئىدى. مەن بىردىنلا تەختىراۋانغا ئېتىلدىم-دە، پەردىنى قايرىپ، قۇم-توپا بىلەن توشۇپ كەتكەن ئورۇندۇقنى كۆردۇم. تەختىراۋان قۇپ-قۇرۇق بولۇپ، جەسەتلەر ئارىسىدىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئايال زاتى يوق ئىدى. بۇ چوڭ قەبرىدە پەقەت ئۇنىڭ جەسىتىلا كۆرۈنمەيتتى. قۇم-بوران ئېھتىمال ئۇنى ئۇچۇرغانچە سەھرايى كەبىرنىڭ باشقا بىر جايىغا ئاپىرىپ كۆمۈپ تاشلىغاندۇ.

ملادشى لېيتېنانت گلانتۇس ئۇ جەسەتلەرنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن قەددىنى رۇسلىدى.

— ھەممىسى ناتونۇش كىشىلەر ئىكەن، — دېدى ئۇ جىددىي قىياپەتتە، — ئۇلار جەنۇبتىكى قۇملۇق ئېتەكلىرىدىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ تۆش يانچۇقىدا بىر قارا چومبەل بىلەن بىر كىچىك خالتىدا چايان ۋە يىلان چېقىۋېلىشنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان يەرلىك تالقان دورا بار ئىكەن. بىزنىڭ بۇ ئەتراپتا ھېچقانداق زەھەرلىك يىلان يوق دېيەرلىك، ئاندا-ساندا بىرقانچە زەھەرلىك قۇملۇق ئۆمۈچۈكى ئۇچراپ قالىدۇ، خالاس. ئۇلار جەزمەن جەنۇبتىن كەلگەنلەر...

— ئۇنداقتا، ھېلىقى گېرمانىيىلىك قىز قانداق قىلىپ ئودھامدىن بۇ ناتونۇش كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغاندۇ؟

گلانتۇس مۇرىسىنى چىقىرىپ قويۇپ، بىلەزۈكنى قولىغا ئالدى. ئۇ بىر پەس سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن يەنە ماڭا قايتۇرۇپ بەردى.

— سىز ئۇنىڭ ھېلىقى قىز ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىسىز؟ ئېھتىمال بۇ نەرسىنى بۇ ھارامزادە ئوغرىلىغاندۇ، ئاندىن ئۇنى بۇ تەختىراۋانغا ئولتۇرغان، ھازىر ئۇن-تىنسىز غايىب بولغان ھېلىقى ئايالغا سوۋغا قىلغاندۇر. مېنىڭچە، ئودھامدىكى ھېلىقى قىزنىڭ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە جەنۇبتىن 500 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ناۋادا

ئۇ «مىڭ بىر كېچە» دىكى مىڭ ئىككىنچى قىز بولۇپ قالسا ئاندىن. . .

ئۇنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن كۈلكىسىدىن مەن تولىمۇ خاپا بولدۇم. مەن بۇرۇلۇپ بۇرغا قۇدۇقۇم قېشىغا باردىم-دە، جە-سەتلەرنى يېغىۋاشتىن كۆمۈۋېتىش ئىشىنى ئەسكەرلەرگە قال-دۇردۇم. ئۆلۈك تۆگىلەرنى بولسا تاپقۇش، ئاسىيا بۆرىسى ۋە ھەممىنى قۇرۇتۇپ تاشلايدىغان قۇياشقا تاپشۇردۇم.

لېكىن، ھېلىقى قىز مۇشۇ ئەتراپتا دېگەن خىيال زادىلا كاللامدىن كەتمىدى. ھەتتا 3-نومۇرلۇق قورغانغا يېغىۋاشتىن قايتىپ كەلگەن بوگۇنكى كۈندە كاپىتان پۇروشىنى مازاق قىلى-سىمۇ، مەن يەنىلا بۇ نۇقتىغا ئىشىنىۋەردىم. ئۆلگۈدەك مەسخى-رە قىلىنغان بولسامۇ، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئۆز كۆز قارى-شىمنى توغرا دەپ ھېسابلىدىم.

قانداق قىلىشىم كېرەك؟ پاسكىنا قورغان ئىچىدە ئولتۇ-رۇپ يېغىدىن خەرىتە سىزاتتىم. . . پۈتۈن ئەزايىمدىن تەر قۇيۇ-لۇپ تۇراتتى، ھاراقنى ھەدەپ ئىچىۋاتىمەن، زېرىكىشلىك ئى-چىدە ۋاقتىم هارام ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ.

شۇتاپتا تىنچلىنىشىم ئۈچۈن ئۈچ سائەت ۋاقىت كېتەتتى.

شۇ ۋاقىتتا، ملادشى لېيتېنانت گلانتۇس قېشىمغا كې-لىپ، ئۇن-تىنسىز ھالدا بىر باغاقچە بەردى. سالام خەت قەغى-زىدىن يىرتىۋېلىنغان ئالىقانچىلىك بۇ قەغەز قۇياش تەپتىدە سارغىيىپ كەتكەن بولۇپ، ئۈستىگە بىرنەچچە قۇر خەت يېزىل-غانىدى. خەت مەن ئۈچۈن ئېغىر زەربە بولدى، بىرنەچچە سائەت-تىن كېيىن ئاندىن ئەسلىمگە كېلەلىدىم.

خەت قەغەزگە قېرىنداش قەلەم بىلەن نېمىس تىلىدا رەتلىك ھەم ئوچۇق قىلىپ مۇنداق دەپ يېزىلغانىدى:

”سىز بىلەن دىدارلىششتىن ئۈمىد قالمىدى، پاۋىل... بىز يول ئۈستىدە تۆت كۈن پايپېتەك بولدۇق... كەينافنىڭ... ئېبى... تىنشچە، ئەتە... ناۋادا مەن ئۆلۈپ قالسام، مېنىڭ سىزگە بەرگەنلىرىمنى يادىڭىزغا ئالارسىز... مەن ئۈچۈن ئۇ-نى ئىزلەڭ، ئۇنداقتا قوم-باياۋاننى چۈشەنگەن بولىسىز، مەن بىلىمەن، ئۇ ھايات... شۇنچىلىك ئۇسساپ كەتتىمكى...“

مەن ئۇزۇلۇپ قالغان جۈملىگە تۆت كۆز بىلەن قاراۋاتاتت-تىم، قولۇم تىترەۋاتاتتى. يېنىمدا ئۆرە تۇرغان گلانتۇس بىر قولىنى مۈرەمگە قويدى.

— سىزنىڭ توغرا چىقتى، دوكتور، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز-دا، — ھەقىقەتەن ئاشۇ قىز. ئۇ بىزنىڭ مۇشۇ رايوندا بولسىلا، ئۇنى تاپالايمىز... ئەگەر ئۇ قۇملۇقتا خېيىم-خەتەردىن ئامان قالغان بولسىلا، ئانچە يىراقلاپ كەتمەسلىكى مۇمكىن...

مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم. شۇتاپتا ھەسرەت چېكى-ۋاتاتتىم... ھەي توۋا، نېمە دېگەنلىكىم ۋە نېمىلەرنى قىلغانلى-قىم ئېسىمدە قالمىدى، بىرنەچچە سائەت ئىچىدە زادى نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنىمۇ بىلمىدىم... بىز ئۇ قىزنى قۇملۇقتىكى مەلۇم جايدىن تاپالايمىز...

ئۇنىڭ بەك يىراقلاپ كېتىشى ناتايىن... گلانتۇسنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئېيتقانلىرى ناھايىتى توغرا. . . بەرھەق دۇرۇس. . .
بۇ قۇملۇق دېگەن نېمىگە نەقەدەر ئۆچ مەن-ھە!

قارا تۇگۇن چوققىسى سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى بىر چوڭ تاغنىڭ ئاساسلىق چوققىسى بولۇپ، بۇ تاغ ھوججال تاغلىق رايونىنى شەكىللەندۈرگەنىدى. 2070 مېتىر ئېگىزلىكتىكى تاغ چوققىسى كۆككە بوي سوزۇپ چوقچايغان بولۇپ، تۆت ئەتراپىدا بىرنەچچە پارچە ئاق بۇلۇت چوققىدىكى قىيا تاشلارغا سوقۇلۇپ پارچىلىنىپ كەتكەندەك لەيلەپ يۈرەتتى. ھوججال تاغلىق رايونى مانا مۇشۇنداق تەبىئىيلىكى، خىلۋەتلىكى، جىمجىتلىقى ۋە تاقىر ھاڭ، قىيالىرى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇ غايەت زور تەبىئىي ئابىدىگە تەۋە يەر. پەقەت ئاز ساندىكى بىر قانچە ئاق تەنلىك نۇرغۇن چوڭقۇر تاغ جىلغىلىرىنى كېسىپ ئۆتۈپ، بۇ يەردىكى قۇرۇپ كەتكەن دەريا قىنىنى تونۇغانىدى، بۇ قۇرۇق دەريالار رېيىن دەرياسىدىنمۇ كەڭ ئىدى. مىسسىپى دەرياسى كاتتا ئەزىم دەريا، شۇنداقتىمۇ تەيلخاد قۇرۇق جىلغىسى ھەيۋەتلىكتە كىشىنى ئۇنىڭدىن بەكرەك ھەيرەتتە قالدۇراتتى، قۇرغاق دەريا، كېلكاي تاغ تىزمىسىدىن باشلىنىپ ئۇدا دېڭىز يۈزىدىن 1933 مېتىر ئېگىزلىكتىكى خاسئاباد تېغىدىكى بىر قۇرۇق دەريا قىنىغىچە سوزۇلۇپ باراتتى. ئىككى قىرغاقتىكى يېرىق قىيالار نەچچە يۈز مېتىر ئېگىزلىكتە بولۇپ، بۇنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر كەتكەن ھاڭ ۋە تىك قىيالار ئىدى. بۇ يەردە نە بىرەر تۈپ دەل-دەرەخ، نە بىرەر

www.uyghurkitap.com

تال چاتقال، نه بىرەر تال گۈل-گىياھ يوق. پەقەت قىيا تاشلار،
قۇياش ۋە ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ سۈكۈناتىلا بار. تاپقۇشنىڭ چىرىلى-
داشلىرىدىن باشقا سادا ئاڭلانمايدۇ، ھالبۇكى تاپقۇشلارنىڭ يا-
شاشتا تايىنىدىغان يەم-ئوزۇقلۇقى ئانچە كۆپ بولمىغان ھايۋان-
لارنىڭ تاپ سۆڭىكى ئىدى.
سۈكۈناتقا چۆمگەن تاغ تىزمىسىدىكى بۇ ھالاكەت جىلغىسى-
دا، قارا تۇگۈن چوققىسىنىڭ باغرىدىكى قۇرۇق دەريا يېنىدا،
قىيا تاش ئۈستىدە قېزىپ ياسالغان بىر ئۆي بار ئىدى.
ياپىلاق ھەم پاكار كەلگەن بۇ ئىمارەتنىڭ تۆت ئەتراپى
ناھايىتى قېلىن قىيا تاش بولۇپ، بەئەينى بۇ يەرنىڭ تاغلىرىدەك
قاراڭغۇ ئىدى، ئۆيدە نە ھاياتلىقتىن ئەسەر، نە تۈگلۈك يوق
ئىدى. قىيا تامنىڭ ئالدىدا ئادەمزاتى كۆرۈنمەيتتى، كىشىلەر
ئېھتىمال بۇ ئۆي ئەمەس، پەقەت ئۆزگىچە شەكىلدىكى قىيا
تاش، قۇرغاق جىلغىدىكى كۆزگە چېلىقمىدىغان نەرسە، ئۇ تەبى-
ئەتنىڭ مەنىسىز، كىشىنى قىلچە كۆلدۈرەلمەيدىغان چاقچىقى
دەپ پەرەز قىلىشى مۇمكىن ئىدى.
ئەمما، ئۇ بىر راست ئۆي ئىدى، قاپقاراڭغۇ كېچىلەردە،
ئاجىز نۇر تالالىرى بەزىدە بۇ يەردىن قۇرۇپ كەتكەن دەريا
قىنىغا تۆكۈلەتتى ھەمدە تاقىرباش تىك يارنى يورۇتاتتى. نا-
گان-ناگاندا كىشىلەر بۇ خىلۋەت جايدا ئىنسان كۈلەڭگىسىنى
چېلىقتۇرالايتتى... ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەرلەر بولۇپ، قارا
رەڭلىك ئۇزۇن پەرىجە كىيىۋېلىشقان، بېشىغا چېكىسىنى باسۇ-
رۇپ چاسا ياغلىق چىگىۋېلىشقانىدى؛ ئۇلارنىڭ كۆل رەڭ چىرا-
يىدىن بەئەينى ئەتراپىدىكى قىيا تاشلاردەك ئىسسىق-سوغۇقنى

بېشىدىن كەچۈرگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى كەچلىكى، بۇ ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئادەتتە بوش تۇرىدىغان بىر ئېغىزلىق ئۆيگە سېلىنغان ئادەتتىكىچە بورا ئۈستىدە ئېگىز بويلۇق، تەمبەل بىر ئەرەب ئولتۇرغان بولۇپ، ئالدىغا بىر جىن چىراغ قويۇلغانىدى. يىپەك يېپىنچىنى پۈرلەش پېتىلا يېپىنىۋالغان بولۇپ، ئاق ياغلىق ئاستىدىكى تەمكىنلىك چىقىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزى روبىرو ئولتۇرۇپ گەپ-سۆز-سىز تاماكا چېكىشىۋاتقان بىرقانچە ئەرگە تىكىلگەنىدى.

ئۇ ھېچقانداق بىر ياۋروپالىق كۆرۈپ باقمىغان، ئەمما ناھايىتى تونۇش بىر جۈپ زەڭگەر كۆز ئىدى. بۇ كۆز ياۋروپا-لىقلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان يىللاردا ئەپسانىۋى تۈس ئالغانىدى.

سەئىد مۇھەممەد بىننى شاكىر تاماكىنى بىر كۈمۈش تەخ-سىنىڭ ئۈستىگە قويغاندىن كېيىن كەڭ پېشانىسىنى سىلاپ قويدى. ئۇمما بىننى بىلقاسىم ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا تۇگۈلۈۋالغان بولۇپ، يالىڭاچ مۈرىسى قان سىڭىپ كەتكەن داكا بىلەن تېڭىل-غانىدى؛ بابادۇر مۇھەممەد بىننى رامدان بىلەن ھامىد جىبران دوكتور چىراغ نۇرىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇۋاتاتتى. سەئىد ئۆي-گە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتتى-دە، بېشىنى چايقاپ قويدى.

—بىرەر ئېغىز گېپىڭلارمۇ يوقمۇ؟—دەپ سورىدى ئۇ يې-قىملىق، تەمكىن ئاھاڭدا. ئۇنىڭ بۇ خىل ئاھاڭى قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلىنىدىغان ئەرەب تىلىغا لاتاپەتلىك، يېقىملىق تۈس بېغىشلىدى.

بابادۇر ئاستاغىنە باش لىڭشىتىپ قويدى.

—بىز يەنە نېمە دېيەلەيتتۇق، سەئىد؟ بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا

دا، شۆھرەت دوكتور ئاللىقاچان تۈگەشتى. . .

— ئەجەبا، بىزنىڭ دۆلىتىمىزمۇ شۇنىڭغا ئەگىشىپلا تۈگى-شەتتىمۇ؟ — سەئىد مۇرسىنى چىقىرىپ قويدى، ئۇنىڭ ئاۋۋال-قىدەكىلا سىپايە ئېيتىلغان گېپىدىن قىلچە ھاياجانلىنىش چىقمى-سىمۇ، ئەمما غۇۋا ھەم سۇرۇن ئۈنى بىر ئالدى.

— بىز ئۇنى قايتا قولغا چۈشۈرىمىز، — دېدى ئۇمما مۇشتۇ-مىنى بەدىنىگە تىرەپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — مېنىڭ رازۋېد-كىچىكلىرىم ئۈچ ھەپتىدىن بۇيان ئۇنى ئۇدا ئىزدەۋاتىدۇ.

— ئۇلارنىڭ كۆزى جەزمەن كور بولۇپ قاپتۇ، ئۇمما، — دېدى سەئىد كۈلۈمسىرىگىنىچە، ئۇمما چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈر-دى، — شۆھرەت دوكتورنىڭ ئۈچىنچى نومۇرلۇق قورغاندا تۇرۇۋاتى-قىنىغا ئىككى ھەپتە بولدى! ئۇ ملادشى لېيتېنانت گلانتوس بىلەن بىللە قۇملۇقتا يېڭى سۇ مەنبەسى ئىزلەۋاتىدۇ! ئۇ جىن چاپلىشىۋالغاندەك ئىشلەۋاتىدۇ، مۇشۇنداق ئىشلەۋەرسە ئۈچ يىلدىن كېيىن قۇملۇقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ! ئۇ قازماقچى بولغان بۇلاق ئاللىقاچان ئاتمىشقا يەتتى!

— ئاتمىش بۇلاقنىڭ ھەممىسى گېردىئا ۋە گېلىيەدىمى-كەن؟ بۇ مۇمكىن ئەمەسقۇ دەيمەن؟ — جىبران دوكتور قويىن-دىن بىر پارچە خەرىتىنى چىقاردى ھەمدە تۆت كۆتمەك بارماقلى-رى بىلەن شىرىقلاپ تۇرغان قەغەزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ دېدى، — بىز بەلگە قويغان بۇ ئىككى رايوندىكى بۇلاق ئاران 34 ئى-كەن. مۇشۇ بۇلاقلارغا تايانساقمۇ دۆلىتىمىز روناق تاپىدۇ. بۇلاقتىن ئاتمىشى بولسىزە. . . گۈل-گۈلىستانلىقنىڭ ئۆزى بو-لىدۇ-دە!

—شۆيت ھامىلىنىڭ ئالىملىرىدىن كۆپ قابىل، — سەئىد شۇنداق دېگەچ بېشى چۇشۇپ كەتكەن جىبران دوكتورغا قارىدى، — ئۇ ھەممىمىزنى بېسىپ چۈشىدۇ! ئاغىنىلەر، بىز شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، سەھرايى كەبىرنىڭ سۇغىرىلىشىغا ئەگىشىپ، بىزنىڭ ئافرىقىنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن قىلغان كۈرەشلىرىمىز ئۇزۇل-كېسىل مەغلۇب بولىدۇ! قۇملۇق ياۋروپالىقلارنى بېقىش مەركىزىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. سىلەر بۇنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلىسىلەر! شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

بابادور چېكىپ تەمىدىن كەتكەن تاماكىسىنى تاشلىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆي ئىچىدە ئەنسىزلىك بىلەن ئۇيان-بۇيان مېڭىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ بەھەيۋەت گەۋدىسىنىڭ كۆلەڭگىسى تامغا چۈشۈپ تۇراتتى.

— بىز شۆيت دوكتورنى جەزمەن جايلىۋېتىشىمىز كېرەك!
— دېدى ئۇ ئوماغا قاراپ، — مېنىڭ ئىزچىل تەشەببۇس قىلىدۇاتقىنىم شۇكى، پەقەت ئۆلۈك ئادەملا زۇۋانىدىن قالىدۇ!

— ئەمما بىز ئۇنىڭدىن گەپ ئېلىشقا موھتاج، — دېدى سەئىد جىبراننىڭ ئالدىدىكى خەرىتىگە قاراپ. ئۇ كەينىدىنلا خەرىتىنى قوش قوللاپ ئېچىپ، ئويغا پاتتى، — ناۋادا ئۇ زۇۋانىدىن قالسا، بىز پەقەت ئۆز ئالىملىرىمىزنىڭ پىلانىغىلا تايىنىشقا مەجبۇر بولىمىز. لېكىن ئۇ پىلانلار ئانچە ئىنچىكە ئەمەس، مۇپەسسەلمۇ ئەمەس. ھوججال ئەڭ ئاۋات رايون بولۇشى كېرەك ئىدى، ھالبۇكى ئۆزىمىزنىڭ بىرەر پىلانىمۇ بولمىسا. . .

جىبران چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

www.uyghurkitap.com

— ئۇ بىزنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىمىزدىن بولدى!

— ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ئىقتىدارسىزلىقىڭلاردىن بولدى! سەئىد قولىنى بىرلا شىلتىۋىدى، جىبران زەردىسى قايناپ ھالدا ئاغزىنى ئېتىۋالدى، — شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ جەزمەن ئېغىز ئېچىشى، بىز ئۈچۈن سۆز قىلىشى كېرەك. . .

— ئۇ مەڭگۈ ئۇنداق قىلمايدۇ! — ئۇمما بۇلۇڭدىن چىقىپ كەلدى، قان سىڭىپ كەتكەن داكا ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە توسالغۇ بولۇۋاتاتتى. ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، ئوڭ بىلىكى بىلەن تامنى تىرىۋالدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ چىرايى پۈرۈشۈپ كەتكەنىدى، — شۆھرەت دوكتور ئۆلۈپ كېتىدىغان ئىش بولسىمۇ لايىھىسىنى ھەرگىز بىزگە تاپشۇرمايدۇ!

— ئۆزىڭىز. . . بەلكىم شۇنداق قىلار! — دېدى سەئىد گۇمانىي نەزەر بىلەن ئۇمماغا قاراپ، — ئەمما، ئۇ سىڭلىسىنى دەپ تاپشۇرۇپ قالامدۇ-قانداق؟ . . .

بابادۇر مېڭىشتىن توختاپ، خۇددى بىرنەرسىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىدىغاندەك غولىچىنى كېرىپ، پەس ئاۋازدا سورىدى.

— ئۇنىڭ بىر سىڭلىسى بارمىكەن؟

— شۇنداق، قىز دەل بىزنىڭ ئافرىقىدا. قىز ئەسلى ئاكىسىنى ئىزلەپ تاپماقچى بولغان، ئەمما ئۆمەر بىننى سۇلايماننىڭ يولۇقۇپ قالغان. ئۇ قىزنى ئۇدھامدىكى فاتىخقا سېتىپ بەرگەن، فاتىخ قىزنى يەنە سېتىۋەتمەكچى بولغان، لېكىن بىر قېتىملىق قوم-بوران ئۇنىڭ تۈگە كارۋىنىنى يالماپ يۇتۇۋەتكەن. پەقەت قىزلا ئۆلۈمدىن ئامان-ئېسەن قېلىپ، كەيناف سايىت دېگەن بەربەر تەرىپىدىن ئۇسساپ ئۆلۈم گىردابىغا بېرىپ

قالغاندا قوتقوزۇپ ئېلىپ كېتىلگەن. قىز هازىر راگۇئېت ئەت-
راپىدىكى كەينافىنىڭ ئۆيىدە.

جىبران لېۋىنى پۇرۇشتۇرۇپ، بېشىنى سىڭايان قىلىپ سەئىدكەقارىدى.

— سىز قىزنى بۇلاپ كەلمەكچىمۇ، سەئىد مۇھەممەد؟

— شۇنداق.

— شۇ ئارقىلىق شۆيت دوكتورنى قىستىماقچىمۇ سىز؟

— شۇنداق.

— بۇ رەزىل قىلمىش.

سەئىد كۆزىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ جىبراننىڭ كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، تامغا يۆلىنىۋالدى.

— بىز مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا تۇرغاندىكىن، غەلىبە قازىنىشتىكى بارلىق ۋاسىتىلىرىمىزمۇ رەزىل بولىدۇ، ئەلۋەت-تە! بىز پەقەت ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق چارە قوللىنىدىغانلى-قىمىزنى چۈشىنىشىمىز كېرەك! ناۋادا بىز مۇشۇنداق چارە قوللانساق، غەلىبە قىلىمىز. ئەگەر بۇنداق قىلمىساق. . . بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا زادى پېتىنالمايۋاتىمەن، ئاغىنىلەر. ئۇ قىز-نىڭ شۆيت دوكتورنى بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلاش-تىكى كۈچلۈك قورال ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك!

— ئەگەر ئۇ يەتىلا ئۇنىمىسىچۇ؟ — سوئال قويغىنى ئومما ئىدى. سەئىد بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىككى قولىنى كۆتۈردى:

— دوستلار، سىلەر نېمە ئۈچۈن دائىم مۆلچەرلىگىلى بول-مايدىغان ئىشلار ئۈستىدىلا باش قاتۇرىسىلەر؟ هازىر بىز ئۇ قىزنى ئىمكان بار تېزرەك تۇتۇپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشىمىز

كېرەك!

جىبران ھاياجانلىنىپ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ئۇنىڭ چىرايى قىزىرىپ جىگەر رەڭگە كىرىپ قالدى.

— مەن قاتناشمايمەن! — دېدى ئۇ ۋارقىراپ، — مەن دېگەن ئالىم... مەن رەزىل ۋاستە بىلەن ئەمەس، بەلكى مەنتىقى قورالغا تايىنىپ كۆرەش قىلىمەن! مەن بۇخىل ۋاستىلەردىن ئۆزۈمنى تارتىمەن! دەرھال ھامىلغا قايتىپ، مارابۇتقا دوكلات قىلىمەن...

— ھامىد جىبران، سەن ھەقىقەتەنمۇ توخۇ يۈرەك بىر نېمىكەنسەن، — سەئىد ئەزىمىلىك بىلەن ئۇنىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تەپتى، — ئەمما، مەن سېنى ھەرگىز ئەيىبلىمەيمەن...

جىبران بۇ رەڭگەر كۆز ئەرەبكە سوغۇق نەزەردە قارىدى.

— سەن مېنى توخۇ يۈرەك دېسەڭ دەۋەر، سەئىد. ئەمما سېنىڭ ئۇ ۋاستىلىرىڭنىڭمۇ ۋاقتى ئۆتتى. زۇلۇم مۇقەررەر قارشىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ... ئاق تەنلىكلەر قورال ۋە ئادەم كۈچى جەھەتتە بىزدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ! بىزنىڭ 300 يىل ئاۋۋالقىدەك ئۇنداق ئەركىنلىك-ھۆرلۈككە ئېرىشىشىمىزگە ئەسلا پۇرسەت يوق! بىز ياۋروپالىقلارنىڭ قاتنىششى بىلەن ئەركىنلىككە ئېرىشىش ئۈچۈن مۇرەسسە قىلىشىمىز كېرەك... بۇ ئازابلىق، ئەمما ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغان ئەمەلىيەت. كەلگۈسىدىكى سىياسەت مىللەتچىلىك سىياسىتى بولماستىن، بەلكى پۈتكۈل دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئۆزئارا دوستانە ئۆتىدىغان ۋە ئارتۇقچىلىقنى قوبۇل قىلىپ، يېتەرسىزلىكنى تۈگىتىدىغان سىياسەت بولىدۇ!

—خۇداغۇ جاجاڭنى بېرەر،—دېدى سەئىد جىبراننىڭ سۆ-زى ئاياغلاشقاندىن كېيىن قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا.

—بۇ نۇقتىنى خۇدامۇ چۈشىنىدۇ، دۇنياغا تىنچلىقنى ھۆ-كۈمران قىلىش ئۇنىڭ ئارزۇسى. مارابۇت بەزىلەرنىڭ خۇداغا ئېتىقاد قىلماسلىقىغا قاراپلا ئۇنى تىللاپ-قارغاپ كەتمەيدۇ. ئاق تەنلىكلەرنىڭمۇ ئۆز خۇداسى بار، گەرچە ساختا بولسىمۇ. . . ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭمۇ بىر خۇداسى بار-دە! شۇنىڭلىق بىلەنلا تىنچلىق مەيدانىغا كەلمەي قالامدىكەن؟ سېنىڭ قىلماقچى بولۇ-ۋاتقىنىڭ ۋەھشىيانە ئىش، سەئىد. سەن بىر ئادەمنى قىستاش ئۈچۈن، ئۇنىڭ سىڭلىسىنى تـۇتـقۇن قـىلـمـاقچـى بولۇۋاتىد-سەن. . . بۇ رەزىللىك ھەم ۋەھشىيلىك!—ئۇ شۇنداق دەپ بو-لۇپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى ۋە يەنە بۇرۇلۇپ ئۆيدىكى باشقىلارغا بىر قۇر كۆز يۇگۇرتۇپ چىقتى، ئۇلار ئۈن-تىنسىز ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى،—مەن ئۇ قىزنى ئاگاھلاندۇرىمەن،—دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن،—مەن بۇ ئىشنى مارابۇتنىڭ نامىدا قىلىد-مەن. مارابۇت سېنىڭ باش ئېگىشىڭنى تەلەپ قىلىدۇ، سەئىد. ئاللا سىلەرنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي!

جىبران غېرىبانە تاش ئۆيدىن ئايرىلىپ، سوغۇق تۈن قا-راڭغۇلۇقىغا چىقتى، ئۇ سوغۇق ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلدى-دە، پەرىجىسىگە ئوبدان ئورىنىپ، ئېغىر قەدەملەر بىلەن تاغقا چىقى-دىغان بىر چىغىر يولغا قەدەم تاشلىدى. بۇ چىغىر يول قىيا تاشلارنى ئايلىنىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، ئادەم تۇرىدىغان غايەت زور بىر ئۆڭكۈرگە تۇتىشاتتى.

ئۇ يەنە بۇرۇلۇپ تاغ جىلغىسىغا كۆز تاشلىدى ھەمدە تۆۋەن-

دىكى ھېلىقى ئۆينى كۆردى. ئاجىز چىراغ نۇرى قىيا تام يېرىقلىرىدىن پىلىلداپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تاغ تىزمىسى ئاسمىنىدىكى ئاينى قارا بۇلۇت توسۇۋالغانىدى، بۇلۇت پارچىلىرى شىمالغا قاراپ سۈرۈلۈۋاتقان بولۇپ، يۇلتۇزلار تولىمۇ خىرە ئىدى.

جىبران خىيال سۈرگەن پېتى ئالغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ ھامىلغا يېتىپ بارالمىدى، مارابۇتقا ئەھۋالنى دوكلاتمۇ قىلالمىدى. ھوججال تاغ تىزمىلىرى، يەنە چوڭقۇر قۇرغاق جىرا، قوپال قىيا تاشلار ۋە تۇتۇق ئاسمان بىردەك سۈكۈناتقا چۆمگەنىدى.

ھېچكىم ئۇنى قايتا كۆرەلمىدى.

ئۇمۇ كۆرمىدى، بابادۇرمۇ كۆرمىدى.

مارابۇت، جىبراننى سورىغان ۋاقتىدا، سەئىد ئۇنچىقماي تۇرۇۋالدى.

ئۇنىڭ بىر جۈپ زەڭگەر كۆزىدىن سىرلىق، سۈرلۈك ۋە ۋەھشىيانە نۇر چاقناپ تۇراتتى.

بۇ قۇملۇقتىكى تەڭدىشى يوق زەڭگەر كۆز ئىدى...

بۇ كۈنى كېچىسى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدىغان بىر ئىش يۈز بەردى. كەيناق سايىتىنىڭ راگۇئېتىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى تار ھەم ئۇزۇن ئۆيدە، ئېگىز كەلگەن قومۇش قاشانىڭ، ياغاچ-تاش دۆۋىسىنىڭ، قوناق دۆۋىسىنىڭ ھەمدە سامان قويىدىغان كەپىنىڭ كەينىدىكى رېمونت قىلىنمىغان تەك-

شى ئۆگزىلەرنىڭ ئاستىدىكى قاشالىق چوڭ بىر ئۆيدە ھېرد شۆھبەت تۇرۇۋاتاتتى. يەتتە كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن ئاخىر ئۇ بۇ ئۆيگە سۇلانغانىدى؛ ئۇ پەقەت بىر قېرى مالاينىڭ ھەمراھلىقىدىلا ئاندىن ئۆيدىن چىقىپ، تۆت ئەتراپى تام بىلەن قورشالغان قورۇدا ھاۋا يېيىشكە رۇخسەت قىلىناتتى.

قىز بۇ ئۆيگە كەلگەن كۈندىن تارتىپلا كەيناف سايىتنى قايتا كۆرمىدى. كەيناف سايىت قىز بىلەن پاراڭلاشمىدى ھەم ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن بۇ يەرگە سولاپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى يېقىن ئەتراپتا تۇرىدىغان راگۇئېتتىكى ياۋروپالىقلارنىڭ قېشىغا بېرىشقا قويمىدى. بۇ خىل بىلىپ بولمايدىغان تەقدىر ئۇنىڭ نېرۋىسىنى كاردىن چىقاردى، ئۇ فاتىخنىڭ ئۆيدىكىدەكلا رىشاتكىلىق دېرىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، سىرتتىكى قۇياشقا ۋە گۈل-گىياھلار بىلەن قاپلانغان ھويلىغا ھاڭۋاقىنىچە قارايتتى، بوبو ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلاتتى.

ھېرد ئۆزىنى سېتىۋېتىلگەن ئەتىۋارلىق ھايۋاندەك ھېس قىلدى، قىز قېچىپ چىقىۋىدى، باشقىلار يەنە تۇتۇۋېلىپ ئالتۇن قەپەسكە سولاپ قويدى. ئۇ پەقەت ئىگىلىۋالغۇچىلارنىڭ خۇشاللىقى ئۈچۈن ياشاۋاتاتتى، تاماشا قىلغۇچىلارنىڭ پەيزى قىلىشى ئۈچۈن ئازابقا چىداۋاتاتتى.

ھېلىقى قېرى مالاي، قىز سورىغان سوئاللارغا زادىلا جاۋاب بەرمەيتتى. بۇ دېھقان مېيىپ بولۇپ، ئوڭ پۇتى ناكا بولغانلىقتىن دائىم كەينىگە قاڭتىيىپ دىگگوسلاپ ماڭاتتى. فرانسۇز تىلىنى بىلىدىغاندەك تۇراتتى، چۈنكى قىز ئۇنىڭ باغنىڭ قو-

مۇش قاشاسىنىڭ سىرتىدا بىر پېرىۋوتكا بىلەن فرانسۇز تىلىدا سۆزلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالغانىدى. ئەمما ئۇ ھەر قېتىم قىزنىڭ ئالدىغا كەلسىلا گاس-گاچا بولۇۋېلىپ، ئىشلىرىنى ئۈن-تىنسىز ھالدا تېز ھەم تۇجۇپىلەپ قىلاتتى.

قىز يەنە قەددى-قامەتلىك، ناخشىنى ناھايىتى ساز ئېيتىدىغان نېگىرنى كۆردى. بىر كۈنى ئەتىگىنى ئۇ قورۇدا ئوتۇن كەسلەۋاتقاندا، قىز دېرىزىدىكى رېشاتكىلار ئارىسىدىن قولىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۇنىڭ يېقىن كېلىشىگە ئىشارە قىلدى، ئەمما ئۇ كەلمىدى، قىزغا باش لىڭشىتىپ سالام بەردى ھەمدە يوغان ئېغىزىنى كالچايتىپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ھېلىقى مويسىپىت دېھقان ئۇنىڭغا يەنە يېمەكلىك ئەكىلىپ بېرەتتى، يېمەكلىكلەر بىرخىللا بولسىمۇ، ئاز ئەمەس ئىدى، قىزغا يەنە نۇرغۇن مېۋە-چېۋە بېرىلەتتى، بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى بوبوغا يېگۈزەتتى. ئىچىملىكلەردىن سۇ بېرىلەتتى، بەزى ۋاقىتتا لىمون سۈيىمۇ بېرىلەتتى، لىمون سۈيىنى چەينەككە قۇيۇپ دېرىزىدىن سۇنۇپ بېرەتتى. قىز بوۋايدىن ئوقۇيدىغان نەرسە ئەكىلىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەن ۋاقىتىدا، ئۇ تازا ئاڭقىرالمىدى، ئەمما ئىككىنچى كۈنى ئەتىگىنى يېمەكلىك قويۇلغان ياغاچ پەتنۇسنىڭ ئۈستىگە بىر پارچە گېزىت قويۇلغلۇق ئىدى. بۇ بىر پارچە «ئالجىرىيە گېزىتى» بولۇپ، ئون ھەپتە بۇرۇن نەشر قىلىنغان كونا گېزىت ئىدى، ئەمما ھېرد ئۇنىڭ بىلەن ئون نەچچە كۈننى ئۆتكۈزدى. ئۇ گېزىتنى قۇرمۇ قۇر ئوقۇدى، باش ماقالىنى يادقا ئالدى، تېپىشماقلارنى تاپتى، بارلىق ئېلانلارغا جاۋاب بەردى. شۇنداق قىلىپ مەنىسىزلىك ئۇنىڭ ئېسىدىن

كۆتۈرۈلۈپ، جانلىنىپ قالدى ھەمدە ئەتراپتا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا قىزىقسىنىپ قالدى.

بۇ قورۇ نۇرغۇن لاپاس ئۆي، قوتان ۋە بىر يۈرۈش تۇرالغۇ ئۆيدىن تەركىب تاپقانىدى. ئۆيلەردە كەينافتىن باشقا يەنە ئۈچ ئايال تۇراتتى. ھېرد بىر قېتىم ئۈچ ئايالنىڭ قورۇدىن ئۆتكەنلىكىنى كۆرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى يۈزىگە چۈمبەل ئارتىۋالغان، سېمىز، دوغىلاقتىنە كەلگەن بولۇپ، يول ماڭغاندا ئۆردەكتەك ئىغاڭلاپ ماڭاتتى. دېرىزە رېشاتكىسىنىڭ بىر تال تۆمۈرى ئازراق ئېگىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، قىزنىڭ سىرتقا قارايدىغان يوچۇقى سەل چوڭايغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يوچۇقتىن بوبو ئېلاستىكلىق بەدىنى بىلەن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتەلەيتتى. ئەمما، ئۇ پەقەت كېچىسىلا بوبونى سىرتقا چىقىرىپ بىرئاز چۆرگىلەتكەندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا چاقىرىپ قايتۇرۇپ ئەكىلىۋالاتتى. بەشىنچى كۈنى كېچىسى، ئۇ باغدا سەيلى قىلغان ۋاقتىدا تېرىۋالغان بىر تال چۈچىلا بىلەن ھېلىقى كونا گېزىتنىڭ بۇرجىكىگە مۇنداق سۆزلەرنى يازدى:

”مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار، مەن راگۇئېتقا.يېقىن يەردىكى بەربەر كەيناف سايىتنىڭ قولىدا. مەن گېرمانىيىلىك قىز، مەن ئەرەبلەرگە سېتىۋېتىلدىم! مېنى تېز كېلىپ قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار!

ھېرد شۇېت.“

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن كېيىن قىز قەغەزنى پۈكلەپ ئىككى قاتلىدى-دە، بوبوننىڭ بويىنىغا ئېسىلغان زىننەت چەمبىرىكىدىكى كۈمۈش قوڭغۇراقنىڭ ئىچىگە تىقتى. ئۇ بوبوننىڭ يۈزىنى، بۆرتۈپ چىققان كۆزلىرىنى ۋە يوغان ئېغىزىنى سىلاپ قويدى، ئاندىن بوبوننىڭ مەيدە تۈكلىرىنى سىلىقىنە قاشلاپ قويدى. بۇ كۈنى كېچىسى، ئۇ بوبونى يەنە بىر قېتىم كامىرىنىڭ دېرىزىسىدىن چىقاردى-دە، چىت تامنى ئىما قىلدى.

— تېز يۈگۈر! — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — تېز يۈگۈر، بوبو! كۈچۈڭنىڭ بارچە يۈگۈر...

بوبو قىزغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇ دېرىزە ئالدىدىكى يەرگە ئولتۇرۇۋېلىپ، ئىككى ئالدى پۇتىنى ئالماپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ، قومۇش تامغا يامىشىپ چىقىپ، بەدىنىنى تامدىن ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم كەينىگە بۇرۇلۇپ، ھېرد تۇرغان دېرىزىگە قاراپ قويدى. بوبو يىغلامسىراۋاتقان بولۇپ، بىر ئالدى پۇتى بىلەن بۇرنىنى تۇسۇۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇرۇق ھەم ۋىجىك گەۋدىسى ئازاب ئىلكىدە تىترەيتتى. ئەمما ئۇ يەنىلا سەكرەپ چۈشۈپ، ھەش-پەش دېگۈچە ئۆيدىن يىراقلاپ، سوغۇق كېچە قوينىغا شۇڭغۇپ، ئېگىز-ئېگىز ئوت-چاتقاللىقلارنى كېسىپ ئۆتتى-دە، يىراقتىكى چوققىلارنى، پارچە-پارچە ھەيۋەت قىيا تاشلارنى كۆزلەپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

ھېلىقى ئۆيلەر قاراڭغۇدا كۆزدىن غايىب بولاي دەپ قالغاندا بوبو ئاخىرقى بىر قېتىم ئارقىسىغا تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇ ئىككى ئالدى پۇتى بىلەن مەيدىسىنى مۇشتلاپ تۇرۇپ مۇڭلۇق

ناله-پەرياد قىلدى. ئاندىن قاراڭغۇلۇقتا ئۇچقاندەك كىرىپ كەتتى.

ئۇنىڭ بويىدىكى كۆمۈش قوڭغۇراق بوش جىرىڭلاپ تۇراتتى.

پاۋىل هاندرىك ئۈستى دورا بىلەن توشۇپ كەتكەن قەۋەتلا ئۆزۈن بىر شىرەنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. نۇرغۇن كىچىك ئەينەك تەخسە ۋە تەجرىبە نەيچىلىرىنىڭ، ھەر بىر دېستىرلەش كومزەكلىرى ۋە كونۇس شەكىللىك كولبىلارنىڭ ئىچىگە ئاچ قىزىل رەڭلىك سۇيۇقلۇق قاچىلانغانىدى.

مانا بۇلار قان ئىدى.

راگۇئېت ھەربىي دوختۇرخانىسى سەھرايى كەبىرنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ زامانىۋى دوختۇرخانىلارنىڭ بىرى ئىدى. يۈرۈش-يۈرۈش بىر قەۋەتلىك ئاق ئۆيلەر رەتلىك سېلىنغان بولۇپ، ھەممىسىدە چوڭ-چوڭ ئەينەك كۆزنەك ۋە ئويمان كەلگەن ئاپتاپسىنىش سەيناسى بار ئىدى. ئۆيلەر ئېدىرلىقتا سېلىنغان بولۇپ، تۆت ئەتراپى گۈل-گىياھلار بەرق ئۇرۇپ ئۆسكەن گۈلزارلىق ئىدى. تاش ياتقۇزۇلغان بىر يانتۇ يول ئۇدۇل دەرۋازىغا تۇتىشاتتى. دەرۋازا ئالدىدا بىر ساقچى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەن نەرسە-كېرەكلەرنى تەكشۈرەتتى. بۇ ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدا كەم بولغان، شۇ يەرلىكلەرمۇ كېلىپ داۋالىنىدىغان دوختۇرخانا ئىدى. بۇ يەردىكى كېسەللەر رايونى ئايرىۋېتىلگەن بولۇپ، ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللەر بۆلۈ-

www.uyghurkitap.com

مىنىڭ يەرلىك دوختۇرلىرى بار ئىدى، ئۇلار ياش، ئەقىللىق ھەم ياۋروپاغا بېرىپ ئوقۇپ كەلگەن ئەرەبلەر ۋە مىسىرلىقلار ئىدى. ئۇلار بۇ يەردە ياردەمچى دوختۇر بولۇپ، خىزمەتنى ناھايىتى تۇجۇپىلەپ ئىشلەيتتى، ئەڭ يېڭى سەھىيە ئاتالغۇلىرىنىمۇ ناھايىتى پىششىق بىلەتتى. ئۇلار ياۋروپادىن كەلگەن دوختۇرلار بىلەن بىر شىرەدە غىزالىناتتى، بىر چوڭ شىرە يېنىدا بىرگە ئولتۇراتتى، ئەمما، كىشىلەر يەنىلا ئۇلار بىلەن ياۋروپالىق دوختۇرلار ئارىسىدا ئوچۇق ھاڭ بارلىقىنى بىلەلەيتتى.

ھاندرىك كەسپداشلار ئارىسىدىكى بۇ خىل سوغۇقچىلىقتىن ناھايىتى ئارامسىزلىناتتى. ئۇ بىرقانچە ئەرەب دوختۇر بىلەن ئالاقىلاشتى ھەمدە ئۆز تەجرىبىسىنى ئۇلارغا چۈشەندۈردى. ئۇلارمۇ يەرلىك ئاھالىلەردىن تولغاق بولۇپ قالغان بىمارلارنى ئۆزلۈكسىز ئۇنىڭغا تونۇشتۇردى، ھەمدە قېرىنداشلىرىنى ئاق تەنلىك دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈش ۋە داۋالىشىغا ماقۇل بولۇشقا كۆندۈردى. ھازىر، بۇ ئەرەب دوختۇرلار ھاندرىكقا كۈچلۈك ھەۋەس بىلەن ئەگىشىپ، كېسەل كارىۋىتى يېنىدا ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىنى كۆزىتەتتى، يازغان رېتسېپىنى بىرمۇبىر كۆرەتتى. ئۇلار ھاندرىكقا ئەگىشىپ تەجرىبىخانىغا كىرىپ، مىكروسكوپنىڭ كۆزىنىكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، كېسەل بار قاننى كۆزىتەتتى.

ھاندرىك بىر ئايرىم بۆلمىدە تولغاق كېسىلىگە گىرىپتار 14 بىمارنى ياتقۇزدى. بىر مەخسۇس بۆلمىدە، ھەربىي ئايروپىلان بىلەن ياۋروپادىن يۆتكەپ كېلىنگەن ئۈچ ساندۇق ئالاھىدە ئۈنۈملۈك بايېر—205-نومۇرلۇق ياترېن دورىسى بار ئىدى.

ھاندرىك قولۇپنى ئالماشتۇرۇۋەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۆينىڭ ئاچ-قۇچى پەقەت ئۇنىڭلا ئىلكىدە ئىدى. ئۇ يەنە بىر نۇسخا نازارەت قىلىش تىزىملىكى تەييارلىدى، ئۇ تىزىملىكنى ھەر ۋاقىت يې-نىدا ئېلىۋېلىپ، ھەر قېتىم ئالغان دورىنىڭ مىقدارىنى خاتىرى-لەپ قوياتتى.

ئون تۆت كېسەلدىن ئونى قۇتقۇزۇپ قېلىنمىدى، ئۇلار دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېلىنگەن ۋاقىتتىلا قېنى بۇزۇلۇپ بولغان بولۇپ، كېسەلنىڭ يامانلىشىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەم-دە يېڭى قان پەيدا قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇڭ-لاشقا، جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان بۇ كىشىلەر دوختۇرخا-نىدا پەقەت ئازابلىق ئۆلۈمنى كۈتۈۋاتاتتى. ھاندرىك ئۇلارنىڭ قېنى ئارقىلىق ۋىرۇس يوشۇرۇن رايونىغا تۇتىشىدىغان يولنى ئىزدىلاشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى. بۇ يول ئۇنىڭغا نىسبەتەن قاراڭغۇ ئىدى، ئۇ ئىزلەش جەريانىدا مۇشۇنداق بىر يولنىڭ مەۋجۇت بولۇش ئېھتىماللىقىدىنمۇ كۈنسېرى گۇمانلىنىۋاتاتتى.

يوغان دېرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن قۇياش نۇرى ئەينەك ئەسۋاب ئىچىدىكى قانغا چۈشتى.

بۇ قانلار كېسەللەرنىڭ تېنىدىن ئېلىنغان ۋاقىتتا كۆيىدەك قاپقارا ئىدى، ھازىر قېتىشقا قارشى ماددا ئارىلاشتۇرۇلدى، بۇنداق قىلغاندا تەجرىبىگە ئىشلىتىش ئۈچۈن ئۇزۇن مۇددەت ساقلىغىلى بولاتتى. قانلار قارىماققا ئاچ قىزىل رەڭدە بولۇپ، سەل-پەل مايلىقتەك ئىدى. ھىم ئېتىلگەن بىررەت ئەينەك تەج-رىبە نەيچىلىرىگە لىق قان قاچىلانغان بولۇپ، قاننىڭ ئاستىدا سۇس رەڭدىكى ئۆستۈرۈش قاچىسى بار ئىدى. ئۇلار نۇر ئۆتۈ-

شۇدىغان توڭ ساقلاش ئىشكاپىغا سېلىنىپ، تۇراقلىق تېمپېرا-تۇرىدا ساقلىنىۋاتاتتى. بىر قىزىل ئىسكىلىت سىزىلغان ئورگا-نىك ئەينەك تەخسىدە سۈرەتكە ئېلىپ سىناق قىلىنغان قان ئۇيۇشمىسىنىڭ قالدۇقلىرى قاچىلانغانىدى، ئۇنىڭغا مىكروس-كوپنىڭ سۇنۇقلىرى، دورىلىق پاختا ۋە پاختا يىپ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى.

ھاندرىك كۆزىنى ئۇۋۇلىۋەتكەندىن كېيىن بېشىنى ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئالدى.

قوڭۇر تەن، ياداڭغۇ بىر ياش دوختۇر ئۇنىڭ كەينىگە كېلىپ، بىر قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى.

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېدى ئۇ فرانسۇز تىلىدا غاراڭ-غۇرۇڭ سۆزلەپ، ئۇنىڭ ئاۋازى باشقا ئەرەبلەرنىڭ ئاۋازى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى، — قۇملۇقتىكى بوستانلىقمۇ بىر-ئىككى يىلدا شەكىللەنگەن ئەمەس...

ھاندرىك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— مېنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرۇۋاتقىنىمغا ئۈچ كۈندۈز، ئىككى كېچە بولدى... — دېدى ئۇ دەرمانسىز ھالدا، — ياترېننىڭ ئۈ-نۈمىنى يوقاتقانلىقىغا زادى ئىشەنمەيۋاتىمەن، ئېتىراپ قىلغۇمۇ كەلمەيۋاتىدۇ!

— ياترېن ئامبا تولغىقىنى داۋالايدۇ، ھالبۇكى بىزنىڭ دۇچ كېلىۋاتقىنىمىز قان ۋىرۇسى، بۇنىڭغا قارىتا بىزدە شىپا-لىق دورا يوق.

— بۇ خىل قان ياترېننىڭ ئۈنۈمىنى ئاسانلا يوقىتىدىكەن ئەمەسمۇ! چۈشىنەمسىز يىگىت؟ ياترېن، بايېر —

205ـ نومۇرلۇق دورا هازىرغا قەدەر تولغاقنى داۋالاشتا گەپ كەتمەيدىغان شىپالىق دورا ئىدى. . . هالبۇكى هازىر، دورا ۋىرۇسلۇق قان بىلەن ئۇچراشقان ۋاقتىدا سۇغا ئوخشاپ قالدى! ۋىرۇسلارنىڭ ياترېننى خۇددى پەيزى سۇرۇۋاتقاندەك بىر مىللىلىتىر-بىر مىللىلىتىردىن يۇتۇۋېتىشى ناهايىتى قورقۇنچلۇق بولدى-دە!

— ئەجەبا، بىرەر چىقىش يولى تاپقىلى بولماسمۇ، هاندرىك دوختۇر؟

— چىقىش يولى دەمسىز؟ — هاندرىك چۆچىگەن هالدا كەينىگە بۇرۇلۇپ، بۇ ياش ئەرەبكە كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە قارىدى، — ئىككى پۇتىمىز بىر ئۆتۈككە تىقىلىپ قالغان تۇرسا، يەنە قانداق چىقىش يولى ئىزدەيمىز؟

ئەرەب قولىنى شىرەگە تىرىگىنىچە، دورىلارغا كۆز يۈگۈرۈتتى. ئۇ سەل-پەل پەسكە قارىتىۋالغانىدى، جىددىي كۆرۈنۈدىغان قوڭۇر يۈزىگە چۈشكەن يارقىن قۇياش نۇرىدا ئۇ گويا پارقىراق مىس هەيكەلگە ئوخشاپ قالغانىدى.

— ۋىرۇس ياترېننىڭ ئۈنۈمىنى يوق قىلغانىكەن، ئۇنداقتا ياترېنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا جەزمەن قۇتۇپلانغان بىر خىل ماددا بار، ئۇ ۋىرۇسنى تىزگىنلىيەلەيدۇ.

— بۇ گەپ لوگىكىغا ئۇيغۇن، — هاندرىك جازىدىن بىر تەجرىبە ئەينەك نەيچىسىنى ئېلىپ، قۇياشقا توغرىلىۋىدى، قىپقىزىل سۇيۇقلۇقتا سۇس نۇر زاهىر بولدى، — بۇ يەتتىنچى نومۇرلۇق كېسەلنىڭ قېنى.

— ئۇنىڭ ئىسمى ئۇمەر بىننى بىلئان، بولكىچى، — دېدى

ياش دوختۇر.

—پۇتۇنلەي توغرا. ئۇ يەتتە كۈن ئاۋۋال ئېلىپ كېلىنگەـ
نىدى، ئەينى ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئامىبا تولغاق كېسىلى ياترىن بىلەن
ساقىيىپ كەتكەنىدى، لېكىن تۆت كۈندىن بۇيان قانىنىڭ ئۆزگەـ
رىپ كېتىشى بىلەن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئۈمىد قالمىغانىدى.
15-نومۇرلۇق قان زەردابى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان 48-نومۇرلۇق
سىناقنىڭ نەتىجىسىدە ھېچقانداق كېسەللىك ئۆزگىرىشى كۆـ
رۈلمىدى! 15-نومۇرلۇق قان زەردابى سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلـ
گەن مەزگىلدىكى بىماردىن ئېلىنغان قاندىن، يەنى تولغاق بوـ
لۇپ قالغاندىن كېيىن داۋالاپ ساقايتىلغان قان ئۆزگىرىش كېـ
سىلى بار بىمارلارنىڭ قېنىدىن ئايرىۋېلىنغانىدى. بۇ ئىش ناھاـ
يىتى سىرلىق. . . قان ئۆزگىرىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە كېـ
سەلنى ئۇچ لېتىر قان سېلىش ئارقىلىق قۇتقۇزۇۋېلىشقا بولاتـ
تى، بۇنداق دېگەنلىك، بۇ خىل ۋىرۇس ئادەم ئەزاسىنىڭ ئىچـ
كى قىسمىدا تۇراقلىق ئەمەس، ھەم قانىنىڭ 24 سائەت ئىچىدىـ
كى تولۇقلىنىشى جەريانىدا قانىنىڭ مەركىزىدىن پەيدا بولىدۇ
ھەم شۇ جەرياندا بۆلۈنۈپ چىقىدۇ دېگەنلىك. . . ۋىرۇس رولىنى
يوقىتاي دەپ قالغان قاندىن يېڭىدىن پەيدا بولغان قانغا كۆچىدۇ
ھەمدە يېڭى قاننى بۇلغايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خىل ۋىرۇس
ئۆزلۈكسىز كۆپىيىدۇ. ھامىنى بىر كۈنى، قايتا تولۇقلىنىدىـ
غان قان قان يۇقۇملانغان دەسلەپكى مەزگىلدىلا ۋىرۇسنىڭ
تاجاۋۇزىغا ئۇچرايدۇ-دە، بىر تامچىمۇ ساپ قان قالمايدۇ، شۇـ
نىڭ بىلەن بىمار ئۆلۈپ كېتىدۇ! —ھاندرىك تەجرىبە ئەينەك
نەيچىسىنى ھېلىقى ئەرەب دوختۇرغا سۇنۇپ بەرگەندىن كېيىن،



ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتتى. ئەينەك قۇرۇلمىلىق بۇ ئۆيگە شامالدۇرغۇچ ئورنىتىلغان بولسىمۇ، ھاۋا ناھايىتى تىنجىق ئىدى. ئۇ ئەينەكلەر بەئەينى بىر لوپا ئەينەكتەك، قۇياش نۇرىنى ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئۈستىبېشىغا مەركەزلەشتۈرگەنىدى، — بۇ تەجرىبە نەيچىسىدىكى قان، سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىۋاتقان كېسەلنىڭ قان زەردابى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلدى، دېمەكچىمەنكى بۇ ئاللىقاچان سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىۋاتقان كېسەلگە ئىشلىتىلدى. نەتىجىدە بايا ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، كېسەلدە ئۆزگىرىش كۆرۈلمىدى.

— سىز بۇ خىل ۋىرۇسنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغانمۇ؟

— شۇنداق، بەلكىم ئۇنى ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ بىلەنلا كۆرگىلى بولۇشى مۇمكىن، بۇنىمۇ قىياسەن ئېيتىۋاتىمەن، چۈنكى بۇ خىل ۋىرۇسنىڭ زادى قانچىلىك چوڭلۇقتا ئىكەنلىكىنى بەلگىلەشكە ئامالسىزمىز. ۋىرۇسلارنى كۆرۈشكىمۇ پۇتونلەي ئامالىمىز يوقتۇ، بەلكىم. . . — ھاندرىك نائىلاج تەجرىبە نەيچىسىنى جازىغا قويۇپ قويدى، — كىشىلەر ئۇ نەرسىلەرنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس ئەزرائىل ئىكەنلىكىنى، بەھەيۋەت كىشىلەرنىمۇ خۇددى قۇرت چىرىك ياغاچنى غاجىلاپ يىقىتقاندەك يىقىتىدىغان مىكرو نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايدۇ! بۇ بىر خىل لەنىتى سەزگۇ، تېببىي ساھەدە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدىغان سەزگۇ. . . — ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئاق خالىتىنىڭ تۈگمىلىرىنى ئېچىۋەتتى. — بۇگۈن مۇشۇنچىلىك ئىشلەيلى! مەن ئىشلەشكە ئامالسىز قالدىم، چىقىپ ئوبدانراق نەپەسلىنەي، سىرتنىڭ ھاۋاسى قايناپ تۇرغان تەقدىردىمۇ، بۇ يەردىكى قان

پۇراپ تۇرىدىغان يىرگىنچلىك ھاۋادىن كۆپ ياخشى! سىز بىرگە چىقامسىز؟

ئەرەب بېشىنى چايقىدى.

—ياق، ئەگەر ئىجازەت بەرسىڭىز، ئورنىڭىزدا مەن ئىشلىگەچ تۇراي، ھاندرىك دوختۇر، سىز توختاتقان جايدىن ئۇلاپ ئىشلەۋېرەي، بەلكىم ياردىمىم تېگىپ قالار. سىز بۇ بىر يۈرۈش تەجرىبىلەرنى تەپسىلىي پىلانلىغان ئەمەسمىدىڭىز؟

—شۇنداق، ئەنە ئاۋۇ خاتىرە ئىچىدە بار. ئەمما مەن ھازىر سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، بۇ بىر قىلچە ئەھمىيىتى يوق خىزمەت ئىكەن! تىرىشىشتىن كۆڭلۇمدە ئاللىقاچان يالتايغاندىم. مېنىڭ داۋاملىق ئىشلىشىم، ئافرىقىدا قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىمنى ئىسپاتلاش ھەمدە. . .—توختىۋېلىپ ھېردنى ئەسلىدى ۋە،—تەلىيىڭىز ئوڭدىن كەلسۇن، كەسپىدىشىم، —دەپ قويۇپ ئۆيدىن ئالدىراپ-تېنەپ چىقىپ كەتتى.

ئەرەب ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى. ئۇ دېرىزىدىن ھاندرىكنىڭ باغدىكى چىملىقتىن ئۆتۈپ، تېز-تېز قەدەم تاشلاپ دوختۇرخانىنىڭ ئاساسلىق بىناسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردى.

شۇنىڭ بىلەن ئەرەب ئۈن-تىنسىز ھالدا ھاندرىكنىڭ ئورۇندۇقىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئولتۇرۇپ، مىكروسكوپنى يېڭىۋاشتىن ئېچىپ، ئەينەك لېنزىنى قۇياشقا توغرىلىدى. يارقىن نۇر تالالىرى پلاستىنكىنىڭ پېتىنقى جايىنى يورۇتتى. كىچىككىنە قان ھۈجەيرىلىرى مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ ئوكۇليارغا ئاستاغىنە ئېڭىشىپ، روشەنلىك دەرىجىسىنى

تەڭشەپ قويدى. ئۇنىڭ كۆسەيدەك قارا قوللىرى مىكروسكوپنى مەھكەم قامالليغانىدى.

ۋاقىت ئاققان سۇدەك ئۆتۈۋاتاتتى، پاسكىنا نەرسىلەر تۇڭى بارغانسېرى توشۇپ كېتىۋاتاتتى، سوغۇق ساقلاش ساندۇقى بارغانسېرى قۇرۇقدىلىۋاتاتتى، تەجرىبىنى خاتىرىلەش قەغىزى تەجرىبە نەتىجىلىرىنىڭ سان-سىفىرلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى.

ھەربىر سان-سىفىرنىڭ كەينىگە ئېنىق قىلىپ "كېسەللىكتە ئۆزگىرىش يوق!" دېگەن زېرىكىشلىك ھەم قىسقىغىنە سۆز يېزىلغانىدى.

كوچىلاردا ئەزان ئاۋازىنىڭ ئەكس ساداسى ئاڭلاندى، كوچا چىراغلىرى يورۇدى، ھەربىي دوختۇرخانا تۆپىلىكتە غايەت چوڭ پاراخوتتەك داۋالغۇۋاتاتتى. ھېلىقى ئەرەب ئۇدا ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرۇپ، مىكروسكوپنىڭ كۆرۈش كۆزىنى ھەرىكەتلەندۈرۈۋاتاتتى.

ئۇ بۇ يەردە بىر كېچە ئولتۇرۇپ چىقتى.

ئەتىسى ئەتىگىنى بۇ يەردە يەنە ئاۋۋالقىدەكلا ئولتۇرۇۋەردى.

ئالاھازەل سائەت سەككىز ئەتراپىدا، ھاندرىك تەجرىبىخانىدا پەيدا بولغان ۋاقىتتا، بۇ ئەرەب يەنە قان قاچىلانغان قاچىغا ئېڭىشىپ قاراۋاتاتتى. ئۇنىڭ يۈزىدە بىرنەچچە قورۇق كۆپەيگەنىدى.

— تېخىچە ئىشلەۋاتامسىز؟ — چۆچۈپ سورىدى ھاندرىك، — سىز پۈتۈن بىر كېچە. . . بىز بۇنداق كېلىشىۋالمى-

غان ئىدۇققۇ، كەسپىدىشىم!

ھاندرىك ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىجىر-مىجىر يېزىلىۋېتىل-گەن تەجرىبە خاتىرىسىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. ئەرەب بىلى-نەر-بىلىنمەس كۇلۇمسىرىگىنىچە، قان سۈركەلگەن بىر ئەينەك پارچىسىنى ئۈستەل ئۈستىگە قويدى.

— بىزنىڭ باشقا ئامالىمىز يوق، ھاندرىك دوختۇر. خۇددى ئاللادىن ۋەھىي كەلگەندەك، ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي ئامالسىز ئىشلەپ كېتىپتىمەن!

— بىرەر نەتىجىگە ئېرىشتىڭىزمۇ؟

ئەرەب بېشىنى تۆۋەن سېلىپ يەرگە قارىغىنىچە كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

— كېسەللىكتە ئۆزگىرىش يوق، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— بۇ تەرىپىنى ئاللىقاچان پەرەز قىلىپ بولغانىدىم...

— ھازىر مەنمۇ جاۋاب تاپالمايدىغانلىقىمىزغا ئىشىنىپ قال-دىم. بىز ئامالسىز بۇ خىل ۋىرۇسنى ھازىرغا قەدەر دورا كار قىلمايدىغان كېسەللەر قاتارىغا قوشۇۋېتەيلى! مەسىلەن، كۆپ قوزغىلىشچان جىگەر قېتىشىش، راك، ئاق قان كېسىلى... بىز بۇ كېسەللىكلەر ئالدىدا پەقەت كېسەللەرنىڭ يىلىنىپ ئۆتۈ-نۈشلىرىگە، ئۇلارنىڭ قىينىلىش-ئازابلىنىشلىرىغا كۆزىمىزنى پارقىراتقىنىمىزچە قاراپ تۇرۇشتىن باشقىنى قىلالمايمىز. مې-دىتسىنانىڭ ئەبەدىي چېكى بولمايدۇ، چۈنكى تەبىئەت ئادەم تېنىگە ھامان يېڭى رەقىبلەرنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ.

ھاندرىك قولىنى بۇ ئورۇق-ۋىجىك دوختۇرنىڭ مۈرىسىگە قويدى. بۇ چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنىڭ بىرخىل ئالامىتى ئىدى.

بىر مۇسۇلمان ئۇندىمەستىن ئاللاغا ئىشەنمەيدىغان بىرسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى. ”ناۋادا بارلىق تەتقىقاتچىلار، مەيلى ئۇلار ئۇلۇغ زاتلاردىن بولسۇن ياكى ئورنى تۆۋەنلەردىن بولسۇن، مەيلى ئاتاقلىقلاردىن بولسۇن ياكى نامسىزلاردىن بولسۇن، ھەممىسى تەتقىقات جەريانىدا دۆلەت ۋە رايون تەۋەلىكىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! ئۇنداقتا بىرەر بۆسۈش بولغاندا، ئۇلار خۇددى يورۇقلۇق ئۆتۈشمەيدىغان قاپقاراڭغۇ جاڭگالنى كېسىپ ئۆتۈپ يورۇق دۇنياغا چىققاندەك، ئۆزىنى يېڭى، ئۆزگىچە بىر دۇنيادا ھېس قىلغان بولاتتى! ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قان-تەرىنى ۋە سالامەتلىكىنى سەرپ قىلىدۇ، ھەتتا بەزى ۋاقىتتا ھاياتىنى تەقدىم قىلىشقا رازى بولىدۇ. . . ھازىرقى ئەھۋال ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، لېكىن بىز جەزمەن شۇنداق قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز دوختۇرلارنىڭ دېيىشكە تېگىشلىك بىردىنبىر گېپىمىز شۇكى، بىز ئاغرىق-سىلاقلارنى جەزمەن قۇتقۇزۇشىمىز كېرەك!“ ھاندرىك ئەرەبكە قارىدى.

— كېلەچەكتىن غەم قىلامسىز، كەسىپدىشىم؟

— ياق، ھاندرىك دوختۇر.

— ماڭا ياردەم قولىڭىزنى سۇنۇشنى خالامسىز؟

— سىز مېنىڭ ياردەم قىلىشىمغا ئىجازەت بېرەمسىز؟

— نېمىشقا ئىجازەت بەرمەيدىكەنمەن؟ تېزدىن يەنە بىر مىكروسكوپ ئېلىپ كېلىپ مېنىڭ يېنىمدا ئولتۇرۇڭ، — ئۇ بىر ئورۇندۇقنى ئەكىلىپ ئولتۇرۇپ، خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ، كېچىدىكى تەجرىبە خاتىرىسىنى كۆردى، — قارىغاندا ناھايىتى

تەرتىپلىك ئىشلەپسىز-دە! ھازىر سىز 400-دىن 405-كىچە
بولغان تەجرىبىنى ئىشلەشكە كىرىشىڭ! سىز ئاللىقاچان 399-
قېتىمغىچە سىناق قىلىپ بولۇپسىز! مەن ئاۋۋال 400-تەجرىبە
نەيچىسىنى توشقۇزۇپ قوياي! — ھاندرىك توڭ ساقلاش ساندۇقى-
نىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىچىدىن ئىككى تۈز تەخسىگە سېلىنغان
ۋىرۇسنى ئېلىپ، ئۇلارنى بىر ئەينەك ساندۇقنىڭ ئىچىگە سال-
دى. ساندۇقنىڭ ئىككى بېشى نېپىز رېزىنكە رەخت بىلەن
ئېتىلگەن، ئۈستىدە ئىككى تۆشۈك بولۇپ، قوش قولنى تىقىپ
ساندۇق ئىچىدە ئىشلەشكە بولاتتى. بۇ كىشىلەرنىڭ ۋىرۇس
بىلەن ھەپىلەشكەن ۋاقتىدا، بەدىنىنىڭ ۋىرۇسقا تېگىپ كەتمەس-
لىك مەقسىتىدە لايىھىلەنگەنىدى. . . ۋىرۇس ئەينەك ساندۇق ۋە
نېپىز رېزىنكە رەختنىڭ ئىچىگە ھەم قاچىلانغانىدى، ئەمما
قولنى تىقىپ بىمالال ھەرىكەت قىلىشقا بولاتتى. ھاندرىك رې-
زىنكە پەلەينى كىيىپ، ئىككى قولىنى ئەينەك ساندۇقنىڭ
ئىچىگە تىقتى. ئۇ ئىككى كىچىك موچىن بىلەن قانىنى سۈمۈرۈ-
ۋالغان ئۆستۈرۈش قاچىسىنى قوچۇپ، ئاندىن ئۇلارنى مىكروس-
كوپتىكى پلاستىنكىغا قويدى.

ياش ئەرەب دوختۇر ئۇنىڭ يېنىدا جىمجىت ئولتۇردى.

بۇ بىر ئۇيقۇسىز كېچە ئىدى!

مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ھايات-ماماتى مۇشۇ نېمىس دوخ-
تۇرنىڭ قول ئىلكىدە ئىدى. ياش دوختۇر يالتىراپ تۇرىدىغان
بىر جۈپ موچىنىنى ھەمدە يورۇقلۇق ئۆتكۈزىدىغان رېزىنكە
پەلەي ئىچىدىكى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بارماقلارنىڭ كىچىك قان
پارچىلىرىنى قانداق قىلىپ ئېرىتىپ، ئاندىن پلاستىنكىغا ئۈستى-

گە قويغانلىقىغا زەن سېلىپ قاراۋاتاتتى.
—مىكروسكوپ جازىسىنى قۇراشتۇرۇپ بولدىڭىزمۇ؟ — پەس ئاۋازدا سورىدى هاندرىك.
— هەئە.
— ماڭا ياردەملىشىپ ئۈچ ئۇلۇش تېررامېتسىنغا بەش ئۇ-لۇش ئاۋرومىتسىننى ئارىلاشتۇرۇڭ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئىككى ئۇلۇش سۇلفانىلامىد قوشۇڭ.
— نېمىشقا سۇلفانىلامىد قوشىمىز؟ — بېشىنى چايقىدى ئە-رەب دوختۇر. هاندرىك بېشىنى كۆتۈرمەستىن ئاۋۋالقىدەكلا ئەينەك پارچىسىغا سۇرتۇلگەن قاننى تەكشۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ ئاستىنقى كالپۇكى ئالدىغا سەل دوردىيىپ چىققاندەك ئىدى.
”بۇ بىلگىلى بولمايدىغان كېسەل ئەسلى تەندىكى ۋىتامىنلار بۇزۇۋېتىلگەن تەقدىردىمۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا زىيان يەتمەيدىغان بىرخىل باكتېرىيەمۇ-قانداق؟ هازىرغىچە يولنى خاتا ماڭدۇقمۇ-يا؟ ئەمدى ۋىتامىننى ئاسرايدىغان سىناق ئېلىپ بار-ساقمىكىن.“
ياش دوختۇر هاندرىك سۇنۇپ بەرگەن قان سۇرتۇلگەن پارچىنى ئېلىپ، مىكروسكوپ ئاستىغا قويدى.
ئىككى دوختۇر ئۈن-تىنسىز ئىشلىمەكتە. ئۆي ئىچىدە پەقەت تەجرىبە نەيچىلىرىنىڭ تاسادىپىي چىرىسلاشلىرى هەمدە قىزدۇرغۇچ شېشىلەرنىڭ بىر-بىرىگە تېگىپ جىرىڭلاشلىرى ۋە ئاياغ تىۋىشلىرىلا ئاڭلىناتتى. رەستىدە بىر باققالنىڭ خېرىدار چاقىرغان ئاۋازى هەم ئېتىلگەن دېرىزىدىن ئاڭلاندى، ئۇ ياڭاق سېتىۋاتقان بولۇپ، قۇلاقنى پاڭ قىلىپ قويغۇدەك دەرىجىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

ۋارقىراپ خىرىدار چاقىراتتى.

قىرىنداش قەلەم قەغەز ئۈستىدە شىرىلدايتتى.

قىرىنداش قەلەم بىلەن ئۇدا خاتىرە يېزىلىۋاتاتتى.

نىپىز رىزىنكە پەلەي كىيگەن بىر قول بىر قانچە پارچە ھەم كىچىك ھەم تار كەلگەن ئەينەك تاختاينى باشقا بىرسىنىڭ قولىغا سۇنۇپ بېرىۋاتقاندىمۇ قىرىنداش قەلەم شىرىلداشتىن توختىمايتتى . . .

قىرىنداش قەلەم بىلەن باشتىن-ئاخىر مۇنداق بىر خىللا خەت يېزىلاتتى:

B. O . . . كېسەللىكتە ئۆزگىرىش يوق!

بۇ ئىش ئۇدا چۇش ۋاقتىغىچە بىرنەچچە سائەت داۋاملاشتى.

ئىككى دوختۇردىن ھېچكىممۇ بىرەر ئېغىز گەپ-سۆز قىلمىدى، ئىككىلىسىلا گەپ قىلىشتىن قورقاتتى، چۈنكى ئېغىز ئېچىشسىلا ئاۋازلىرىدىن مەغلۇب بولغان كەيپىياتى بىلىنىپ قالاتتى.

شۇ كۈنى كەچلىكى، جېككۈرىن دۇمبىلا ھاندرىكنى ئۆيدە ساقلاۋاتاتتى.

ھاندرىك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، مەيۈسلەنگىنىچە تەجرىبىخانىدىن ئۈمىدسىز قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئۇ ھاندرىكقا بىر ئىستاكان قەھۋە دەملەپ، بالكونغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ قارا رەڭدىكى سۆيۈقلۇققا قارىدى، مادار قالمىغان بېشى ئىككى قولى ئارىسىغا ساڭگىلىدى.

— كېسەللىكتە ئۆزگىرىش يوق، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.
— بىلمەن، پاۋىل.

جېككۇرىن توقۇلما ئورۇندۇقنىڭ يان يۆلەنچۈكىگە ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بويىنىنى قۇچاقلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ يۈزىگە ياقتى.

— سىز ھامىنى بىر كۈنى جاۋابقا ئېرىشىسىز، — دېدى جېككۇرىن ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ئىشەنچ بىلەن.

ھاندرىك رايى قايتقان ھالدا مۇرىسىنى چىقىرىپ قويدى، ئاندىن قەھۋەنى ئاز-ئازدىن ئوتلىدى.

— تەلىيىمگە يارىشا سىز يېنىمدا، جېككۇرىن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا جېككۇرىننىڭ مۈرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ.

ئىلگىرىكى بىرنەچچە ھەپتە ئىچىدە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئازراق ئۆزگىرىپ قالغانىدى.

ھاندرىك قۇملۇقتىكى بۈيۈك سەپىرىنى تاماملاپ راگۇئېتقا كەلگەن ۋاقتىدا، يەنە بىسكرادىكىگە ئوخشاشلا تەييارلاپ تەق قىلىپ قويۇلغان تەجرىبىخانىنى كۆردى. جېككۇرىن شۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئۇنى قارشى ئالدى. مۇدىر ۋراچ فان بېل دادىسىغا ئوخشاش كۆلۈمسىرىگىنىچە ھاندرىكنىڭ مۈرىسىگە قوش قوللاپ ئۇرۇپ قويدى.

— مۇبادا سەپەردە سىزدىن چاتاق چىقىپ قالغان بولسا قانداق قىلاتتۇق-ھە، — سادىقەتمەنلىك بىلەن ئېيتتى ئۇ، — مەن بۇ قىزنى دەپ، سىزگە ئالەمنىڭ يوقىدىن بەخت تىلەيمەن...

بۇ ھاندرىك ئۈچۈن ھەقىقەتەن ئازدۇر-كۆپتۇر تەسەللى ئىدى. ئۇ قۇملۇقتا دوستانە بولمىغان مۇئامىلىگە ئۇچرىدى، تەكشۈرۈپ داۋالاشقا ئالدىنئالا قوشۇلغان نۇرغۇن كېسەللەر كې-

www.uyghurkitap.com

تىپ قالدى؛ ھېرد شۆپىتنىڭ ئازراقمۇ ئىز-دېرىكىنى ئالالماي، ئۇنىڭ بىلەن قايتا دىدار كۆرۈشۈشنىڭ نېسىپ بولمايدىغانلىقىنى جەزملەشتۈردى. ھاندرىك ھېرد شۆپىتنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئويـلايتتى، ئەمما بۇ بەسى مۇشكۇل ئىدى. ئۇ ئامالسىز ئۇنىڭ رەسىمىنى گۈزەل ئەستىلىكلەر سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ ساقلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئاققان سۇدەك ئۆتۈۋاتقان رېئال تۇرمۇشقا يۈزلەندى.

بىر كۈنى كەچلىكى ئۇلار تۇگىمىگۈللەر ئاستىدا ئولتۇرۇپ جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلارنى تاماشا قىلىشىۋېتىپ، ھاندرىك جېككۇرىننى باغرىغا بېسىپ گەپ-سۆزسىز، ئىزاھاتسىزلا سۆيدى؛ جېككۇرىن ئۇنىڭ سۆيۈشىنى قوبۇل كۆردى ھەمدە بىرەر ئېغىزمۇ گەپ-سۆز سورىماستىن ئۇزۇن زامان پىنھان ساقلاۋاتقان يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى سۆيۈشكە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا بېغىشلىدى. ئۇ ھاندرىكنى چۈشىنەتتى، ھاندرىكنىڭ سۆيۈشلەرى كۆلكە ئىچىدىكى ئۈمىدسىزلىك ۋە ئۆتمۈشتىن قېچىش ھەمدە ئۈمىد ۋە ئېسەنگىرەشنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى.

شۇ كۈنى كەچتىن باشلاپ جېككۇرىننىڭ تۇرمۇشىدا ئۆزگىرىش بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاللىقاچان ھاندرىك بىلەن بىرلەشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئۇ ھاندرىكنىڭ ئىشلىرىغا باشتىن-ئاخىر قاتناشتى. ئۇ ھاندرىكقا ئەگىشىپلا يۈردى، بىسكرادىكى ۋاقىتىدىكىدىنمۇ بەكرەك ئەگەشتى. . . ھاندرىكنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىردى، ئۇ ھاندرىكنىڭ يېنىدا بولغاندىن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيدىغاندەك ھېس قىلاتتى.

جېككۇرىن پەقەت كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن ۋاقىتتىلا ھېرد

شۇڭىنىڭ قايتا پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن غەم يەيتتى. ئۇ ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، بەختلىك، شېرىن چۈشلىرىنىڭ بەربات بولىدىغانلىقىنى، ھاندرىكنى دەپ قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ بىكار كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرۈشۈشتىلا ھاندرىكنى كۆندۈرۈۋالغانلىقىنى بىلەتتى.

لېكىن، جېككۈرىن رېئال تۇرمۇشنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى سۈرۈۋاتاتتى، ئۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ھاندرىكنىڭ ئۇنىڭغا ئاتا قىلغان مۇھەببىتىگە غەرق بولۇپ كەتكەن بولۇپ، بەئەينى ئۇسساپ-چاڭقاپ كەتكەن ئادەمدەك، ئۇنىڭ شېرىن-شېكەر شەر-بىتىنى بارئىشتىياقى بىلەن سۈمۈرۈۋاتاتتى. ھاندرىكمۇ بۇنداق مۇھەببەت بۇلىقىنىڭ كۆنلەرنىڭ بىرىدە قۇرۇپ تۈگەيدىغانلىقى-نى بىلەتتى.

ھاندرىك نەزىرىنى باغقا ئاغدۇرغىنىچە ئىستاكاندىكى قەھ-ۋەنى ئىلەشتۇردى. بۇخىل باش ئەگدۈرمەك تەسكە چۈشۈۋاتقان كېسەل ئالدىدا ئۇ سەۋر-تاقەتسىز، تەۋرىنىشچان بولۇپ قالغان، ھەتتا پۈتۈنلەي بەل قويۇۋەتكەنىدى.

— مەن زادى ئىشلىيەلمىگۈدەكمەن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز-دا، — مەن بىر چوڭ تاغنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن، تاغ چوققىسى-غا چىقىشقا ماغدۇرۇم يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن باشقا بىر تاغ جىلغى-سىنى كۆرەلمەيۋاتىمەن، بەلكىم ئاشۇ تاغ جىلغىسى نىشانلىغان جاي بولۇشى مۇمكىن! بۇ ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، جېككۈ-رىن، ئەمما بۇ تاغ جىلغىسىدىن كېيىن تېخىمۇ ئېگىز تاغ بولۇشىمۇ مۇمكىن! ئەمما، نىشانلىغان جاي جەزمەن بار!

قىز ھاندرىكنىڭ كۆزلىرىگە سۆيۈپ، يۈزىنى سىلىقىنە

سىلايىتتى، مۇلايىم سۆزلەيتتى.

— مەن بىلەن فرانسىيىگە كېتىڭ، — دېدى جېككۇرىن پەس ئاۋازدا.

— تەنتەنىقاتىمنى ئۈزۈپ قويۇپمۇ؟

— شۇنداق. بىز نىم دېگەن يەردە ياشايمىز، بىزنىڭ ناھايىتى چوڭ شىپاخانىمىز بولىدۇ، بىز كاتتا ئۇمىد بىلەن بىرخىل ۋىرۇسقا جەڭ ئېلان قىلغانلىقىمىزنى ئۇنتۇپ كېتىمىز. تۇرمۇش كۆز ئالدىمىزدا تۇرسا، نېمە ئۈچۈن بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەتنى كۆرۈپلا ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىمىز؟ سىزنى ياخشى كۆرىمەن، پاۋىل. ئەجەبا، بۇ قورقۇنچلۇق قۇملۇقتىن تېخىمۇ قىممەتلىك ئەمەسمۇ؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، جېكـكۇرىنـنىڭ قولـىنى چىڭ سىقتى.

— دېگىنىڭىز توغرا، جېككۇرىن، لېكىن، ناۋادا ھەممىدىن قول ئۈزسەم، قورقۇنچاق سانىلىپ قالارمەنمىكىن؟

— سىزنى ھېچكىم ئەيىبلىمەيدۇ! مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا سىز ئەبەدىي خاسىيەتلىك دوختۇر، مېنىڭ ئۇلۇغ ئوماق يىگىتىم، — قىز يەنە ھاندرىكنى سۆيۈپ قويۇپ، بېشىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويدى، — لەنىتى ئافرىقىدىن ئايرىلساقلا، كۈنىمىزنى ناھايىتى بەختلىك ئۆتكۈزەتتۇق.

ھاندرىك بېشىنى لىڭشىتتى.

— بىز ناھايىتى بەختلىك بولىمىز، جېككۇرىن، ئەمما، بىز ھېلىقى تاغدىن جەزمەن ھالقىپ ئۆتۈشىمىز كېرەك.

ئۇ كالىلىسىنى چايقىغىنىچە ھاندرىكنىڭ بېشىنى چىڭ قۇ-

چاقلىۋالدى.

—يۇرۇڭ، بىرگە فرانسىيىگە كېتەيلى، —دېدى جېككو-رىن تاقەتسىزلىك بىلەن. ئۇنىڭ نەپىسى تېزلىشىپ، كۆزىدىن قورقۇۋاتقانلىق ئالامىتى ئايان بولدى، —بىز ئۆز بەختىمىزنى ئويلايلى! سىز گېرمانىيە تەرەپكە، بۇ يەرنىڭ ھاۋا كىلىماتىغا چىدىيالمىدىم، داۋاملىق ئىشلەۋېرىشكە ئامالسىز قالدىم، بۇ يەردىن جەزمەن ئايرىلىشىم كېرەك، دەڭ. مېنى دەپ بولسىمۇ بۇ يەردىن كېتەيلىچۇ...

—مېنىڭغۇ تازا شۇنداق قىلغۇم بار، جېككورىن...

—دېدى ھاندرىك سۇدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋېتىپ، —مەن ئافرىقىدىن نەپرەتلىنىمەن...

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ جېككورىن دەرھال گېرمانىيىلىك ھېلىقى قىزنى ئەسكە ئالدى. ”ئۇ مېنى سۆيگەن بىلەن يەنىلا ھېلىقى قىزنى ئەسلەۋاتىدۇ! ھاندرىك شۇ قىزنى دەپ بۇ زېمىندىن نەپرەتلىنىدۇ، چۈنكى بۇ زېمىن ھېرد شۆيىتنى يۇتۇپ كەتتى، شۇ سەۋەبتىن...“ ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ، ئۆزىنى باشقا ئىشلارنى ئويلىماسلىققا، پەقەت ھاندرىكنىڭ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرغان قوللىرىنى ئويلاشقا زورلىدى.

—ئۇنداقتا، مەن بىلەن كېتىڭ، پاۋل، —دېدى ئۇ يىغلاملىق ئاۋازدا ئاغزىنى ھاندرىكنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكىلىپ.

ھاندرىك نەزىرىنى ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرىدىن يۆتكەپ، بىپايان قاراڭغۇلۇققا تىكىلدى. يىراق جايدىكى ھەيۋەتلىك ئاففول تېغى ئاي نۇرىغا بۆلۈنۈپ ياتاتتى.

—مەن سىناپ كۆرەي، —دېدى ھاندرىك پەس ئاۋازدا، —

ئەتىلا هامبۇرگقا خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ مەن بىلەن تۇرگەن توختامنى بىكار قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ باقاي. . . مېنىڭ ئامالىم يوق، جېككۇرىن، مەن خاتىرجەملىككە موهتاج. . .

— بىز ناهايىتى بەختلىك بولىمىز. . .

— شۇنداق، جېككۇرىن.

— قاچان خەت يازماقچىسىز؟ — سورىدى ئۇ.

— ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە، — دېدى هاندرىك ئىككىلەنگەن هالدا، — ئەڭ ئاخىرقى تەجرىبىنى ئىشلىۋەتكۈم بار.

جېككۇرىن ئاچچىق كۈلۈپ كەتتى.

— بەل قويۇۋەتمەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، — دېدى ئۇ، — ئىشىنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىپ، بۇ دۆلەتتىن بالدۇرراق كېتىپ قېلىشىمىز ئۈچۈن مەن سىزگە هەمدەمدە بولاي.

شۇ ۋاقىتتا، قوملۇقتىكى بوستانلىقنىڭ چېتىدىن ئاسىيا بۆرىسىنىڭ هوۋلاشلىرى ئاڭلاندى. كارۋانلار چۈشكەن مەيدانغا ئەمدىلەتىن كەلگەن تىجارەتچىلەر ۋارقىراپ-جارقىرىشىپ خېرىدار چاقىرغاچ مال چۈشۈرۈۋاتاتتى. هەربىي لاگېردىن ناخشا سادىسى ياڭرىدى. هەربىي دوختۇرخانا تىمتاس قاراڭغۇ كېچىدە ئۇيقۇغا غەرق بولغانىدى.

— ئازراق مۇزلاۋاتىمەن، — دېدى جېككۇرىن تىترىگەن هالدا مۇرىسىنى قىسقاچ.

هاندرىك ئۇنى قۇچاقلىدى، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرگىنىچە بالكوندىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئاسىيا بۆرىسى يەنىلا هوۋلاۋاتاتتى. . .

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مۇدىر ۋراچ فان بېل ئىشقا چىقمايدىغان دوختۇرلارنى كىچىك دائىرىدە ئۇۋغا چىقىشقا تەكلىپ قىلغانىدى. هاندرىكمۇ تەكلىپكە بىنائەن قاتناشتى. ئۇ تەجرىبىخانىغا قۇلۇپ سالدى، چۈنكى ياش ئەرەب دوختۇر هالسىزلىنىپ، ئۆيىگە دەم ئېلىشقا قايتقانىدى.

ئۇلار يوغان ئۈچ تايغاننى ئەگەشتۈرۈپ تاغلىق رايونغا كىردى، ئاندىن فان بېلنىڭ پىلانى بويىچە بىرقانچە تاغ جىلغىسىغا تارالدى. بىرگە بارغان نۇرغۇن بەربەرلەر ۋە سانىتارلار توقماق-كالتەكلەرنى كۆتۈرۈشۈپ، تاغ جىلغىسىدا كۈتۈۋاتقان ئوۋچىلارنىڭ قارىغا ئاتقاندەك ئېتىشى ئۈچۈن هايۋانلارنى تاغ جىلغىسىغا كىرگۈزمەكچى بولۇپ قىيا تاشلارنى ئۇرۇپ باقاتتى، ۋارقىراپ-جارقىرايتتى.

كىشىلەر تارىلىپ كېتىشتىن بۇرۇن، فان بېل ئوۋ مىلتىقى بار دوختۇرلارنى يېنىغا چاقىردى.

— جىمىكى ياۋايى هايۋانلارنى ئاتساڭلار بولىدۇ، ئەپەندىلەر، — دېدى ئۇ ئۈنلۈك ئاۋازدا، — بۇنىڭ ئىچىدە مايمۇنمۇ بار، گەرچە بەزىلەر بۇخىل ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىشىنى خالىمىسىمۇ مەيلى. ئەمما، بىرنەرسىنى ئاتساڭلار بولمايدۇ، مانا شۇ نەرسە شىر! بۇ يەردە شىرنىڭ بار-يوقلۇقىدىن خەۋىرىم يوق، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئاتلاستا ئىككى يۈزلا شىر قاپتۇ، ئۇلارنى تەبىئىي مۇھاپىزەت قىلىش تەشكىلاتى مۇھاپىزەت قىلىدۇ، شۇڭلاشقا، ناۋادا شىر كۆز ئالدىڭلاردىن ئۆتسە، ئۇ كىشىنى نەقەدەر جەلپ قىلسىمۇ، سىلەر سوغۇققانلىق بىلەن ئۇنى كەتكۈزۈۋېتىڭلار.

www.uyghurkitap.com

شىر هازىر سانى كۆپ بولمىغان. شىمالىي ئافرىقىنىڭ سىرلىق-
لىقى ۋە ئۇلۇغلۇقىنىڭ شاھىدى بولالايدىغان ئەتىۋارلىق ھايۋان-
لارنىڭ بىرىدۇر. بىز ئافرىقىنى ھايۋان تېرىسى ئۈستىگە يالى-
ڭاچلاپ قويماسلىقىمىز كېرەك! بۇنى چۈشىنەلەيدىغان-
لىقىڭىزلارغا ئىشىنىمەن، ئەپەندىلەر.

دوختۇرلار باش لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرگەندىن كېيىن
جىلغىلارغا تارالدى. فان بېل بىلەن ھاندرىك ئاگاۋا ھەم ياۋا
زەيتۇن قاپلاپ كەتكەن تار جىلغىنى ئىگىلىدى. ئۇلار بىر دۆۋە
تاش ئۈستىدە گەۋدىسىنى يېرىم چىقارغىنىچە ئولتۇرۇپ، قا-
ۋۇل، بەستلىك بىر ئەرەبنىڭ ھايۋانلارنى ھەيدەش ئەترىتى ئۇ-
يۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆردى.

فان بېل سائىتىگە قاراپ قويۇپ، ئۈۋچىلارنىڭ تەق بولۇپ
بولغانلىقىنى پەملەپ، بىر قولىنى كۆتۈردى. ھايۋانلارنى ھەي-
دەش ئەترىتى ھايت-ھۇيت دەپ ۋارقىرىشىپ ئۇزۇن كالتەكلەر
بىلەن قىيا تاشلارنى ئۇرغىنىچە بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىشكە
باشلىدى.

جىلغىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، گەۋدىسى ئۇزۇن، تۈكى يې-
رىك كەلگەن بىر ياۋايى ھايۋان چاپچىپ قېچىۋاتاتتى. فان بېل
كۈلگىنىچە ئۇۋ مىلتىقىنى نىشانغا توغرىلىدى.

— بىر جەيرە ئىكەن ئەمەسمۇ! ياخشىغۇ، بىز بۇ يەردە
بۆكەن ۋە قارا ئارقارنىڭ كېلىشىنى سۈكۈنات ئىچىدە كۈتەيلى-
چۇ! سىزگە شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سۆيۈملۈك كەسپدىشىم،
قۇملۇق سۈلەيسۇنى ئەڭ ياخشى غەنىيمەت ھېسابلىنىدۇ. لېكىن-
زە، ناۋادا تەلىيىمىز ئوڭدىن كېلىپ قاپلاننى يولۇقتۇرساق

كارامەت ئىش بولاتتى-دە!
بۇ ۋاقىتتا، تۇك تاشلىغان بىر توپ مايمۇن ئاگاۋا شاخلىرىدىن تاقلاپ ئۆتۈپ كەتتى. مايمۇنلارنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن بولۇپ، پارقىراق ھەم ياپىلاق يۈزلىرى ۋەھىمىدىن پۈرۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار بىر چاتقالدىن يەنە بىر چاتقالغا شۇڭغۇپ ئۆتەتتى، ئالاق-جالاق بولۇپ چىر-چىر چىرقىرىشاتتى.
فان بىل پەس ئاۋازدا ئېيتتى:
— ئوماق مايمۇنلارنىڭ ئارىسىدىن بىرسى ھەش-پەش دېگۈچە جېنىدىن ئايرىلىدىغان بولىدۇ-دە. . . ياق، قەدىرلىكىم، بۇ بەك قورقۇنچلۇق ئىش. پەقەت مېھىر-شەپقەتسىز ئادەملا ئاندىن مايمۇن گۆشى يەيدۇ. مەن ئۇنداق قىلالمايمەن! ئەنە ئاياققا قارالڭ، ھاندرىك دوختۇر، كۆككە بوي سوزغان ئاۋۇ زەيتۇن دەرىخىنىڭ ئۈستىدە بىر ”دەرەخ ئىلاھى“— ئىت باش مايمۇننىڭ كۆركەم ئۆرنىكى تۇرامدۇ! ئۇ سەكرەپ چۈشكەن ھامان بىز ئۇنى توسايلى! بىرىنچى پاي ئوقنى ئاۋۋال سىز چىقىرىڭ.
ئۇلار ئاگاۋا دەرىخىنىڭ تىكەنلىك يوپۇرماقلىرى توسۇپ تۇرغان تاش دۆۋىسى ئۈستىدە مىدىر-سىدىر قىلماستىن ئولتۇراتتى.
”دەرەخ ئىلاھى“ يەنىلا ئېگىز دەرەخ ئۈستىدە ئىدى، ئۇ ھايۋان ئۈركۈتۈش ئەترىتىگە ئېگىشىپ قاراۋاتاتتى، ئالدى پۇتلىرى بىلەن تىزىغا گىرە سېلىۋالغانىدى. ئۇ شۇ تەرىقىدە مىت قىلماستىن زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۈن-تىنسىز كۆزىتىۋاتاتتى.
قوشنا تاغ جىلغىسىدىن تۇنجى مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

بىر قارا ئارقار پەيدا بولدى، ئەمما هاندرىك بىلەن فان بىل مىلتىقىنى قولىغا ئېلىپ بولغۇچە ئۇ قېچىپ كەتتى. يىقىن ئەتراپتىكى تاغ جىلغىسىدا يەنە بىر پەس قالايمىقان مىلتىق ئاۋازى ياڭرىدى. بۇ ۋاقىتتا، بىر ئەرەب تۆپىلىكتە ھاسىراپ-ھۆمىدىگىنىچە ”بىر قاپلان كەلدى!“ دەپ قويۇپلا غايىب بولدى. ئارقىدىنلا مىلتىق ئاۋازى بىرقانچە جىلغىغا تارالدى. قاپلان قېچىۋاتاتتى، ئۇ ھەربىر پاي ئوقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، باش-تىن-ئاخىر يىقىلمىدى.

كىشىلەرنىڭ ھايت-ھۇيت قىلىشقان ئاۋازى يىراقلاشقاندىن كېيىن، ”دەرەخ ئىلاھى“ ئاستا-ئاستا پەسكە چۈشتى. ئۇ تۆت ئەتراپقا بىر قۇر كۆز يۈگۈرۈتكەندىن كېيىن سەكرەپ-تاقلىغىنىچە پەستىكى داۋانغا قاراپ يۈگۈردى، ئۇ بىر چاتقالدىن يەنە بىر چاتقالغا سەگەكلىك بىلەن سەكرەيتتى. ئەتراپتىكى بىر جىلغىدىن مىلتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، كەينىدىنلا بىر قارا ئارقار چىرقىرىغىنىچە ياندىن ئۆتۈپ كېتىۋىدى، ”دەرەخ ئىلاھى“ دەر-ھال زوڭ ئولتۇرۇۋالدى.

— ئاۋۋال ئوق چىقارماي تۇرۇڭ، — دېدى فان بىل پەس ئاۋازدا، — ئاسىيا بۆرىسى ۋە سىرتلان دېگەنلەر ئەخلەتكە ئوخ-شاش ئەرزىمەس نەرسىلەر، ئەمما بۇ ئىت باشلىق مايمۇن بەلەن ھايۋان-دە!

ھاندرىك مىلتىقنى قولىغا ئېلىپ، ئوق ئۈزۈشكە تەييارلان-دى. ئۇ قارىغا ئالغۇچ ئارقىلىق ”دەرەخ ئىلاھى“نىڭ ئېتىش ئارىلىقىغا كىرگەنلىكىنى ئېنىق كۆردى. ھاندرىك كۈتۈۋاتاتتى، ئىت باشلىق مايمۇن ۋادىغا يېقىنلاشقانسېرى، ئۇنىڭ مىلتىقىمۇ

نىشانغا ئەگىشىپ يۆتكىلەتتى. ھاندرىك تۇيۇقسىز زەيتۇن دەرىخى ئارىسىدىن سەكرەپ چىقىپ، چوقچىيىپ تۇرغان بىر قىيا تاش ئۈستىگە چىقتى.

—تېز ئېتىڭ، —دېدى فان بېل پەس ئاۋازدا. "پاڭ" قىلغان مىلتىق ئاۋازى تاغ جىلغىسىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى. ئىت باشلىق مايمۇن يۇقىرىغا بىر سەكرەپ ئىككى ئالدى پۇتى بىلەن كۆكرىكىنى تۇتۇۋالدى، ئاندىن چىرقىرىغىنىچە يۇگۇرۇپ بېرىپ، جىلغىدا ئۆسكەن بىر سېدىر قارغايىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئۇ شاخقا ئولتۇرۇۋېلىپ، مىلتىق ئاۋازىنىڭ قاياقتىن كەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ھاڭۋاققىنىچە تۆپىگە قارايتتى. ئۇ بەئەينى كىچىك بالىدەك يىغلاپ، ئىككى ئالدى پۇتى بىلەن بەدىنىنى توسۇۋالغانىدى. ھاندرىك قانىنىڭ ئىت باشلىق مايمۇنىنىڭ ئىككى ئالدى پۇتىنىڭ ئاستىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇ چۆچۈپ تەتۇر قارىۋالدى.

—چىدىيالماي قېلىۋاتىمەن! —دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، —بۇنداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن بولسام، ھەرگىز ئوق چىقارمايتتىم.

"دەرەخ ئىلاھى"نىڭ گەۋدىسى ئىغاڭلاشقا باشلىدى، ئۇ ئالدى پۇتى بىلەن دەرەخ شېخىنى مەھكەم قاماللىۋالغانىدى. ئۇ دەھشەتلىك چىرقىرايتتى، خۇددى بىركىم يارىدەم بېرىدىغاندەك كۆزلىرىنى چوغدەك قىزىل كۆككە تىككەنىدى.

—ئۇ بەك قىينىلىپ كەتتى، —دېدى فان بېل يۇقىرى ئاۋازدا ۋە مىلتىقىنى توغرىلاپ تەپكىسىنى باستى.

چىرقىراش ئاۋازى جىمىپ كەتتى. ئىت باشلىق مايمۇن

www.uyghurkitap.com

كۆككە يەنە بىر تەلمۈرۈپ قارىدى، ئۇنىڭ بىرجۈپ كۆزىدىن چەكسىز ئىسەنگىرەش چىقىپ تۇراتتى، ئارقىدىنلا ئۇ سېپدىرقا-رىغايدىن تاشنەكلا دومىلاپ قىيا تاش ئۈستىگە چۈشتى.

ئۇنىڭ كۆز قارىقى ئارقىسىغا تارتىلىپ كەتكەنىدى.

ساداقەتمەن بوبو مانا مۇشۇنداق ئۆلۈپ كەتتى...

ئىككى دوختۇر ئالدىرىماي-تېنىمەي جىلغىغا چۈشۈپ، "دەرەخ ئىلاھى"نىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار چۆچۈگىنىچە بىر-بىرىگە هاڭ-تاڭ بولۇپ قارىشىپ قالدى.

— كۆندۈرۈلگەن ئىت باشلىق مايمۇن ئىكەن ئەمەسمۇ، ئۇ مۇهاسىرىدىن قېچىپ چىقىپ كېتەلىدى! تېخى ئۇنى تىرىك تۇتۇۋالارمىز دەپ يۈرۈپتۇق.

فان بىل ئېگىلىپ، بوبونىڭ بويىنىدىكى كىچىك كۈمۈش قوڭغۇراقنى يەشتى. هاندرىك بىر ياندا تۇردى، ئۇ ئىت باشلىق مايمۇنغا يېقىنلىشىشقا پېتىنالمىدى، ئۇنىڭ چىرقىراپ-ئېڭىر-غان ئەكس ساداسى تېخىچە ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە ياڭراپ، ئۇنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرمەكتە ئىدى.

— بۇ يەردە بىر باغاقچە بار ئىكەن، — دېدى فان بىل هەيران بولۇپ، — قىزىق ئىش، خەت تېخى نىمىسچە ئىكەن.

— نىمىسچە؟ قېنى مەن كۆرۈپ باقايچۇ! — هاندرىك باغاق-چىنى ئۇنىڭ قولىدىن يۇلۇپلا ئالدى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى بىر قۇرنى كۆرۈپلا دەلدۈگىنىپ كەتتى.

— "هېرد!" دەپ توۋلىدى ئۇ، — فان بىل دوختۇر، هېرد-نىڭ خېتى ئىكەن! — ئۇنىڭ قولىدىكى باغاقچە تىترەيتتى. ئۇ خەتنى تولۇق كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، مەزمۇنىنى فان بىلغا

تەرجىمە قىلىپ بەردى:

”مېنى قۇتقۇلدۇرۇۋېلىڭلار، مەن راگۇئېتقا يېقىن يەردىكى بەر-بەر كەيناف سايتىنىڭ قولىدا. مەن گېرمانىيىلىك قىز، مەن ئەرەبلەرگە سېتىۋېتىلدىم! مېنى تېز كېلىپ قۇتقۇلدۇرۇۋېلىڭ-لار!

ھېرد شۋېت.“

ھاندرىك قىيا تاشقا يۆلىنىپ قېتىپ تۇرغىنىچە، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالغان مۇدىر ۋىراچقا قارىدى.

— مەن بۇ ئىت باشلىق مايمۇننى — قىزنىڭ ئەلچىسىنى — ئېتىپ تاشلاپتىمەن ئەمەسمۇ! ئاھ خۇدا. . :

— ئەرەبلەرگە سېتىۋېتىلدىم دېگىنى نېمىسى — دېدى فان بېل ئاستاغىنە، — ئەجەبا، ئالجىرىيىدە تېخىچە ئادەم سودىگەر-لىرى بارمىدۇ؟ بىز دەرھال مۇداپىئە قىسىمغا ۋە ئالجىر تەرەپكە ئۇقتۇرايلى!

— بىز دەرھال شۇ يەرگە بارايلى! — دېدى ھاندرىك ۋارقى-راپ، — بۇگۈنلا، ھازىرلا يولغا چىقايلى! كەيناف سايىت بىزگە يېقىن ئەتراپتا تۇرىدۇ! تېز بولايلى، ۋاقىتنى قىلچىمۇ ئارقىغا سوزمايلى. . .

يېرىم سائەتتىن كېيىن بىر تېلېگرامما ئالجىرغا يوللاندى. ئەسكەرلەر بىلەن لىق تولغان ئۈچ جىپ ماشىنا لاگۇئېتتىكى

www.uyghurkitap.com

مۇداپىئە قىسىم لاگىرىدىن چىقىپ ھەربىي دوختۇرخانىغا كەلدى. فان بېل ”دود گې“ ماركىلىق دالا ماشىنىسى بىلەن ئۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى. مۇدىر ۋراچ ئۆزى رول ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ماتورنى ئوت ئالدۇردى، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھاندرىك يوتىسىغا بىر ئاپتوماتىك تاپانچا قويۇۋالغانىدى. بىرلا ۋاقىتتا، 250 كىلومېتىر جەنۇبتىكى 3-نومۇرلۇق قورغاندىمۇ تېلېفون قۇلاقنى پاڭ قىلىۋەتكۈدەك دەرىجىدە جىرىڭلاپ كەتتى. كاپىتان يۇروشېنى تۇرۇپكىنى قولىغا ئالدى. ھايال ئۆتمەي پۇتكول قورغاندا جىددىي يىغىلىش سىگنالى ياڭرىدى. چەت ئەل كورپۇسىدىكى ئەسكەرلەر پاناھ جايىدىن بىر-بىرلەپ ئېتىلىپ چىقتى.

گېرمانىيىنىڭ ئالجىرىيىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلى ھىلېت فان ئىسھاگېنمۇ باش ۋالىينىڭ چاقىرتىشى بىلەن دەرھال ئالجىر شەھىرىدىكى ئاق ئوردىغا يېتىپ كەلدى. بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ ئوردىدىن چىقىپ، ھەش-پەش دېگۈچىلا مېسسۇن ئايرودرومىغا يېتىپ باردى. بۇ يەردە ساقلاپ تۇرۇۋاتقان بىر ھەربىي ئايروپىلان ئۇنى ئېلىپ راگۇئېتقا ئۇچۇپ كەتتى.

بۇسادا، بىسكرا، تۇغۇرت، گېردىئا، گېلىيە ۋە راگۇئېتتا جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈلگەنلىكى ئېلان قىلىندى.

فان بېلنىڭ ”دودگې“ ماركىلىق دالا ماشىنىسى ۋە ئۈچ جىپ ماشىنا كېچە-كۈندۈز جەنۇبقا قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى.

”مېنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىڭلار!“

ھاندرىك يۈرىكىنى ھەرىكەتتىن توختاپ قالغاندەك ھېس قىلدى، شۇ تاپتا بىر چوڭ تاش ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن بېسىپ

مەن ئۆزۈمنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيتتىم.

ئەتراپتىكى جىمى نەرسە پىرقىراۋاتاتتى، پۈتكۈل قۇملۇق كۆز ئالدىمدا بەئەينى چوڭ يۇمىلاق تەخسىدەك چۆگىلەۋاتاتتى، بىر سېرىق شار بېشىمغا چۈشۈۋاتاتتى.

زەڭگەر ئاسمان شۈنچىلىك يىراق، شۈنچىلىك بىپايان ئىدى، مەن ئامالسىز كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. لېكىن مەن ئىلگىرىلەشتىن ھەرگىز توختاپ قالمايتتىم. ھېلىقى مەينەت، مەنىسىز ھەم دىمىق كەلگەن 3-نومۇرلۇق قورغانغا قايتىشنىمۇ خالىمايتتىم! داۋاملىق ئىلگىرىلىشىم كېرەك، ملادشى لېيتېنانت گلانتۇس يېلىنىپ ئۆتۈنگەن تەقدىردىمۇ قايتىپ كەتمەيمەن!

مەن ئەڭ ئاخىرىدا كېلىۋاتقان جىپنىڭ كەينىدىكى رەتتە ئولتۇرۇپ، قۇم-توپا توزۇۋاتقان چۆلدە ئىلگىرىلەۋاتاتتىم. سېلسىيە 60 گرادۇسلۇق پىژ-پىژ ئىسسىقتىمۇ مۇزلاۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلاتتىم. قىزىتمام ئۆرلەپ كەتكەنىدى، قىزىتمام ئۆرلەپ كەتكەچكە كۆڭلۈم ئاينىپ، ئاجىزلاپ ماغدۇرسىزلىنىۋاتاتتىم.

نېمىشقا قىزىپ قالغىنىمنى ھېچ بىلەلمىدىم، ئالدىن ئازراقمۇ ئالامىتى كۆرۈلمىگەنىدى. . . كاپىتان پۈروشېنىنىڭ ئۆيىدە قارىغاي مېغىزى ھارىقى ئىچىۋاتقان چېغىمىزدا، تۇيۇقسىز ماڭا: ”دوكتور، چىرايىڭىز تاتىرىپ كېتىپتۇ، ئارامسىزلىنىۋاتامسىز؟“ دېگەنىدى ئۇ. ”شۇ ئەمەسمۇ، قۇملۇقنى سېغىنىۋاتىمەن“ دېگەنىدىم چاقچاق قىلىپ. ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە

پۇت-قولۇم ماغدۇرسىزلىنىپ ئورنۇمدىن تۇرالمىغىلى قىل قالـ
دىم. مەن دەلدەڭشىگىنىمچە پۇروشىنىنىڭ ئۆيىگە كەلگەن ۋاقـ
تىمدا، ئۇ گلانتۇس بىلەن بىللە بىر چوڭ خەرىتىنى ئېڭىشىپ
كۆرۈۋاتقانىكەن. ئۇ ماڭا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— گلانتۇس قوم-بوراندا گۆر ئاغزىدىن قايتقان ھېلىقى ياۋروپالىق قىزنى جەزمەن مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا دەپ قارايدىكەن، — دېدى.

يۈرىكىم ”قارت“ قىلدى-دە، ئامالسىز باش لىڭشىتىپ قويدۇم.

— دورۇس، قومنىڭ تېگىدىكى مەلۇم بىر جايدىدۇر. كىچىك قوم دۆۋىسىنىڭ ئاستىدا! چىرايلىققىنە قەبرىدە! بولدى، ئېيتمايلا قويۇڭ، كاپىتان! زادى ئاڭلىغۇم كەلمەيدۇ ئۇ گەپلەرنى...

— نېمە؟ — گلانتۇس يېنىمغا كېلىپ بىلىكىمدىن كاپ تۇتتى، — سىز نېمە دەپ ئۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كېتىسىز؟ نېمە بولدى سىزگە؟

— ئېھتىمال قوملۇق سەپراسى بولۇپ قالغاندۇرمەن، — دېدىم قوپاللىق بىلەن ۋە، — ماڭا 20 ئادەم، ئۈچ جىپ ماشىنا بېرىڭ... قۇدۇق قېزىش ئۈسكۈنىلىرىنى داۋاملىق ئىزدەيمەن... — دېدىم كەينىدىنلا ناھايىتى قاملاشمىغان گەپنى قىلىپ.

ھېچكىم ئۈندىمىدى. مەن پۇروشىنىنىڭ سەپەر كارىۋىتىغا دەرمانسىز ئولتۇردۇم، كۆزلىرىم، سىغىز توپىدا چىڭداپ قويۇرۇلغان تامغا ئورنىتىلغان دېرىزە رامكىسىنىڭ كۆلەڭگىسىگە

قادالغانىدى.

بۇ ۋاقىتتا، بىر خەۋەرچى كىرىپ، پۇروشىنىغا بىر باغاقچە بەردى. كاپىتاننىڭ كەينىدە تۇرغان گىلانتۇس باغاقچىدىكى خەتكە بىرقۇر كۆز يۈگۈرۈتتى-دە، ئالدىمغا ئېتىلىپ كەلدى:

—دوكتور، ھېلىقى قىزنى بىرسى ئىزدەپ تېپىپتۇ!

—بىرسى... ئۇنى... ئۇنى... ئىزدەپ...— دېدىم مەن كېكەچلەپ. قاتتىق چۆچۈپ كەتكەنلىكىم ئۈچۈن ئاۋازىم چىقماي قالدى. ئەمما تېزدىنلا بىرسىنىڭ ئۇ قىزنى ئىزدەپ تاپقانلىقىنى تولۇق ئاڭقىرىپ يەتتىم، دېمەك، ئۇ تېخى ھايات ئىكەن-دە! ، ئەجەبا قۇم-بوران ئۇنى كارۋانلار بىلەن بىللە يۇتۇپ كەتمىگەنمىدۇ؟! مەن چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، پۇروشى-نىنىڭ قولىدىن باغاقچىنى يۇلۇپ ئېلىپ، دېرىزە ئالدىغا بې-رىپ، ھەربىي تەرەپنىڭ تەمكىنلىكى قۇرغۇر خېتىنى ئوقۇشقا باشلىدىم:

راگۇئېت تەرەپنىڭ دوكلات قىلىشىچە، راگۇئېت ئەتراپىدى-كى بەربەر كەيناق سايىت ئۆيىگە ئاق تەنلىك بىر قىزنى قاماپ قويغان. ئۇ قىز گېرمانىيىلىك ئىكەن. پەرەز قىلىنىشىچە، مەزكۇر قىز بىر تۈركۈم ياش ئۇسسۇلچى قىزلارنىڭ ئىچىدىكى بىرسى ئىكەن، بۇ ئۇسسۇلچى قىزلار باشقىلار تەرىپىدىن ياۋ-روپادىن ئالجىرغا سېتىۋېتىلگەن، كېيىن يەنە قۇملۇقنىڭ ئىچ-كىرىسىدىكى ئەرەبلەر ئاچقان پاھىشىخانىغا ئېلىپ بېرىلغان. بۇ ئىش قىزلارنى ئالداپ سېتىش جىنايىتى بولۇپ ھېسابلىنى-دۇ، جىنايەتچى قېچىپ يۈرگەن بولۇشى مۇمكىن، مەن 3a دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

7c گىچە بولغان رايونلاردىكى بارلىق قوغدىغۇچى قىسىملار ۋە قورغاندا تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك تەييارلىق ھالىتىگە ئۆتۈشىنى ئالاھىدە بۇيرۇق قىلىمەن.

ئالجىردا تۇرۇشلۇق ئارمىيە قوماندانى فۇرىستىل.

—ھازىرلا يولغا چىقاي! —دېدىم مەن ۋارقىراپ باغاقچىنى پۇروشىنىغا تاشلاپ بېرىۋېتىپ، —ئۇ مېنى قۇتقۇزۇۋالغان ھېلىقى قىزنىڭ دەل ئۆزى! گىلانتۇس! بىز دەرھال يولغا چىقايلى!

راگۇئېت دېگەن بۇ يەردىن بەك يىراق، دوكتور!

—بىر ئادەم ئۇچۇن نىشان بولسىلا، دۇنيادا ھېچقانداق جاي يىراق بولمايدۇ!

—لېكىن بىز 300 نەچچە كىلومېتىرلىق قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىمىز-دە!

ئۇچ مىڭ كىلومېتىر بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ بارىمەن!

بۇ ۋاقىتتا ئېھتىمال ناھايىتى قورقۇنچلۇق كۆرۈنگەندىمەن، چۈنكى ئۇلاردىن ھېچكىم ئۈندىمەستىن، ئولتۇرۇشۇپ ئورا بولۇپ كەتكەن چوڭقۇر كۆزلىرىمگە، توپىدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىمغا، ھالسىزلىنىپ ۋە قىزىتمام ئۆرلەپ كېتىش سەۋەبىدىن تىترەۋاتقان تېنىمگە ھەمدە تارتىشىپ قالغان بارماقلىرىمغا ۋە تېگىرقىغان كۆزلىرىمگە تىكىلىپ قارىشاتتى. ئۇ ئىككىيلەن يەنە بىر-بىرىگە ھاڭۋېقىپ قاراشقاندىن كېيىن، گىلانتۇس ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. پۇروشىنى باغاقچىنى دىجورنى-

لىق دەپتىرىگە قىستۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، تەكچىدىن بىر بوتۇلكا هاراق ئېلىپ ماڭا سۇندى:

—كېلىڭ، ئىچىپ قويايلى، دوكتور، —دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، —بىرەر رومكا كۆتۈرۈپ قويساق پايدىسى بار. كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن. سىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، تۇيۇقسىز بېشىڭىزغا كەلگەن ئىشلار ھەقىقەتەن كۆپ بولدى، ئەمما سوغۇققان بولۇشىڭىز كېرەك. بىز راگۇئېتقا ئەۋەتىلگەن تەكشۈرۈش ئەترىتىگە ياردەملىشىشكە دەرھال قوشۇن ئەۋەتىمىز.

—مەنمۇ بىرگە بارىمەن! —دېدىم مەن.

—ئەلۋەتتە بىللە بارىسىز. ئۈچ سائەتتىن كېيىن يولغا چىقىمىز. راگۇئېتتىكى ھەربىي ماشىنا يولغا چىقىپ بولدى ھەقىچان.

قىزىتمام بىرنەچچە سائەت ئىچىدە تېخىمۇ ئۆرلەپ كەتتى، ئەمما مەن بىر ئېغىزمۇ تىنىپ قويمىدىم. پۇروشېنى ئەھۋالىنى سەل-پەل سېزىپ قالسىلا، مېنى قورغاندا قالدۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن چىشىمنى چىشلەپ، ئۆي ئالدىدىكى لەمپە ئاستىدا گەۋدەمنى ئاقىرىپ كەتكەن تاشقا تىرەپ تۇرۇۋالدىم. تەييارلىق خىزمىتىنى كۆرۈپ باقاي دېۋىدىم، ئەپسۇسكى، ھېچنەرسىنى ئىلغا قىلالمىدىم. كۆز ئالدىمغا نېپىز بىر قەۋەت پەردە تارتىلغاندەك، بەزى نەرسىلەرنىڭ ئىزناسىنى كۆرەلىسەممۇ، ئەمما ئادەملەرنى پەرق ئېتىشتە ناھايىتى زورۇقۇپ كەتتىم. ئەمما، ملادشى لېيتېنانت گلانتۇس كاناپچىغا كاناي چالدۇرغاندا ھەمدە ئەسكەرلەر پۇروشېنىغا دوكلات قىلغان ۋاقىتتا، ھېچ بولمىسا ئۆرە تۇردۇم.

— تەييارلىقىڭىز پۈتتىمۇ؟ — سورىدى كاپىتان مەندىن. مەن بېشىمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

— ئەمما ھېچ نەرسە ئالماپسىزغۇ! چېدىرىڭىزچۇ؟ ئالماشتۇرۇدىغان كىيىمىڭىزچۇ؟ قورالىڭىزچۇ؟ — كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قارىدى ئۇ ماڭا، — ئارامسىزلىنىۋاتامسىز-يا، دوكتور؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس! — ئاۋازىمنى قويۇۋېتىپ شۇنداق دېگىنىمچە ئۆيۈمگە قاراپ يۈگۈردۈم. مەن بۇ ۋاقىتتا خېلى ئوبدان يۈگۈرگەنلىكىمگە ئىشىنىمەن، دەلدەڭشىپمۇ كەتمىدىم. ئۆيدە ئالىدىغان نەرسىلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تومۇلەكلەپ، بولۇڭدا تۇگۈلۈپ ئولتۇرۇپ ياۋا چىلان يەۋاتقان بىلالغا تاشلاپ بەردىم.

— تېز بول، ھارامزادە! — دېدىم مەن ۋارقىراپ، — ھېلىقى ئاق تەنلىك قىزنى ئىزلەش ئۈچۈن يولغا چىقماقچىمىز!

— ئۇ رەپىقىڭىز بولامدۇ، ئەپەندىم؟ — ئۇ سورىغاچ ئورنىدىن تۇردى.

— نېمە؟ — مەن تولىمۇ ئوڭايسىزلىنىپ، نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرۇشۇمنى بىلەلمەي قالدىم. مەن قاتلاپ قويغان چېدىرنى يەنە ئۇنىڭغا تاشلاپ بېرىپ، ئىشىكنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— سورىمايلا قوي، قارا ئالۋاستى! بۇنى تېزدىن ملادشى لېيتېنانتقا تاپشۇرۇپ بەر، — دېدىم ئۇنىڭغا.

— خوپ، ئەپەندىم.

ئۇ يېنىمدىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، سەينادىن قۇيۇندەك تېز چىقىپ كەتتى. ئۇ گلانتۇسنىڭ ماشىنىسىنى تېپىپ، چېدىرنى چاققانلىق بىلەن ماشىنىغا تاشلاپ، يەنە ئۇچقاندەك قايتىپ

كەلدى.

— يەنە باشقا نەرسە-كېرەك بارمۇ، ئەپەندىم؟

— ھەئە، ماۋۇ ئىككى تۇلۇمنى ئېلىپ بېرىپ ئوبدان يوشۇرۇپ قوي، سۇ قىس رايونلاردا بۇ سۇ بىزنى قۇتقۇزۇۋالىدۇ.

— ھازىرلا بەجا كەلتۈرىمەن، ئەپەندىم.

جىم قوزغالغان ۋاقىتىدا مەن گىلانتۇسنىڭ ماشىنىسىدا ئىدىم، بىلال كەينى تەرەپتىن كوزۇپقا چىقىپ، قاتلاپ قويۇلغان سايىۋەنلىكنىڭ ئارىسىغا شۇڭغۇدى. ئۇ ئاپئاق چىشلىرىنى چىقىرىپ كۈلگىنىچە دوستانە ھالدا بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— تۇلۇملارنى يوشۇرۇپ قويدۇڭمۇ؟ — سورىدىم مەن ئاستاغىنە. ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، ئالدى تەرەپنى ئىشارەت قىلدى.

— ملادشى لېيتېنانتنىڭ ئورۇندۇقىنىڭ تېگىدە!

— نېمە؟

— ئۇنىڭ ئورۇندۇقىنىڭ ئاستىدا بىر كاۋاك جاي بار ئىكەن، مەن ئۇ يەرنى بوشىتىپ پاكىزلاپ، سۇ تۇلۇملارنى ئوقۇا چېگىپ قويدۇم، ئەپەندىم!

مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ كۈلۈپ قويدۇم. يارايسەن، بىلال! بىچارە يېتىم بالا، سەن قۇملۇقنىڭ مەھسۇلى ئىدىڭ، مەن سېنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ياۋروپاغا ئېلىپ كېتىشنى نەقەدەر ئويلايمەن-ھە! ئەمما، مېنىڭچە سەن ئۇ يەردە ئارامسىزلىنىسەن. ئۇ يەردە سەن ئەركىنلىكنى يوقىتىسەن، بىپايان زېمىندىن مەھرۇم قالىسەن، سەھرايى كەبىرنىڭ ھىدىدىن، كۆچمە قۇم ھەمدە تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرىنى ئاڭلاشتىن مەھرۇم قالىسەن. سەن ئۇ يەردە ئەسلى سېنىڭ ھاياتىڭغا تەۋە بولغان جىمى نەرسە-

لەردىن مەھرۇم قالىسەن. شۇڭلاشقا ئۆزۈممۇ ياۋروپاغا قايتىشا-
تىن قورقىمەن. ئۆزۈمنىڭمۇ بىر ياۋروپالىققا ئوخشىغاندىن
كۆرە ئافرىقىلىققا بەكرەك ئوخشاپ قالغىنىمغا ئىشەنچىم كا-
مىل. ماشىنا قورغاندىن چىقتى. پۇروشىنى ماشىنا چاقلىرى
ئاستىدىن قوزغالغان چاڭ-توزانلار ئىچىدە قول پۇلاڭلىتىپ بىز
بىلەن خوشلاشتى. ئۇنىڭ ھەربىي كىيىمىنى ۋە ئالتۇن جىيەك-
لىك قولۋاقىسىمان شەپكىسىنى قۇملۇقنىڭ چاڭ-توزىنى قاپلى-
دى. ماڭا بۇ ئاق كۆڭۈل، تۈز، تەرسا پۇروشىنىنى قايتا
كۆرۈش نېسىپ بولارمۇ؟ ئىككى بوتۇلكا كوچلۇك بىدىيان هارد-
قى ئىچكەندىن كېيىن تەڭشىلىپ، ھەربىي مەكتەپ دەۋرىدىكى
پەسكەش ناخشىلىرىنى ئېيتىدىغان پۇروشىنىنى قايتا كۆرۈش
نېسىپ بولارمۇ؟ بۇ مەيىنەت، مەنىسىز 3-نومۇرلۇق قورغاننى،
ئۇستىدە كۆزنىتىش مۇنارى بار ئېگىز سېپىلنى، تۆت ئەتراپنى
يورۇتۇپ تۇرىدىغان، پىلىموت يېنىغا جايلاشتۇرۇلغان چارلاش
چىرىغىنى قايتا كۆرەلەرمەنمۇ؟ 3-نومۇرلۇق قورغاندىن ئايرىل-
غان ۋاقتىمدا، مەندە ئىختىيارسىز مۇشۇنداق غەلىتە خىيال
پەيدا بولدى. بۇ خىياللار تومۇرۇمدا ئوخچۇپ ئېقىۋاتقان قىزىق
قېنىمدىن ئېتىلىپ چىققانىدى.

3-نومۇرلۇق قورغان ھەش-پەش دېگۈچە چاڭ-توزان ئارد-
سىدا كۆزدىن غايىب بولدى. سەھرايى كەبىردىكى قۇم بارخانلى-
رى، تۇزلۇق كۆل، شېغىل تاشلار بىزنى ئوراپ تۇراتتى. مەن
ماشىنىدا تۇگۈلۈپ ئولتۇرۇپ، بېشىمنى ئىككى قولۇم ئارىسىغا
ئېلىۋالدىم. كەينىمدە ئولتۇرغان بىلال ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.
ئىرادەم بوشىشىپ كېتىۋاتاتتى.

مەن كۆچەپ تىرەجەپ، ئۆزۈمنى مەزمۇت ئولتۇرۇشقا زورلىدىم.

ئەمما، بۇ خىل قارشىلىق ناھايىتى مۇشكۇل بولۇپ، مەن مىنۇت ئۆتكەنسېرى ئاجىزلىشىۋاتقانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بۇ ۋاقىتتا كاللامدا پەقەت: "داۋاملىق ئىلگىرىلە، 3-نومۇرلۇق قورغان بىلەن ئارىلىقىڭ قانچە يىراقلاشسا شۇنچە ياخشى، بولمىسا، ئۇلار سېنى ياندۇرۇۋېتىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ھەممە ئىش تۈگىشىدۇ. سەن جەزمەن بىللە بېرىپ، نېمىس قىز بىلەن قايتا دىدارلىشىشىڭ كېرەك" دېگەن ئوي ۋە بىلالنىڭ: "ئۇ سىزنىڭ رەپىقىڭىز بولامدۇ، ئەپەندىم" دېگەن سوئالىلا كېزىپ يۈرەتتى.

ماشىنا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازىدىن كاللام يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتى. شۇ تاپتا قاتتىق ۋارقىرىغۇم كېلىپ كېتىۋاتاتتى! ئەمما مۇشتۇمۇمنى چىڭ تۈگۈپ لام-جىم دېمىدىم.

ئىلگىرىلەيلى. . . ئىلگىرىلەشتىن باشقا يول يوق!

يول سوزۇلۇپ ياتماقتا. . . باشقىلار مېنىڭ ئۆلۈم گىرداۋىدا ياتقان ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلمىگىيدى، ئىلاھىم! خۇدا ئۆز ھاياتىمنى مۇشۇنداق دەپسەندە قىلغانلىقىمنى كەچۈرگەي. . .

لېكىن ئۆزۈن ئۆتمەيلا، بىرسى مېنىڭ كېسەل بولۇپ قالغانلىقىمنى بايقاپ قالدى. كېسەل بولۇپ قالغانلىقىمنى بايقىغان ئادەم گىلانتۇس ئەمەس، چەت ئەل كورپۇسىنىڭ ئەسكەرلىرىمۇ ئەمەس، بەلكى سايىۋەنلىك ئارىسىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىۋاتقان بىلال ئىدى. ئۇ ناخشا ئېيتىشتىن تۇيۇقسىز توختاپ، ئېڭىشىپ ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئاغزىمغا تېگىپ

كەتكۈدەك دەرىجىدە يېقىن ئىدى.

— ئەپەندىم، نېمە بولدىڭىز؟ — سورىدى ئۇ پەس ئاۋازدا. قىزىتما ئازابىدىن تولغىنىپ كاللام ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تۈزۈك جاۋاب قايتۇرالماي، بېشىمنى چايقاپلا قويدۇم. بىلال ۋارقىراپ كەتتى، مەن توسۇۋالاي دېسەممۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدىم. ملادشى لېيتېنانت گلانتۇس كەينىمگە قارىدى.

— تىنچ ئولتۇرغىنا، ھەي كۇسپۇرۇچ، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ. ئۇ نەزىرىنى ماڭا ئاغدۇرۇپ، بىلالنىڭ توۋلاشتىكى سەۋەبنى ئاندىن چۈشەندى.

— قىزىپ قالدىڭىزمۇ، دوكتور؟

— شۇنداقتەك تۇرىدۇ.

— ئېغىرمۇ؟

— خېلى ئېغىر.

— ئۇنداقتا بىز دەرھال قايتىپ كېتەيلى!

— ھەرگىز ئۇنداق قىلماڭلار! — دېدىم مەن ئىنجىقلاپ قەددىمنى رۇسلاپ، ئىككى قولۇمنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ملادشى لېيتېنانت، سىز ھېلىقى قىزنىڭ غېمىنى يېسىڭىزلا بولدى! مەن ھېچقانچە مۇھىم ئەمەس! ناۋادا يېرىم يولدا ئۆلۈپ كەتسەم، مېنى شۇ ھامان يەرلىككە قويۇۋېتىپ، سەپىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ. لېكىن سىز بۆرە ۋە ياۋا ئىتلارنىڭ جەسىتىمنى تارتىپ چىقماسلىقى ئۈچۈن قەبرە ئۈستىگە بىرنەچچە پارچە تاش باسۇرۇپ قويۇڭ. جەسىتىم ئۇلار يەۋېلىشتىن بۇرۇن سېسىپ كەتسىكەن دەيمەن. . .

— تولا جۆيلۇمەن، دوكتور! — گلانتۇس ماڭا قاراپ ۋارقىراپ كەتتى، — هازىرلا قايتىپ كېتەيلى!

— بولمايدۇ! ئەگەر سىز ئۆلارنى كەينىگە ياندۇرۇدىكەنسىز، مەن ماشىنىدىن سەكرەيمەن.

— ساراڭ بولدىڭىزمۇ نېمە، شۆيت دوكتور!

شۇنداق! مەن ساراڭ بولۇپ قالدىم! سىز بۇنى چۈشەنگەن بولسىڭىزلا بولغىنى. مەندەك ساراڭنى ئېلىپ يۈرۈۋېرىڭ! ئىش ھېلىقى قىزنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەن ناھايەت كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بىر ھارۋا، چۈۋۈلۈپ كېتەي دەپلا قالدىم، — دېدىم رولنى كۆرسىتىپ، ماشىنىنى ھەيدەڭ گلانتۇس، بولمىسا ئۆزۈم ھەيدەيمۇ-يا؟

— ھۇ كالۋا! — گلانتۇس قايرىلىپ ماشىنىنى يېڭىۋاشتىن خوتقا سالدى. جىپ يەنە ئورنىدىن قوزغالدى. ئەتراپىمىزدىن چاڭ-توزان كۆتۈرۈلۈپ چىڭ يۇمۇلغان ئېغىزىمىزغا كىرىپ كەتتى. مەن ئارقا-ئارقىدىن يۆتۈلۈپ كەتتىم، بېشىم چىڭقىلىپ ئاغرىپ كەتتى. نېرۋىلىرىم قاتتىق جىددىيلىشىپ پۈتۈن بەدىنىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى، بۇ خىل يېرىلىش ھەرگىز چىرىپ كەتكەن تامنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشۈشىدەك بوش ئاۋاز بىلەن ئەمەس، بەلكى گۈلدۈرمامىدەك قاتتىق ئاۋاز بىلەن قۇلاقنى يېرىۋەتكۈدەك دەرىجىدە گۈلدۈرلەيدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئاشۇ گۈلدۈرماما ساداسىنى كۈتكەن بولسامم، لېكىن ئۇ ئاڭلانمىدى. مەن ماشىنىدىن سىلكىنىپ چىقىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۆزۈمنى ئالدىنقى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ، ئىككى قولۇم بىلەن ئۇنى چىڭ تۇتۇۋالدىم. بىلال يېنىمدا ئول-

تۇراتتى، ئۇ قاپقارا بولۇپ كەتكەن پاسكىنا قوللىرى بىلەن مېنى قۇچاقلىۋېلىپ بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. كېيىن كۆز ـ زۆمنى ئېچىپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىغىنىمدا، بىرخىل قاتتىق ئازاب پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى چۇلغىۋالدى. مۇنداق ئازاب تامامەن ئۈمىدسىزلەنگەن، دەرد ـ ئەلەمنى يەتكۈچە تارتقان كىشىدىلا بولات ـ تى.

مەن يەنە توڭۇشقا باشلىدىم ـ دە، كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم. بۇ قېتىم ئويغانغىنىمدا، بېشىمنى بىلالنىڭ يوتىسىغا قو ـ يۇپ، جىپىنىڭ ئارقىسىدا يېتىپتىمەن.

ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاپتۇ.

كەچ كىرگەنمىدۇ؟

بىز قانچىلىك يول باسقاندۇق؟

مەن خېلى روھلىنىپ قالغىنىمنى، ھەتتا يېتىپمۇ خەت يازالىغۇدەك بولۇپ قالغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. بىلال بىر چەتتە ماڭا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا مېنىڭ قىلىقلىرىم غەلىتە، قىزىقارلىق تۇيۇلغان بولسا كېرەك. ئۇنىڭ چىرايى تۇرۇلگەن بولۇپ، ئاپئاق چىشلىرى قېلىن قىپقىزىل كالپۇكلىرى ئوتتۇ ـ رىسىدا پارقىرايتتى. ئۇ خەت يېزىشىمغا لام ـ جىم دېمەي قارىغى ـ نىچە نېمىسىدۇر ئويلىغاندەك قىلاتتى. شۇتاپتا ئۇنىڭ مېڭىسىگە كىرىپ كەتكۈم كېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭدەك بۇ جايدا تۇغۇلۇپ ئۆس ـ كەن باللارنىڭ بىزگە زادى قانداق قارايدىغانلىقىنى بەكمۇ بىل ـ گۈم كېلەتتى، بۇ ئىنتايىن قىزىقارلىق ئىدى، ئەلۋەتتە.

بىر ئۇخلىۋالغىنىمنىڭ پايدىسى كۆپ بولدى. گلانتۇس ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكى ئۈستىدىن بويىنىنى سوزۇپ ماڭا

قارىدى.

—ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ، دوكتور؟

—ھەئە، خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، ملادشى لېيتېنانت.

—كېچىدە راگوئېتقا يېتىپ بارىمىز. بۇنىڭدىن ئۈچ سائەت ئىلگىرى ماشىنىنىڭ يېلى چىقىپ كېتىۋىدى، سىزنىڭ تەلىيىڭىز ئوڭدىن كېلىپ، مەخسۇس ئۇخلاشنى ئۆگەنگەندەكلا ئۇخلىۋالدىڭىز، دوكتور،—دېدى ئۇ خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈلۈپ.

ئاسمان قاراڭغۇلاشتى. بېشىم يېڭنە سانجىغاندەك ئاغرىپ كەتتى، مەن ئىلاجىسىز قەغەزلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇك-تاقىنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇش ئۈچۈن بىلالغا بەردىم.

ئاسمان يېرىلىپ كېتىدىغاندەك، غايەت چوڭ يارا ئېغىزىدىن قان ئېقىۋاتقاندەك قىلاتتى. قۇملۇق كۆل رەڭگە ئايلاندى، مەن بىرقانچە تال ئوت-چۆپنى كۆردۈم، ئۇلار قۇرۇپ قالغان بولسىمۇ بەرىبىر ئوت-چۆپ ئىدى. بىز يايلاققا يېقىنلىشىپ قالغاندۇق. ماشىنىنىڭ سۈرئىتى تېخىمۇ تېزلىتىلدى. . .

—ئۇ قىزنى تاپالارمىزمۇ؟

—ئەپەندىم، ئۇ سىزنىڭ رەپىقىڭىز بولامدۇ؟—دەپ سورىغان ئىدى بىلال.

ناۋادا قىزنىتمام ئۆزلەپ كەتمىگەن بولسا، بۇ جەھەتتە چوڭقۇم بىرمۇنچە خىيال سۈرگەن بولاتتىم.

كېچە. كەيناق سايىتىنىڭ ئۆيى بىرخىل رەڭدە بويالغان رەختنىڭ دېغىدەك كۆرۈنەتتى، تاغلار يىراقتىكى ئۇيۇق سىزى-

قىدا گويا غايەت چوڭ قارا رەڭلىك دېكوراتسىيەگە ئوخشايتتى، ئۇ گويا ئېگىز تامدەك ئاسمان بىلەن زېمىننى ئايرىۋەتكەنىدى.

ئۆيلەر ۋە ئاشلىق ئامبىرى تىمتاس ئىدى.

بۇ چاغدا، تۆت ماشىنىنىڭ كەڭ تاشيولنى كېسىپ ئۆتۈپ بۇ دېھقان قورۇسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا گۈلدۈرلەپ كېلىپ توختىغانلىقىغا ھېچكىم دىققەت قىلمىدى.

خەنجەر ۋە مىلتىقلارنىڭ بىر-بىرىگە ئۇرۇلغان ئاۋازى تۈن-نىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى. گۈپۈلدەپ يۈگۈرۈشكەن ئاۋازلار ئەتراپقا ئاڭلاندى. ھاندرىك ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، تاپان-چىسىنى چىڭ تۇتقىنىچە ئەتراپقا قارىۋالغاندىن كېيىن ئىككى ئوفىتسېرنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار دەرۋازا ئال-دىغا كېلىپ مۇشتۇمى بىلەن ئىشىكنى قاقتى. بۇ چاغدا بىر ماشىنا ئالدىنقى چىرىغى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك نۇر چېچىپ، پۈتكۈل قورۇنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى. ھاندرىك بۇ قورۇنىڭ تامامەن قورشىۋېلىنغانلىقىنى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ ئۆيدىن قېچىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. ھاندرىك بىرەرسىنىڭ دەرۋازىنى ئېچىپ بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئارقى-سىغا بىرقانچە چامدام چېكىندى-دە، ئاسمانغا قارىتىپ ئۈچ پاي ئوق ئاتتى.

بۇ چاغدا، بىر ئوفىتسېر دەرۋازىنى گەۋدىسى بىلەن سو-قۇپ ئېچىپ، قورۇغا بېسىپ كىردى. بىر نېگىر ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ لاغىلداپ تىترىگەن ھالدا تامنىڭ تۈۋىدە تۇراتتى، ئۇ قورقۇپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، تۇيۇقسىز بېسىپ كىرگەنلەر-گە قاراپ قېتىپلا قالدى.

— هوي زەڭگى، كەيناق سايىت نەدە؟

ئوفىتسېر قاتتىق ئاۋاز بىلەن سوراپ، تاپانچىسىنى لاغ-لاغ تىترەپ تۇرغان نېگىرنىڭ كەڭ كۆكرىكىگە تىرىدى.

— قېچىپ. . . قېچىپ كەتتى! — دېدى نېگىر دۇدۇقلاپ، — بۇندىن ئۈچ سائەت ئىلگىرى. . . قاچتى، . . . ھېلىقى ئاق تەنلىك قىزنى ئېلىپ قاچتى. . .

ئوفىتسېرنىڭ ئارقىسىدا تۇرغان ھاندرىك كۆزىنى يۇمۇۋال-دى. ئۇ چۆچىگەن ھالدا: «بەك كېچىكىپ قاپتۇق، يەنە بىر قېتىم بىرقانچە سائەت كېچىكىپ قاپتۇق! بۇ ئەبلەخلەر پىلانى-مىزنى زادى قانداق بىلىپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلىدى.

ئوفىتسېرنى ئىتتىرىۋېتىپ، نېگىرنى تامغا نىقتىدى.

— نەگە قاچتى؟ — ئۇ نېگىرغا قاراپ ۋارقىرىدى.

— ھا. . . ھامىلغا، — دېدى نېگىر يەنىلا دۇدۇقلاپ.

— ھامىلغا؟ — ھاندرىك ئارقىسىغا بۇرۇلىۋېدى، ھېلىقى ئوفىتسېر ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭ چىرايىنى غەم باسقانىدى.

— ئۇ، مارابۇت دەپ ئاتىلىدىغان شەھەر بولۇپ، بۇساددىغا يېقىن، بىسكراغا بارىدىغان بىر تارماق يول ئۈستىگە جايلاشقان. ھامىل سەھرايى كەبىرنىڭ مەككىسى، ئۇ يەردە ياۋروپالىقلارنىڭ تۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ! مارابۇت جامەسى دەل بۇ مۇقەد-دەس جاينىڭ مەركىزىدە بولۇپ، ئۇ چىرايلىق مەسچىتلەرنىڭ بىرى.

ھاندرىك قولىنى چۇشۇرۇپ ھېلىقى ئوفىتسېرغا كۆزىنى يوغان ئېچىپ قارىدى:

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

— ماڭا سەممىيلىك بىلەن ئېيتىپ بېرىڭ، — دېدى ئۇ بوش ئاۋاز بىلەن، — مۇبادا ھېرد شۇېت راستىنلا ھاملىغا ئېلىپ كېتىلگەن بولسا، ئۇ قانداق بولۇپ كېتەر؟

ئوفىتسېر ئىككىلىنىپ، يەرگە قاراپ كۆزىنى يۇمدى. خېلى ئۇزاق سۇكۇتتىن كېيىن دېدى:

ئەگەر راستىنلا ھاملىغا ئەپكېتىلگەن بولسا، بىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۇ غايىب بولدى دېگەن گەپ. . .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — ھاندرىك قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى.

— بىز بۇ مۇقەددەس شەھەرنى ئاختۇرالمايمىز، ئاختۇرساق پۈتكۈل قۇملۇقتىكىلەر بىزگە قارشى چىقىدۇ! بارلىق مۇسۇلمانلار بىر كېچىدىلا ئىسيان كۆتۈرىدۇ. مۇبادا راستىنلا ھاملىغا بېسىپ كىرسەك، مەڭگۈ ئۇچمەس ئوتنى ياندۇرۇپ قويغان بولىمىز.

قانداق دېگەن گەپ بۇ! — ھاندرىك قاتتىق ۋارقىرىۋەتتى.

فان بېل ھاندرىكنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشقان بولسىمۇ پايدىسى بولمىدى.

— ھەي، 20 - ئەسىردە تۇتقۇن قىلىش ۋەقەسىنىڭ يۈز بەرگىنىنى قاراڭ. كىشىلەر تۇتقۇننىڭ نەگە قامالغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنى قۇتقۇزغىلى بولمىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوتقۇزۇش شۇنداق ئاسان بولسىمۇ ئۇلار يەنىلا بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلمايۋاتىدۇ، يەنە تېخى قانداقتۇر دىنىي نەزەرگە ئالغاندا، ئۇنداق قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ، دەۋاتىدۇ! مۇنداق بولسا ئوتتۇرا ئەسىرگە قايتقانلىق، زۇلمەتلىك ئوتتۇرا ئەسىرگە قايتقانلىق بولمامدۇ!

— بۇ يەر دېگەن ئافرىقا، — دېدى فان بېل بوش ئاۋاز بىلەن.

— ئۇنداق بولسا، ئۆزۈملا ھامىلغا باراي! — دەپ ھۆركىردىدى ھاندرىك. ئۇ ئاللىقاچان خۇدىنى يوقاتقان بولۇپ، سوغۇق قانلىق بىلەن پىكىر قىلالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ تاپانچىسىنى قېپىغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋىدى، فان بېل ئۇنى كاپ قىلىپ تۇتۇۋالدى:

— نەگە بارىسىز؟

— ھامىلغا.

— بۇ ئەخمىقانىلىق، ھاندرىك دوختۇر.

— ھازىر ئەخمەقلىقتا بۇ دۇنيانىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق! ئەگەر بۇ قىزنى قۇتقۇزغىلى بېرىشقا قوشۇنىمىز جۈرئەت قىلالمىسا، ئۆزۈم يالغۇز بارىمەن!

— بۇ بىزنىڭ توخۇ يۈرەكلىك قىلغانلىقىمىز ئەمەس، — ھېلىقى ئوفىتسېر شەپكىسىنى ئارقىسىغا ئىتتىرىپ قويدى، — بەلكى ئۇنداق قىلىش ئاقمايدۇ. چۈنكى 300 مىليون مۇسۇلمان قوزغىلىپ بىزگە قارشى چىقىدۇ، ئۇقتىڭىزمۇ؟ 300 مىليون مۇسۇلمان! مۇبادا كىشىلەر خۇداسىزلار مۇقەددەس شەھەر ھامىلغا ئاياغ بېسىپتۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالسا، پۈتۈن شەرقتە غەزەپ ئوتلىرى لاۋۇلداشقا باشلايدۇ! مارابۇت كىشىلەرنى غازات قىلىشقا قوزغايدۇ، ئۇ چاغدا شىمالىي ئافرىقىدىن ئايرىلىپ قالىمىز. مېنىڭچە، مۇنداق دو تىكىشتە زىيان بەك چوڭ بولۇپ كېتىدۇ: بىر قىزغا پۈتكۈل ئافرىقىنى تىگىشكەن بولىمىز...

— ھاندرىك تۇمشۇقىنى ئۇچلىدى:

— دېمەك، دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ بۇ قىزنى قۇربان قىلماقچى بولۇۋېتىپسىلەر-دە! سىلەر بىر ئادەمنى تاشلىۋەتتىڭلار! ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتىڭلار.

— توغرا!

— مەن ”توغرا“ دېگەن بۇ سۆزىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، — دېدى ھاندرىك — ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ”توغرا“ دېگەن بۇ سۆزىڭىزنى ئېسىمدە مەڭگۈ چىڭ ساقلايمەن! بۇ زاماندا، بىر كىشىنىڭ مەنپەئەتى دۆلەتنىڭكى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا، ئۇ نۆلگە تەڭ بولىدىكەن. بىراق، ئۇ دۆلەت ئۇچۇن دېيىلسە، يەنە قارغىشقا كېتىدىغان، مۇھىم كوئېففىتسېنتقا ئايلىنىدىكەن! مەن سىزنى قارغايمەن، كاپىتان ئەپەندىم!

ھېلىقى ئوفىتسېر قولىنى كېرىپ قويدى:

— مەن بۇلارنى ئۆزگەرتىشكە ئامالسىزمەن، بۇ ھەقتە بۇيرۇق بار. پارىژدىمۇ كىشىلەر سىزگە بىر ئادەمنى قۇتقۇزىمىز دەپ بىرقانچە مىڭ كىشىنىڭ بېشىغا چىقىشقا بولمايدۇ، دېگەن بولاتتى. بۇ ئىككىسىنى سېلىشتۇرغىلى زادى بولمايدۇ، بۇ ئەقىل-ئىدراكقا مۇناسىۋەتلىك ئىش.

— ياق! بۇ بىر قىزغا مۇناسىۋەتلىك ئىش! — دەپ ۋارقىرىدى ھاندرىك، — مەن دۆلىتىمىزنىڭ كونسۇلىدىن ياردەم بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن.

— ئىختىيارىڭىز! — دېدى ئوفىتسېر ئارقىسىغا بۇرۇلۇۋېتىپ.

— بارلىق ئۆيلەردە بىرمۇ ئادەم يوق ئىكەن، ھېچقانداق

نەرسىنى بايقىمىدۇق، — دەپ دوكلات قىلدى باشقا ئۆيلەردىن يۈگۈرۈشۈپ چىققان بىر قىسىم ئەسكەرلەر.

— قايتايلى! — ئوفىتسېر قاتتىق ۋارقىرىدى، — قاراۋۇللار قايتىپ كەلسۇن! ھەممىڭلار يىغىلىڭلار!

— ياڭراق ھەربىي كاناي ئاۋازى يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرغان كېچە ئاسمىنىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزدى.

ھاندرىك يەككە-يېگانە ھالدا دېھقان قورۇسىدا قالدى، ھېلىقى نېگىر ئاشلىق ئىسكىلاتىغا غىپپىدە كىرىپ كەتتى. فان بېل دەرۋازا يېنىدا ئۇنى كۈتمەكتە ئىدى، ھاندرىك ئەتراپقا يەنە بىر قېتىم نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن كېچىنىڭ سوغۇقلۇقىنى سەزدى. ئۇنىڭغا قېنى توڭلاپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

تۈگىدى! بۇ قىز ئەمدى ئەركىنلىككە ئېرىشەلمەيدىغان بولدى. چۈنكى دىن ۋە سىياسەت ئۇنىڭ يېڭىۋاشتىن ئەركىنلىككە ئېرىشىشىنى چەكلەۋاتىدۇ! بۇ دۇنيادا بۇ قىزنى قۇتقۇزالايدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق ئوخشايدۇ، ئۇ مارابۇتنىڭ بۇ مۇقەددەس شەھىرى ھامىلدا قامىلىپ قالدى. سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىكى بۇ ئاق قەلئە — قۇملۇقتىكى مەككىگە قامىلىپ قالدى.

ئەقىل-ئىدراك ھېلىقى ئوفىتسېردا ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى، ئۇ تالادا ئەسكەرلىرىنى يىغىۋاتاتتى. ئۇنىڭغا شۇ ئايان ئىدىكى، بىر كىشىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن سانسىزلىغان كىشى ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن، ئافرىقىمۇ ھىندىچىنى ۋە چاۋشيەنگە ئوخشاش جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بىر قىزنى دەپ ئاتا-ئانىلار، باللار، ئاكا-ئۇكىلار ۋە ئاچا-سىڭىللاردىن بىرنەچچە مىڭ كىشى زار قاقشايدىغان ئىش يۈز بېرىشى مۇم-

كىن، ناھايەت شۇ بىر قىز ئۇچۇنلا...

ھاندرىك بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە قورۇدىن چىقتى. ئۇ فان بېلىنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە، فان بېل ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا پېتىنالمىدى. ھاندرىك ماشىنا يېنىغا بېرىپ ماشىنىغا چىقتى-دە، قوللىرى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى. فان بېل ئاستا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن كېيىن ماشىنىنى تېزلىك بىلەن ھەيدەپ، قاپقارا تۈن پەردىسى قاپلىغان ھېلىقى دېھقان قورۇسىدىن ئايرىلدى. ئۇ ماشىنىنى تاشيولغا چىقىرىپ، راگۇئېت تەرەپكە بۇرىدى. ماشىنا قاپقاراڭغۇ كېچىدە ماڭماقتا ئىدى.

ھاندرىك پۈتۈن بەدىنىنىڭ لاغىلداپ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى، بىر قولىنى فان بېلىنىڭ قولى ئۈستىگە قويدى.

— سىز... سىز بۇلارنى چۈشىنەمسىز؟ — سورىدى ئۇ كېكەچلەپ، — ئىشلار... بىر چۈشمىدۇ-يا؟ قاباھەتلىك چۈشمىدۇ؟ ئۇلار... راستتىنلا بىر كىشىنى ئاشۇنداق خالىغانچە تاشلىۋېتەرمۇ؟

— ئۇلار مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇر...، — دېدى فان بېل بوش ئاۋاز بىلەن.

— مەن مۇشۇ ئافرىقىدىن نەپرەتلىنىمەن. ئۆمۈرۋايەت نەپرەتلىنىمەن ھەم ئۇنى قارغايمەن!

فان بېل بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ بىر قولىنى ھاندرىكنىڭ تىترەۋاتقان مۈرىسىگە قويدى.

— ۋاقىت بارلىق نەرسىنى غۇۋالاشتۇرىۋېتىدۇ، ھاندرىك دوختۇر. سىز پۈتۈن ۋۇجۇدىڭىز بىلەن خىزمەتكە كىرى-

شىلڭ. . . ۋىرۇسلىرىڭىزنى ئىزدەپ تېپىڭ، ئۇ چاغدا باشقا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كېتىسىز، پەقەت ئەگرى بويۇنلۇق بوتۇلكا ۋە تولغاق ۋىرۇسلۇق قاننىلا ئويلاڭ. سىز مۇشۇنداق جاھىل كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتالايسىز. . .

ھاندرىك زۇۋان سۈرمىدى، ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئورۇندۇق يۆلەنچۈكىگە يۆلەندى. "ساقايتمىشمەن تېخى، مۇشۇ قېتىمقى زەربىدىن يۈرىكىم قان-زەرداب بولۇپ ئۆلۈدىغان ئوخشايمەن، مەن ۋىجدانسىز، توڭ ۋە مۇزچىراي ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدىغان بولدۇم. . ." ئۇشتۇمتۇت جەنۇب تەرەپتىن بىر ماشىنا چىرىغى كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرقانچە چىراغ كۆرۈندى، ماتورلارنىڭ گۈركىرەشلىرى بارغانسېرى يېقىنلاشتى. كىشىلەر بىرقانچە جىپ ماشىنا ۋە ئەسكەر توشىغۇچى چوڭ ئاپتوموبىلنىڭ چاڭ توزۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى.

ملادشى لېيتېنانت گلانتۇس بىرىنچى بولۇپ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئالدى بىلەن ئىككى ئوفىتسېرغا ئۆزىنى تونۇشتۇردى، ئاندىن كېيىن ئەتراپقا نەزەر سالدى.

—ھېچنېمە بايقىمىدىڭلارمۇ؟

—ياق. ئۇنى ھامىلغا ئېلىپ كېتىپتۇ، بىزدە قىلچە ئۈمىد قالمىدى.

—ھو ئۆلمىگۈر توڭگۇزلار!—ملادشى لېيتېنانت گلانتۇس قاتتىق ئاۋاز بىلەن تىللاپ كەتتى.

—بىزنىڭ باشقا ئىلاجىمىز يوق! بۇ سىزگە ئايان، ملادشى لېيتېنانت.

—بۇنى بىلىمەن! ئەمما بىز ئۇنى يەنىلا تاپمىساق بولماي-

دۇ!

— سىز ھامىلىغا ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلماقچىمۇ سىز؟ — يەنە بىر ئوفىتسېرنىڭ كۆزىدىن ھەيرانلىق ئالامىتى كۆرۈندى.

— ھۇجۇم دېدىڭىزمۇ؟ ياق! — دېدى گلانتۇس ئارقىسىغا قايرىلىپ، — كەچلىكىڭىزلار خەيرلىك بولغاي، ئەپەندىلەر.

ئۇ ئۆزىنىڭ ماشىنىسىغا قايتىپ كېلىپ باشقا ماشىنىلارنىڭ راگۇئېتقا ماڭغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان دوكتور شۆيت تەرەپكە بۇرۇلدى.

— ئۇ قەيەردە ئىكەن؟ — شۆيت ماغدۇرسىز ھالدا سورىدى.

— ھامىلدا!

— مۇقەددەس شەھەر مارابۇتتىمۇ؟ — شۆيت ئۆزىنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرغان بىلالغا قارىدى، — ھامىل ساڭا تونۇشلۇقمۇ بىلال؟

— تونۇشلۇق ئەمەس، ئەپەندىم. ئۇ بىر مۇقەددەس شەھەر!

— ئۇ بۇسادداغا يېقىن ئەتراپتا، توغرىمۇ؟

— توغرا!

— بۇ يەرگە نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ؟

— 260 كىلومېتىر كېلىدۇ، — دېدى گلانتۇس ئارىسالدى بولغان ھالدا، — ئۇ يەرگە بېرىش ئۇچۇن ئېيىنىرىختىن ئۆتۇشكە توغرا كېلىدۇ.

— 260 كىلومېتىر بولسا، — دېدى شۆيت ئۇھ تارتىپ، — بەك يىراق ئىكەن... ماڭا نىسبەتەن بەك يىراق ئىكەن...



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

شۇ كېچىسى تۆت كىشى يوقاپ كەتتى.

ھاندرىك يۈك-تاقلىرىنى ئالمايلا دوختۇرخانىدىن ئايرىلدى، قولىغا كىچىك بىر ساندۇقتا قاچىلانغان قان زەردابى ۋە ئوپېرات-سىيە ئەسۋابلىرىنى ئېلىۋالدى.

سىمسىز رادىئولوق قوبۇللىغۇچ-تارقاتقۇچ ئۈسكۈنىلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ماتورلۇق چارلاش ئەترىتىنىڭ مەلۇم قىلى-شىچە، ملادشى لېيتېنانت گلانتوس، دوكتور ھانس شۆيت ۋە بىلال ئىسىملىك بالا قومۇلۇقتا سەيلىگە بېرىپ قايتمىغان. شۇ-نىڭدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان ئىزدەشلەردىن قىلچە نەتىجە چىقمىغان.

كاپىتان پۈروشېنى بۇ ئىشنى ئەتىسى ئەتىگەندە ئالجىرغا دوكلات قىلدى. ئۇ مۇنداق قىلسام، ئۇلار تېخىمۇ يىراققا بارالايدۇ، بىر كېچە ۋاقىتتىلا قولىغا كەلتۈرگەن بولىدۇ، دەپ ئويلىدى.

جېككۇرىن دۇمبىلا ھاندرىكنىڭ تۇيۇقسىز كەتكەنلىكى توغ-رىسىدىكى خەۋەردىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن بىردىنلا ھوشى-دىن كەتتى، كېيىن يەنە توپتوغرا بىر سائەت يىغلىدى. بۇ چاغدا ئۇ ھاندرىكنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى تىرىش-چانلىقىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. ھېلىقى گېر-مانىيىلىك قىز، قارىغىش تەگكۈر گېرمانىيىلىك قىز غەلىبە قازاندى، مەن بولسام يەككە-يېگانە ھالدا قۇم بارخانلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالدىم، ھاندرىك بىلەن توي قىلىمەن دېگەن خىيالىم بەربات بولدى، مەن ئاشۇ ئاشىق-مەشۇقلۇق چۈشىگە دەپنە قى-

لىنىدىم.

ئۇ بارا-بارا تىنچلاندى، رەتسىز كارىۋاتتا يىغلاپ ياتقىنىچە تورۇسقا كۆز تىكتى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە قىساس ئېلىش ئويى پەيدا بولدى: ئەرەبلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇلارغا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىش، ئاندىن ھاندرىكنى ئۆلتۈرۈش كېرەك. مەن سېرىق چاچلىق بۇ نېمىس ئەرگە نەقەدەر نەپرەتلىنىمەن-ھە! ئەگەر ھېرد شۆھىت ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! مەن بىر چەتتە تۇرۇپ، ئۇنى ئەرەبلەرنىڭ تاشكىنزەك قىلىپ ياكى خەنجەر ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىنىنى كۆرگەن بولسام! . . .

قىساس ئېلىش كېرەك، قىساس!

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە يېنىغا كەلدى. قوملۇق ئاپتاپتا جىمجىت سوزۇلۇپ ياتاتتى. مەن ئۇلارنى ئاق تەنلىكلەرگە قارشى تۇرۇشقا قۇترىتىمەن. تېنىم، لېۋىم ۋە كۆزۈم ئارقىلىق ئۇلارنى ئەسەبىيلەشتۈرۈۋېتىمەن، تاكى ئۇلار ۋارقىراپ-جارقىراشقىنىچە قورغانغا ئېتىلىپ كىرگەنگە قەدەر، توپلاڭ مەشئىلىنى كۆتۈرۈشۈپ پۈتكۈل ئافرىقىنى سىيرىپ-سۈپۈرگەنگە قەدەر توختىمايمەن! مەن بارلىق ئەرلەردىن ئۆچ ئالىمەن. . . بارلىق كىشىلەردىن! ئادەمنى ۋەسۋەسىگە سالىدىغان بۇ ئويلار ئۇنىڭ قەلبىنى زىلزىلىگە سالغان بولسىمۇ، لېكىن كەيپىيات جەھەتتە تىنچلىنىپ قالدى. ئۇ دوختۇر فان بېلىنىڭ گۈلزارلىقىتىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى. يەنە ھېلىقى گېرمانىيە كونسۇلى ئۇنى چاقىردى. جېككۈرىن ئاچچىق كۈلۈپ قويۇپ كىيىمىنى كىيدى.

ھاندرىك بىلەن بولغان چاغلار، مالۋا دەرىخى ئاستىدا ئۆت-
كۈزگەن ئاخشاملار، ئۆزىنىڭ ياتىقىدىكى خەيرلىك كېچىلەر،
قۇملۇقتا تۆگە مىنىپ يۈرۈشكەنلىرى، بىسكرا ۋە راگۇئېت
تەجرىبىخانىسىدا مۈرىنى-مۈرىگە تىرەپ ئىشلىگەنلىرى يەنە بىر
قېتىم ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. . . ئاشۇ كۈنلەردە ئۇ
ھەمىشە ھاندرىكنىڭ يېنىدا بولغانىدى، ھاندرىكمۇ تاكى ھېلىقى
نېمىس قىز، بېرلىندىن كەلگەن مەبۇدقا ئوخشايدىغان ھېلىقى
جىمغۇر قىز قايتىدىن پەيدا بولغانغا قەدەر ئۆزىدىن ئايرىلالمايدى-
غانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.
ئۇ ئەينەكتىكى ئەكسىگە قاراپ ئاچچىق كۈلدى. ئۇنىڭ بار-
لىق ئاچچىق قايغۇ-ھەسرەتلىرى مۇشۇ ئاچچىق كۈلكىگە مەركەز-
لەشكەنىدى. ئارقىدىن تام ئىشكاپىدىن چامادانىنى تارتىپ چىقى-
رىپ، يۈك-تاقىسىنى تېڭىشقا باشلىدى.
دوختۇر فان بېل ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەل-
دى. ئۇ بىردەم شۈبھىلەندىيۇ، دەرھال چۈشەندى.
— ئەتە ئەتىگەندە ئالجىرغا ئۇچىدىغان ئايروپىلان بار ئى-
كەن، — دېدى ئۇ تورۇسقا لاپپىدە بىر قاراپ، — بۇ يېڭىدىن
كۆپەيتىلگەن نۆۋەتچى ئايروپىلان بولۇپ، گېرمانىيە كونسۇلى
دەل مۇشۇ ئايروپىلان بىلەن كەپتۇ. سىزمۇ مۇشۇ ئايروپىلاندا
بىللە كەتسىڭىز بولىدۇ.
— رەھمەت، — جېككۈرىن بۇدۇر چاچلىرىنى ئارقىسىغا تا-
رىدى، — مەن ئالجىرغا ئەمەس، قۇملۇققا بارىمەن.
— بۇنداق قىلسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە، — فان بېل بې-
شىنى لىڭشىتتى، — ئەمما ئۇ يەرگە بەربىر پىيادە بارالمايسىز-

www.uyghurkitap.com

غۇ، جېككۇرىن. ھازىردىن باشلاپ بۇ يەرگە ئاپتوبۇس قاتنىمايدۇ. كارۋانلار ھەربىي ئىدارە قىلىنىدى. سىز ئالجىرغا قاراپ ئۇچۇڭ، ئۇ يەردىن مارسىلغا بېرىڭ. ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېتىڭ، جېككۇرىن، ئۇ يەردە تۇرمۇشىڭىزنى ئاۋۋالقىدەك ئۆتكۈزەلەيسىز، بۇ بەلكىم ئوبدان چارىدۇ.

— بولدى، دېمەيلا قويۇڭ! — دېدى ئۇ چىرقىراق ئاۋاز بىلەن، — ئەمدى ياشاپ نېمە قىلىمەن، جاندىن كېچىدىغان چاغ كەلدى. . .

— بىر ئەركىشىنى دەپمۇ؟ — فان بېل ئاچچىق كۈلدى، — مۇنداق قىلىش زادىلا ئەرزىمەيدۇ. بۇ ئۆزىڭىزگىمۇ، ماڭىمۇ، ھاندرىككىمۇ ياخشى ئەمەس، — ئۇ ئالدىغا بىرقەدەم چامدىدى-دە، جېككۇرىننىڭ مۈرىسىنى تۇتۇپ ئۆزىگە قاراتتى، شۇ تاپتا كۆزلىرىدىن بىرخىل ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى، — سىزگە مەلۇمكى، جېككۇرىن، بۇلار ناھايەت بىر قىستۇرما، خالاس. سىز ھاندرىكنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈمگە رام قىلىۋالدىم، دەپ ئويلىغاندىمىدىڭىز؟

— شۇنداق! — ۋارقىرىدى جېككۇرىن.

— ئۇنداقتا ياۋروپاغا قايتسىڭىز، سىزگە تېخىمۇ پايدىلىق بولغۇدەك. ياۋروپادا ھەممىنى بىراقلا ئۇنتۇپ كېتىسىز، بىراق قۇملۇقتا ئۆزىڭىزنى پاتقاقتىن تارتىپ چىقىرالماي نابۇت بولىسىز. . . بۇ سىز ئۈچۈن بەكمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش، جېككۇرىن

— ئۆزىڭىز بىلەن رەھىمدىللىقىڭىز قۇرۇپ كەتسۇن! — جېككۇرىن ئۇنىڭ قولىدىن بوشىنىپ چامادانىنى تېپىۋەتتى، —

چامادان ئۆرۈلۈپ چۈشۈپ ئىچىدىكى نەرسىلەر چېچىلىپ كەت-
تى، — ھازىر كۆڭلۈمنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بى-
لەمسىز؟

فان بېل جاۋاب بەرمەي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ: جېك-
كۇرىن ئامالىنىڭ بارىچە ئالجىرىيىگە ئۇچىدىغان ئايروپىلانغا سې-
لىپ قويۇلسۇن، زۆرۈر تېپىلسا زورلۇق كۈچى ئىشلىتىلسۇن،
بىر ئەرەب ئىشىك ئالدىدا ساقلاشقا قويۇلسۇن، دېگەن كۆرسەت-
مىنى دالاندىكىلەرگە قالدۇرۇپ كېتىپ قالدى.

تاڭ سۈزۈلگەندە، جېككۇرىن چامادان ئۈستىدە ئولتۇرۇپ
ئۆزىنى باسالماي يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسى بۇزۇل-
غانىدى، ئۆچمەنلىك، ئۆچ ئېلىش تۇگىمەس ياشقا ئايلاندى.
فان بېل ئايروپىلانغا چىقىرىش ئۇچۇن ئۇنى ئالغىلى كەلگەندە،
ئۇ يەنىلا يىغلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئەرەبلەرنىڭ ئۆزىنىڭ چامادان
ۋە باشقا نەرسىلىرىنى ھەربىي دوختۇرخانا ئالدىدىكى ماشىنىغا
بېسىشقا ئۈن-تىنسىز يول قويدى.

ئۇ يەنە بىر قېتىم بالكونغا چىقىپ، پەستىكى باغ، چىغىر
يول، ئاق ياغاچ ئورۇندۇق، بالكوندىكى چىغ ئورۇندۇق ۋە
يۇمىلاق ئۈستەللەرگە قارىدى. ئۇ ھاندرىك بىلەن مۇشۇ چىغىر
يولدا سەيلە قىلغان، ئاق ياغاچ ئورۇندۇقتا بىللە ئولتۇرغان،
ئۇ يەردە تۇنجى قېتىم سۆيۈشكەنىدى، ئاۋۇ يۇمىلاق ئۈستەل
ئۇلار دائىم قەھۋە ئىچىدىغان، ئەتىلىك ئىشلارنى مەسلىھەتلى-
شىدىغان جاي ئىدى. ئۇ ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بىر ئىستاكان-
نى كۆردى، بۇ دەل ھاندرىك دوختۇرخانىدىن غىپپىدە كېتىش-
تىن بۇرۇن ئاخىرقى قېتىم ئىشلەتكەن ئىستاكان ئىدى. ئۇ

ئۇستەل قېشىغا كېلىپ ئىستاكاننى قولىغا ئالدى-دە، ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى. . . ئاندىن ئىستاكاننى باغىنىڭ ئىچىگە زەرب بىلەن چۆرۈپ تاشلىۋەتتى. ئىستاكان ھېلىقى چىغىر يولغا چۈشۈپ چۇل-چۇل بولۇپ كەتتى.

”ئادەمنىڭ ئەسلىمىسىنى ئويغىتىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى قالدۇرماسلىق كېرەك، —دەپ ئويلىدى ئۇ ئۇشتۇمتۇت، — قايغۇ-ھەسرەتتىن باشقىلىرىدىنى قالدۇرماي تاشلىۋېتىش كېتەي.“

ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالغان پېتى ئۆيدىن چىقىپ شوپۇرنىڭ يېنىغا ئولتۇردى. ماشىنا قوزغالغاندا ئارقىسىغا قاراپمۇ قويمىدى. فان بېلىنىڭ قولىنى پۇلاڭلاتقانلىقىنىمۇ كۆرمىدى. توپا-توزان كۆتۈرۈلگەن يولغا بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

راگۇئېت ئايرودرومى—ھەربىي ئايرودروم بولۇپ، گېرمانىيە كونسۇلىنىڭ ئايروپىلانى ئۇ يەردە كۈتۈپ تۇراتتى.

جېككۈرىن دومېلا ئۆزى كەلگەن ھېلىقى دۇنياغا قايتىپ كەلدى. كىشىلەر شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىمىدى. ئايروپىلان ئۇنى قۇملۇقتىكى بىر تال قۇمغا ئوخشاش سىڭىپ كېتىدىغان مىليونلىغان كىشىلەر دېڭىزىغا ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى.

جېككۈرىن ئۇچۇشتىن ئىلگىرىكى ئاشۇ كېچىسى شۇ يەردىكى ھەربىي دوختۇرخانىدا پاتىپاراقچىلىق بولۇپ كەتتى. فان بېل قۇملۇقتىكى بارلىق ئورگانلارغا ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك تارماقلارغا تېلېگرامما بەردى.

بارلىق قورغانلارغا قىسىم ئەۋەتتى.

گېرمانىيە كونسۇلى ھىلبىرت فان ئېيچھاگىن ئالجىرغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن دەرھال فرانسىيىنىڭ ئالجىرىيىدە تۇرۇشلۇق باش ۋالىيسى بىلەن كۆرۈشۈپ، دولەتنىڭ مەنپەئەتىنى دەپ بىر نېمىس قىز بىلەن كارى بولمىغانلىقىغا ئېتىراز بىلدۈردى.

شۇ كۈنى كېچىسى بىر تېلېگرامما، پارىژدىكى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ۋە مۇستەملىكە مىنىستىرلىكىگە ئەۋەتىلدى. چىرايىدىن جىددىيلىك چىقىپ تۇرغان كىشىلەر بۇ تېلېگراممىنى ئوقىدى. ئاندىن كېيىن چىرايلىرى سۆرۈن تۇس ئالغان ھالدا بۇ تېلېگراممىنى مۇزاكىرە قىلىشتى ۋە جاۋاب تېلېگراممىسى يېزىشتى. ئەتىسى بارون فان ئېيچھاگىن گېرمانىيە كونسۇلخانىسىدا جاۋاب تېلېگراممىسىنى تاپشۇرۇۋالدى.

”مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك توپىلىڭىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، بۇ نېمىس قىزنىڭ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەنلىكىدەك پاكىتنى قوبۇل قىلماقتىن باشقا ئىلاج بولمىدى. زورلۇق كۈچى ئىشلىتىپ ھامىلنى ئاختۇرۇشنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن ئاشقا ئىلاج بولمىغانلىقى ئېنىق. مارابۇت بىلەن بولغان دوستلۇق ۋە ئالجىرىيەنىڭ تىنچ ۋەزىيىتىگە زىيان يەتكۈزۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. ئالجىرىيەدە تۇرۇشلۇق گېنېرال ئارقىلىق ھاملغا ئارىلىشىشقا، ھېلىقى قىزنى تاپشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا بولىدۇ، ئەلۋەتتە. كىشىلەرنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى پەقەت مانا مۇشۇلا. يۇقىرى بېسىملىق ۋاسىتە ئىشلىتىشكە ئاساس كەم، مۇنداق قىلىشنىڭ بۇ ئىشقا ياردىمى تەگمەيلا قالماستىن، ئەك-

ـسىچە ۋەزىيەتنى يامانلاشتۇرىۋېتىدۇ. مۇنداق ئەھۋالنىڭ يىل بېرىشىدىن ساقلىنىش فرانسىيە مۇستەملىكە سىياسىتىنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيانقى نىشانى“

تېلېگراممىنىڭ ئاخىرىدا ھۆكۈمەتنىڭ بۇنىڭغا بولغان تەزىيىسى بىلدۈرۈلگەنىدى. تېلېگراممىغا ئىمزا قويۇلغان ۋە تامغىمۇ بېسىلغانىدى، تېلېگراممىنىڭ تولۇق تېكىستى شۇنىڭ بىلەن تۈگىگەنىدى! ھۆكۈمەتنىڭ جاۋابى بىلەن تۆت كىشىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى دوكلات بىرلا ۋاقىتتا كەلدى.

كىشىلەر ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپلا قېلىشتى.

كىشىلەر خەۋەر كۈتۈشكە باشلىدى.

ھەر بىر كىشى بۇنىڭ ئىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئالدىن تۇيۇشتى. بىرىنچى دەرىجىلىك جىددىي ھالەتتە تۇرۇش بارلىق قىسىملاردا داۋاملىق كۈچكە ئىگە قىلىندى. قورغانغا كېچىلىرى قوشلاپ قاراۋۇل قويۇلدى ۋە چارلاش ئەترىتىنىڭ كۈچى كۈچەيتىلدى.

ئەتىگەندىلا قۇملۇق يەنە ئوتتەك قىزىپ كەتتى. ئاپتاپ چۆل-جەزىرىدىكى يېشىل ئوت-چۆپلەرنى چىقىشقا باشلىدى. ئاسىيا بۆرىلىرى تاغدا ھۆۋلايتتى، چۈمۈلىلەر ئاگاۋا ئارىسىدا ئۈمىلەپ يۈرۈشەتتى.

بارلىق نەرسىلەر بۇنىڭدىن ئۈچ يىل، 30 يىل ۋە 300 يىل بۇرۇنقى پېتى تۇراتتى. سۈكۈناتقا چۆمگەن قۇملۇق ئىلگىرىكىدىن پەرقلەنمەيتتى.

مۇقەددەس شەھەر ھامىل ئاپئاق، تىنىك، تاقىرقىيا ئۈستىدە قەد كېرىپ تۇراتتى.

ھۆركىرىگەن قۇم-بوران ئۇنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراتتى. مانا بۇ ئاللانىڭ مۇقەددەس كاسىسى ساقلىنىۋاتقان قەلئە ئىدى. . .

ئاپتوموبىل ”بەخت دىيارى“ دەپ ئاتالغان بوك-باراقسان دەل-دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان بوستانلىق بۇسادادىن جەنۇبقا يۈرۈپ بىسكرا يولى ئارقىلىق تەخمىنەن 20 كىلومېتىر يۈرگەنـ ـدىن كېيىن يەنە غەربتىكى شېغىللىق سايىنى كېسىپ ئۆتىدىغان يولغا قايرىلدى. ئاندىن يايلاق ۋە سەھرايى كەبىر چېتىدىكى ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەرلەردىن ئۆتۈپ تۇپتۇز تۈزلەڭلىككە چىقتى. ئىككى سائەت ئۆتكەندىن كېيىن يەر يۈزى بارا-بارا ئېگىزلەپ ماشىنا ئالدىدا ئېگىز-پەس قىيالار پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاپتاپتا كۆزنى قاماشتۇرىدىغان نۇرغۇن ئاپئاق ئۆيلەر چوقچىيىپ تۇراتتى.

كىشلەرنىڭ كۆزىگە يىراقتىنلا شەھەر ئالدىدىكى غايەت زور قەبرىستانلىق چېلىقتى. بۇ يەر بارلىق ھاجىلار ۋە قۇملۇقـ ـتىكى ئېسىلزادىلەرنىڭ خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتكەن يېرى ئىدى. ئۇلار ئاق شەھەر باغرىدا ياتاتتى، قەبرىلەر بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، قەبرە ئۈستىگە ئىككى-ئۈچ تال ئۇچلۇق تاش قويۇلغانىدى. ئۇ مۇشۇ مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكۇچىلەرنىڭ ئەر ياكى ئاياللىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بەلگە ئىدى. بەزى قەبرىلەر تام بىلەن قورشاپ قويۇلغان بولۇپ، بۇ مەرھۇمنىڭ دۆلەتمەن ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. تىك تاغ يولى قىيا تاشلارنى

بويلاپ ئەگرى-بوگرى هالدا يۇقىرىلاپ بىر چوڭ مەيدانغا بارىدىغان ئېگىز تاملىق ئالدىغىچە سوزۇلغانىدى. بۇ ئەينەكلىك دېرىزىسى يوق، ئوق ئېتىش تۆشۈكلىرىگە ئوخشايدىغان كۆنگۈرىلىك ئۆي بولۇپ، قېلىن تاملىرى پۇختا تاشلاردىن قوپۇرۇلغانىدى. تىك ياردىن قېزىۋېلىنغان بۇ تاشلارنىڭ ئاپتاپتا رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەنىدى.

بۇمارابۇتتىكى كاتتا قەسىرنىڭ تاشقى تاملىرى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدىكى كەڭ يول رەت-رەت كەتكەن ئۆيلەرگە تۇتىشاتتى. تۈز ئۆگزىلەر ئوتتۇرىسىدا يەتتە. ئاپئاق گۈمبەز قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، مانا بۇ هامىل مەسچىتى—قۇملۇقتىكى مۇقەددەس جاي ئىدى.

تىلاۋەتخانا ئالتۇندىن هەل بېرىلگەن رىشاتكا بىلەن توسۇلغان بولۇپ، مارا بۇتنىڭ ئالتۇن تاۋۇتى بىر كىچىك غۇۋا ئۆيدىكى قىممەت باهالىق گىلەم ئۈستىگە قويۇلغانىدى. تاش تۈۋرۈكلۈك قەسىرنىڭ گۈمبەزسىمان تورۇسىنىڭ ئوتتۇرىسى نەپىس نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن ئەينەكتىن ياسالغان قوڭغۇراق شەكىللىك ئاجايىپ تورۇس بولۇپ، قۇياشنىڭ سانسىزلىغان پارچە-پارچە ئەينەكلىرىدىن قايتقان رەڭگارەڭ نۇرلىرى قەسىر ئىچىگە لىق سېلىنغان مۇقەددەس جايناماز ئۈستىدە جىلۋە قىلاتتى. كىشىلەر بۇ جاينامازلارغا كەشلىرىنى سېلىۋېتىپ ئاندىن ئاياغ باساتتى، چۈنكى جاينامازغا ئاياغ باسقانلىق، خۇدا ئالدىدا تۇرغانلىق بولاتتى! تامدىكى ئويۇقلار ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس جايى مەككىنى بىلدۈرەتتى. بارلىق نامازخانلار مەككە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. ئۇ جاي هامىلغىلا كېلىپ تاۋاپ قىلىشقا

مۇيەسسەر بولغۇچىلار تەلپۈنىدىغان مۇقەددەس جاي ئىدى.
قەسىر ئىچىدىكى تۈۋرۈكلەرگە ئېلېكتىر چىراغلىرى ئورنى-تىلغانىدى. ھازىرقى زامان ئاپتاپ چىراغلىرى قەسىرنى كۈن-دۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى، بۇ چىراغلار بىرقانچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە ئۈنچە-مارجانلىق زەنجىرگە ئېسىلغانىدى. بۇنداق زەنجىرلەرنى ھەربىر مەسچىتتە كۆرگىلى بولاتتى. قەسىر ئىچى قۇپقۇرۇق بولۇپ، تام، تۈۋرۈك ۋە توساق تاختايلارغا نەپىس نۇسخىلار چۈشۈرۈلگەن، تۆت تامغا مۇزايىكا نەقىشى ئويۇلغا-نىدى.
مەسچىت ئارقىسىدا مەدرىس بار ئىدى. بىر پاكار ئىمارەتتە 200 دىن كۆپرەك تالىپ تۇراتتى. ئۇلار كىتاب ئوقۇپ ئىنشا يېزىشىپ، قىرائەت، دۇئا-تىلاۋەت قىلىشاتتى، ئۇلار شىمالىي ئافرىقىدىكى ئاخۇنلارنىڭ ۋارىسلىرى ئىدى. بۇ تالىپلار پاكار چاتقاللىقتا ئولتۇرۇشۇپ قېلىن قەغەزگە قۇرئان سۈرىلىرىنى كۆچۈرۈشەتتى. سىنىپتا ئاپئاق ساقال خەلپەتنىڭ تەلىملىرىنى تىڭشايتتى.
بۇ مۇقەددەس جايغا ئەزەلدىن بىرەرمۇ ئاق تەنلىك، مۇۋەپ-پەقىيەتلىك ھالدا كىرەلمىگەن، ئەزەلدىن بىرەر كىشىمۇ مۇ-قەددەس مەدرىس، تالىپ ۋە ئاخۇنلارنى سۈرەتكە تارتىپ چىقال-مىغانىدى. شۇنداق قىلماقچى بولغان ئادەم كاللىسىنى قولتۇقى-غا قىستۇرۇپ قويۇشى كېرەك ئىدى، چۈنكى ئىمانسىزلار خۇدا ئالدىدا كۇپۇرلۇق قىلسا، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق قېنى ئارقىلىق گۇناھىنى يۇيمىسا بولمايدىغان تەقدىر كۈتۈپ تۇراتتى.
يۈزى نىقابلانغان بىر ئايال ماشىنا بىلەن ھامىلغا ئېلىپ

كېلىنگەندىن كېيىنكى تۆتىنچى كۈنى، قەبرىستانلىق يېنىدىكى جىلغىدا تۆت تاۋاپچىنىڭ كۆلەڭگىسى پەيدا بولدى.

ئۇلار ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن كەلگەنىدى.

ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرىنىڭ بويى ئېگىز، تېرىسى قو-ڭۇر رەڭ بولۇپ، قارا ساقال قويۇۋالغانىدى، ئۆزى يالغۇز جەنۇبتىن كەلگەن بۇ ئادەم قولىغا بىر ساياھەت ھاسىسىنى ئېلىۋالغان، ھارغىنلىقتىن ئۆرە تۇرغىچىلىكمۇ قالمىغانىدى. بۇ بىر بىچارە تاۋاپچى بولۇپ، خۇدا ئۇنىڭغا زۇۋان بەرمىگەن-دى. كىشىلەر ئۇنىڭغا سالام بەرگەندە، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپلا جاۋاب بېرىپ، قولى بىلەن ئاغزىنى كۆرسىتىپ بېشىنى چايقاپ قوياتتى ھەمدە پاسكىنا قولىنى سوزۇپ تىلەمچىلىك قىلاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ئازدۇر-كۆپتۇر يەيدىغان نەرسە بېرىشەتتى. ئۇ يول بويى تاغ-دەشتلەرنى كېزىپ، قۇم-شېغىللىقتىن ئۆتۈپ، كىشىنى قاتتىق چاڭقىتىدىغان قۇرۇق ئىسسىق ئازابىغا چىداپ بوساددادىن كەلگەنىدى.

قالغان ئۈچ تاۋاپچى جەنۇب تەرەپتىن كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئىككىسى ئەركىشى، بىرسى ئوغۇل بالا ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچى-دىكى بىر ئەركىشىنىڭ يېشى چوڭراق بولۇپ، ئۇنى يەنە بىرسى يۆلىۋالغانىدى، ئۇ پۇتىنى كۈچەپ سۆرەپ قەبرىستانلىققا كەل-گەندىن كېيىن بىر پارچە تاش ئۈستىگە ئولتۇردى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈردى.

تىك قىيا ئۈستىگە جايلاشقان ھامىل ئاپتاپتا يالتىراپ تۇ-راتتى، ئۇ ھەيۋەتلىك بولۇپ، خۇدانىڭ مۇقەددەس جايى بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى.

بۇ مەنزىرە دالاي لامانىڭ بودالا سارىيىدەك كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى.

— ھامىل! — دېدى شۆېت بوش ئاۋاز بىلەن، — ئاخىر كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ كەلدۇق، مىلادشى لېيتېنانت

مىلادشى لېيتېنانت بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ پاسكىنا رومىلىنى بويىنىدىن چۈشۈرۈۋېتىپ قولى بىلەن تەرنى سۈرتتى.

شۆېتنىڭ يېنىدا تۇرغان بىلال قەيەردىندۇر ئوغرىلاپ كەلگەن خاسىڭنى چايناۋاتاتتى.

— بىز قاراڭغۇ چۈشۈشنى كۈتەيلى، ئاندىن كېيىن سەن زېرەك شاكىچىك، — دېدى مىلادشى لېيتېنانت قولىنى بىلالغا تەگكۈزۈپ، — ھېلىقى قىزنىڭ قەيەرگە يوشۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى ئۇقۇپ كەل. بىز ھەمىشە قارىسىغا تەلىيىمىزنى سىناۋەرسەك بولمايدۇ. ھەربىر ئۆينى بىر قېتىم ئىزدەپ چىق. بىز بىرەر نىشانغا ئىگە بولۇشىمىز كېرەك!

— بىلال ئۇنى تاپالايدۇ، — دېدى شۆېت قولى بىلەن بېشىنى تىرىگىنىچە دەرمانسىز ھالدا، — ئۇنىڭ پۈتكۈل بەدىنى توختىماستىن تىترىمەكتە ئىدى، — ئۇ ئۆلمىگۈر قىزىتما! شۇتاپتا قاتتىق توڭۇپ كېتىۋاتىمەن.

— بۇ جاينىڭ ئاپتاپ چىققان چاغدىكى تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە 57 گرادۇسقا يېتىدۇ.

شۆېت بېشىنى كۆتۈرۈپ گلانتۇسقا قارىدى:

— ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، گلانتۇس، سىز بۇنى ھېس قىلدىڭىزمۇ؟ ئەمدى بۇ ئىشنى بىرلىكتە قىلالمايدىغان بولدۇق. ئىنتايىن خەتەرلىك بۇ ۋەزىپىنى ئىلاجىسىز سىزگە

ھاۋالە قىلىدىغان بولدۇم. تولىمۇ سەتچىلىك بولۇۋاتقانلىقى ئۆزۈمگە ئايان، سىزنى بۇ قېتىمقى ئەسەبىي تەۋەككۇلچىلىككە قاتنىششقا كۆندۈرگەنىدىم. سىز قىسمەن باشباشتاقلىق قىلىپ ئايرىلغانلىقىڭىز سەۋەبىدىن ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدى دېگەن باھانە بىلەن ھەيدىلىشىڭىز ياكى دەرىجىڭىز چۈشۈرۈلىشى مۇمكىن. مەن بۇنىڭدىن بەكمۇ ئۇيالماقتىمەن گىلانتۇس.

ياش ملادشى لېيتېنانت قول ئىشارىتى بىلەن شۆپتنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدىكى تاشقا كېلىپ ئولتۇردى:

— سىز مېنى بەكمۇ خىجىل قىلىۋاتىسىز دوكتور، سىزنىڭ مەن توغرىلىق قىلغان پەرىزىڭىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس، مەن بۇ يەرگە پۈتۈنلەي شەخسىي غەرەز بىلەن كەلگەن. بۇ يەردە ئوما بىننى بىلقاسىمنى ئۇچرىتىپ قالارمەن دېگەن ئۈمىدتىمەن. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا شۇنداق كۈچلۈك ئۆچمەنلىك باركى، ئۇ ھەتتا قىتئەلەردىن ھالقىپ ئۆتەلەيدۇ. مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمدىكى سەۋەب مانا شۇ، دوكتور. ئىزدىمەكچى بولغان ھېلىقى قىز مەن ئۇچۇن ئەمەلىيەتتە ھېچ گەپ ئەمەس. بۇ ناھايەت مەقسىتىمگە يېتىشتىكى بىر قېتىملىق پۇرسەت، خالاس.

— ماڭا تەسەللى بېرىش ئۈچۈنلا شۇنداق دەۋاتىسىز، — شۆپت قەددىنى رۇسلاپ قىيا ئۈستىدە قەد كېرىپ تۇرغان ھەيۋەتلىك ئاق شەھەرگە كۆز تاشلىدى، — ئۇ ھازىر ئاشۇ يەردە. بىلال، سەن بېرىپ ھېلىقى ئاق تەنلىك قىزنى ئىزدەپ باققىن.

— خوپ، ئەپەندىم، — ئوغۇل بالا مارابۇتتىكى ئوردىغا ۋە ئەگرى-بۈگرى ھالدا يۇقىرىغا ئۆرلەپ مۇقەددەس قەسىرگە تۇتىشىدىغان يولغا قارىدى، — ئاۋۋال ئاللادىن مەدەت تىلەي، ئەپەندىم.

— ئەگەر ئۇ قىزنى كۆرسەڭ قانداق قىلىسەن؟

— ئۇنىڭغا سىزنىڭ مۇشۇ جايدا كۈتۈۋاتقانلىقىڭىزنى ئېيتىمەن، ئەپەندىم.

— كېچىدە ئۇنى ئالغىلى بارىدىغانلىقىمىزنى ئېيتقىن.

— خوپ، ئەپەندىم.

— ئۇ تۇرۇۋاتقان جاينىڭ ئەتراپىدىكى ئەھۋاللارنى كۆزەت، قەيەردىن كىرسەڭ قۇلايلىق بولىدىغانلىقىغا دىققەت قىل. سەن بىزگە ياردەم بېرەلەيدىغان بىردىنبىر كىشى.

— ماقۇل، ئەپەندىم.

شۈبىت ئورۇق ھەم سارغىيىپ كەتكەن قوللىرى بىلەن ئوغۇل بالىنىڭ بۇدۇر چېچىنى سىلىدى، ئۇنىڭ قولى توختىماستىن تىترەيتتى.

— ئەمدى ماڭغىن، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن، — ئەگەر تاپالمىساڭ، بىز ئۇنى مەڭگۈ كۆرەلمەيمىز.

دەل شۇ چاغدا پاسكىنا پەرىجە كىيگەن يەنە بىر يەككە-يېگانە تاۋاپچى ھامىل شەھىرىگە كىرىش ئېغىزىدا بىر باققال بىلەن قوغۇن سودىسى قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئىما-ئىشارەت قىلىشاتتى، تاۋاپچى تىت-تىت بولۇپ ساقىلىنى يۇلاتتى، كېيىن شېكەر سېپىلگەن يېرىم كاسا قوغۇننى ئېلىپ ئاستا قەدەم تاشلاپ باشقا تاۋاپچىلار بىلەن بىللە تار كوچىنى بويلاپ شەھەرگە كىردى.

ئۇ مارابۇتتىكى ھەيۋەتلىك قەسىر ئالدىدا ئېگىلدى، ئاندىن يەنە بىر توپ تاۋاپچىغا ئەگىشىپ ئاجايىپ ئېھتىرام بىلەن مەيداننى بىر ئايلانغاندىن كېيىن تار كوچىدا غايىب بولدى. ئۇ ئىككى تەرىپىگە دېرىزە قويۇلمىغان ئۆيلەر بار كوچىدا تېز مېڭىپ بىر قۇدۇق يېنىدا توختىدى-دە، ئېھتىيات بىلەن بىرئاز سۇ ئىچكەن-دىن كېيىن ئاستا بىر تابلىت تولغاق دورىسى يېۋالدى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا بىرقانچە يېرىم يالىڭاچ بالا ئويناۋاتاتتى، ئۇلار پات-پات بېشىنى كۆلچەككە پاتۇراتتى. بۇ تاۋاپچىلارنىڭ ئۇستى ئوچۇق مۇنچىسى بولۇپ، ئۇ تۇرۇۋا ئارقىلىق قۇدۇق بىلەن تۇتاشتۇ-رۇلغانىدى، كۆلچەكتە بىر تۆشۈك بولۇپ سۇ بۇ تۆشۈكتىن ئۆتۈپ زەيكەش ئارقىلىق كىرىپ، گۈل ۋە چاتقال ئۆستۇرۇلگەن قۇمساز يەرگە سىڭىپ كېتەتتى.

كىشىلەر ھاندرىكنىڭ نىقابىنى بايقىيالمىدى. ھاملىغا كەل-گەندىمۇ كىشىلەر ئۇنى تونىيالمىدى، بۇ ھېردنىڭ يېنىغا بېرىش ئۇچۇن تاشلانغان تۇنجى قەدەم ئىدى. شۇتاپتا ئۇ نامرات، پاسكى-نا، ھارغىن بىر تاۋاپچىغا ئوخشايتتى. ئۇ ئانچە ئايىنمىغان پالما دەرىخى سايىسى ئاستىدىكى تاش ئۇستىدە زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قوغۇننى غاجىلاشقا باشلىدى، قوغۇن شىرنىسى ساقىلىغا تام-چىپ چۈشۈپ، ساقىلىنى شىلىمغا ئوخشاش بىربىرىگە چاپلاپ قويدى. بۇمۇ بىر ھېساپتا ياخشى بولدى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئەرەبلەر ئەمدى مېنى ئۆزلىرىنىڭ قېرىندىشى دەپ قالىدىغان بولدى».

ئۇ قوغۇن يېگەچ ئەتراپقا سەپسالاتتى، قاتار-قاتار ئۆيلەرگە قاراپ، ئويناۋاتقان بىر ئوغۇل بالىنى قول ئىشارىتى بىلەن

چاقىردى، ئۇنىڭدىن بىرئاق تەنلىك ئايالنى كۆردۈڭمۇ دەپ سورىدى. ئوغۇل بالا يىغلاپ بېشىنى چايقىدى. هاندرىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئېشىپ قالغان قوغۇننى ئاۋاق بىر قىزچاققا بەردى، ئۇ قۇدۇققا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى. هاندرىك مۇقەددەس شەهەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ، پىچىرلاپ ئايەت ئوقۇغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ گۇناهىغا توۋا قىلىۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى، مۇشۇنداق قىلىپ هامىل كوچىلىرىنى ئاستا ئارىلاپ بىر دۆڭگە چىقتى-دە، پەستىكى شەهەر ئۆيلىرىنىڭ ئۆگزىلىرى ۋە قورۇلىرىغا قارىدى.

تۇيۇقسىز قىيا ئارىسىدىن قوڭۇر بۇدۇر چاچلىق بىر ئوغۇل بالا چىقىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا تۇردى-دە، ئۇنىڭغا ئوخشاشلا هامىلغا قاراشقا باشلىدى. ئاندىن كېيىن تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خاسىڭ يېگەچ بۇ تاۋاپچىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا سەپسالدى.

بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن ئوغۇل بالا قايرىلىپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن دېدى:

—ئاللا سىزگە رەهمەت قىلغاي!

رەتمۇرەت ئۆگزىلەرنى كۆزىتىپ، هېرد تۇرغان جايدىن دېرەك بېرىش ئېهتىمالى بولغان ئالامەتلەرگە سەپسېلىۋاتقان هاندرىك ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى.

—خۇدا سىزگە يار-يۆلەك بولسۇن!—دېدى ئۇ غودۇڭشىپ.

—سىز بۇ يەرگە تاۋاپ قىلغىلى كەلدىڭىزمۇ؟

—شۇنداق.

ئوغۇل بالا ئۇنىڭغا بېشىدىن ئايىغىغىچە قاراپ چىقتى:

www.uyghurkitap.com

— يىراقتىن كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ شىۋىڭىز بىز بىلەن ئوخشىمايدىكەن.

— شۇنداق.

— قەيەردىن كەلدىڭىز؟

— جەنۇبتىن.

— گېردىئادىنمۇ؟

— ئۇنىڭدىنمۇ يىراق جايدىن.

ھاندرىك تەتۈر قارىۋالدى. ”بۇ كۇسپۇرۇچ مېنى ئەجەبمۇ بىزار قىلىۋەتتىغۇ، زادى مېنى نېمە قىل دېمەكچىدۇ؟ ئەجەبا، مېنىڭ تەۋەككۇلچىلىكىم مۇشۇ بالىنىڭ قىزىقىشىدىن بەربات بولارمۇ؟“ دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ ئوغۇل بالىنىڭ ئورنىدىن قوپۇپ ئۆزىگە قاراپ كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ يېنىدا توختاپ شەھەرگە قاراۋاتقانلىقىنى تۇيدى.

— سىز بىر كىشىنى ئىزدەۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدى ئوغۇل بالا.

— ياق.

— ئەمىسە، بىرەرسىنى ساقلاۋاتامسىز؟

— شۇنداق، — ئويلانماستىنلا جاۋاب بەردى ھاندرىك. ئۇ ”شۇنداق“ دېگەن سۆزنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئۇقمايتتى. ئوغۇل بالا ھىجايدى-دە، تاش پەلەمپەي يېنىدىكى قىيا ئۇستىگە سىلىنغان ئۆينى كۆرسىتىپ دېدى:

— سىز ئاۋۇ ئۆيدىكى ئاق تەنلىك ئايالنى ساقلاۋاتىسىزغۇ دەيمەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاندرىكنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى تىترەپ كەت-

تى. كۆتۈلمىگەن بۇ زەربىدىن نەپسى بوغۇلدى. ئۇ ئوغۇل بالىنىڭ بىلىكىدىن كاپلا قىلىپ تۇتۇۋالماقچى بولىۋىدى، بالا چېچەنلىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇچقاندەك تاغدىن چۈشۈپ، ئۆيلەر ئارىسىدا غايىب بولدى.

هاندرىك تىترەۋاتقان قولى بىلەن كۆزىگە كىرىپ كەتكەن تەرنى ئېيتقاندىن كېيىن قولىنى پەرىجىسىگە سۈرتتى.

ئۇ ھېرد شۈبىتىنىڭ ئۆزىگە شۇنچە يېقىن جايدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، كۆڭلىدە ئەكسىچە ئاجايىپ بىرخىل بىخۇدلۇق، ئىككىلىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولدى، ئوغۇل بالا كۆرسەتكەن ئۆيلەرگە سىنچىلاپ قاراپ، تىك، چىغىر يولنى بويلاپ پەسكە چۈشۈپ، ئۆگزىسى بىلەن قورۇسىنى كۆرگىلى بولىدىغان بىر يار بېشىغا كەلدى.

ئۆيدە ھېچقانداق شەپە يوق ئىدى. پاكار-كىچىك، توپا بېسىپ كەتكەن، يېرىمى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بۇ ئۆي ئادەمنى كۆيدۈرگۈدەك ئاپتاپتا قاقلىنىپ ياتاتتى. ئۆگزىدە بىر قانچە پارچە كاھىش تۇراتتى، قورۇدا بىر شوتا تامغا يۆلەپ قويۇلغانىدى. ئۆينىڭ ئىشىكى قېلىن شالدىن ياسالغان بولۇپ، يېرىلىپ كەتكەن تاسمىغا ئىلىنىپ پۇلاڭلاپ تۇراتتى. هاندرىكنىڭ يۈرىكى بىردىنلا مۇجۇلغاندەك بولدى. ”سۆيۈملۈك مەشۇقۇم مۇشۇنداق زەيلىشىپ كەتكەن گەمىگە سولاپ قويۇلۇپتۇ-دە“ دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇنىڭ يار بېشىدا ئولتۇرۇپ ئۆگزىلەرگە قاراۋاتقىنىغا توپتوغرا بىر سائەت بولدى، يارنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر ئوغۇل بالىنىڭ يوشۇرۇن ھالدا ئۆزىنى كۆزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرمىدى. ئۇ

www.uyghurkitap.com

ئورنىدىن قوپۇپ يول بىلەن تاغدىن چۈشۈپ بۇ ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى، قۇرئان ئايەتلىرىنى پىچىرلاپ ئوقۇپ دەرۋازىدىن ھويلىدىكى شەپىگە قۇلاق سېلىۋاتقاندا، ئوغۇل بالا ئاچا يول ئارقىلىق شەھەردىن چىقىپ قەبرىستانلىققا قايتتى. ھېلىقى ئىككى تاۋاپچى يەنىلا ئۇ جايدىكى زەيتۇن دەرىخى ئاستىدا ئۇنى كۈتمەكتە ئىدى.

ھاندرىك بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن ئىشىكنى ئېچىپ قورۇغا كىردى. سېمىز بىر ئەرەب ئايال ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنى قارغاشقا باشلىدى. ھاندرىك قولىنى سوزۇپ سەدىقە تىلەپ، خۇددى بازاردا ئولتۇرغان تىلەمچىلەردەك تىلەمچىلىك قوشىقىنى ئوقۇشقا باشلىدى، زەڭگەر كۆزۈمنى ئەرەب ئايال كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ يەرگە قارىۋالدى، زەڭگەر كۆزى ئۇنىڭ سالاھىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدىغان بىردىنبىر يېرى ئىدى.

ئايال ئارقىسىغا قاراپ بىرنەچچە قېتىم ۋارقىرىدى. يېپەك پەرىجە كىيگەن، ئورۇق، ئېگىز بىر ئەرەب ئەر قورۇغا چىقىپ، جول-جول كىيىملىك بۇ تاۋاپچىغا سەپسالدى. ئۇنىڭ بېنت بىلەن ئورالغان سول قولى بوينىغا ئېسىلغان بولۇپ، چېكىسىگە يوغان بىر پارچە پىلاستىر چاپلىۋالغانىدى. دەل شۇنىڭ ئۆزى! ھاندرىك بىر قاراپلا ئۇنى تونۇۋالدى. چوقۇم شۇ. . . ئارمىيەنىڭ دوكلاتىغا قارىغاندا، نەق شۇنىڭ ئۆزى، ئۇممابىننى بىلقاسىم. . . ئىزدىگىنىم بىكارغۇ كەتمىدى.

— ئاللا سىزگە ۋە ئائىلىڭىزگە يار بولغاي، — دېدى ھاندرىك بوش ئاۋاز بىلەن. ئاندىن ئېگىلىپ تەزىم قىلدى ۋە

شۇ ھالەتتە تۇرىۋەردى. ئەرەب جاۋاب بەرمەي يۈز فرانكلىق پۇلنى ھاندرىكنىڭ ئايىغى ئاستىغا تاشلىدى ۋە ئىشىكنى جالاققىدە يېپىۋەتتى، ھاندرىك ھويلىدا يالغۇز قالدى. ئۇ دەرھال ئېڭىشىپ پۇلنى ئالدى-دە، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ قورۇدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ قالايمىقان سېلىنغان ئۆيلەر ئىچىدىن بۇ ئۆينى قايتىدىن تېپىشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئەتراپنى يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي كۆزەتتى. ئۇ ئۆزگىچە بىرقانچە بەلگىگە دىققەت قىلىۋالدى: يىقىلغان قورۇ تېمىنىڭ ئارقىسىدىكى ئاجايىپ بىر تۈپ پالما دەرىخى، ئادەمنىڭ پۇتىغا ئوخشايدىغان بىر قىيا تاش، بالكونى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر ئۆي، بىر باغ بادرا تاشلاپ قويۇلغان ئۆگزە. . . ئۇ ئاشۇ بەلگىلەرنى بىر-بىرلەپ ئېسىدە تۇتۇۋالغاندىن كېيىن گويا چوڭقۇر ئازاب-ئوقۇبەت تارتقان كىشى رەھىمدىل ئىلاھنىڭ بېشارىتىگە ئېرىشكەندەك بولۇپ قالدى. ئۇ بالدۇرراق قاراڭغۇ چۈشۈشنى ئارزۇ قىلاتتى، يۇلتۇزلار ئاسماننى قاپلىغان سوغۇق قۇملۇق كېچىسىدە بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ كوڭلىدىكى مەقسىدىنى ئەمەلگە ئاشۇرار ياكى ئوما بىننى بىلقاسىمنىڭ ئىبلىس چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىپ ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلەر. بۇ يەردە مېھىر-شەپقەت دېگەن نېمە يوق، چۈنكى قىلچە مېھىر-شەپقەت قىلماسلىق قۇملۇقنىڭ ھاياتىدۇر. قۇياش، قۇم، دەھشەتلىك بوران، ھايۋان، قىيا تاش، كۈندۈز-كېچە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىدە مېھىر-شەپقەت بولمايدۇ. ئاسمان بىلەن زېمىندا، سەھرايى كەبىرنىڭ شەرقى، غەربى، جەنۇبى ۋە شىمالىدا مېھىر-شەپقەتتىن قانداقمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

هالبۇكى، ئادەم ئەڭ رەھىمسىزدۇر.
ئەڭ رەھىمسىز نەرسە ئادەم!

هاندرىك مەسچىت سايىسىدا ئۈچ سائەت ئولتۇردى. ئۇ مەسچىتكە بىر قېتىم كىرىپ تەرەت ئالغاندىن كېيىن جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ مەشرىققە قاراپ[1] سەجدە قىلىپ پېشانىسىنى يەرگە تەگكۈزدى. ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن دۇئا-تەكبىر قىلدى، باشقا تاۋاپچىلارغا ئوخشاش قۇرئان سۈرىلىرىنى ئوقۇدى. ئۇ ھەيۋەتلىك تىلاۋەتخانىدا تاۋاپچىلارغا ئەنسىزلىك بىلەن كۆز يۈگۈرۈتتى. ئېگىز، قامەتلىك بىر ئەرەب ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ تۈۋرۈككە يۆلىنىپ ناماز ئوقۇۋاتقانلارنى كۆزىتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تەلەتىدىن رەھىمسىزلىك، نائىنساپلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇ چىرايلىق بېزەلگەن ئاق پەرىجە كىيىۋالغان بولۇپ، دۇئا-تەكبىر قىلىۋاتقانلارغا كۆز يۈگۈرتىۋاتاتتى. هاندرىككە ئىختىيارسىز تىترەك ئولشتى.

بىر جۈپ زەڭگەر كۆز.

زەڭگەر كۆزلۈك بىر ئەرەب.

هاندرىك ئەرەب مىللەتچىلىرىنىڭ سەئىد مۇھەممەد بىننى شاكىر دېگەن بۇ سىرلىق داھىيسىنى زادى ئاڭلىمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ سىرتقا پولتىيىپ چىقىپ تۇرغان زەڭگەر كۆزى ھەممىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى، بۇ ئالامەتلەر ئۇنىڭ خەۋپلىك ئادەم ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. هاندرىك تەبىئىي هالدا شۇنى سەزدىكى، تۈۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرغان بۇ جىمغۇر

---

[1] سەھرايى كەبىر مەككە-مەدىنىنىڭ غەربىدە بولغاچقا، مۇسۇلمانلار مەشرىققا قاراپ ناماز ئوقۇيدۇ—تەرجىماندىن.

ئەركىشى دەل ئۇنىڭ دۈشمىنى ئىدى، ئۇ يەنە تېخىمۇ ئېگىلىپ مەككىگە قاراپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن تىلاۋەتخانىدىن ئايرىلدى-دە، بۇساددانىڭ بازىرىدىكى ئەسكى-تۈسكىلەرنى ساتىدىغان بىر سېتىقچىدىن ئالغان جۇلىقى چىقىپ كەتكەن كەشنى سۆرىگىنىچە مەسچىتتىن ئىتتىك چىقىپ كەتتى.

سەئىد بۇ نامرات تاۋاپچىغا دىققەت قىلمىدى. ئۇنىڭ كۆزى مەسچىتتە ناماز ئوقۇۋاتقان يەنە بىر ئەر كىشىگە تىكىلگەنىدى. ئۇ ياش، قاۋۇل ھەم قارامتۇل كەلگەن، ساقىلى پاكىزە قىرىلغان بولۇپ، باشقىلارغا ئوخشاش ئىخلاسمەنلىك بىلەن ئايەت ئوقۇۋاتاتتى.

پاسكىنا پەرىجىسى تېنىنى ئاران ياپقان، سەللىسى يۈزىنىڭ بىر قىسمىنى توسۇۋالغانىدى. رەڭلىك ئەينەكلىك گۈمبەزدىن قەسىرگە چۈشكەن غۇۋا كۆن نۇرىدا ئۇ باشقا تاۋاپچىلاردىن قىلچە پەرقلەنمەيتتى. ئەمما ئۇنىڭدىكى بەزى ئالامەتلەر سەئىدنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى. ئۇنىڭ ئىنچىكىلەپ گىرىم قىلغان سىرتقى كۆرۈنۈشىنى چاڭ-توزان بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ ناماز ئوقۇغان چاغدىكى ھەرىكەتلىرى دۇرۇس ئەمەس ئىدى. . . سەئىد بۇ نامازخانغا تىكىلىپ قاراشقا باشلىدى. ئۇ مەسچىتتىن كوچىغا چىققاندا، ئۇنىڭ كەينىدىن ئاستا ئىز بېسىپ ماڭدى. بىر ئوغۇل بالا تالادىكى مەيداندا ئۇنى كۈتكەچ دۇئا-تەكبىر قىلىۋاتاتتى، كېيىن بۇ ئىككىسى بىللە يۈرۈپ كەتتى.

ملادشى لېيتېنانت گىلانتۇس بىلالغا قاراپ قويۇپ، تاپ بېسىپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئاياغ تىۋىشىغا قۇلاق سالدى.

— بىزنىڭ كەينىمىزدىن كېلىۋاتقان ئاۋۇ ئۇزۇن تۇرانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى ئۇ.

— كۆردۈم. ئۇ زەڭگەر كۆز ئىكەن.

— ئۇ سەئىد مۇھەممەد بىننى شاكىر! بىز نىشاننى تاپتۇق، بىلال.

— سەئىد دەمسىز؟ — بىلال چۆچىگەن هالدا گلانتۇسقا قارىدى، — ئۇ دېگەن بىر هازازۇل، ئەپەندىم! ئۇ بارلىق ياۋروپالىقلارنى ئۆلتۈرىمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن. مەسچىتتە سىزنى كۆرۈپ قالمىغاندۇ؟

— كۆردى.

— سىزنى تونۇپ قالمىغاندۇ؟

— تونۇيالمىدىغۇ دەيمەن. بىراق پېيىمىزگە چۈشتى.

بىلال تىترەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ يۇمىلاق يوغان كۆزلىرىدىن ۋەھىمە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

— ئەپەندىم، ئۇ بىزنى — سىزنى، مېنى ۋە دوكتورنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ! — دېدى ئۇ گلانتۇسنىڭ قولىنى تۇتۇش ئۇچۇن قولىنى سوزۇپ، — يۈرۈڭ، بىز دەرهال قەبرىستانلىققا كېتەيلى، ئۇ يەردە بىزنى ئۆلتۈرەلمەيدۇ، كوچىدا بىزگە هۇجۇم قىلسا، هېچكىم ئاڭلىمايدۇ! تېزراق بولايلى، ئەپەندىم. . .

ئۇلار مەيداننى ئىتتىك كېسىپ ئۆتۈپ، مەدرىس قورۇسىدىن ئايلىنىپ ئۆتكەندىن كېيىن تاغدىن چۈشىدىغان كەڭ كوچىغا بۇرىلدى. ئۇلار شۆھىتىنى ئاشكارىلاپ قويماسلىق ئۇچۇن قەستەن بىر چۆگىلەپ قويۇپ ئالدىراپ-تېنەپ قەبرىستانلىققا يۈرۈپ كەتتى. دوكتور زەيتۇن دەرىخى ئاستىدا ياتاتتى، ئۇنىڭ بەدىنى مۇزلاپ كەتكەن بولۇپ توختىماستىن تىترەيتتى، قىزىتمىسى

ئۇنى ئىنتايىن زەئىپلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

سەئىد يول ئازاش تېمىغا يۆلىنىپ يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ئىككى كىشىنىڭ قارىسىغا قاراپ قالدى. ئۇنىڭ زەڭگەر كۆزلىرىدىن بىر خىل ئېسەنگىرەش چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قارىسى جىلغىدىكى قورۇق ئارقىسىدا غايىب بولغاندىن كېيىن ئارقىسىغا قايتتى.

هاندرىك شەھەر سىرتىدىكى بىر ئېگىز ئاق قارىغاي تۈۋىدە ئولتۇرۇپ يانچۇقىدىكى بىر قانچە پارچە سوغۇق گۆشنى چىقىرىپ يېيىشكە باشلىدى. تاۋاپچىلار بۇ جايدىن ئۆتكەندە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ قولىنى سوزۇپ سەدىقە سورايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياۋروپالىق ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئابروينىڭ چۈشۈپ كېتىشىگە قارىماي يەردە دۈم يېتىپ، جان بېقىش كويىدا بولۇپ يۈرگەن هايۋان قىياپىتىگە كىرىۋالاتتى.

شۆيت گلانتۇس بىلەن بىلالنىڭ هاسىراپ-هۆمۈدىگىنىچە ئۆز يېنىغا كەلگەنلىكىنى كۆردى.

—ئۇنى تاپتىڭلارمۇ؟—سورىدى ئۇ دەرمانسىز هالدا.

—تاپتۇق. ئۇمما بىننى بىلقاسىم بىلەن سەئىد مۇھەممەد بىننى شاكىرمۇ شۇ جايدا ئىكەن.

—ئىھ خۇدا! مەن نېمىشقىمۇ مۇشۇنداق چاغدا ئاغرىپ قالغاندىمەن؟!

www.uyghurkitap.com

— ئەپەندىم، ئۇ قاتتىق قوغدىلىۋېتىپتۇ. مەن بىر قاراۋۇل بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ جەنۇبتىن كەلدىم دەيدۇ،— دېدى بىلال

— ئۇ قانداقراق ئادەم ئىكەن؟

— ئەپەندىم، ئۇ قاۋۇل، ئۇزۇن تورا ئادەم ئىكەن، پاسكىنا ساقال قويۇۋاپتۇ.

— بىز ئالدى بىلەن ئۇنى بابلىمىساق بولمايدۇ،— گىلانتۇس يەرگە ئولتۇرغاچ شەھەر تەرەپكە قارىدى. شەھەر دىمىق ھاۋادا سىلكىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ كۆزىنى قىستى.

— بالدۇرراق كەچ كىرگەن بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولات-تى-ھە! — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن،— كېچىكىپ قالمىساق بولاتتىغۇ...

ئەتراپنى تۈن پەردىسى قاپلىدى.

بۇ تۇمانلىق قاپقاراڭغۇ كېچە ئىدى.

يۇلتۇزلار يۇزىگە پەردە يېپىپ قويغاندەك غۇۋا كۆرۈنەتتى، ئاي يوشۇرۇندى، ھامىل گويا قىيا تاش ئۈستىدىكى قارا داغدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى، قاراڭغۇدا قىلچىلىك يورۇقلۇق يوق ئىدى.

تاغ ئىچىدە، مۇقەددەس شەھەرگە بارىدىغان يول بويىدىكى ئاشۇ كىچىك بوستانلىق ئەتراپىدا ياۋا ئىت ۋە ئاسىيا بۆرىلىرى ھوۋلىماقتا ئىدى.

ھاندرىك ئاشۇ ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدە يېتىپ ئۆيدىكىلەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىۋاتاتتى، ئۇ ئۇچىسىغا ئاق كاستۇم-بۇرۇلكا،

پۈتىغا قېلىن چەملىك قوڭۇر ئاياغ كىيگەن، بېشىغا يەنىلا ھەج-تاۋاپچىلارنىڭ لۆڭگىسىنى ئورىۋالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى پەردە-جىسىنى تاشلاپ يىرتىپ، بىر-بىرىگە ئۇلاپ، قىيادىن ئۆگزىگە چۈشكەنىدى. بىر قاراۋۇل ئۆينى توختىماي ئايلىنىپ يۈرۈپ كېچىدىكى ھەربىر تىۋىشقا زەڭ سالاتتى. ئۆگزىدىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرمەك ناھايىتى ئاسان بولسىمۇ، مۇنداق قارامىلىق قىلىشنىڭ ئۆزى ئەخمىقانىلىق ئىدى، چۈنكى ھېردىنىڭ نەگە قامالغانلىقى، ئۆيگە قامالغانمۇ، ياكى زەي، دىمىق گەمىگە قامالغانمۇ بۇنىسى ئۇنىڭغا نائېنىق ئىدى. مۇنداق قىلغاندا چېكىنىش يولى ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ئۆيدىكى پاتىپاراقچىلىق چوقۇم قاراۋۇلنىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغايتتى-دە، ئۇ دەرھال بىرمۇنچە ئەرەبنى چاقىرىپ كېلەتتى.

ھاندرىك نېمە قىلىشنى بىلەلمەي ئۆگزىدە ياتتى، ئۇنىڭ بىلەن ھېردنى پەقەت بىرلا نېپىز تورۇس ئايرىپ تۇراتتى. ئۇ مۇندىن كېيىن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ئويلاشقا باشلىدى. ئۇ قەھرىمان ئەمەس، زوراۋانلىققا ئۆچ ئىدى، باشقىلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈشنى خالىمايتتى. ئادەم ئۆلتۈرمەي ئۇنى قۇتقۇزۇپ چىقىشنىلا ئۈمىد قىلاتتى. . . مانا شۇ ئوي ئۇنى مەغلۇبىيەتكە يۈزلەندۈرەتتى، چۈنكى ئۇ خرىستىئان مۇرىتلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈل ۋە كەڭ قورساقلىقى ئارقىلىق ئافرىقىدىكى رەھىمسىز رېئاللىققا نەزەر سالاتتى.

ئاشۇ قاپقاراڭغۇ كېچىدە گلانتۇس بىلەن بىلالمۇ بۇ مۇقەددەس شەھەرگە تىمىسقىلاپ كىردى. ئۇلار تاۋاپچىلار ماڭغان يولنى تاللىدى. بۇ ئەگرى-بوگرى تاغ يولى بولۇپ، ئاق مەس-

www.uyghurkitap.com

چىت يېنىدىن ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلار يىغىلىدىغان مەيدانغا تۇتىـشاتتى.

گىلانتۇس تاپانچا، ئۇزۇن بىر خەنجەر، يوغان بىر ئارغامچا ئېلىۋالدى، ئۇ ئارغامچىنى بېلىگە يۆگىۋالدى، يولغا چىقىش ئالدىدا شۆھرەت ئۇنىڭ قولىنى قاتتىق سىقىپ تۇرۇپ، كۆزىگە چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن قارىدى.

مۇبادا مەن بولالماي قالسام... تەڭرى سىزدىن مىننەتدار بولغۇسى، مىلادىشى لېيتېنانت، — دېدى شۆھرەت بوش ئاۋاز بىلەن، — تەڭرى سىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

— ئۇ ئاجىز قولى بىلەن بىلالنىڭ بودۇر چاچلىرىنى يەنە بىرقېتىم سىلاپ، قىينالغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— بالام، — دېدى ئۇ مۇلايىم ھالدا، — سېنىڭ ئۈچۈن بولـسىمۇ ئافرىقىدا قېلىشىم كېرەك.

بۇ سۆزنى ئۇ نېمىسچە دېدى. بىلال كۈلۈۋىدى، ئۇنىڭ چىشلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ خوجايىنىغا يوتقاننى چىڭ يېپىپ قويدى، شۆھرەتنى ئۇسسۇغاندا ئورنىدىن قوپمايلا سۇ ئىچسۇن دەپ تۇلۇمنى ئۇنىڭ يېنىغا يۆتكەپ قويدى. ئاندىن كېيىن ئۇلار يولغا چىقىپ، قاپقاراڭغۇ تۈن قوينىدا غايىب بولدى... ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىكى تاشلارنىڭ شىرىقلىغان ئاۋازى بارغانسېرى يىراقلاشتى...

شۆھرەت ئاياغ تىۋىشى زادى ئاڭلانمىغۇچە كۈتۈپ تۇردى، ئاندىن كېيىن ئورنىدىن قوپۇپ-ئولتۇرۇپ، ئۈستىدىكى يوتقاننى تەستە ئېلىپ تاشلىدى، ئاندىن ئاق قارىغاي شېخىغا ئېسىلىپ

ئۆرە قوپۇشقا باشلىدى، ھاسىراپ-ھۆمىدەپ بىلىنى تۇزلەپ، ئالدىغا بىر قەدەم تاشلىۋىدى، مەستتەك دەلدەڭشىپ كەتتى، شۇنداقتىمۇ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى! قۇملۇقتىكى سوغۇق كې-چىدىمۇ ئۇنىڭدىن تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ قولىغا ھېچنەرسە ئالماي، دەلدەڭشىگەن پېتى ئەرەبلەرنىڭ قەبرىستانلىقىنى كې-سىپ ئۆتۈپ قىيادىكى قارا كۆلەڭگە — مارابۇتتىكى بۇلۇتقا تاقاش-قان ئىمارەتكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئاستا ماڭدى، چۈنكى ئۇ گىلانتۇسلارنىڭمۇ ناھايىتى ئاستا ماڭىدىغانلىقىنى بىلەتتى. چوڭ يولغا چىققاندا ئالدىدا كېتىۋاتقان ملادشى لېيتېنانت بىلەن ئو-غۇل بالىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ئەرۋاھتەك بىردەم يوقۇلۇپ، بىردەم كۆرۈنۈپ خىيالىي تۇيغۇغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ ئاقساقلاپ مۇشۇ بىر جۈپ كۆلەڭگىنىڭ ئارقىسى-دىن قېلىشماي ماڭدى، ئارقىدا قېپقالارمەنمىكىن دېگەن خىيال ئۇنىڭغا يېڭىدىن كۈچ بېغىشلاپ، يولنى داۋاملاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇۋاتاتتى.

مەيدانغا كەلگەندە ئۇ ئۆزىنى ئۆيىنىڭ دالدىسىغا ئېلىپ، تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىۋەر-دى. يول ئېگىزلەپ تاش پەلەمپەيلىك كوچا يولىغا چىققاندا پۇت-قولىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ ئۆمىلەپ ماڭدى. ھەر قېتىم گىلانتۇس قەدىمىنى توختىتىپ بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىغاندا ئۇ يەرگە چىڭ چاپلىشىپ يېتىۋالاتتى. ئۇ ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىك-كىسىنىڭ بىر ئۆي ئالدىدا توختاپ تامنىڭ يېنىغا يېتىۋالغانلى-قىنى كۆردى. ئۆزلىرى ئىزدەۋاتقان ئۆينىڭ دەل شۇ ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا مەلۇم بولدى. ئۇ بىر چۆگىلەپ ئۆينىڭ ئۇ تەرىپىگە

ئۆتتى. گىلانتۇسنىڭ ئۆمىلەپ ئىشىك ئالدىغا بېرىپ قۇلۇپقا قاراۋاتقانلىقىنى، بىلالنىڭ قاشا تامنىڭ دالدىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى.

ئۆگزىدە چاپلىشىپ ياتقان ھاندىرىك قاتتىقراق نەپەس ئېلىشتىنمۇ ئېھتىيات قىلدى. كوچا تەرەپتىن كەلگەن ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدىيۇ، لېكىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇ جايدا نېمە بولغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىشقىمۇ پېتىنالمىدى، ناھايەت ئۇلارنىڭ ئاۋازىغىلا قۇلاق سېلىپ ياتتى. شۇ تاپتا ئۇ ھېردىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغۇسى كېلەتتى.

شۆھەت كۆزىنى يۇمغىنىچە يەردە ئۆلۈكتەك ياتاتتى، ئۇ گويا تونۇر ئىچىدە ياتقاندەك پەيلىرى تارتىشىپ، پۈتۈن ئەزايىدىن بۇژۇلداپ تەر چىقىپ كەتتى. ”بىر چەتتە قول قوشتۇرۇپ قاراپ تۇرسام بولماس“ دېگەن ئوي بىلەن بېشىنى يەنە كۆتۈردى. ئۇ گىلانتۇسنىڭ بىر ئەگمەچ سىم بىلەن قۇلۇپنى ئاۋايلاپ ئېچىۋاتقانلىقىنى، بىلالنىڭ مىلادشى لېيتېنانتنىڭ تاپانچىسىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. بىر قاراۋۇل قورۇ تېمىنى بويلاپ چارلاپ يۈرەتتى، شۆھەت ياتقان يان تامنىڭ بۇلۇڭى گىلانتۇسنى توسۇۋالغانىدى، ھېلىقى قاراۋۇل ئالدىغا يەنە بىرنەچچە قەدەم باسسىلا ئۇلارنى كۆرەتتى-دە، دەرھال ئۆيدە قاتتىق ئۇخلاۋاتقانلارغا سىگنال بېرەتتى.

شۆھەت يۈرىكىدە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى. قاراۋۇل تامنىڭ بۇلۇڭىغا كەلگەندە، ئۇ گويا يىرتقۇچ ھايۋاندەك شىددەت بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلدى. قارشى تەرەپ ”ۋايجان“ دەپ بولغۇچە ئۇ بارماقلىرى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ كانىيىنى چىڭ بوغۇۋال-

دى، قاتتىق بوغقانلىقتىن تىرناقلىرى ئۇنىڭ گۆشىغا پېتىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئولجىسى بىلەن بىللە تاش ئۇستىگە يىقىلدى. جان تالىشىۋاتقان ئادەمنىڭ تەنگە تىترەك ئولاشتۇرىدىغان چىرايىدىكى ئىپادىسىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

گلانتۇس بۇ تىنۋشسىز جەڭگە قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى، ئاندىن دەرھال ئىشكنى ئېچىپ ھويلىغا ئېتىلىپ كىردى. شۇنىڭ بىلەن دېگۈدەك بىرۋاقىتتا ھاندىرىكمۇ ئۆگزىدىن سەكرەپ چۈشتى.

گلانتۇس ئاق كاستۇم-بۇرۇلكىلىق كىشىگە قاراپلا ئۇنىڭ دۈشمەن ئەمەسلىكىنى بىلدى. ھاندىرىك بۇ ئۇزۇن پەرىجىلىق، سەللىلىك، قولىدا تاپانچا تۇتقان ناتونۇش كىشىگە ئەگەشكىنىچە يوپيورۇق بىر كىچىك ھۇجرىغا ئېتىلىپ كىردى. بۇ ھۇجرىغا ئاجايىپ ئېسىل گىلەملەر سېلىنغان، تامغا يىپەك پەردىلەر تۇتۇلغان، ئىچكى تامغا يۆلەپ بىر ئۇزۇن سايا ۋە داستىخان سېلىنغان بىر پاكار شىرە قويۇلغانىدى. شىرەنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئۇمما بىننى بىلقاسىم ياردار بولمىغان ئوڭ قولىدا دەستىسىگە مەرۋايىتتىن كۆز چىقىرىلغان ئەپچىل تاپانچا تۇتۇپ تۇراتتى.

گلانتۇس ئۇممانى كۆرۈپلا قەدىمىنى توختىتىپ تاپانچىنى بەتلىدى.

— قولۇڭدىكى نەرسەڭنى يەرگە تاشلا، ئۇمما! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — ئۇ نەرسەڭ خوتۇن كىشىنىلا قورقۇتالايدۇ.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە تاپانچىسىنىڭ تەپكىسىنى باستى. لې-

كىن ئومۇمەن خەتەرلىك ئەھۋاللارغا تاقابىل تۇرۇشقا كۆنۈپ كەتكەن قىياپەت بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئوق چىقاردى. بۇ ئىككى رەقىب كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بىر-بىرىگە غەزەپ بىلەن قا-راشقىنىچە بىرلا ۋاقىتتا قېلىن گىلەم ئۈستىگە يىقىلدى. . . تاپانچا ئۇلارنىڭ قولىدىن يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

ھاندرىك ئۆلگەن بۇ ئىككى ئادەم ئالدىدا تامدەك قېتىپلا قالدى. ئاندىن شارتتىدە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ئىچكەركى ئۆيگە كىردى. ئۇ ئۇچقاندەك يۈگۈرگەن پېتى پەلەمپەي ئارقىلىق يەر ئاستى ئۆيگە چۈشۈۋېلىپ ۋارقىرىدى.

ھېرد! —ھەي ھېرد! سىز قەيەردە؟ قەيەردە سىز ھېرد!

سېمىز بىر ئايال—چۈشتىن ئىلگىرى ھويلىدا ئۇنى تىللى-غان ھېلىقى ئايال ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى. ھاندرىك ئۇنى تام تەرەپكە ئىتتىرىۋەتتى، ئايال يەرگە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قېلىپ ۋارقىراپ-جارقىراپ كەتتى. ھاندرىك يەر ئاستى ئۆيلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر ئىشىك ئالدىدا توختاپ، بىرسىنىڭ ياغاچ ئىشىكنى قېقىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدى. ئۇ گەۋدىسىنى ئىشىككە ئۇردى، مۈرىسى ئىششىپ، كۆكىرىپ كەتكۈچە ئۇردى، بىراق ئاغرىقنى سەزمىدى. . . ئىشىك ئاخىر ئېچىلدى. لېكىن ئۇ ئۆ-زىنى تۇتالماي دەلدۈگۈنۈپ يەرگە يىقىلدى. يىقىلغان شۇ ئەسنادا ئارقىسىغا داجىغان ھېردنى كۆردى. ئۇنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ھاندرىك ئاڭلىغان ئاخىرقى ئاۋاز بولدى، ئاندىن كېيىن ھوشى-دىن كەتتى.

ئۇ ھوشىغا كەلگەندە ھېردنىڭ قوچىقىدا ياتاتتى. ئۇ ھاندرىكنىڭ يۈزىنى سۈرتۈۋاتاتتى. ئۇلار يەنىلا يەر ئاستى ئۆيدە

ئىدى، ھاندرىكنىڭ ھوشىدىن كەتكەن ۋاقتى بەكمۇ قىسقىدەك قىلاتتى. چۈنكى ئۆينىڭ ئىچى تېخىچە جىمجىت ئىدى. ئۇ ھېردىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

ھېرد، — دېدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن، — ئاخىر سىزنى ئىزدەپ تاپتىم.

— مەن ئۈمىدىمنى پۈتۈنلەي ئۈزگەنىدىم.

— مەن سىزنىڭ تەلپىڭىزگە ماقۇل بولغانتىم ئەمەسمۇ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

يەر ئاستى ئۆيىدىن تۇيۇقسىز يەنە ھېلىقى سېمىز خوتۇننىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆزلىرى دۇچ كېلىۋاتقان خەۋپنى ئېسىگە ئالدى. ئۇ ھېردنى يېتىلىگەن پېتى يەر ئاستى ئۆيىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى. ئالدىنقى ئۆيدە ئومما بىلەن گلانتۇس باياتىنقىدەك، يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن ھېردنى سۆرىگەن پېتى جەسەتنىڭ ئۈستىدىن ئاتلاپ ئۆتتى، ئاندىن ئىشىكىنى جالاقىدە ئېچىپ دەلدەڭشىگەن ھالدا كوچىغا چىقتى. ئۇ يەردە بىر ئەر كىشى تامغا يۆلۈنۈۋالغان بولۇپ، بىر ئوغۇل بالا ئۇنى يۆلەپ تۇراتتى.

— قىزنى تاپتىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ھاسىراپ، — ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، — ئۇ ھەيرانلىق بىلەن ھاندرىككە قارىدى:

— سىز كىم بولىسىز؟

— ھاندرىك دوختۇر بولىمەن.

— گلانتۇسچۇ؟

— ئۆيگە باستۇرۇپ كىرگەن ھېلىقى ئەركىشىمۇ؟ — ئۇ ئۆلتۈرۈلدى.

— ئۆلتۈرۈلدى دەمسىزا!
— ئۇنى ئوماببىننى بىلقاسىم ئېتمۇەتتى، ئومانىڭ ئۆزىمۇ ئۆلدى.
شۈبىت قوللىرى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋېلىپ خۇددى كەتمەكچى بولغاندەك ئارقىسىغا ئۆرۈلدى، لېكىن شۇ هامان يەنە كەينىگە بۇرۇلۇپ، هېردقا قارىۋىدى، يۈرىكىدە تۇيۇقسىز بىر-خىل ھەسرەت پەيدا بولدى، دوختۇر هاندرىك، ئەلۋەتتە دوختۇر هاندرىك ئۇنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇ ماڭا ئايان. مەن خىيال ئىچىدە ياشاپ كەپتىمەن، مەنمۇ ئۇنى ياخشى كۆرەتتىم ئەمەسمۇ! تازىمۇ هاماقەت ئىكەنمەن جۇمۇ! ئۇ ئەركىنلىككە ئېرىشتى، ئۇ هايات. ئەجەبا، بۇ، كىشىنى خۇشال قىلمامدۇ؟ مەن يەنە قۇملۇققا قايتىمەن. . . ئۇ يۇقىرىقى خىياللارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، هېلىقى ئۆيگە قارىدى، گلانتۇس يەردە ياتاتتى. ئۇ سۇكۇنات ئىچىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كۆزىنى يۇمۇپ، قولىنى كرېست شەكلىدە كۆكسىگە قويدى. ”ئاھ تەڭرىم!— دەپ ئويلىدى ئۇ،— ئۇنىڭ بىزگە قىلىپ بەرگەن بارلىق ئىشلىرىغا رەھمەت. ئۇ ئوبدان ئادەم ئىدى تەڭرىم.“
ئاندىن كېيىن ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ هاندرىك بىلەن هېردقا قارىدى.
— بۇ يەردىن دەرهال كېتىڭلار! — دېدى ئۇ قاتتىق هاسىرىغىنىچە، — هازىرقى جىمجىتلىق ۋاقىتلىق جىمجىتلىق! سەئىد مۇھەممەد بىننى شاكىرمۇ مۇشۇ يەردە. سىلەر ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىلەر. تېزراق مېڭىڭلار، شەهەر سىرتىدا ئۈچ تۆگىمىز كۈتۈپ تۇرىدۇ. . . — ئۇ لام-جىم دېمەي

يېنىدا تۇرغان ئوغۇل بالىغا يۆلەنگىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇر-
دى، — سەن ئالدىمىزدا يول باشلا، بىلال، بىزنى باشلاپ . .

ئۇ گېپىنى تۈگەتمەستىنلا دەلدۈگۈنۈپ كەتتى، هاندرىك
هېردىنىڭ قولىنى قويۇۋېتىپ، شۆبىتنىڭ قولىنى كاپپىدە تۇتۇ-
ۋالدى.

— ۋايجان، قىزىپ كېتىپسىزغۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ.

— شۇنداق، قىزىپ كېتىۋاتىمەن.

— يېتىپ دەم ئالسىڭىز بولغۇدەك!

— يېتىپ دەمسىزا! — شۆبىت كۈلۈپ كەتتى، — راست، يې-
تىپ دەم ئېلىشىم كېرەك. بىراق سىلەرنى بىخەتەر جايغا ئاپى-
رىپ قويغاندىن كېيىن ئاندىن دەم ئالارمەن.

— سىز كىم بولىسىز؟ — هاندرىك يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ
سورىدى.

— مەن بىر ئاددىي كىشى! بۇنىڭغا قىزىقىپ نېمە قىلى-
سىز؟ يەنىمۇ تېزراق يۈگۈرۈڭ! خېنىم، سىزمۇ بار، ئىمكانقە-
دەر تېزراق يۈگۈرۈڭ. . .

ئۇلار مۇقەددەس شەھەرنىڭ تىمتاس كوچىلىرىدىن يۈگۈ-
رۈپ ئۆتۈپ، مەسچىت سەيناسىنى ئايلاندى، چۈنكى بەزى تاۋاپ-
چىلار ئەتىگەندىرەك مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن كې-
چىلىرى بۇ يەردە قوناتتى. شۆبىت چوڭ يول بۇساداغا بارىدىغان
كىچىك يولغا تۇتىشىدىغان قىيا بېشىغا كەلگەندە قەدىمىنى توخ-
تاتتى-دە، بىر پالما دەرىخىگە يۆلىنىپ ئېغىر نەپەس ئېلىشقا
باشلىدى. هاندرىك ئۇنچىقماستىن ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باق-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تى.

قان ئۇنىڭ تومۇرىدا تېز ئايلىنىۋاتاتتى.

— ئالجىپ قالدىڭىزمۇ؟ مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ شۇنچە قاتتىق ھەرىكەت قىلغان بارمۇ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، — بۇساددىغا يېتىپ بېرىپلا دەرھال دوختۇرخانىدا يېتىڭ.

— ئاۋۋال بۇساددىغا بىر بارايلى، — دېدى شۆبېت تىترەۋاتقان قولىنى تارتىۋېلىپ ھامىلنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئاۋۇ يورۇق-نى كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇلار بىزنى ئىزدەۋاتىدۇ. ئۇلار خۇددى ياۋايى ھايۋانلارنى قوغلىغاندەك ئارقىمىزدىن قوغلاپ كېلىدۇ. بىز دەرھال تۆگىلىرىمىزنىڭ قېشىغا بېرىۋېلىشىمىز كېرەك! سىز سورىمايلا قويۇڭ، ھاندرىك دوختۇر! بۇ ئىش ماۋۇ قىزنىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك!

ئۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا يۈگۈردى. جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈر-دى. ئۇ بىلالنىڭ گەجگىسىگە يۆلىنىپ دەلدەڭشىگەن ھالدا تاشيولنى بويلاپ يۈگۈرۈپ بىر ئۆيمانغا يېتىپ كەلدى، بۇ يەردە ئۈچ تۆگە بىر ئاق قارىغايغا باغلاپ قويۇلغانىدى.

— سىلەر ھەممىدىن قاۋۇل ئاۋۇ تۆگىگە مىنىڭلار، — دېدى شۆبېت، — بۇ ئىككىمىز قالغان ئىككى تۆگىگە مىنىمىز!

ئۇ ياغاچ چوم ئۈستىگە مىندى، تۆگە ئورنىدىن لوڭڭىدە قوپتى. شۆبېت چومنىڭ ئالدىنقى تۇتقۇچىنى كاپپىدا تۇتۇۋالدى، تۆگە لوكوسلاپ ماڭغاندا ئۇ سىيرىلىپ تۆگىنىڭ بويىنىغا چۈشۈپ قالدى.

— بۇساددىغا بېرىش ئۈچۈن بۇ جىلغىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ، مەن ئالدىدا ماڭاي، سىلەر ئارقامدىن ئەگىشىپ مې-

ڭىڭلار.

ئۇ تۆگىنى فامچىلاپ جىلغىدىن چىقتى. بۇ چاغدا ھامىلدىن قوللىرىدا مەشئەل تۇتقان تۆگىلىكلەر چىقىپ كەلدى، ئۇلار بوساددا بوستانلىقىغا بارىدىغان يولنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

— ئۇلار بىزگە يېتىشىۋالىدىغان بولدى! — دەپ ۋارقىرىدى ھېرد ئۇچقاندەك چېپىپ كېلىۋاتقان تۆگىلىكلەرنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ.

— ئارقىمىزغا يېنىپ بىسكراغا بارايلى، — دەپ ۋارقىرىدى شۋېت.

ئۇ تۆگىنىڭ بېشىنى قىيا تەرەپكە بۇراپ جەنۇبقا قاراپ يول ئالدى. ئۇ بىلالنى ئالدىدا ماڭدۇردى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆز تۆگىسىنى ھەيدىگۈدەك دەرمانى قالمىغانىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋالدى، ئۇنىڭ بەدىنى يوغان چوم ئۇستىدە ئىغاڭلايتتى، قاتتىق سىلكىنىش ئۇنىڭ نېرۋىسىنى كاردىن چىقىرىدىغانىدەك قىلاتتى... يەر-زېمىن كۆز ئالدىدا پىرقىرايتتى، مانا ئەمدى يەنە پۈتۈن ئەزايىنىڭ مۇزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلداشقا، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ياغاق سۆڭەكلىرى جاقىلداشقا باشلىدى. ئۇ تۆگىنى قۇملۇققا بولۇشىغا قويۇۋەتتى. ياردىكى چىقىش ئېغىزىدىن ئۆچمەنلىككە چۆمگەن، چېكى يوق، تۈن پەردىسى ئاستىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن قۇملۇق كۆرۈندى.

كۆچمە قۇملار يېنىك پىرقىرايتتى، بىرقانچە مىنۇتتىن كېيىن كىشىلەر چاڭ-توزان ئاستىدا قالدى، قۇمدىن قاقىلىپ نەپەس ئېلىش تەس بولغاچقا، ئادەم ئىختىيارسىز يۆتىلىپ كېتەتتى، قۇم ئېغىز-بۇرۇنغا ۋە قۇلاققا كىرىپ كېتىۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

قۇملۇق ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ تۇراتتى، ئاچكۆز، سۈكۈناتقا چۆمگەن، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق گويا كىچىككىنە ئادەملەرنى ھاپ ئېتىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى، ئالدى تەرەپتە چېكى كۆرۈنمەس يول سوزۇلۇپ ياتاتتى.

بۇ قاغجىراپ كەتكەن يول ئىدى.

ئۇلار ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنىڭ ۋارقىراش-جارقىراشلىرىنى ئاڭلىدى.

بۇ قانداق ئۆتكەن تۆت كۈن-ھە؟

تۆت كۈن بىر كىشىنىڭ ھاياتىدا ئېغىزغا ئالغۇچىلىكى يوق ۋاقىت.

ئادەملەر مۇشۇنداق تۆت كۈن ئىچىدە غىزا يېيىشىمۇ، ئۇسسۇزلۇق ئىچىشىمۇ، ئۇخلىشىمۇ، كۆڭۈللۈك ئىشلارنى بې-شىدىن ئۆتكۈزۈشىمۇ، قايغۇلۇق ئىشلار ئۈچۈن ياش تۆكۈشىمۇ مۇمكىن، بەخت-سائادەتتىن بەھرىمەن بولىشىمۇ، باشقىلارغا ئازاب-ئوقۇبەت كەلتۈرۈشىمۇ، مۇزىكىغا تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىشىمۇ، قۇملۇقتا ئوخشاش سۈكۈناتتا تۇرۇشىمۇ مۇمكىن. يەنە بەزى كىشىلەر ئۆلۈپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.

بۇ، ئوتتەك قىزىپ تۇرغان تومۇزدىكى پايانسىز قۇملۇقتا ئۆتكەن تۆت كۈن.

بۇ قىلچە ئۈمىد يوق بىر دۆلەت، بۇ قىلچە رەھىم-شەپقەت يوق بىر يول، بۇ پايانسىز قاقاس قۇملۇق.

بۇ قۇملۇقتا ئۈچ تۆگە ۋە ئېچىرقاپ، ئۇسساپ ماغدۇرىدىن

كەتكەن، ھالاكەت گىردابىدا تىركىشىۋاتقان تۆت كىشى كېلىۋا-
تاتتى.
قۇياش، قۇملۇق، ھاۋا، ئاسمان ۋە تەگرىدە قىلچە رەھىم-
دىللىق يوق ئىدى.
سوكۇنات. سوكۇنات ئۇلۇغۋار سۆز، ئادەمنى ۋەھىمىگە
سالىدىغان سۆز.
ھاندرىك بىلەن ھېرد بىر تۆگىگە مىنگەشكەنىدى. ھاندرىك
بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇراتتى.
ئۇنىڭ لەۋلىرى ئۇسسۇزلۇقتىن يېرىلىپ قاناپ كەتكەن، كۆز-
لىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى... ئۇ تۆگىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى چىڭ
تۇتقىنىچە تۆگىسىنى شۆبىتىنىڭ تۆگىسى كەينىدىن ھەي-
دەپ باراتتى.
شۆبىت تۆگە ئۈستىگە يېتىۋالغان بولۇپ، ھوشىدىن كېتەيلا
دەپ قالغانىدى. ئۇسسۇزلۇق دەستىدىن ئىچ-ئىچى كۆيۈپ كېتى-
ۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ۋەھىمىلىك پايانسىز زېمىنغا كۆزىنى ئېچىپ
قارىغۇدەك ماغدۇرى قالمىغانىدى، شۇڭا ئۆزىنى ھالاكەتكە ئې-
لىپ مېڭىشى ئۇچۇن تۆگىنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەت-
تى...
بىلالنىڭ جۇغى تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى،
ئۇ گويا كۆيۈپ كەتكەن جەسەت بىر پارچە كۆمۈرگە ئايلىنىپ
قالغاندەك، ئاپتاپتا قورۇلۇپ كەتكەنىدى. ئىككى كۈندىن بۇيان
ئۇ پالما دەرىخىنىڭ قۇرۇپ قالغان بىر تال ياپرىقىنى چايناپ
كەلدى، ياپراقنى چاينىسىلا ئۇسسۇزلۇق ھېس قىلمايتتى، سو-
سىراپ كەتكەن تېنىدىكى شۆلگەي ھۇجەيرىلىرى غىدىقلىنىپ،

ئېغىزى نەمدىلىپ تۇراتتى. ئۇ سۈيى يېرىملىشىپ قالغان تۇلۇمنى يۇدۇۋالغان بولۇپ، ھەر كۈنى ئاخشامدا ھەر كىشىگە بىر يۇتۇمدىن سۇ بېرەتتى.

بىسكراغا يەنە 300 كىلومېتىر قالغانىدى.

يول ئۈستىدە بوستانلىق يوق ئىدى.

قۇدۇق يوق ئىدى.

قۇرۇپ كەتكەن دەريا ئېقىنى يوق ئىدى.

پەقەت قۇملۇق، قۇملۇقلا بار ئىدى.

تۆگىلەر ھەر كۈنى ئەتىگەندە يولغا چىققاندا بوزلايتتى، خۇيى تۇتۇپ قالسا، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تېنىنى كەلسە-كەلمەس قاشاشسىمۇ، لېكىن ئاخىرىدا يەنىلا ئورنىدىن قوپۇپ قۇملۇقتىكى دەھشەت ئىسسىققا قارىماي يولغا چۈشەتتى.

قېچىپ ماڭغان تۈنجى كۈنى شۈېت تېخى ماغدۇرىدىن كەتمىگەن بولۇپ، پۈتكۈل كائىنات غەپلەت ئۇيقۇسىغا چۆمگەن كېچىدە 500 مېتىر ئۆمىلەپ، بىر كونا دەريا قىنىغا باردى، ئۇ يەردىكى پالما دەرەخلىرى ئاستىدا پاسكىنا سۇ بار ئىدى. ئۇ ئۆمۈچۈك ۋە سۇ پىتلىرىنى قوغلىۋېتىپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن سۇ ئىچىپ، ئاغزىنى چاكىلداتتى. ئۇ بۇ پاسكىنا سۇنىڭ گويا ئادەمگە قۇۋۋەت بېرىدىغان شىپالىق دورىدەك ئاستا-ئاستا تېنىگە تارقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى، ئاندىن كېيىن يەنە ئۆمىلەپ قايتىپ كەلدى، شۇ كېچە ئۇ ناھايىتى قاتتىق ئۇخلاپ قالدى.

ئۆتتىنچى كۈنى پۈتۈن ئەزايىنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى، قىزدىغان چاغدىكىدەك ئەمەس، بەلكى ئاشقازىنىدا جاندىن ئۆتكۈدەك بىر خىل ئاغرىقنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، چوم

ئۈستىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ لېۋىنى چىڭ چىشلەپ ئۈن چىقارمىدى، تۆگىنىمۇ توختاتمىدى، هاندىرىكنىڭ سوئاللىرىغا بېشىنى چايقاش بىلەنلا جاۋاب بەردى.

ئاشقازىنى ئوت كەتكەندەك كۆيۈپ ئاغرىيتتى، كانىيى قۇرۇپ يېرىلىپ كەتكەندى، ئۇ ئارقىسىغا قايرىلىپ، كۆزىنى يۇمغىنىچە هاندىرىكنىڭ قۇچىقىغا چاپلاشقان هېلىقى قىزنى كۆردى، يولنى داۋاملاشتۇرۇپ ئۇنى قۇملۇقتىن قۇتقۇزۇپ چىقىشىم كېرەك، دەپ ئويلىدى ئۇ.

تۆتىنچى كۈنىمۇ ئۆتۈپ كەتتى...

كەچ كىرىشى بىلەن هاۋا سوۋۇدى، قۇياش ئاستا-ئاستا ئۇپۇققا يوشۇرۇنغاندىن كېيىن، شۋېت تۆگىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، قۇم ئۈستىدە مىدىر-سىدىر قىلالماي يېتىپ قالدى.

هاندىرىك دەلدەڭشىگەن هالدا ئۇنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئېڭىشىپ تومۇرىنى تۇتتى، ئاندىن قولىنى پېشانىسىغا تەگكۈزۈپ كۆرۈپ، هەيران بولغان هالدا بىهوش ياتقۇچىنىڭ كۆزىگە قارىدى، يېنىدا دائىم ئېلىپ يۈرىدىغان بىر كىچىك خالتىسىنى چومدىن چۈشۈردى-دە، ئۇنىڭدىن ئوكۇل سالغۇچنى چىقىرىپ، ئوكۇل يىڭنىسىنى بېكىتتى. قىزىل قان تومۇرىنى كۆپتۈرۈش ئۈچۈن تاسمىسى بىلەن شۋېتنىڭ بىلىكىنى چىڭ بوغدى، ئاندىن ئوكۇل يىڭنىسىنى تۆت قېتىم سانجىپ، قېلىن تېرىسى ئاستىدىكى تومۇرىغا ئاران كىرگۈزۈپ، ئازراق قان ئالدى.

قان رەڭگى قويۇق قىزىل بولۇپ، ئۇنى قارا دېسىمۇ بولاتتى.

ئۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ئوكۇل سالغۇچنى تۆگىسىد-
نىڭ يېنىغا ئاپىرىپ، بىر پارچە ئەينەك ئۈستىگە بىر ئاز قان
تېمىتىپ، مىكروسكوپ ئاستىغا قويدى، ئۇزاق كۈتۈشكە توغرا
كەلمىدى، بىر قاراپلا ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقتى. . . ،
قورققانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

تولغاق، ئامىيوبالىق تولغاق!

قاننى بۇزىدىغان نامسىز ۋىرۇس!

بىلال خوجايىنىنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تۇلۇمدا قالغان ئاخىرقى بىر يۇتۇم سۇ بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى يۇيۇپ قويدى. ئۇ ئەرەب تىلىدىكى بەزى يېقىملىق سۆزلەرنى كېكەچ-لەپ سۆزلەپ، كىشىنى قاتتىق تەسىرلەندۈرىدىغان مۇھەببىتى بىلەن ئۇنىڭ ئادەم ئىسكەتىدىن قېلىۋاتقان يۈزىگە سۆيدى.

هاندرىك سەكراتتا تۇرۇۋاتقان شۆپتىنىڭ يېنىغا ئاستا يېقىن-لىشىپ، ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— ئەپەندىم، ئۇ قانداق كېسەل بولۇپ قاپتۇ؟ — سورىدى بالا كېكەچلەپ.

— ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرىدۇ، بىلال.

— ئۇنى قۇتقۇزۇۋالالماسسىزمۇ، ئەپەندىم؟

— شۇنداق، قۇتقۇزۇۋالالمايمەن، — تۈيۈقسىز ۋارقىراپ تاشلىدى هاندرىك. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىز، ئىقتىدارسىزلىقىنى ئۈمىدسىزلەنگەن هالدا هېس قىلدى.

— ئەپەندىم، سىز ئاتاقلىق دوختۇرغۇ؟ — دېدى بالا پەس ئاۋاز بىلەن.

— مەن هېچنېمە قولۇمدىن كەلمەيدىغان بىر بىچارىمەن،

— هاندرىك ئۆزىنىڭ پېشانىسىنى مۇشتلاپ كەتتى، — مەن بىر چالا موللا، مىسكىن، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، ھېچنېمىگە ئەسقاتمايدىغان بىر كالۋا، ھېچقانداق ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان بىر ئادەم! — ئۇ شۆيتىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ياترېن ئوكۇلىدىن بىرنى ئۇردى، ئارقىدىن يەنە ئۆزىنىڭ يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن زاپاس ياترېن ئوكۇللىرىنى بىر-بىرلەپ ئۇرۇپ بولدى، ئارقىدىن ئوكۇل سالغۇچنى قۇملۇققا كۆچەپ چۆرۈۋەتتى.

— ئەمدى ئوكۇل ئۇرمايمەن! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئۇ، — ئەمدى زادى ئۇرمايمەن!

ئاندىن كېيىن ئۇ جان تالىشىۋاتقۇچىنىڭ يېنىدا جىمجىت ئولتۇردى، ھېردمۇ ئويغىنىپلا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئۇ ئۆلۈپ كېتەرمۇ؟ — سورىدى ئۇ پەس ئاۋاز بىلەن.

— شۇنداق، ھېرد.

— ئۇسسۇزلۇقتىنمۇ؟

— ياق، ئۇ ھېلىقى ئۆلمىگۈر تولغاق كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قاپتۇ، ھېچ ئىلاج قىلالمىدىم...

كەچ كىردى. بىلال قۇرۇق تۆگە تېزىكىدە گۈلخان ياقتى. ئوت يورۇقى سەكراتتا تۇرغۇچىنىڭ يۈزىنى، ئۇنىڭ يېنىدا ئامالسىز ئولتۇرغان دوختۇر بىلەن يىغلاپ ئولتۇرغان ھېردنى يورۇتتى.

شۆيت تۇيۇقسىز لىككىدە قوپۇپ ئولتۇرۇپ بىر نەرسە دېدى... بۇ ئەرەبچە سۆز ئىدى. بىلال بېشىنى لىڭشىتىپ، قىلىۋىغا قاراپ بوش ئاۋاز بىلەن قۇرئاننىڭ ئۆلۈمگە دائىر ئايەتلىرىنى ئوقۇدى. ھاندرىك يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ تومۇرىنى

تۇتتى. . . لېكىن تومۇرنىڭ سوقۇۋاتقانلىقىنى ئانچە ھېس قىلالمىدى. . .

شۇبېت كۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئاچتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېمىنىدۇر ئىزلەۋاتقانلىقى كۆزىدىن بىلىنىپ تۇراتتى. . . ئۇ ھاندرىكنى تونىدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى. بۇ ئۇنىڭ ۋىدالىششى بولۇپ، ئاخىرقى ئۇنسىز بىر ئېغىز گېپى ئىدى، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆز نۇرى بىر قەۋەت نېپىز تۇمان توسۇۋالغاندەك بارا-بارا ئۆچتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدا پايانسىز ھەم بەختلىك بىر دۆلەت نامايان بولۇۋاتاتتى. . .

ھاندرىك ئېھتىيات بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمدۇرۇپ، قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ قويدى، ئاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەدىيالىنى ئالغىلى ماڭدى، ئەمدى بىرقانچە قەدەم مېڭىشىغا قولاقنى يارغۇدەك ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ بىردىنلا ئارقىسىغا بۇرۇلدى.

ھېرد مەرھۇمنىڭ ئۇستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئېسىلىۋالغانىدى. ھاندرىك يۇگۇرۇپ بېرىپ ئۇنى ئاجرىتىۋالماقچى بولدى. ھېرد تىپچەكلەپ مەرھۇمغا جىنىنىڭ بارىچە يېپىشىۋالدى. شۇبېتنىڭ يېنىدىكى يەردە بىر دەستە قەغەز تۇراتتى، بۇنى ھېرد جەزمەن ئۇنىڭ سومكىسىدىن ئالغانىدى. قەغەز ئۇستىدە بىر دەپتەر تۇراتتى، بۇ ئادەتتىكى بىر خاتىرە دەپتەر بولۇپ، بىرىنچى بېتىگە ”ھانس شۇبېت“ دەپ يېزىلغانىدى.

ھاندرىك قولىدا ھېلىقى خاتىرە دەپتەرنى تۇتقىنىچە داڭقېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ھېرد مەرھۇمنىڭ يۈزىگە سۆيەتتى، بار-

ماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ لەۋلىرى، كۆزلىرى، مەڭزى ۋە بويىنىنى سىلايتتى، ئۇنىڭ ”هانىس! هانىس!“ دەپ توۋلىغان ئاۋازى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركۈندۈرۈپ، قۇملۇقنىڭ تىنچ ئاسمىنىنى لەرزىگە سالاتتى. ئۇ يەردە ئولتۇرغىنىچە مەرھۇمنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنى سىلايتتى، بىردەممۇ توختىماي سىلايتتى. . . هاندرىك بۇ قايغۇلۇق، ئېچىنىشلىق ئاۋازنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ تۆگىسىنىڭ يېنىغا باردى-دە، قۇملۇققا ئۆزىنى تاشلاپ، قولى بىلەن قۇلىقىنى ئېتىۋالدى.

قارامتۇل كىچىككىنە بىر قول ئۇنى ھاڭقېتىپ تۇرغان ھالەتتىن قۇتۇلدۇردى. بىلال ھاندرىكنىڭ ئالدىدا لىق بىر ئىستاكان سۇيۇقلۇقنى تۇتۇپ تۇراتتى.

— ئەپەندىم، ئىچىڭ، — دېدى ئوغۇل بالا.

— بۇ نېمە؟

— تۆگىنىڭ قېنى. بۇ تۆگە ئەمدى بىزگە كېرەك ئەمەس.

ھاندرىك ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى.

— ئاۋۇ قىز نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— ئۇمۇ تۆگىنىڭ قېنىنى ئىچتى، ھازىر ئۇ ئاۋۇ ئەپەندىمنىڭ يېنىدا دۇئا-تىلاۋەت قىلىۋاتىدۇ.

ھاندرىك ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ كۆزنى يۇمۇپلا ئىچىۋەتتى. شۇ تاپتا ئۇ كۆڭلى ئېلىشىپ، كانىيى تارتىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، سۇيۇقلۇقنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە تارقىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى.

— ئەپەندىم، يەنە بىر ئىستاكان ئىچەمسىز؟ — سورىدى ئوغۇل بالا.

— ماقۇل، بىلال، — دېدى ھاندرىك ئىنتايىن بوش ئاۋاز بىلەن.

ئەتىگەندە يەرلىك تەييارلاندى. بۇ سەھرايى كەبىر قۇملۇقدا قېزىلغان چوڭقۇر بىر گۆر بولۇپ، كۆپچىلىك قېلىن ئەدىيال بىلەن ئورالغان شۆپتىنى يەرلىككە قويدى، ئاندىن ھاندرىك گۆرگە توپا تاشلاپ تىندۇردى. ھېرد ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، يىغلىغان پېتى تۆگە يېنىغا بېرىۋالدى. ھاندرىك چومىنىڭ ياغىچى بىلەن بىر كرېست ياساپ ئۇنى قەبرىنىڭ ئالدىدىكى قۇمغا پاتۇرۇپ قويدى.

بىلال يەردە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ قىبلىغا قاراپ، ئاللادىن مەدەت تىلەپ دۇئا قىلدى، تارام-تارام ياش يۇمۇلغان كۆزلىرىدىن مەڭزىگە دومىلاپ چۈشتى، ئۇنىڭ كىچىككىنە جۇغى يىغلىشىغا ئەگىشىپ تىترەيتتى. ھاندرىك ئۇنى قۇچاقلاپ، بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ بۇدۇر چاچلىرىنى سىلىدى، يەنە بىر قولىنى ئۇنىڭ ئورۇق مۈرىسىگە قويدى.

— بىلال، ھازىردىن باشلاپ سەن بىز بىلەن بىللە بولىسەن، — دېدى ئۇ بوش ئاۋاز بىلەن، — مەن خوجايىنىڭ بولۇشنى خالايمەن.

تۆگىلەر يەنە قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

قۇياش لاۋۇلداپ تۇرغان چوغقا ئوخشايتتى.

قۇملۇق تىمتاس ئىدى.

ھاۋا ئادەمنىڭ تېنىنى كۆيدۈرەتتى.

تۆگە تاپىنى ئاستىدىكى كۆز يەتمەس قوم يولدىن چاڭ-تو-
زان كۆتۈرۈلەتتى.
چومىنىڭ ياغىچىدىن قىلىنغان بىر كرېست يول بويىدا يەك-
كە-يېگانە ھالدا چوقچىيىپ تۇراتتى.
ئۇ قوم بېسىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان كرېست ئىدى...

1959-يىلى دېكابىردا گېرمانىيىنىڭ بىر خىمىيە زاۋۇتى-
نىڭ تەجرىبىخانىسىدا، ئامىيوبالىق تولغاق ۋە سىنگا ۋىرۇسىنى
داۋالىيالايدىغان يېڭى دورا دۇنياغا كەلدى.
پاۋېل ھاندرىكنىڭ قان زەردابى تەجرىبىسى 783-قېتىملىق
سىناقتا ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. ئۇ نورماللىقى يېڭى-
ۋاشتىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن قان قاچىلانغان كىچىك بىر
تەخسىنى، خىزمەت كىيىمى كىيىپ تەجرىبە سۇپىسىدا تۇرغان
خوتۇنى ھېردقا سۇندى.
— مۇۋەپپەقىيەت قازاندۇق، — دېدى ئۇ بوش ئاۋاز بىلەن،
— مەن ئاخىر كېسەلگە شىپا قىلىدىغان دورىنى تاپتىم، — ئۇ
ھېردنىڭ قولىنى سىقىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،
— مەن ئۇنىڭغا "شۋېت" دەپ نام بېرىمەن، بۇ دورىنىڭ ئىسمى
"شۋېت—783" دەپ ئاتالسۇن.
ھېرد بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ دېرىزىدىن ئاپئاق قار بىلەن
كۆمۈلگەن باغقا ۋە شاخلىرىنى قار ئېگمۈەتكەن دېۋدىرقايىغا
قارىدى.
— تۇنۇگۇن ئالجىرىيىدىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇ-

www.uyghurkitap.com

رىۋالدىم، —دېدى ئۇ، —فرانسىيە ھۆكۇمىتى ھانسىنىڭ پىلانىد-
نى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قۇملۇقنى مۇنبەت يەرگە ئايلاندۇرماقچى
بولۇپتۇ. يىگىرمە ياكى ئوتتۇز يىلدىن كېيىن ئۇ يەردە چېكىگە
كۆز يەتمەيدىغان قۇم يول قالمايدۇ. . .

ھاندرىك شۇك بولۇپ قالدى. ئۇ ھېردنى باشلاپ تەجرىبە-
خانىدىن چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا كەلدى. قارامتۇل بىر
ئوغۇل بالا كولۇمىسرىگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇنىڭ
بوينىدا قېلىن بىر لۆڭگە، ئۇچىسىدا پاختىلىق چاپان بار ئىدى.

—ئەپەندىم، مەن توڭلاۋاتىمەن، —دېدى بىلال، —بۇ جاي
قۇملۇقنىڭ كېچىسىدىنمۇ سوغۇق ئىكەن. . .

ھاندرىك بىلەن ھېرد تەڭلا كولۇپ كەتتى، بۇ كولكە ئادەم-
نى تەڭقىسلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىغان كولكە ئىدى، ئۇلارنىڭ كول-
كىسىدىن كىشىلەرگە يېڭى ھايات ئاتا قىلىدىغانلىقى ئايان بولۇپ
تۇراتتى.

ئۇلار بىلالنى يېنىغا تارتىپ، ئۇنىڭ بودۇر چاچلىرىنى
سىلىدى.

بىلالنىڭ ئاپئاق چىشلىرى خۇشاللىقتىن يالتىرايتتى.

بىر قانچە ئايدىن بۇيان، فرانسىيە ئالىملىرى پۇتكۇل سەھ-
رايى كەبىر قۇملۇقىنى كېزىپ چىقتى، دوكتور شۋېتنىڭ پىلا-
نى بويىچە بۇرغىلاشقا كىرىشتى. ”شۋېت—783“ناملىق دورا
دۇنيا تېببىي دورا بازىرىغا كىرگۈزۈلدى، بۇنىڭ بىلەن بىر قانچە
ھەپتە ئىچىدىلا مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان كېسەلنىڭ ھاياتى قۇتقۇ-

زۇۋېلىندى.

چېكىگە كۆز يەتمەس قۇم يول بويىغا تىكلەنگەن ھېلىقى ياغاچ كرېست غايىب بولدى، ئۇنىڭ ئەسلىدە نەگە قادالغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

بۇنى بىلىدىغان ئادەم يوقمىدۇ؟ راستتىنلا بۇنى بىلىدىغان ئادەم يوقمىدۇ؟

كىممۇ بۇنى قۇياش، قۇملۇق، ھاۋا، بوران-چاپقۇندىن سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىدۇ دەيسىز؟

بۇلار ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇم يولىدىكى ئۇن-تىنسىز پىيادە يولۇچىلاردۇر...



# Konsalik

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

## قىسقىچە مەزمۇنى

گېرمانىيىلىك زېرەك، گۈزەل قىز ھېرد شۈېت ئايرىلغىنىغا ئۇزۇن بولغان ئاكىسىنى ئىزدەپ ئافرىقىغا بارماقچى بولىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن ئادەم سودىگەرلىرىنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىپ، سەھرايى كەبىر قۇملۇقىدىكى پاھىشىخانىغا سېتىۋېتىلىدۇ. ئۇ ئادەم چىدىغىلى بولمايدىغان خورلۇقلارغا ئۇچراپ، كۆرمىگەننى كۆرىدۇ...



ISBN 7-105-03226-X

9 787105 032266 >

ISBN7-105-03226-X/I · 783
民文〔维148〕定价：16.50元

[General Information]
书名=沙漠舞女　维吾尔文
SS号=40328990